غەربىي يۇرت ئېكسپېدىتسىيە مەجمۇئەسى

# ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى دۆلەتلەر تارىخى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

غەربىي يۇرت ئېكسپېدىتسىيە مەجمۇئەسى

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى دۆلەتلەر تارىخى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

غەربىي يۇرت ئېكسپېدىتسىيە مەجمۇئەسى

1. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى دۆلەتلەر تارىخى
2. مېنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ھاياتىم
3. يىپەك يولى
4. كۆچمە كۆل
5. ئاسىيانىڭ مەركىزىدىكى سەككىز يىللىق ئېكسپېدىتسىيە
6. باياۋاندىن ئۆتۈش
7. چۆلدە گۆھەر ئىزدەش
8. قەشقەرگە قايتا سەپەر
9. قەشقەرنى ئەسلەيمەن
10. سەددىچىنىنىڭ سىرتىدىكى جۇڭگونىڭ غەربىي رايونى
11. كارۋان
12. تاجىبانا زىيچونىڭ غەرب سەپىرى خاتىرىسى
13. مانېرھېيم
14. شىنجاڭدىكى سەپەر خاتىرىسى
15. غۇربەت باسقان تۇپراق
16. شىنجاڭغا يېڭى نەزەر

ISBN 978-7-228-15597-2
9 787228 155972 >
定价：36.00元

غەربىي يۇرت ئېنسىكلوپېدىيىسى مەجمۇئەسى

# ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى دۆلەتلەر تارىخى

ئاپتورى: ۋىلىيام مونتگومېرى ماكگوۋېرن
تەرجىمە قىلغۇچى: تەلئەت ئۇبۇلقاسىم تومەن

ئابدۇلجېلىل تۇران كۇتۇپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
Abdulcelil Turan Kütüphanesi
www.uyghurweb.net

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

中亚古国史：维吾尔文／(美) 麦高文著 章巽汉译；台来提·吾布力卡斯木维译. — 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2012.9
(西域探险考察大系)
ISBN 978-7-228-15597-2

Ⅰ. ①中… Ⅱ. ①麦… ②章… ③台… Ⅲ. ①古国 — 研究 — 中亚 — 维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ. ①K360.2

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2012)第130983号

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 阿合买提·木明·塔里米 |
| 责任校对 | 米热古丽·木明 |
| 封面设计 | 买买提·努比提 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 电　　话 | 0991-2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 新疆新华印刷二厂 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230毫米 32开本 |
| 印　　张 | 14.25 |
| 版　　次 | 2012年9月第1版 |
| 印　　次 | 2012年9月第1次印刷 |
| 印　　数 | 1-3000 |
| 定　　价 | 36.00 元 |

# تەرجىماندىن

ئوتتۇرا ئاسىيا ــ دۇنيا تارىخىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان رايون بولۇپ، بۇ رايوندا ياشىغان ۋە بۇ رايوندىن باشقا رايونلارغا كۆچكەن مىللەتلەر دۇنيا تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ رايون ياۋرو ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى كۆچمەنلەرنىڭ پەيدا بولغان يېرىدۇر، بۇ رايوندىن كۆچكەن خەلقلەردىن ئارىيانلار، ساكلار، ھۇنلار، جۇرجانلار، تۈركلەر ۋە موڭغۇللار دۇنيا تارىخىغا غايەت زور تەسىر كۆرسىتىش بىلەن بىرگە، ئۆزلىرى كۆچۈپ بارغان رايونلارنىڭ ئاھالە قۇرۇلمىسىدىمۇ زور ئۆزگىرىش پەيدا قىلغان.

ئامېرىكا غەربىي شىمال ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى ۋىلىيام مونتگومېرى ماك گوۋېرنىنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى دۆلەتلەر تارىخى» (ئەسلىي نامى «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى ئىمپېرىيەلەرنىڭ تارىخى») ناملىق بۇ ئەسىرى دەل مۇشۇ نۇقتىلارنى چۆرىدەپ يېزىلغان بولۇپ، ئاساسلىقى ئارىيانلار ۋە ھۇنلارنىڭ پائالىيىتى ۋە ئۇلارنىڭ دۇنياغا كەلتۈرگەن تەسىرى ھەققىدە نۇقتىلىق توختالغان. مەزكۇر ئەسەر ئەسلىي 1939 ـ يىلى ئامېرىكىدا ئىنگلىزچە نەشر قىلىنغان. ئەسلىي ئەسەر تۆت بۆلۈم، 18 بابتىن تۈزۈلگەن بولۇپ، 1 ـ بۆلۈمدىن باشقىلىرىدا ئاساسلىقى ھۇنلارنىڭ پائالىيىتى سۆزلەنگەن. بۇ ئەسەرنى جاڭ جۈن ئەپەندى 1941 ـ يىلى جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان.

جاڭ جۈن ئەپەندى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىش جەريانىدا

ئەسلىي ئەسەرنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىقىپ، كىتابتىكى نۇرغۇنلىغان مەزمۇنلارنىڭ جۇڭگولۇق ئوقۇرمەنلەرگە نىسبەتەن كونا مەزمۇنلار ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، زوْرۇر قىسقارتىشلارنى ئېلىپ بارغان. مەسىلەن: ئەسلىي ئەسەرنىڭ 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ بۆلۈملىرىدە پۈتۈنلەي دېگۈدەك ھۇنلارنىڭ تارىخى بايان قىلىنغان، بولۇپمۇ 2 ـ، 3 ـ بۆلۈملەردە خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھۇنلارنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنغان بولۇپ، ئاساسلىقى ئېلىمىزنىڭ «24 تارىخ»ىدىكى «تارىخىي خاتىرىلەر»، «خەننامە»، «كېيىنكى خەننامە» قاتارلىق ئەسەرلەردىن پايدىلىنىپ يېزىلغان. 4 ـ بۆلۈمنىڭ دەسلەپكى قىسىملىرى، يەنى ھۇنلارنىڭ ئۈچ پادىشاھلىق، جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى پائالىيەتلىرىمۇ «ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى»، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى ئاساس قىلىپ يېزىلغان. شۇڭا جاڭ جۈەن ئەپەندى بۇ مەزمۇنلار ئېلىمىز ئوقۇرمەنلىرىگە تونۇش، تەرجىمە قىلىش بىھاجەت دەپ قاراپ، ئېلىمىز كىتابخانلىرىغا تونۇش بولمىغان نۇقتىلار، يەنى ئارىيانلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ پائالىيىتى، ھۇنلارنىڭ ياۋروپاغا كۆچۈشى، ھۇنلارنىڭ ياۋروپا ۋە غەربىي ئاسىيادىكى پائالىيەتلىرىنى تەرجىمە قىلىشنى ئاساس قىلغان. مەنمۇ مەزكۇر ئەسەرنىڭ خەنزۇ تىلىدىكى نۇسخىسى بىلەن ئىنگلىز تىلىدىكى نۇسخىسىنى تەپسىلىي سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، جاڭ جۈەن ئەپەندىنىڭ تەرجىمە جەريانىدا ئېلىپ بارغان قىسقارتىشلىرىنىڭ ھەقىقەتەن ئورۇنلۇق بولغانلىقىنى، قىسقارتىۋېتىلگەن بۇ نۇقتىلارنى ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىنىڭ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنىپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «24 تارىخ»نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدىن تولۇق كۆرۈش ئىمكانىيىتىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىپ، قىسقارتىلغان جايلارنى تولۇقلاپ تەرجىمە قىلماسلىقنى لايىق تاپتىم.

ئەسەرنى تەرجىمە قىلىش جەريانىدا ئەسلىي ئەسەرگە سادىق بولۇش ۋە توغرا تەرجىمە قىلىشنى كۆزدە تۇتۇپ، تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلدىم:

1. ئەسلىي ئەسەردىكى ئاتالغۇلارنىڭ تەرجىمىسىنى توغرا ئېلىش، ئاتالغۇلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئاتالغۇلار تەرجىمىسىدە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ ـ پەن ـ مەدەنىيەت تەشكىلاتى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ، جۇڭگو تاشقى ئالاقە تەرجىمە نەشر شىركىتى نەشر قىلغان «ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخى» دېگەن ئەسەردىكى ئاتالغۇلارنى ئاساس قىلىپ، ئابلەت نۇردۇن قاتارلىقلار تۈزگەن «خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە تارىخىي ئاتالغۇلار قوللانمىسى»دىكى ئاتالغۇلاردىن پايدىلاندىم.

2. جاڭ جۈن ئەپەندى تەرجىمە قىلىش جەريانىدا ئىشلەتكەن قەدىمكى خەنزۇ تىلىدىكى ئاتالغۇلارنى هازىرقى خەنزۇ تىلىدىكى ئاتالغۇلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ، هازىرقى خەنزۇ تىلىدىكى ئاتالغۇلار بويىچە تەرجىمە قىلدىم.

تەرجىمە سەۋىيەم چەكلىك بولغانلىقتىن، ئەسەرنىڭ تەرجىمىسىدە بەزىبىر نۇقسانلاردىن ساقلىنىشىم تەس، شۇڭا خاتالىقلارغا يول قويغان بولسام، ئوقۇرمەنلەرنىڭ سەممىي تەنقىد ـ تەكلىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

2012 ـ يىلى 4 ـ ئاي قىزىل مىڭئۆي

ئابدۇلجېلىل تۇران كۇتۇپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
Abdulcelil Turan Kütüphenesi
www.uyghurweb.net

Abdulcelil Turan Kütüphanesi
www.uyghurweb.net

# مۇندەرىجە

ئومۇمىي بايان: مەركىزىي ئاسىيانىڭ دۇنيا تارىخىدىكى ئورنى ........................................................ 1
«دۇنيا تارىخى» مەزمۇنىنىڭ كېڭىيىشى — مەركىزىي ئاسىيا ۋە ئاتنىڭ بېقىلىشى — ئىشتاننىڭ كېلىپ چىقىشى — مەركىزىي ئاسىيا سەنئىتى — مەركىزىي ئاسىيا ۋە مەدەنىيەت تەسىر كۆچىنىڭ شەرقتىن غەربكە ۋە غەربتىن شەرققە تارقىلىشى — ئەينەك، يىپەك، مەتبەئە تېخنىكىسى ۋە مىلتىق دورىسى — سىياسىي تارىخ: سكىتسىئانلار — هۇنلار — مەركىزىي ئاسىيا ۋە جۇڭگو تارىخى — مەركىزىي ئاسىيا ۋە پېرسىيە ھەم ھىندىستان تارىخى — ئاسىيالىقلارنىڭ ياۋروپاغا بېسىپ كىرىشى — هۇنلار، ئاۋارلار، بۇلغارلار ۋە هۇنگىرلار — سەلجۇق تۈركلىرى ۋە ئوسمان تۈركلىرى

## 1 ـ بۆلۈم ئارىيانلارنىڭ سەركىلىرى

1 ـ باب ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەڭ قەدىمكى ئاھالىلىرى .......... 33
ئوتتۇرا ئاسىيا ئىنسانىيەتنىڭ بۆشۈكى دېگەن تەلىمات — مەركىزىي ئاسىيانىڭ قەدىمكى «كۆلالچىلىرى» — ئاناۋنىڭ قېزىلىشى — غەربىي جەنۇبىي رۇسىيەدىكى تىرىپولىي مەدەنىيىتى — جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىدىكى قەدىمكى مەدەنىيەت — بۇ قەدىمكى مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنىڭ ئېھتىماللىقى — شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەرنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى — ئۇلارنىڭ ئىرقى، تىلى ۋە مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى — شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ مەركىزىي ئاسىيادىن سىرتقا كېڭىيىشى — ئۇلارنىڭ شىمالىي ھىندىستان ۋە پېرسىيەنى بويسۇندۇرۇشى

2 ـ باب شىمالدىكى سكىتىئانلار ۋە سارماتىئانلار ............ 50

يازما خاتىرىنىڭ باشلىنىشى — سىممېرىئانلار — سىكتىئانلارنىڭ كۆچىيىشى ۋە ئۇلارنىڭ دەسلەپكى بويسۇندۇرۇشلىرى — سىكتىئانلارنىڭ كېيىنكى تارىخى — سىكتىئانلارنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشى ۋە سارماتىئانلارنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى — ماسساگېتلار، ئائۇرسىلار، ئالانلار — ساك ۋە كانگىيە — سىكتىئانلارنىڭ ئىرقى — ئۇلارنىڭ تىلى — سىكتىئانلارنىڭ مەدەنىيىتى — ئۆي ھايۋانلىرى ۋە ئاتنىڭ مۇھىملىقى — ئاتقا مىنىش تارىخى — سىكتىئانلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى ۋە ئىشتاننىڭ تارىخى — قورال - ياراغ ۋە ساۋۇت — چېدىر ئۆي — سىياسىي تەشكىلى — جەڭ ماھارىتى — توي - تۆكۈنى — دەپنە ئادىتى — دىنى — سىكتىئانلارنىڭ سەنئىتى

3 ـ باب جەنۇبتىكى باكتېرىيەلىكلەر ۋە سوغدىلار ............ 102

باكتېرىيەلىكلەر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىدىكى باشقا خەلقلەر — ئۇلارنىڭ سىكتىئانلار ۋە پېرسىيەلىكلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى — باكتېرىيەنىڭ دەسلەپكى تارىخى — ئەھمانىلار ئىمپېرىيەسىنىڭ باش كۆتۈرۈشى ۋە باكتېرىيەنى بويسۇندۇرۇشى — ئىمپېراتور ئالېكساندىرنىڭ باكتېرىيەنى بويسۇندۇرۇشى — سېلىۋكىي ئىمپېرىيەسى ھۆكۈمرانلىقىدىكى باكتېرىيە — باكتېرىيە پادىشاھلىقى ۋە پارفىيە پادىشاھلىقىنىڭ باش كۆتۈرۈشى — باكتېرىيە بىلەن پارفىيەنىڭ كېيىنكى مەزگىلدىكى تارىخى — باكتېرىيە ۋە زوروئاستېر دىنى — ئاۋېستادا ئىپادىلەنگەن ئىران مەدەنىيىتى

## 2 ـ بۆلۈم ھۇن ئىمپېرىيەسىنىڭ گۈللىنىشى ۋە ھالاكىتى

4 ـ باب ھۇن ئىمپېرىيەسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى ........... 156

موڭغۇلىيەنىڭ قەدىمكى ئاھالىلىرى — ھۇن

ئىمپېرىيەسىنىڭ باش كۆتۈرۈشى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 209 — 141 ـ يىللار) — ھۇنلار بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ زومىگەرلىك تالىشىشى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 140 — 101 ـ يىللار) — ھۇن ئىمپېرىيەسىنىڭ ئاجىزلىشىشى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 100 — 51 ـ يىللار) — ھۇنلارنىڭ خەن سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىشى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 50 ـ يىلىدىن مىلادىيە 8 ـ يىلىغىچە)

**5 ـ باب ھۇن ئىمپېرىيەسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى** .......... 235
ھۇن ئىمپېرىيەسىنىڭ قايتىدىن قۇرۇلۇشى (مىلادىيە 9 — 46 ـ يىللار) — ھۇن ئىمپېرىيەسىدىكى ئۆزگىرىش — (مىلادىيە 46 — 73 ـ يىللار) — ھۇنلار بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ يەنە تىركىشىشى (مىلادىيە 73 — 88 ـ يىللار) — ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتى (مىلادىيە 88 — 106 ـ يىللار) — ھۇن ئىمپېرىيەسىنىڭ ئاخىرقى ھالاكىتى (مىلادىيە 106 — 166 ـ يىللار) — جەنۇبىي ھۇنلارنىڭ قالدۇقلىرى

## 3 ـ بۆلۈم غەربكە كۆچكەندىن كېيىنكى شىمالىي ھۇنلار

**6 ـ باب ياۋروپاغا بېسىپ كىرگەن ھۇنلار (1 ـ باسقۇچى)** ... 273
ياۋروپانىڭ شەرقىي جەنۇبىنىڭ ئەھۋالى — سكىتئىئانلار ۋە سارماتىئانلارنىڭ زېمىنلىرى — گوتلار ۋە باشقا گېرمان قەبىلىلىرى — ئالانلار — ئوتتۇرا ئاسىيادىكى شىمالىي ھۇنلار — ھۇنلارنىڭ ئالانلارنى بويسۇندۇرۇشى — ھۇنلارنىڭ شەرقىي گوتلارنى بويسۇندۇرۇشى — ھۇنلارنىڭ غەربىي گوتلارنى مەغلۇپ قىلىشى — غەربىي گوتلارنىڭ رىم ئىمپېرىيەسى تەۋەسىدە پاناھلىنىشى — ئۇلارنىڭ ئاسىيلىق قىلىشى ۋە ئىمپېراتور ۋالېنسنى مەغلۇپ قىلىشى — غەربىي گوتلارنىڭ بالقاندا، شەرقىي گوتلارنىڭ پاننونىيەدە ماكانلىشىشى

7 ـ باب ياۋروپاغا بېسىپ كىرگەن ھۇنلار (2 ـ باسقۇچى) ... 304
رۇسسىيەنىڭ جەنۇبىدىكى ھۇنلار ــ ئۇلارنىڭ ۋېنگرىيە تۈزلەڭلىكىگە كىرىشى ــ ھۇنلارنىڭ گېرمان قەبىلىلىرىگە چۈشۈرگەن بېسىمى ۋە بۇنىڭ نەتىجىسى ــ سۇئېبۇلار، ۋاندالىلار ۋە ئالانلار ــ غەربىي گوتلارنىڭ ئىتالىيە ۋە فىرانسىيەگە بېسىپ كىرىشى ــ بۇرگۇندىلار ۋە فىرانىكلارنىڭ فىرانسىيەگە يۆتكىلىشى ــ ھۇن پادىشاھلىقىنىڭ ۋېنگرىيەدە باش كۆتۈرۈشى ــ ئوكتار ۋە رۇگا ــ بىلدا ۋە ئاتتىلانىڭ تەختكە چىقىشى ــ ھۇنلارنىڭ ياۋروپانىڭ شىمالىغا يۈرۈش قىلىشى ــ ئاتتىلانىڭ بىردىنبىر ھۆكۈمران بولۇپ قېلىشى ــ ئاتتىلانىڭ ئوردىسى ــ ئاتتىلا ۋە شەرقىي رىم ئىمپېرىيەسى ــ ئاتتىلانىڭ فىرانسىيەگە بېسىپ كىرىشى ــ ئاتتىلانىڭ ئىتالىيەگە بېسىپ كىرىشى ــ ئاتتىلانىڭ ئۆلۈمى ۋە ھۇن پادىشاھلىقىنىڭ پارچىلىنىشى ــ بىرقەدەر كېيىنكى مەزگىللەردىكى ھۇنلار ۋە بۇلغارلار ــ ئاۋارلارنىڭ بېسىپ كېلىشى

8 ـ باب پېرسىيە ۋە ھىندىستانغا بېسىپ كىرگەن ھۇنلار ... 358
مىلادىيە 150 ــ 400 ـ يىللار ئارىلىقىدىكى مەركىزىي ئاسىيا ــ پېرسىيەدىكى ساسانىلار ئىمپېرىيەسى ــ ھىندىستاندىكى گۇپتا ئىمپېرىيەسى ــ «Chionites» لار ــ ئېفتالىتلار ياكى ئاق ھۇنلارنىڭ باش كۆتۈرۈشى ــ ئېفتالىتلارنىڭ تىلى ۋە مەدەنىيىتى ــ ئېفتالىتلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى ــ ئۇلارنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇشى ــ ئېفتالىتلار بىلەن ساسانىلار ئىمپېرىيەسى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش ــ ئېفتالىتلارنىڭ ھىندىستاننى بويسۇندۇرۇشى ــ تۈركلەرنىڭ باش كۆتۈرۈشى ۋە ئېفتالىتلارنىڭ يوقىلىشى

پايدىلانغان ماتېرىياللار ................................. 401

## ئومۇمىي بايان:

# مەركىزىي ئاسىيانىڭ دۇنيا تارىخىدىكى ئورنى

«دۇنيا تارىخى» مەزمۇنىنىڭ كېڭىيىشى — مەركىزىي ئاسىيا ۋە ئاتنىڭ بېقىلىشى — ئىشتاننىڭ كېلىپ چىقىشى — مەركىزىي ئاسىيا سەنئىتى — مەركىزىي ئاسىيا ۋە مەدەنىيەت تەسىر كۆچىنىڭ شەرقتىن غەربكە ۋە غەربتىن شەرققە تارقىلىشى — ئەينەك، يىپەك، مەتبەئە تېخنىكىسى ۋە مىلتىق دورىسى — سىياسىي تارىخ: سكىتئىنلار — ھۇنلار — مەركىزىي ئاسىيا ۋە جۇڭگو تارىخى — مەركىزىي ئاسىيا ۋە پېرسىيە ھەم ھىندىستان تارىخى — ئاسىيالىقلارنىڭ ياۋروپاغا بېسىپ كىرىشى — ھۇنلار، ئاۋارلار، بۇلغارلار ۋە ھۇنگىرلار — سەلجۇق تۈركلىرى ۋە ئوسمان تۈركلىرى

ئاتالمىش «دۇنيا تارىخى»نىڭ دائىرىسىدە 19 ـ ئەسىردە زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. 18 ـ ئەسىردە دۇنيا تارىخىنىڭ مەزمۇنى پەقەت يۇنان، ياۋروپانىڭلا تارىخى بىلەن چەكلەنگەن بولۇپ، ئالدىغا تەۋراتنى مەنبە قىلغان يەھۇدىيلارنىڭ تارىخى قوشۇلغانىدى. تارىخشۇناسلىق تەتقىقاتىدا، بولۇپمۇ يېقىن شەرق ئارخېئولوگىيەسىدە كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك بايقاشلارنىڭ بارلىققا كېلىشى نەتىجىسىدە مىسىر، بابىلون ۋە ئاسسۇرىيە مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئەھۋاللىرىمۇ دۇنيا تارىخى دائىرىسىگە قوشۇلدى.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا دۇنيا تارىخىنىڭ دائىرىسى شەرققە

كېڭەيدى. كۆپلىگەن ئالىملارنىڭ مۇستەقىل ھالدا ھىندىستان ۋە جۇڭگونىڭ تارىخىي ئىزلىرىنى تەتقىق قىلىۋاتقىنىغا نەچچە 10 يىل بولۇپمۇ قالدى، بىراق 20 ـ ئەسىر باشلانغاندىن كېيىنلا تارىخشۇناسلار شەرق دۆلەتلىرىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ مۇھىملىقىنى ۋە ئۇنى ئىنسانىيەتنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات تارىخىدىن ئايرىۋېتىشكە بولمايدىغانلىقىنى بىردەك ئېتىراپ قىلدى.

بىراق، نۆۋەتتە كۆز ئالدىمىزدا ناھايىتى كەڭ ھەم مۇھىم بىر رايون بولۇپ، ئاز ساندىكى ئالىملاردىن باشقىلار ئادەتتە ئۇنىڭغا ناھايىتى سەل قاراپ كەلدى، بۇ يەر دەل مەركىزىي ئاسىيا ـــ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى بولۇپ، ئىنسانىيەت تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق مەسىلىلەرگە نىسبەتەن ناھايىتى مۇھىم.

## (1)

ياۋروپا، ھەتتا ئامېرىكىنىڭ مەدەنىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي تۇرمۇشى مەركىزىي ئاسىيانىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. دۇنيا مەدەنىيىتىگە قوشۇلغان بۇ تۆھپىلەر توغرىسىدا بىز يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇھاكىمە ئېلىپ بارىمىز. ھازىر بىز مۇھاكىمىمىزنى ئالدى بىلەن مۇشۇ ماكاندا كېلىپ چىققان ئۆرپ ـ ئادەت (ئىنسانشۇناسلار بۇنى «مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى» دەپ ئاتىشىدۇ) تىن باشلايمىز. ئىنسانلارنىڭ ياۋايى ھايۋانلارنى بېقىپ كۆندۈرۈشى ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىشى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىدىكى ئەڭ مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى. ياۋا ئاتنى بېقىشنىڭ ئەڭ بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىدىن باشلانغانلىقى بىزگە مەلۇم. «ئات مەدەنىيىتى»، جۈملىدىن ئاتقا ھارۋا سۆرىتىش، ئاتقا مىنىش قاتارلىقلار ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىن بارا ـ بارا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان. شۇڭلاشقا ئات بىلەن مۇناسىۋەتلىك بۇيۇملار، مەسىلەن، ئېگەر

ھەم ئۇنىڭدىن كېيىنرەك ئىجاد قىلىنغان ئۇزەڭگىنىڭمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىن كېلىپ چىققانلىقىدا شەك يوق.

تېخىمۇ قىزىقارلىقى شۇكى، مەركىزىي ئاسىيالىقلار ئىنسانىيەتنىڭ كىيىم ـ كېچەكى (بولۇپمۇ ئەرلەرنىڭ كىيىم ـ كېچەكى)گە زور تەسىر كۆرسەتكەن، چۈنكى ئۇلار ئات بېقىش ۋە ئات مىنىشتەك ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغاچقا، شۇ چاغدا باشقا خەلقلەر كىيىۋاتقان كەڭ كىيىملەرنى تاشلاپ، ئات مىنىشكە ماس كېلىدىغان كىيىم — ئىشتاننى ئىجاد قىلغان. ئەڭ دەسلەپكى بىرقانچە ئەسىردە ئىشتان كىيىش پەقەت ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى بىلەنلا چەكلەنگەن، بىراق كېيىن ئاتقا مىنىشنىڭ تەدرىجىي سىرتقا كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ئىشتان كىيىش ئادىتى ئوتتۇرا ئاسىيادىن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان.

ئاتقا زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان يەنە بىر مەھسۇلات ئۆتۈكتۇر. ئوتتۇرا ئاسىيادا قەدىمكى ياغاچ كەش تەدرىجىي ھالدا ئۆتۈككە ئورۇن بوشاتقان، بۇ ئىپتىدائىي ئۆتۈكلەر كۆن ياكى كىگىزدىن تىكىلگەندى. كىگىز ئېتىش ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى بولۇپ، كېيىن بۇ يەردىن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى يەنە ئەڭ بۇرۇن ئۆتۈك ۋە ئاياغقا پاشنا قويۇش ئادىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

ئادەتتە بىز ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنى خىيالىمىزغا كەلتۈرسەك، مەيلى قەدىمكى ياكى يېقىنقى زامانلاردا بولسۇن، ئۇلار ياۋايى ئادەملەردەك كۆرۈنىدۇ، بىراق ئەڭ ھەيران قالارلىقى شۇكى، يېقىنقى يىللاردىكى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى خەلقلەرنىڭ سەنئىتىنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقى مەلۇم بولماقتا. تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، ئالىملارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىگە قارىغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى سەنئىتى بىر تەرەپتىن ياۋروپا

سەنئىتىنىڭ، يەنە بىر تەرەپتىن جۇڭگو ۋە يىراق شەرق سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇئەييەن تەسىر كۆرسەتكەن. بۇنىڭدىن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىغا قوشقان تۆھپىلىرىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ زور ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالايمىز، تېخىمۇ مۇھىمى، بۇ رايوننىڭ قەدىمكى دۇنيادىكى ھەرقايسى مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆزئارا تارقىلىشىدا تۇتقان ئورنىدۇر.

كۆپ يىللاردىن بېرى بىز «ياۋروپا» مەدەنىيىتىنىڭ رىم ۋە يۇنانىي مەنبە قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ كەلدۇق، بىراق يېقىنقى يىللارغا كەلگۈچە ھىندىستان ۋە يىراق شەرقتىكى ئۇلۇغ كىلاسسىك مەدەنىيەتلەر يەنىلا باشقىچە بىر خىل مۇستەقىل مەدەنىيەت تەرەققىيات سىستېمىسىنىڭ مەھسۇلى دەپ قارىلىپ كەلمەكتە. ئەڭ يېقىنقى دەۋردىكى تارىخشۇناسلىق تەتقىقاتى ۋە ئارخېئولوگىيەلىك بايقاشلار باشتىكى نەزەرىيەنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. قەدىمدە تارىخ يازما خاتىرىلىنىشتىن بۇرۇن «مەدەنىيەت» بۇلىقى بولغان يېقىن شەرق بىلەن ياۋروپا، ئاسىيادىكى ھەرقايسى جايلار ئارىسىدا مەدەنىيەتلەر ئۆزئارا تەسىر قىلىپ تۇرغان ۋە تارقىلىپ تۇرغان.

شۇنىڭدىن كېيىن مەدەنىيەتنىڭ تارقىلىش يۆنىلىشى ھەمىشە ئەكسىچە بولۇپ تۇرغان. يېڭى كەشپىيات، يېڭى ئىدىيە ۋە يېڭى ئۆرپ ـ ئادەتلەر داۋاملىق ھالدا ياۋروپا ياكى يېقىن شەرقتىن شەرق، ھىندىستان ۋە جۇڭگوغا تارقالغان. ھالبۇكى، ھىندىستان، بولۇپمۇ جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرى پۈتۈن غەرب دۇنياسىنىڭ تارىخىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن. شەرق، غەربتىكى بۇ نۇرغۇنلىغان مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆزئۆكسىز ئالمىشىشى تۈپەيلىدىن دۇنيا تارىخى كېڭىيىپ، چېگرا ـ پاسىللار ئارقىلىق ئايرىلغان رايونلار تارىخىدىن پەرقلەنگەن.

بۇ يەردە ناھايىتى مۇھىم بىر نۇقتا مەۋجۇت، بۇ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ ئۆزئارا ئالمىشىشىنىڭ كۆپىنچىسى مەركىزىي ئاسىيا ئارقىلىق بولغان. مەسىلەن، ياۋروپانىڭ

كۆپلىگەن كەشپىياتلىرىنى قوبۇل قىلىپ، جۇڭگوغا تارقاتقانلار دەل مۇشۇ ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار ئىدى، شۇنداقلا جۇڭگونىڭ كۆپلىگەن كەشپىياتلىرىنى يەنە شۇلار ياۋروپاغا ئېلىپ بارغان، مۇبادا ھىندىستان ۋە جۇڭگو دۇنيا تارىخىدىن ئورۇن ئالىدىغان بولسا، مەركىزىي ئاسىيامۇ ئوخشاشلا بۇنىڭدىن بەھرىمەن بولۇشى كېرەك.

مەركىزىي ئاسىيا غەرب بىلەن شەرقنىڭ ۋاستىچىسى ئىدى. بىز بۇ رايوننىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا قوشقان تۆھپىسىنى بىرقانچە مۇھىم مىساللار ئارقىلىق دەلىللەيمىز. بۇ مەدەنىيەتلەرنىڭ ئالەمشىشى تارىخ يازما خاتىرىلىنىشتىن بۇرۇنلا باشلانغان. ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە يېقىن شەرق ۋە جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى خەلقلەر چاق ۋە ئوتنغۇچ ئىشلىتىشنى بىلگەن ھەم ئارپا، تېرىق ۋە بۇغداي تېرىغان، بۇ پاكىتلاردىن ئىككى جايدىكى خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت ئالاقىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئاناۋ رايونىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك قېزىشلار بۇ پەرىزىمىزنىڭ قايىل قىلىش كۈچىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ. ئاناۋدىكى قېزىش بۇ رايوندا ئىلگىرى بىر مەھەل راسا گۈللەنگەن مەدەنىيەتنىڭ قەدىمكى يېقىن شەرق مەدەنىيىتى بىلەن يىراق شەرق مەدەنىيىتى ئارىسىدىكى بىر خىل «مەدەنىيەت» ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. تېخى يېقىندىلا جۇڭگونىڭ شىمالىدىن تارىختىن ئىلگىرىكى دەۋرگە ئائىت ساپال بۇيۇملارنىڭ قالدۇقلىرى تېپىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا غەرب مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىنىڭ ئىنكاسى بار، بۇلارمۇ يۇقىرىقى پىكرىمىزنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈردى.

تارىخىي دەۋرلەرگە قەدەم قويغاندىن كېيىن ئىمپېراتور ئالېكساندىر ماكىدونىسكىنىڭ يىراققا يۈرۈش قىلىشىدىن كېيىنكى دەۋردە غەربنىڭ كۆپلىگەن مەدەنىيەت تەسىرلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئارقىلىق يىراق شەرققە

تارقالغانلىقىنى بايقايمىز. ئەينى چاغدا ئافغانىستاننىڭ شىمالىدا يۇنان سەنئىتى ئېقىمى ۋۇجۇدقا كەلگەن بولۇپ، ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا كەڭ تەسىر كۆرسەتكەن ھەم ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق جۇڭگوغا تارقىلىپ، جۇڭگونىڭ رەسساملىق، ھەيكەلتىراشلىق ساھەلىرىدە ئومۇميۈزلۈك ئۆزگىرىش پەيدا قىلغان، بۇ دەۋردىكى جۇڭگو مۇزىكىسىدىمۇ زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلگەن بولۇپ، بۇنى يۇنان سەنئىتىنىڭ تەسىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇشى مۇمكىن.

يۇنان، رىمنىڭ ئەينەكلىرىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق جۇڭگوغا تارقىلىپ، جۇڭگونىڭ ھۈنەرۋەنچىلىكىگە زور تەسىر كۆرسىتىپ، جۇڭگونىڭ فار فۇر بۇيۇملىرىنىڭ ئىختىرا قىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. تېخىمۇ كېيىنكى چاغلاردا، يەنى مىلادىيە 7 ـ ۋە 8 ـ ئەسىرلەردە ياۋروپانىڭ بىرقانچە خىل ئۆي جاھازلىرى، مەسىلەن، كارىۋات، ئۈستەل ۋە ئورۇندۇقلارمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈرك قەبىلىلىرى ئارقىلىق شەرققە تارقىلىپ، جۇڭگولۇقلارنىڭ ئائىلىۋى تۇرمۇشىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ناھايىتى قىممەتلىك ئەمەلىي پاكىت شۇكى، تېخى يېقىنقى زامانلاردىن ئىلگىرى شەرق خەلقلىرى ئىچىدە يۇقىرىدىكى ئۆي سايمانلىرىنى ئىشلەتكەنلەر پەقەت جۇڭگولۇقلار بىلەنلا چەكلەنگەن. ئەڭ ئاخىرىدا يەنە بىر دەۋرنى بايان قىلغىنىمىزدا، نېستورىئان دىنى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىدىن كۆپلىگەن مۇرىتلارغا ئېرىشكەن بولۇپ، كېيىن يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق جۇڭگوغا تارقالغان ھەم مىلادىيە 7 ـ ئەسىردە جۇڭگونىڭ پايتەختىدە خىرىستىيان دىنىي تەشكىلاتلىرى ناھايىتى كۆپەيگەن.

جۇڭگو بىلەن ياۋروپا ئارىسىدىكى ئالاقىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغىنى جۇڭگو بىلەن پېرسىيە ئارىسىدىكى قاتناشتۇر. پېرسىيەنىڭ تەسىرى دېھقانچىلىق جەھەتتە ناھايىتى روشەن ئىپادىلىنىدۇ. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2 ـ ئەسىردە جۇڭگو ئوتتۇرا

ئاسىيا بىلەن ئۆزئارا ئالاقە قىلغانلىقتىن، ئىران رايونىدىن بىدە، ئۈزۈم قاتارلىقلارنى كىرگۈزگەن، شۇنىڭدىن كېيىنكى بىرقانچە ئەسىرلەر داۋامىدا يەنە نۇرغۇنلىغان ئۆسۈملۈكلەر پېرسىيەدىن ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق جۇڭگوغا تارقىلىپ، جۇڭگونىڭ ئائىلە ئىگىلىكىدە زور ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلغان. جۇڭگونىڭ ھەربىي جابدۇقلىرى ۋە ھەربىي ئىستراتېگىيەسىنىڭ تەرەققىي قىلىشىمۇ پېرسىيەنىڭ مۇھىم تەسىرىگە ئۇچرىغان. مانى دىنى مىلادىيە 3 ـ ئەسىردىكى پېرسىيەنىڭ دىنى بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇزاق مەزگىلگىچە خىرىستىيان دىنى بىلەن ئىركىشىپ تۇرغان ۋە جۇڭگودا خىرىستىيان دىنى بىلەن بىرگە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، بۇ ئەمەلىيەتكىمۇ سەل قاراشقا بولمايدۇ.

ناھايىتى ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، ھىندىستان بىلەن جۇڭگونىڭ قاتنىشى كۆپ ھاللاردا بىۋاستە بولمىغان، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق بولغان بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ۋاستىچىلەر بولغان. ھىندىستان بىلەن جۇڭگونىڭ زېمىنلىرى ئۆزئارا تۇتاشسىمۇ، بىراق چېگرالىرى تاغلىق ۋە خەتەرلىك بولغاچقا، بىۋاستە ئالاقە قىلىش ناھايىتى قىيىن ئىدى، شۇڭلاشقا ئىككى ئەل ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش ھەمىشە دېڭىز يولى ياكى ئوتتۇرا ئاسىيانى ئايلىنىپ ئۆتىدىغان قۇرۇقلۇق يولى ئارقىلىق بولاتتى.

بۇددا دىنىمۇ ھىندىستاندىن مەركىزىي ئاسىيا ئارقىلىق جۇڭگو ھەم يىراق شەرقتىكى ھەرقايسى ئەللەرگە تارقالغان، جۇڭگولۇقلارنى بۇددا دىنىغا دەۋەت قىلغان قەدىمكى راھىبلارنىڭ كۆپىنچىسى ھىندىستانلىقلار بولماستىن، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەرلىك خەلقلەر ئىدى. بۇ پاكىتلار ھىندىستان بۇددىزمى بىلەن جۇڭگو بۇددىزمى ئوتتۇرىسىدىكى بىرقانچە روشەن پەرقنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشىمىزگە زور ياردەم بېرىدۇ. بۇددا دىنىنىڭ مەنبەسى ناھايىتى مۇھىم مەسىلە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى بۇددا دىنىنىڭ جۇڭگوغا تارقىلىشىنىڭ

يىراق شەرقتىكى بارلىق خەلقلەرنىڭ مەدەنىي ھاياتىدا ئومۇمىيۈزلۈك ئىنقىلاب قوزغىغانلىقى بىزگە مەلۇم.

يۇقىرىقى بايانىمىزدا بىز بىرقانچە مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ ياۋروپا، يېقىن شەرق ھەمدە ئوتتۇرا شەرقتىن مەركىزىي ئاسىيا ئارقىلىق جۇڭگوغا تارقالغانلىقىغا ئېتىبار بەردۇق، بىراق جۇڭگونىڭمۇ بىر تەرەپتىن غەربنىڭ مەدەنىيەت تەسىرىنى قوبۇل قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ نۇرغۇنلىغان ئالاھىدە مەدەنىيىتىنى ئوخشاش يوللار ئارقىلىق غەربكە تارقاتقانلىقىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك.

يىراق قەدىمكى زامانلاردىن بېرى جۇڭگونىڭ بىرقانچە خىل ئۆسۈملۈكلىرى، مەسىلەن، شاپتۇل، ئۆرۈك قاتارلىقلار ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە پېرسىيە ئارقىلىق ياۋروپاغا تارقالغان. تېخىمۇ كېيىنكى چاغلاردا جۇڭگونىڭ باشقا ئۆسۈملۈكلىرى، مەسىلەن، كەندىر، زەنجىۋىل، چاي قاتارلىقلار غەربكە توشۇلغان ۋە غەربلىكلەر ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەردىن بولۇپ قالغان.

ئىمپېراتور ئاۋگوستوس تەختتە ئولتۇرغان چاغلاردا جۇڭگو يىپەك ئىشلەپچىقىرىش بىلەن رىم ئىمپېرىيەسىگە مەشھۇر بولغان. ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىرقانچە ئەسىردە جۇڭگو يىپەكلىرىنىڭ توشۇپ كېلىنىشى رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ سودا ساھەسىدىكى ئەڭ مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. جۇڭگودىن رىمغىچە سوزۇلغان ئۇلۇغ يىپەك يولى مەركىزىي ئاسىيادىن ئۆتىدىغان بولۇپ، مۇشۇ يولنى كونترول قىلىش ئۈچۈن كۆپ قېتىم ئۇرۇشلار يۈز بېرىپ، مۇھىم سىياسىي ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلگەن. كېيىنكى مەزگىللەردە جۇڭگونىڭ فار فۇر بۇيۇملار سودىسىمۇ يىپەك سودىسىغا ئوخشاشلا مۇھىم بولۇپ قالغان.

ئىختىرا جەھەتتە جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ (مەركىزىي ئاسىيا ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان) ئالاقە ئەھۋالىمۇ ئوخشاش ئىدى. جۇڭگو خەلقى ئۆزلىرىنىڭ يېڭى كەشپىياتلىرىنى تىرىشىپ

بارلىققا كەلتۈرگەن. مەسىلەن، قەغەزچىلىك بۇنىڭ تىپىك مىسالى، قەغەز ياساش تېخنىكىسىنى مىلادىيە 2 ـ ئەسىردە جۇڭگولۇقلار ئىجاد قىلغان. بۇ تېخنىكا مىلادىيە 8 ـ ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقالغان، كېيىنچە ئەرەبلەر بۇ تېخنىكىغا ئىگە بولغان، ئۇلار كېيىنچە بۇ تېخنىكىنى ياۋروپالىقلارغا تارقاتقان. بارلىق مۇھىم نۇقتىلاردا ياۋروپانىڭ قەغەز ياساش تېخنىكىسى جۇڭگونىڭ تېخنىكىسىنى ئۈلگە قىلغان. قەغەز ياساش بىلەن ئەڭ مۇناسىۋەتلىك بولغىنى قەغەز پۇل تۈزۈمىنىڭ بارلىققا كېلىشى بولۇپ، بۇ تۈزۈم ئەڭ دەسلەپ جۇڭگودا بارلىققا كېلىپ، مىلادىيە 13 ـ ئەسىردە موڭغۇللار ئارقىلىق پارسلارغا تارقالغان (بۇ يەردىن غەربكە تارقالغان). موڭغۇللارمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئەينى چاغلاردا جۇڭگو بىلەن پېرسىيەگە ھۆكۈمرانلىق قىلغانىدى.

بەزى ۋاقىتلاردا ياۋروپالىقلار ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق تارقالغان جۇڭگو كەشپىياتلىرىغا قارىتا بىرئاز ئۆزگەرتىش كىرگۈزگەن. مەسىلەن، مەتبەچىلىك تېخنىكىسى بۇنىڭ تىپىك مىسالى بولالايدۇ. كىتاب بېسىش مىلادىيە 10 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا جۇڭگودا ئومۇملاشقان بولسىمۇ، بىراق كۆپ ھاللاردا يەنىلا ياغاچ باسمىدىن ئىبارەت ئىپتىدائىي باسمىدا بېسىلاتتى. مىخ مەتبەنى ئىشلىتىشنى يىراق شەرقتىكىلەر بىلسىمۇ، بىراق بۇ خىل تېخنىكا مەتبە تېخنىكىسىنىڭ ئاساسلىق ئۇقۇمى سۈپىتىدە يىراق شەرقتىن ياۋروپاغا تارقىلىشتىن بۇرۇن، تېخى تولۇق تەرەققىي قىلمىغانىدى.

بەزى بۇيۇملارغا نىسبەتەن جۇڭگولۇقلار پەقەت «يېرىم كەشپىياتچىلار» بولۇپ، ئۇلارنى مۇكەممەل ئىجاد قىلىش مۇمكىنچىلىكىنى تونۇپ يېتەلمىگەن. بۇنىڭ تىپىك مىسالى خىمىيەدۇر. جۇڭگولۇقلار ئىكسىر تاۋلاش (كۈمىلاچ دورا ياساش) تېخنىكىسىغا مەپتۇن بولۇپ كەتكەچكە، ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىلا بىرنەچچە خىل خىمىيەلىك تەجرىبىلەرگە قىزىقىپ

قالغان، كېيىن جۇڭگولۇقلار بۇ خىل تەجرىبە نەتىجىلىرىنى ئەرەبلەرگە، ئاندىن ئەرەبلەر ياۋروپالىقلارغا تارقاتقان. مەسىلەن، سىپىرا (مىلتىق دورىسى) توغرىسىدىكى بىلىملەر مانا مۇشۇنداق يول بىلەن غەربكە تارقالغان، شۇڭا ئەرەبلەر سىپىرانى «چىن قىراۋسى» دەپ ئاتىغان. جۇڭگولۇقلار سىپىرانى پەقەت پوجاڭزا ياساش ئۈچۈنلا ئىشلەتكەن، لېكىن سىپىرا ياۋروپاغا تارقالغاندىن كېيىن مىلتىق دورىسى كەشىپ قىلىنغان.

مۇشۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان مىسالدىن يەنە «جەنۇب كۆرسەتكۈچ» (كومپاس)مۇ بار، بۇ نەرسىنى جۇڭگولۇقلار پەقەت «پەللە» لەرنى ئىزدەش ئۈچۈنلا ئىشلەتكەن بولسا، غەرب دۇنياسىدا ئۇ مۇھىم بىر خىل ئەسۋاب سۈپىتىدە كومپاس دەپ ئاتالغان. كومپاس ياۋروپاغا ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق تارقالغان بولماستىن، بەلكى جەنۇبتىكى دېڭىز يولى ئارقىلىق تارقالغان بولۇپ، ئۇنىڭ جۇڭگودىن غەربكە تارقالغان باشقا نۇرغۇن كەشپىياتلارغا ئوخشىمايدىغان يول ئارقىلىق تارقىلىشى ئانچە بەك ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

## (2)

مەركىزىي ئاسىيا ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ، ئۇ بىر تەرەپتىن كۆپلىگەن ئۆرپ - ئادەت ۋە سەنئەتنىڭ بارلىققا كەلگەن مەركىزى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن يىراق قەدىمكى زاماندىكى بارلىق ئاساسلىق مەدەنىيەت مەركەزلىرى ئارىسىدىكى ۋاستىچى ئىدى. بۇ ئەھۋاللارنى بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتتۇق.

مۇشۇنىڭغا ئوخشاشلا مۇھىم بولغىنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ دۇنيا سىياسىي تارىخىدا تۇتقان ئورنىدۇر، چۈنكى ئوتتۇرا ئاسىيانى ماكان قىلغان نۇرغۇنلىغان خەلقلەر ئۇزۇكسىز كۆچۈش

ۋە بويسۇندۇرۇش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان.
ئارىيانلار ياكى ھىندى ـ ياۋروپا خەلقلىرىنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ماكانى توغرىسىدا، ئۇلارنىڭ ئەسلىي ماكانى مەركىزىي ئاسىيا ياكى مەركىزىي ئاسىيا ئەمەس دېگەن قاراشلار مەۋجۇت. بۇ ئىككى قاراش توغرىسىدا كەسكىن تالاش ـ تارتىش مەۋجۇت بولغاچقا، بۇ ھەقتە تەپسىلىي توختالمايمىز. بىز پەقەت ھىندى ـ ياۋروپا خەلقلىرى ئەڭ بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىيادىن تارقالغان دەيدىغان قاراشنىلا بىلىمىز. بۇ قاراش بىر مەزگىل يوقاپ كەتكەن بولسىمۇ، بىراق ھازىر نوپۇزلۇق ئالىملارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، كۈچلۈك ئورۇنغا ئۆتتى.
بۇ نۇقتا توغرىسىدا قانداق تالاش ـ تارتىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇنىڭغا شەكلىنىشكە بولمايدۇ، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ سىرتقا تاجاۋۇز قىلىشى تارىختا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان. بۇ خەلقلەر ئوتتۇرا ئاسىيادىن كېلىپ چىققان ياكى ئۇ يەردىن كېلىپ چىقمىغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ بىر چاغلاردا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەركىزىدە ئولتۇراقلاشقانلىقى شۈبھىسىز. بىراق قەدىمكى زامانلاردا، ھېچبولمىغاندا ئىككى خىل ئىرق ۋە تىلدىكى خەلقلەر ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقان. ئۇلارنىڭ بىرى سىكتىئانلار، يەنە بىرى ھۇنلار ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيادا ماكانلاشقان بارلىق خەلقلەر «پان ئاق ئىرق» (بۇ سۆزنى پىروفېسسور بىربئاستېد شۇنداق بېكىتكەن) قا مەنسۇپ بولۇپ، يەنە كېلىپ ئۇلار ئارىيان ياكى ھىندى ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسىدا سۆزلەشكەن، ئەمەلىيەتتە ئۇلارغا «سىكتىئان» دېگەن نام ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدۇ. «ھۇن» دەپ ئاتالغانلار ئەسلىدە شەرقتە ئولتۇراقلاشقان بىر تۈركۈم خەلقلەر بولۇپ، ئۇلار كۆپلىگەن موڭغۇل ئامىللىرىنى قوبۇل قىلغاچقا، خاتا ھالدا «پان سېرىق ئېرق» دەپ قارىلىپ كېلىنىۋاتىدۇ. تېخىمۇ مۇھىمى ھۇنلارنىڭ تىلى ئارىيانلارنىڭ تىلى بىلەن پۈتۈنلەي پەرقلىق

بولۇپ، كۆپ ھاللاردا «تۇرانىئانلار» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنى «ئورال ـ ئالتايىسكىلار» دەپ ئاتىساق تېخىمۇ مۇۋاپىق بولىدۇ.

بۇنىڭدىن بىرقانچە ئەسىر ئىلگىرى سىكتىئان تەركىبلىرى ياكى ھىندى ـ ياۋروپا تەركىبلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئىچىدە پۈتۈنلەي يوقالغان، بىراق بۇ تارىخىي تىراگېدىيە سەۋەبىدىن بۇ مىللەتلەرنىڭ بىر مەھەل ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھۆكۈمرانلىرى بولغانلىقىدەك پاكىتقا ھەرگىزمۇ سەل قاراشقا بولمايدۇ. كېيىنچە ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تەرەپ ـ تەرەپكە تاراپ قوشنا رايونلارغا زور تەسىر كۆرسەتكەن. غەربتە، سىكتىئانلار جەنۇبىي رۇسىيەنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا، ھەتتا ياۋروپانىڭ ئوتتۇرا قىسىمىغىچە بارغان، شەرقتە بولسا سىكتىئانلار ئاسىيانىڭ شەرقىگىچە يېتىپ بېرىپ، جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىنى بىرقانچە ئەسىر ئىگىلەپ تۇرغان. بۇ بىز بىلىدىغان جۇڭگونىڭ «ياۋروپا» ۋە «ياۋروپا» تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچرىشىشى ئىدى.

ئەڭ مۇھىمى، سىكتىئان كۆچمەنلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارغا كۆرسەتكەن تەسىرىدۇر. كەڭ مەنىدىكى سىكتىئانلار (ياكى بىز سىكتىئانلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى دەپ قارايدىغانلار) ئەڭ بۇرۇنقى دەۋرلەردە ئىران ئېگىزلىكىگە تارقىلىپ بارغان ھەم ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىغىچە يېتىپ بارغان. بۇ ئىككى جايدىكىلەر شۇنىڭدىن كېيىن ھىندى ـ ياۋروپا تىلىدا سۆزلىشىدىغان ئاق ئىرق ئۈچۈن مۇھىم ئامىل بولۇپ قالغان.

كېيىنچە پېرسىيە ۋە ھىندىستاندىكى بۇ ھىندى ـ ياۋروپا خەلقلىرى ئىلگىرىكى كۆچمەن چارۋىچىلىق ئادەتلىرىنى تاشلاپ، ئولتۇراق دېھقانچىلىق تۇرمۇشىنى باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيادا قالغان، يەنىلا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىدىغان، بولۇڭ ـ تالاڭنى ياخشى كۆرىدىغان سىكتىئانلار بىلەن ئوخشاش

نەسلدىن بولسىمۇ، بىراق ئۆزئارا ئەشەددىي دۈشمەنلەردىن بولۇپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى مەزگىللەردە سكتىئانلار پاراغەتلىك تۇرمۇشقا بېرىلىپ، كۈندىن ـ كۈنگە ئاجىزلىشىپ كەتكەن جەنۇبتىكى قېرىنداشلىرىغا كۆپ قېتىم تاجاۋۇز قىلىشقا باشلىدى. بەزىدە بۇ خىل بۇلاڭ ـ تالاڭ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يىراقتا ئاتلانغۇچىلار ئۇزۇن مەزگىللىك بويسۇندۇرۇش ۋە ئىشغال قىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

سكتىئانلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىن جەنۇبقا ئىلگىرىلەپ ئىران ئېگىزلىكىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خەلقلەرگە قارىتا سىياسىي ھۆكۈمرانلىق ئورنىتىشىنىڭ تىپىك مىسالى پېرسىيەگە بەش ئەسىر ھۆكۈمرانلىق قىلغان (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 247 ـ يىلدىن مىلادىيە 226 ـ يىلغىچە) پارفىيەلىكلەردۇر.

پارفىيەلىكلەر پېرسىيەنىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرىنى ئىگىلىگەندە، ھىندىستاننىڭ شىمالىدىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم يەرلەرنى باشقا سكتىئان قەبىلىلىرى ئىگىلىۋالغانىدى، ئۇلار ھەمىشە ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ھىندى سكتىئانلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. ھىندى سكتىئانلىرىنىڭ نۇرغۇن ھۆكۈمرانلىرى مەشھۇر ئىمپېرىيەلەرنىڭ قورغۇچىلىرى بولۇپلا قالماي، يەنە ئۇلۇغ سەنئەتنىڭ ھىمايىچىلىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا پۈتۈنلەي يېڭىچە بولغان سەنئەت ۋە ئەدەبىيات بارلىققا كەلگەن بولۇپ، بۇ كېيىنكى ئاسىيا مەدەنىيىتىگە مەڭگۈلۈك تەسىر كۆرسەتتى.

ئەمدى مۇھاكىمىمىزنى سكتىئانلاردىن ھۇنلارغا، يەنى ئەينى چاغدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئىچىدىكى يەنە بىر مۇھىم خەلق ئۈستىگە يۆتكەيمىز. ئوتتۇرا ئاسىياغا سكتىئانلار ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان چاغلاردا، موڭغۇلىيە ھۇن قەبىلىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى. ھۇن دېگەن نام جۇڭگولۇقلار تەرىپىدىن بېرىلگەن بولۇپ، جۇڭگو داۋاملىق

ھۇنلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىق تەھدىتىگە ئۇچراپ كەلگەن ۋە بۇ خىل ھالەت بىرقانچە ئەسىرگىچە داۋام قىلغان. جۇڭگونىڭ سەددىچىن سېپىلى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 214 ـ يىلى ياسالغان بولۇپ، بۇنى ياساشتىن مەقسەت ھۇنلاردىن مۇداپىئە كۆرۈپ، ئۇلارنى خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسىدىكى مۇنبەت تۈزلەڭلىكلەرگە ئاياغ باسقۇزماسلىق ئىدى. شۇنىڭدىن سەل كېيىنرەك موڭغۇلىيەدە نۇرغۇنلىغان قەبىلىلەرگە بۆلۈنگەن ھۇنلار بىرلىشىپ، بىرلىككە كەلگەن ئىمپېرىيە بولۇپ شەكىللەندى، بۇ ئىمپېرىيەنىڭ شەكلىدە بەزى ۋاقىتلاردا ئۆزگىرىشلەر بولغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ 300 يىلدىن ئارتۇق مەۋجۇت بولۇپ تۇردى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 209 ـ يىلىدىن مىلادىيە 160 ـ يىلىغىچە). مۇشۇ ۋاقىتلارنىڭ كۆپ قىسمىدا ھۇن ئىمپېرىيەسى جۇڭگو بىلەن قارشىلىشىپ، يىراق شەرقنىڭ سىياسىي رەھبەرلىك ۋە ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تالاشتى.

مىلادىيە 3 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا جۇڭگولۇقلار كۆپ قېتىملىق كەسكىن جەڭلەر ئارقىلىق ھۇنلاردىن مۇداپىئە كۆرۈپ، ئۇلارنى جۇڭگو چېگراسى ئىچىدە يۈت تىرەپ تۇرالماس قىلىپ قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن جۇڭگو ئىچكى نىزا تۈپەيلىدىن ئاجىزلاپ كەتتى، نەتىجىدە ھۇنلار يەنە شىمالىي جۇڭگونىڭ غوجىسى بولۇپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە باشقا نۇرغۇن تۇرانىيان خەلقلىرىمۇ ئەگىشىپ كەلدى ۋە بۇ يەردىكى ھۆكۈمرانلىقنى ئىككى ئەسىر داۋاملاشتۇردى (مىلادىيە 581 ـ يىلىغىچە).

6 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا جۇڭگولۇقلارنىڭ تۇرانىيانلارنى قوغلاپ چىقىرىش ھەرىكىتى غەلىبە قازاندى، شۇنىڭدىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا، بولۇپمۇ بۈيۈك تاڭ سۇلالىسى (مىلادىيە 618 ــ 907 ـ يىللار) دەۋرىدە ئۇلار ئۆز زېمىنلىرىنى قايتۇرۇۋېلىپلا قالماي، ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرىغىچە يەتكۈزدى، بىراق

تاڭ سۇلالىسى گۇمران بولغاندىن كېيىن جۇڭگودا يەنە ئىچكى نىزا يۈز بەردى، نەتىجىدە تۇرانىيانلار قايتىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادىن جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى.

تاڭ سۇلالىسى مىلادىيە 907 ـ يىلى ھالاك بولغان بولسىمۇ، جۇڭگودا پادىشاھلىق تۈزۈم مىلادىيە 1911 ـ يىلىغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. بۇ مىڭ يىل ئىچىدە جۇڭگولۇقلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان بىرقانچە پادىشاھلىقلار بىر قىسىم يەرلەرنى ئىزچىل ئىگىلەپ تۇرغان (ئاساسەن جەنۇبىي جۇڭگونى ئىگىلەش بىلەنلا چەكلەنگەن) بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنىڭ پۈتۈن جۇڭگوغا كېڭەيگەن ۋاقتى 300 يىلغا يەتمەيدۇ (مىلادىيە 1366 ـ 1664 ـ يىللار). قالغان 700 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە جۇڭگو زېمىنىنىڭ بىر قىسمى ياكى ھەممىسى ئەمەلىيەتتە تۇرانىيان خەلقلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولدى.

1120 ـ يىلدىن 1278 ـ يىلىغىچە جۇڭگونىڭ شىمالىي قىسمى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ قىتانلارنىڭ، جۇرجىتلارنىڭ ھەم چىڭگىزخان باشچىلىقىدىكى موڭغۇللارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولدى. 1278 ـ يىلىغا كەلگەندە يەنىلا مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان جۇڭگونىڭ جەنۇبىي قىسمىمۇ چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى قۇبلاي تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى. بۇ تارىختىن بۇيان جۇڭگو زېمىنىنىڭ تۇرانىيانلار تەرىپىدىن تۇنجى قېتىم پۈتۈنلەي ئىگىلىنىشى ئىدى.

موڭغۇللار جۇڭگوغا 90 يىللا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. يۈەن سۇلالىسىنىڭ يوقىلىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب قەغەز پۇلنىڭ قالايمىقان تارقىتىلىشىدىن كېلىپ چىققان پۇل پاخاللىقى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن جۇ يۈەنجاڭ قېرىنداشلىرى بىلەن بىرلىشىپ قوزغىلاڭ كۆتۈردى ۋە مىلادىيە 1368 ـ يىلى موڭغۇل قوشۇنلىرىنى تارمار قىلىپ مىڭ سۇلالىسىنى قۇردى، ئەمما شۇنىڭدىن كېيىن جۇڭگو يەنىلا باشقا خەلقلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلالمىدى. 1644 ـ يىلى باشقا بىر تۈركۈم

تۈرانىيانلار، يەنى شەرقىي شىمالدىكى مانجۇرىيەدە ئولتۇراقلاشقان مانجۇلار (جۇرجىتلارنىڭ ئەۋلادى) جۇڭگوغا يەنە بېسىپ كىرىپ، تاكى 1911 ـ يىلىغىچە ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى.

ھۇنلار ۋە باشقا تۈرانىيان خەلقلىرىنىڭ تارىخىنىڭ مۇھىملىقى ئۇلارنىڭ يىراق شەرقتىكى پائالىيىتى بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. مىلادىيە 2 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئەسلىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غوجىلىرى بولغان سكىتئىئانلار ياكى ھىندى ـ ياۋروپالىقلار توساتتىنلا ئاجىزلىشىشقا يۈزلىنىپ، ئاخىرىدا تەدرىجىي ھالدا غەربكە كۆچكەن ھۇنلار تەرىپىدىن قوغلىۋېتىلدى ياكى قوشۇۋېلىندى. مىلادىيە 5 ـ ئەسىردە ھۇنلار ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەممە يېرىنى تولۇق كونترول قىلىپ، ئىران ئېگىزلىكىدە قۇرۇلغان ساسانىلار ئىمپېرىيەسى بىلەن قوشنا بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن پارسلار بىلەن ھۇنلار (ئاتالمىش ئاق ھۇنلار) ئارىسىدا توقۇنۇش يۈز بېرىپ، ساسانىلار ئىمپېرىيەسىنىڭ ئىمپېراتورى مىلادىيە 484 ـ يىلى جەڭدە ئۆلدى. پارسلار ئۆز زېمىنىنىڭ ئاياغ ئاستى قىلىنىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ھۇن قەبىلىلىرىگە نۇرغۇن مىقداردا ئولپان تاپشۇردى ھەم بۇ خىل ھالەت ئۇزۇنغىچە داۋاملاشتى.

6 ـ ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غوجىسى بولغان ھۇنلار تۈركلەرگە ئورۇن بوشاتتى. تۈركلەر بىلەن ھۇنلار ئىرق ۋە تىل جەھەتتىن ناھايىتى يېقىن كېلەتتى، ھۇنلارنىڭ ئورنىنى تۈركلەر ئالغان بولسىمۇ، بىراق پېرسىيە ئاۋۋالقىدەكلا خاتىرجەملىككە ئېرىشەلمىدى، تۈركلەرنىڭ ئۇلارغا كەلتۈرگەن ئاپەتلىرى ئىلگىرىكى ھۇنلاردىنمۇ ئېشىپ چۈشتى. ئەڭ دەسلەپكى بىرقانچە ئەسىردە تۈركلەر بەزىدە پېرسىيە زېمىنىغا بېسىپ كىرگەن بولسىمۇ، مىلادىيە 1040 ـ يىلىغا كەلگەندە قۇدرەتلىك سەلجۇق تۈركلىرى پېرسىيەنىڭ بارلىق زېمىنىنى ئۆز ئىلكىگە ئالدى ۋە ئۇزاق ئۆتمەيلا يېقىن شەرقتىكى ھەممە

ئەللەرنىڭ غوجىسى بولۇپ قالدى.

ئىككى ئەسىردىن كېيىن (مىلادىيە 1218 ـ يىلى) سەلجۇق تۈركلىرى زاۋاللىققا يۈز تۇتۇپ، پېرسىيەلىكلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقى موڭغۇللارنىڭ قولىغا ئۆتتى، شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە پېرسىيە موڭغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ قالدى. موڭغۇل ئىمپېرىيەسى گۇمران بولغاندىن كېيىن ئىمپېراتور تۆمۈر باشچىلىقىدىكى «موغۇل تۈركلىرى» ئىران ئېگىزلىكىدە تۇرانىيانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قايتىدىن تىكلىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى قىسقا بىر مەزگىل ئىچىدە يەرلىك پادىشاھلىقلار ئىرانغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان بولسىمۇ، 1750 ـ يىلىدىن 1932 ـ يىلىغىچە پېرسىيە يەنە تۇرانىيانلاردىن بولغان قاجار تۈركلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا چۈشۈپ قالدى. ھازىر ئىرانغا پارسلار ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان بولسىمۇ، بىراق ئاھالىسىنىڭ 1/5 قىسمىدىن كۆپرەكى يەنىلا تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدۇ، بۇ تۇرانىيانلارنىڭ ئۇزۇن مەزگىللىك ھۆكۈمرانلىقىدىن قالغان جانلىق يالداما.

ھىندىستاننىڭ ئەھۋالىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاپراق كېتىدۇ. 5 ـ، 6 ـ ئەسىرلەردە پېرسىيەنى پاراكەندە قىلغان ھۇنلار (ئاق ھۇنلار)نىڭ بىر تارمىقى ھىندىقۇش تېغىدىن ھالقىپ ھىندىستانغا بېسىپ كىرىپ، يەرلىك خانلىق گۇپتا خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى، ھۇنلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان خانلىق ئۇزۇنغا قالماي يىمىرىلگەن بولسىمۇ، بىراق ھۇنلارنىڭ بېسىپ كىرىشى ھىندىستاندىكى ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىگە مەڭگۈلۈك تەسىر كۆرسەتتى، جۈملىدىن ھىندىستاندىكى قەدىمكى خان جەمەتلىرى بىر ـ بىرلەپ يوقالدى. نۇرغۇنلىغان ئالىملارنىڭ پىكرىگە ئاساسلانغاندا، ئۆزلىرىنى ئېسىل ھېسابلايدىغان راجپۇتلار ھەمدە بۈگۈنكى ھىندىستان ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسىدىكى ھىندى دىنىدىكى نۇرغۇن جەمەتلەر ھىندىستاندا قەدىمدىن مەۋجۇت

بولغان ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئەۋلادى بولماستىن، بەلكى ھۇنلاردىكى ئالىي نەۋكەرلەرنىڭ ئەۋلادى بولۇشى مۇمكىن.

تۇرانىيانلارنىڭ ھىندىستانغا بېسىپ كىرىشى توغرىسىدىكى ھېكايىلەر بۇنىڭلىق بىلەن تۈگەپ قالمايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن تۇرانىيانلار تېخىمۇ چوڭقۇر تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. ئەسلىدە ئەرەبلەر ۋە پارسلار ئىسلام دىنىنى تارقاتقان مەزگىللەردە ئىسلام دىنىنىڭ كىرىشى ھىندىستاندا ھېچقانچە تەسىر پەيدا قىلالمىغانىدى. بىراق تۇرانىيان ئىرقىدىكى تۈركلەر ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن ھىندىستاننىڭ تەقدىرى ئۇلار تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغان بولدى. تەخمىنەن مىلادىيە 1000 ـ يىللاردىن باشلاپ نۇرغۇنلىغان تۈرك ۋە ئافغان چەۋەندازلىرى ھىندىستانغا بېسىپ كىردى. ئۇلار ئەڭ دەسلەپ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشنى مەقسەت قىلغان بولسا، كېيىنچە بويسۇندۇرۇش ۋە ئولتۇراقلىشىش بىلەن مەشغۇل بولدى. مىلادىيە 1200 ـ يىللاردا بۇ بېسىپ كىرگۈچىلەرنىڭ ئورنى تەدرىجىي مۇستەھكەملىنىشكە باشلىدى، شۇنىڭدىن تارتىپ تاكى 18 ـ ئەسىردە ئەنگلىيە تەھدىت كەلتۈرگەنگە قەدەر پۈتۈن ھىندىستان ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان يات مىللەتلەر خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولدى. بۇ يات مىللەت ھۆكۈمدارلىرىنىڭ كۆپ قىسمى تۈركلەر (تۇرانىيانلار)دىن كېلىپ چىققان بولۇپ، تۈرك چەۋەندازلىرىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەنىدى. بۇ تۇرانىيان خانلىقلىرى ئىچىدە ئەڭ مەشھۇرى موغۇللار بولۇپ (موغۇل دېگەن بۇ سۆز موڭغۇل دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان، بىراق ئۇلاردىكى تۈرك تەركىبى موڭغۇل تەركىبىدىن كۆپ ئىدى)، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى مىلادىيە 1526 ـ يىلىدىن 19 ـ ئەسىرگىچە داۋام قىلدى، ئۇلارنىڭ تەسىر كۈچى گەرچە مىلادىيە 1700 ـ يىللاردىن باشلاپ ئاجىزلاشقان بولسىمۇ، ئەمما ئەنگلىيەلىكلەر 1835 ـ يىلى داۋاملىق موغۇللارنىڭ نامىدا پۇل قۇيدۇردى. موغۇللارنىڭ نامدىكى ھۆكۈمرانلىقىمۇ 1858 ـ يىلى

يوقالدى. بىراق، تۇرانىيانلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىنىڭ ھىندىستانغا كۆرسەتكەن تەسىرى بۇنىڭلىق بىلەنلا يوقىمىدى. مەسىلەن، ئىسلام دىنىنى تۇرانىيانلار ھىندىستانغا تارقاتقان بولۇپ، ئىنگلىزلار ھۆكۈمرانلىق قىلغاندا پۈتۈن ھىندىستاندىكى 320 مىليون ئادەمنىڭ 70 مىليونى يەنىلا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى، نەتىجىدە ئىسلام دىنى مۇرىتلىرى بىلەن ھىندى دىنى مۇرىتلىرى ئوتتۇرىسىدا ھەر خىل ئىختىلاپلار كېلىپ چىقتى. بۇ ئىنگلىزلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى ھىندىستان ھۆكۈمىتى دۇچ كەلگەن ئەڭ قىيىن مەسىلىلەرنىڭ بىرى ئىدى.

## (3)

يۇقىرىدا بايان قىلغانلىرىمىز پەقەت ھۇنلار ياكى تۇرانىيانلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىنىڭ ئاسىيادىكى باشقا خەلقلەرنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرىدۇر. بۇ تاجاۋۇزچىلىقنىڭ تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، بۇنى بۇرۇن بارلىق تارىخچىلار بىردەك ئېتىراپ قىلغان، شۇڭا بۇنى يەنە سۆزلەشنىڭ ھاجىتى يوق.

بىز دىققىتىمىزنى ئاسىيادىن ياۋروپاغا بۇرىغىنىمىزدا، تۇرانىيانلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتىنىڭ ياۋروپاغا زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ، لېكىن بۇ تەسىرلەرنىڭ كۆپ قىسمى ۋاستىلىك بولغاچقا، بۇنىڭدا مۇجمەللىكتىن ساقلانغىلى بولماي بۇنىڭغا سەل قارالغان. بىراق كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ياۋروپا سىياسىي جۇغراپىيەسىنىڭ شەكىللىنىشى دەل تۇرانىيانلارنىڭ مىلادىيە 4 ـ ئەسىردىن باشلاپ ياۋروپاغا بېسىپ كىرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، يېقىنقى زاماندىكى ياۋروپانىڭ قۇرۇلمىسىنىڭ شەكىللىنىشى پۈتۈنلەي تۇرانىيان تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ تۆھپىسىدۇر.

بۈگۈنكى ياۋروپا ۋەزىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ئەڭ مۇھىم ئامىل رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ يوقىلىشى، گېرمان قەبىلىلىرىنىڭ غەربىي ياۋروپاغا بېسىپ كىرىشى، سىلاۋيان مىللەتلىرىنىڭ ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي ياۋروپاغا بېسىپ كىرىشى، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشى ھەم كىلاسسىك ئىلىمنىڭ غەربىي ياۋروپادا قايتا تىرىلىشى، شۇنداقلا يېڭى دېڭىز يولى ۋە يېڭى دۇنيانىڭ بايقىلىشىدۇر. بۇ زور تارىخىي ۋەقەلەرگە مەركىزىي ئاسىيا كۆچمەن چارۋىچى خەلقلىرىنىڭ تەسىرى يوشۇرۇنغان.

دۇنيا تارىخىدىكى ھەر خىل چىگىش ۋەقەلەرنىڭ مۇتلەق سەۋەبىنى ئېيتىش مۇمكىن ئەمەس. يۇقىرىدا دېيىلگەن ھەر خىل ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسى ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان، بىراق بۇ ھەرىكەتلەردىكى ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ياۋروپاغا بېسىپ كىرىشىدۇر.

رىم ئىمپېرىيەسىنى ھالاك قىلغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ مەركىزىي ئاسىيادىن كەلگەن، دەرۋەقە ئەينى چاغدا ئاسىيا خەلقلىرى ۋېنگىرىيە تۈزلەڭلىكى ئارقىلىق غەربىي ياۋروپاغا كىرىپ باسمىچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان بولسىمۇ، يۇقىرىقى نەتىجىنى بىۋاستە پەيدا قىلغان ئەمەس. گاللىيە ۋە ئىتالىيەگە تاجاۋۇز قىلغان ئاسىيا ۋارۋارلىرى گەرچە قورقۇنچلۇق پاراكەندىچىلىكنى پەيدا قىلغان بولسىمۇ، ئۇلار ئۇزاق مۇددەت ئولتۇراقلاشمىغان ھەم ئۇلار پەيدا قىلغان سىياسىي ئۆزگىرىشنىڭ ۋاقتىمۇ قىسقا بولغان. رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ ئاغدۇرۇپ تاشلىنىشى گېرمانلار ئىمپېرىيە زېمىنىدا ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن بولغانىدى. ئەڭ بۇرۇن گوتلار ئىتالىيە، فىرانسىيەنىڭ جەنۇبىي قىسمى ۋە ئىسپانىيەنىڭ بىر قىسىم يەرلىرىگە بېسىپ كىرگەن. سۇئېۋلار ھەم ۋاندالىلار ئىسپانىيەنىڭ باشقا بىر قىسىم يەرلىرى ۋە ئافرىقىنى بېسىۋالغان، يەنە بۇرگۇندىلار فىرانسىيەنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا كىرگەن، ئانگىلو ۋە ساكسونلار بولسا بۇرۇن رىم

ئىمپېرىيەسىنىڭ مۇستەملىكىسى بولغان بىرىتانىيەنى قولغا كەلتۈرگەن.

ۋاھالەنكى، ئەينى چاغدا گېرمان قەبىلىلىرى رىملىقلارغا نىسبەتەن رىم ئىمپېرىيەسىگە بېسىپ كىرگەن بويسۇندۇرغۇچىلار بولسا، ئاتتىلا دەۋرىدىن سەل ئىلگىرىكى ھۇنلارغا نىسبەتەن ئۇلار قورقۇنچاق مۇساپىرلار ئىدى. بۇ گوت قەبىلىلىرى رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ زور قوشۇنىدىن زادىلا قورقمىغان بولسىمۇ، لېكىن تۇيۇقسىز پەيدا بولغان، ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن دەھشەتلىك چەۋەندازلاردىن ئىنتايىن قورققان. مۇشۇ قورقۇنچ ئۇلارنى ئۈزۈكسىز تۈردە رىمنىڭ مۇداپىئەسىنى بۆسۈپ، رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ ھەرقايسى ئۆلكىلىرىگە ئومۇمىيۈزلۈك تاجاۋۇز قىلىشقا مەجبۇر قىلغان.

بۇ قەبىلىلەرنىڭ كۆچۈشى ۋە ھۇنلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدا بىز پەقەت ۋاستىلىك پاكىتلاردىن بەزى ئۇچۇرلارغا ئىگە بولىمىز. گېرمان قەبىلىلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا ھېچقانداق خاتىرىلەر يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە رىم تارىخچىلىرىمۇ شىمالدىكى بۇ ۋارۋارلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئەھۋاللارغا كۆپ كۆڭۈل بۆلمىگەن، بەزى چاغلاردا بىز گېرمان قەبىلىلىرىنىڭ غەربكە كۆچۈشى ۋاقىت ۋە ئورۇن جەھەتتىن ھۇنلارنىڭ شەرقتىن كېلىشى بىلەن ئۆزئارا دەل كېلىپ قالغان دەپلا قارايمىز.

بىراق بىز ئىگىلىگەن بارلىق پاكىتلارغا ھەم ئەينى چاغدىكى كىشىلەر قالدۇرغان بارلىق خاتىرىلەرگە قارايدىغان بولساق، بۇلار بىزگە گېرمان قەبىلىلىرىنىڭ غەربكە كۆچۈشى بىلەن ھۇنلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىنىڭ ئەمەلىيەتتە زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىدىن مەلۇمات بېرىدۇ. بىز شەرقىي گوتلارنىڭ ئەسلىدە رۇسىيەنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردا ئولتۇراقلىشىپ تەدرىجىي شەرققە قاراپ تەرەققىي قىلىپ، كېيىنچە ھۇنلار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلۇپ، ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ ئاسىيالىق غوجىلىرىغا

ئەگىشىپ ياردەمچى قوشۇن سۈپىتىدە رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ چېگرالىرىغا كەلگەنلىكىنى بىلىمىز. يەنە ئالدى بىلەن رىمنىڭ پايتەختى شەھىرىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغان، جەڭگە ماھىر بويسۇندۇرغۇچىلار دەپ ئاتالغان غەربىي گوتلارنىڭ دەسلەپتە رىم ئىمپېرىيەسىگە بېسىپ كىرگەن چاغدا پەقەت ھۇنلار تەرىپىدىن پۈتۈنلەي مەغلۇپ قىلىنغان مۇساپىر خەلق ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىمىز.

مۇبادا گېرمانلارنىڭ رىم ئىمپېرىيەسىگە تاجاۋۇز قىلىشىغا تۈرتكە بولغان كۈچ ھۇنلار دەپ قارىساق، ئۇ ھالدا شۇنىڭدىن يۈز يىل كېيىنرەك پەيدا بولغان، ھۇنلارغا ۋارىسلىق قىلغان يەنە بىر ئاسىيا مىللىتى ــــ ئاۋارلار يەنە سىلاۋيانلارنىڭ ۋەيران بولغان رىم ئىمپېرىيەسى زېمىنىغا ئولتۇراقلىشىشىغا تۈرتكە بولغان. سىلاۋيانلار مۇشۇ چاغدا تەدرىجىي ھالدا غەربكە سۈرۈلۈپ، گېرمانلاردىن قېلىپ قالغان زېمىنلارنى ئىگىلىگەن. ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى دەسلەپتە ناھايىتى ئاستا بولغان بولسىمۇ، كېيىن ئۇلارنىڭ كۆچۈشىنى تېزلىتىپ رىم زېمىنىغا كىرىشكە مەجبۇر قىلغىنى دەل ئاۋارلار ئىدى. ئاۋارلار ھۇنلار بىلەن ئوخشاش مىللەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى يەنىلا قۇدرەتلىك تۈركلەرنىڭ مەجبۇرلىشىدىن بولغانىدى.

ئاۋارلارغا بويسۇنغان سىلاۋيانلار كېيىن تەدرىجىي كۆچلىنىپ، ياۋروپانىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى پاننونىيە ۋە نورىكۇم رايونلىرىغا ماكانلاشقان بولۇپ، ھازىرقى سلوۋېنلارنىڭ ئەجدادى ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا كىرودىيەلىكلەر ۋە سېربلارنىڭ كېلىپ چىقىشىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاپراق كېتىدۇ. خۇددى غەربىي گوتلار ھۇنلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن رىم ئەمەلدارلىرىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ رىم ئىمپېرىيەسى تەۋەسىدە ئولتۇراقلاشقانغا ئوخشاش، جەڭدە مەغلۇپ بولغان كىرودىيەلىكلەر ۋە سېربلارمۇ كونستانتىنوپول پادىشاھى ھېراكلىئۇسنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ، شەرقىي رىم تەۋەسىدە

ئۇلتۇراقلاشقان بولۇپ، بۇنىڭدىكى مەقسەت، بىر تەرەپتىن چۆل چېگرا رايونلارنى ئاۋاتلاشتۇرۇش بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئاۋارلارنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا هۇجۇم قىلىشىنى توسۇش ئىدى.

شەرقىي رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى هەرقايسى ئۆلكىلەر يەنە بىر ئاسىيا خەلقى — بۇلغارلارنىڭ تاجاۋۇز قىلىشى تۈپەيلىدىن سىلاۋيانلاشقان. ئەسلىدە بۇلغارلار تاجاۋۇز قىلغاندا سىلاۋيانلارمۇ بىللە كەلگەن بولۇپ، ئىككىسى ئۆزئارا ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. نەتىجىدە بۇ رايون مەڭگۈ سىلاۋيان مەدەنىيىتى دائىرىسىگە تەۋە بولۇپ قالدى.

ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ يېتىپ كېلىشىنىڭ سىلاۋيانلارغا كەلتۈرگەن زور تەسىرى بۇنىڭلىق بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ. كۆچۈشنىڭ دەسلىپىدە هەرقايسى سىلاۋيان قەبىلىلىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان پادىشاهلىق ۋە كىنەزلىكلەر گېرمان قەبىلىلىرىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان بولۇپ، جەنۇبتا يۇناندىن شىمالدا بالتىق دېڭىزىغىچە تارقىلىپ، بىر - بىرى بىلەن تۇتىشىپ كەتكەنىدى. بىر چاغلاردا بۇ سىلاۋيان دۆلەتلىرى بۈيۈك سىلاۋيان ئىمپېرىيەسىنى قۇرۇش هەم دىنى ۋە يېزىقىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش قۇدرىتىگە ئىگە ئىدى. ئەمما مىلادىيە 9 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ماجارلار، يەنى هۇنگىرلارنىڭ غەربتە دوناي دەرياسى ۋادىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا بېسىپ كىرىشى سىلاۋيان مىللىتىنىڭ بىرلىككە كېلىش پۇرسىتىنى تامامەن يوق قىلدى. يات مىللەت بولغان ماجارلار شىمال ۋە جەنۇبتىكى سىلاۋيانلارنى ئوتتۇرىدىن بۆلۈۋەتتى، شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ ئىككى تارماق سىلاۋيانلار ئوخشاش بولمىغان تەرەققىيات يولىغا قاراپ ماڭدى.

جەنۇبتىكى سىلاۋيانلار ۋىزانتىيەنىڭ (شەرقىي رىمنىڭ) كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىدى، ئۇلار گىرېك يېزىقىنى تەقلىد قىلىپ ئىشلىتىپلا قالماي، گىرېك ئېقىمىدىكى خىرىستىيان

دىنىغا ئېتىقاد قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شىمالدىكى سىلاۋىيانلار، يەنى پولەكلەر، چېخلار ۋە سىلوۋاكلار گېرمانلار بىلەن قوشنا ئولتۇراقلاشقاچقا، لاتىن يېزىقىنى تەقلىد قىلىپ ئىشلەتتى ھەم رىم ئېقىمىدىكى خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلدى.

يۇقىرىقى ۋەقەلەر قارا دېڭىزنىڭ شىمالىدىن ياۋروپاغا بېسىپ كىرگەن ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ياۋروپاغا تەسىر كۆرسىتىشىدىن تارتىپ سىلاۋىيانلارنىڭ جەنۇب، شىمال دەپ ئىككى تارماققا ئايرىلىشى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ، بىراق غەربكە تاجاۋۇز قىلغان ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر تارمىقى ياۋروپادا ئولتۇراقلىشىپ ھۇنگىر پادىشاھلىقىنى قۇرغان چاغدا، باشقا بىر تۈركىي ئاسىيا تۈركلىرى باشقا بىر يول بىلەن غەرب دۇنياسىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى، يەنى قارا دېڭىزنىڭ جەنۇبىدىن كىچىك ئاسىياغا كىرىپ، مەرمەر دېڭىزى بوغۇزىدىن ئۆتۈپ بالقان يېرىم ئارىلىغا بېسىپ كىردى.

دەسلەپتە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ئەرەبلەر تەرەپ ـ تەرەپكە قارىتا بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىپ، ئافرىقا (مىسىرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، پەلەستىن، سۈرىيە، مېسوپوتامىيە قاتارلىق جايلارنى شەرق دۇنياسىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇرۇپ، سىياسىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ياۋروپادىن ئايرىۋەتكەندى. بىراق، كىچىك ئاسىيا رايونى يەنىلا شەرقىي رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ بىر ئۆلكىسى سۈپىتىدە ياۋروپا مەدەنىيىتى دائىرىسىگە تەۋە بولۇپ، ئىسلام دىنىغا 400 يىلدىن ئارتۇق قارشى تۇرۇپ كەلگەندى، ئەمما مىلادىيە 1070 ـ يىلى سەلجۇق تۈركلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىدىن كېلىپ، بىر مەزگىل غەربىي ئاسىيانىڭ غوجىسى بولغان پارسلارنى مەغلۇپ قىلىپ، ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسىگە ھۇجۇم قىلدى. مانزىكارت دېگەن جايدىكى جەڭدە ئەرەبلەر كۆچلەنگەن دەۋردىمۇ قولغا كەلتۈرەلمىگەن غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈپ، كىچىك ئاسىيانىڭ

كۆپ قىسىم زېمىنىنى ئىگىلىدى، شۇنىڭ بىلەن ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ تەسىر دائىرىسى پەقەت ياۋروپا زېمىنى بىلەنلا چەكلىنىپ قالدى.

شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۈچ يۈز يىل ئىچىدە تۈركلەرنىڭ باسقۇنى ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتتى. ياۋروپانىڭ زېمىنى ئۇلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىمىغان بولسىمۇ، بىراق سەلجۇق تۈركلىرىنىڭ ياۋروپالىقلار بىلەن تىركىشىدىغان كۈچى ئاجىزلىشىشقا باشلىغاندا، ئۇلارنىڭ ئورنىنى ئۇلار بىلەن ئوخشاش مىللەتتىن بولغان ئوسمان تۈركلىرى ئالدى. ئۇلار ئاسىيا يايلاقلىرىدىن يېڭىلا باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا ياۋروپاغا تەۋە بولغان بالقان رايونى، جۈملىدىن ياۋروپا قەدىمكى مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى بولغان كونستانتىنوپولنى قولغا كىرگۈزدى، شۇنداق قىلىپ ئىلگىرىكى ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ شەرقىي جەنۇبتا ئاسىياغا تارقىلىپ كىرىش ۋەزىيىتى بىردىنلا ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ غەربتە ياۋروپا زېمىنىغا تارقىلىش ۋەزىيىتىگە ئۆزگەردى.

1453 ـ يىلى تۈركلەرنىڭ كونستانتىنوپولنى ئىشغال قىلىشى، ئۇزۇندىن بېرى ياۋروپا تارىخىدىكى بۇرۇلۇش نۇقتىلىرىنىڭ بىرى دەپ قارىلىپ كەلگەن بولۇپ، بۇنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئاساسى باردۇر. رىم شەھىرىنىڭ ئىشغال قىلىنىشىدىن كونستانتىنوپولنىڭ ئىشغال قىلىنىشىغىچە بولغان مىڭ يىل ۋاقىت ئىچىدە ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى غەربتە ئەمەس، بەلكى شەرقتە بولغانىدى. ئەينى چاغلاردا قەدىمكى يۇنان، ھەتتا قەدىمكى رىمنىڭ سەنئىتى ۋە ئەدەبىياتى رىم شەھىرى ھەم ئەسلىدە غەربىي رىم ئىمپېرىيەسىگە تەۋە ئۆلكىلەردە ـــ ئەمدىلىكتە يات مىللەتلەر دۆلەت قۇرغان ھەرقايسى جايلاردا سەل قاراشقا ئۇچرىغانىدى. بىراق بۇ سەنئەت ۋە ئەدەبىيات كونستانتىنوپول ۋە ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسىگە تەۋە ھەرقايسى ئۆلكىلەردە كىشىلەرنىڭ بەھرىلىنىشى ۋە تەتقىق

قىلىشقا ئېرىشتى. ۋاھالەنكى، ئەينى چاغدىكى ياۋروپانىڭ شەرق، غەرب ئىككى بۆلىكىنىڭ مەدەنىيەت ئالاقىسى ناھايىتى ئاز ئىدى. كۆلىمىلىك يېرى شۇكى، شۇ ۋاقىتلاردا غەربىي ياۋروپا كىشىلىرىنىڭ يەرلىك مەدەنىيىتىنىڭ سەلتەنىتىنى قايتا تونۇيالىشى كۆپىنچە ئەرەبلەرنىڭ ۋاستىسىدىن بولغانىدى. ئەسلىدە ئەرەبلەر ئىسپانىيەگە بېسىپ كىرىشتىن ئىلگىرى يېقىن شەرقتىكى يۇنان ئالىملىرى بىلەن ئۇچراشقانىدى. بىراق بۇ چاغدا مەدەنىيەت ئېقىمى كونىستانتىنوپول ئارقىلىق ياۋروپا زېمىنىغا كىرىپ بىۋاستە رىمغا تارقىلالمايتتى. ئۇ غەربىي ياۋروپاغا تارقىلىش ئۇچۇن كىچىك ئاسىيا، شىمالىي ئافرىقا ۋە ئىسپانىيەدىن ئۆتۈشى كېرەك ئىدى، شۇندىلا ئىسپانىيەدىكى خىرىستىيان دىنى مۇرىتلىرى ئۇنى بىلىنۇس تاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى ھەرقايسى خىرىستىيان دۆلەتلىرىگە تارقىتاتتى.

ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ خارابلىشىشىغا ئەگىشىپ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەدەنىيەت ئالاقىسىنىڭ كۆپىنچىسى توختاپ قالدى. كونىستانتىنوپول ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ھەرقايسى ئۆلكىلەر بەدەۋى تۈركلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغاندا، بىر مەزگىل بارلىق كىلاسسىك ئىلىملەر تامامەن يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالدى. ئەمما كونىستانتىنوپولنىڭ ئىشغال قىلىنىشى ئەكسىچە ياخشى ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى، تۈركلەر بۇ يەرگە باستۇرۇپ كەلگۈچە بۇرۇن بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان ۋىزانتىيە ئالىملىرى تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ قېچىپ چىقىپ، نۇرغۇن جەبىر ـ جاپالارنى تارتىپ، ياۋروپانىڭ غەربىگە كۆچۈپ كەلدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىتالىيەگە كۆچۈپ كىرگەنلەر ئەڭ كۆپ ئىدى. بۇ يەر شەرقىي ياۋروپاغا ئەڭ يېقىن بولغان خىرىستىيان دۆلىتى، شۇنداقلا ئالىملار ئەڭ كېلىشنى خالايدىغان جاي ئىدى.

ۋىزانتىيە ئالىملىرىنىڭ غەربكە كېتىشىنى تۈركلەرنىڭ بېسىپ كىرىشى بىۋاستە كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇپ، بۇ غەرب

ئىلىم - پەننىڭ قايتا گۈللىنىشى ئۈچۈن قىلىنغان زور ياردەم بولدى. شەك - شۈبھىسىزكى، بۇ چاغلاردا غەربىي ياۋروپانىڭ ئىچكى قىسمىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلىۋاتاتتى. ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشىنىڭ ئەھمىيىتى كىلاسسىك ئىلىمگە قىزىقىشىنىڭ قايتا قوزغىلىشى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىم ۋە زور بولدى. بۇنىڭدىمۇ قىلچە شەك يوق. ۋىزانتىيە ئالىملىرىنىڭ غەربكە كۆچۈشى ئېلىپ كەلگەن ئىلىم - پەننىڭ قايتا گۈللىنىشى ئەينى چاغدا تەرەققىي قىلىۋاتقان ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدە ئۆچمەس ئىز قالدۇردى. شۇنىڭدىن كېيىنكى تۆت ئەسىر ئىچىدە «ئىلىم - پەن» دېگەن سۆز ئاساسەن گىرېك، لاتىن ئاپتورلىرىنىڭ بىلىمگە قارىتىپ ئېيتىلدى. ھازىرمۇ گىرېك يېزىقى يەنىلا ئالىي مائارىپنىڭ ئاساسى دەپ قارىلىپ كەلمەكتە. ئومۇمەن غەربىي ياۋروپانىڭ ئۇزاق مەزگىل ئارقىدا قالغان مەدەنىيىتىنىڭ ئويغىنىشىنى ۋىزانتىيە ئالىملىرىنىڭ غەربكە كۆچۈشكە مەجبۇر بولۇشى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى.

ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشى ئېلىپ كەلگەن كىلاسسىك ئىلىملەر يېقىنقى يىللاردا تەبىئىي پەنلەرنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۆزىنىڭ كۈچىنى تەدرىجىي ھالدا يوقىتىشقا باشلىدى، لېكىن يەنە بىر جەھەتتىن تۈركلەرنىڭ ياۋروپانىڭ شەرقىي قىسمىنى بويسۇندۇرۇشى باشقىچە بىر خىل ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، بۇ دەل ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ بايقىلىشى ئىدى.

بىز شۇنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەككى، كونىستانتىنوپول ئىشغال قىلىنىشتىن ئىلگىرى ياۋروپا بىلەن جۇڭگو، ھىندىستان ئوتتۇرىسىدا جانلىق سودا ئالاقىسى مەۋجۇت ئىدى. كونىستانتىنوپولنىڭ ئىشغال قىلىنىشى شەرق سودىسىنىڭ داۋالغۇشى، شۇنداقلا ياۋروپادىكى بىر قانچە چوڭ شەھەرنىڭ خارابلىشىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولدى. ياۋروپادىكى كۆپ

سانلىق خەلقلەرنىڭ باشقا ئۆزگىرىشلەر بىلەن كارى يوق بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئويلايدىغىنى جۇڭگونىڭ يىپەكلىرى، شەرقىي ھىندىستاننىڭ خۇش پۇراق ماتېرىياللىرى ۋە ھىندىستاننىڭ پاختا رەخت، جاۋاھىراتلىرىغا تولۇق ئېرىشىش ئىدى.

دەسلەپتە ياۋروپانىڭ شەرق بىلەن بولغان سودىسىنى يۇنانلىقلار كونترول قىلىپ كەلگەنىدى. كونستانتىنوپولدىكى نۇرغۇنلىغان ئاھالىلەر (تەخمىنەن 2 مىليون ئادەم) مۇشۇ سودىغا تايىنىپ تۇرمۇشىنى قامدايتتى. يۇنان ياكى شەرقىي رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ تەسىر كۈچىنىڭ ئاجىزلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئىتالىيەدىكى شەھەرلەر، بولۇپمۇ ۋېنىتسىيە، گېنۇيە شەرق سودىسىنىڭ كۆپ قىسمىنى قولغا كەلتۈردى، بۇ شەھەرلەر سودا يوللىرىنى قوغداپ دائىملىق سودىنى ساقلاپ قالدى.

13 ـ ئەسىردە، يەنى ياۋروپا بىلەن شەرقنىڭ بىۋاستە دېڭىز قاتنىشى بارلىققا كېلىشتىن ئىككى ئەسىر بۇرۇنقى چاغلاردا ئىتالىيەلىك سودىگەرلەر (مەشھۇر ماركو پولومۇ شۇنىڭ ئىچىدە) جۇڭگو ۋە ھىندىستانغا بارغان ھەم شەرقتىكى ئەللەرنىڭ باياشات ئەھۋالىنى ياۋروپالىقلارغا يەتكۈزگەنىدى. شۇ چاغدا ئىتالىيەلىك بىر ئېپىسكوپ ۋە نۇرغۇنلىغان مىسسىيونېرلار جۇڭگودا ئولتۇراقلىشىپ قالغانىدى، مۇشۇنداق ئۇچرىشىشلار نەتىجىسىدە ياۋروپالىقلار شەرقنىڭ ھەشەمەتلىك بۇيۇملىرىغا ئالاھىدە ئېھتىياجلىق بولدى.

دەل مۇشۇ چاغدا تۈركلەر كونستانتىنوپولنى ئىشغال قىلىپ، ياۋروپا دۆلەتلىرى بىلەن ئاسىيا ئوتتۇرىسىدىكى سودا يىخلىرىنى نابۇت قىلىۋەتتى. تۈركلەر دەسلەپ ياۋروپا سودا كارۋانلىرىنىڭ ئۆز يەرلىرىدىن ئۆتۈشىگە رۇخسەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن زېمىن ئىشغال قىلىۋېلىش ۋەزىيىتى مۇقىملاشقاندىن كېيىن ياۋروپا بىلەن يىراق شەرق ئوتتۇرىسىدىكى بارلىق بىۋاستە قۇرۇقلۇق قاتنىشىنى توختاتتى. شۇنىڭ بىلەن ياۋروپالىقلار تۈركلەرنىڭ ۋاستىسى

بىلەن بۇ سودىنى داۋام قىلغان بولسىمۇ، بىراق ئۇزۇن ئۆتمەيلا بۇنداق قىلىشنىڭ ناھايىتى قىيىنلىقىنى ھېس قىلىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئاسىيادىن ياۋروپاغا كۆپلەپ توشۇلىدىغان تاۋارلار كېيىنچە ئازلاپ كەتتى، ھەتتا بەزىدە ئۈزۈلۈپمۇ قالدى.

شەرق سودىسىنىڭ مۇشۇنداق توساتتىنلا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى ياۋروپالىقلارغا بەكلا تەسىر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تەۋەككۈلچىلىك قىلىپ، ياۋروپا بىلەن ھىندىستان، جۇڭگو ئارىلىقىدا بىۋاسىتە قاتناش لىنىيەسى ئاچىدىغان يېڭى ئۇسۇل ئىزدەشكە كىرىشتى، لېكىن ئەينى چاغدا تۈركلەر بارلىق شەرققە قاتناش يوللىرىنى كونترول قىلىۋالغان بولۇپ، ئاسانلىقچە ئۆتكىلى بولمايتتى، شۇڭا پەقەت دېڭىزدىنلا يېڭى يول ئىزدەشكە توغرا كېلەتتى. دېڭىزدىكى يېڭى يولنىڭ ماگېللى بولىدىغان ئىككى لىنىيەسى بار ئىدى، ئەمما بۇنىڭدىن باشقا ئۈچىنچى لىنيەمۇ بار بولۇپ، بۇ بىمەنىرەك دەپ قارالغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنى كېيىن كولومبو تاسادىپىي تاپتى.

ياۋروپالىقلار ئەسلىدە جۇڭگو ۋە ھىندىستاننىڭ چوڭ دېڭىز بىلەن تۇتىشىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇلار چۇشىدىمۇ بېرىشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئۇ يەرلەرگە ياۋروپانىڭ شىمالىي قىرغىقىدىن شەرققە قاراپ ياكى ئافرىقىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىن ئايلىنىپ شەرققە قاراپ ماڭسا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ، دەپ قارايتتى. مانا بۇ ماگېللى بولىدىغان ئىككى لىنيە ئىدى.

ئەينى چاغدا شىمالىي لىنيەنى ئېچىپ، شىمالىي دېڭىز ئارقىلىق جۇڭگوغا بېرىشقا ئۇرۇنغانلار ئاساسەن ئەنگلىيەلىكلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئۇرۇنۇشى ھاۋانىڭ توسقۇنلۇقى تۈپەيلىدىن بەربات بولدى. بۇ نىيەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەنگلىيەلىكلەر يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن رۇسىيە ئىمپېرىيەسى بىلەن بىۋاسىتە ئۇچرىشىشقا باشلىدى. ئەنگلىيە ئايال پادىشاھى ئېلىزابىت رۇسىيە ئىمپېراتورى ئىۋاننىڭ ئوردىسىغا ئەلچى

ئەۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن بىر مەھەل ئەنگلىيە بىلەن رۇسىيە ئوتتۇرىسىدا ئىتتىپاق تۈزۈش ۋەزىيىتى شەكىللەندى.

جەنۇبىي ئافرىقىدىن ئايلىنىپ مېڭىش ئارقىلىق ياۋروپا بىلەن شەرقنىڭ بىۋاسىتە قاتنىشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پورتۇگالىيەلىكلەر باشچىلىق قىلدى، ۋاسكودا گامانىڭ ئۈمىد تۇمشۇقىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈشى كونىستانتىنوپول ئىشغال قىلىنىپ 45 يىلدىن كېيىنكى ئىش ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى 100 يىل ئىچىدە پورتۇگالىيەلىكلەر شەرق دېڭىزلىرىدا ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان تەسىرگە ئىگە بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئىران ۋە ھىندىستاننىڭ دېڭىز بويى رايونلىرى، مالاككا بوغۇزى ۋە جۇڭگونىڭ جەنۇبىدىكى دېڭىز بويى رايونلىرى ياۋروپانىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى، يەنە كېلىپ غەرب ـ شەرق قۇرۇقلۇق قاتنىشىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالغىنىغا ئۇزۇن بولغاچقا، ياۋروپا ـ ئاسىيا ئوتتۇرىسىدىكى سودا تېخىمۇ كۈچەيدى. پورتۇگالىيەنىڭ شەرقتىكى سودىسى ئاجىزلاشقاندا، ئۇنىڭ ئورنىغا گوللاندىيە چىقىپ، شەرق ـ غەربنىڭ سودا ۋە سىياسىي مۇناسىۋەتلىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. گوللاندىيەنىڭ سودىسى ئاجىزلاشقاندا، فىرانسىيە ۋە ئەنگلىيە ئۇنىڭ ئورنىغا دەسسىدى.

ياۋروپالىقلارنىڭ ئاسىيادىكى زومىگەرلىك ھوقۇقىنىڭ تۇرغۇزۇلۇشىنى ئەلۋەتتە دېڭىز قاتنىشى ئاتا قىلغانىدى. ئادەمنى تېخىمۇ قىزىقتۇرىدىغىنى شۇكى، ئاسىياغا بارىدىغان تۈز يول ئىزدەش ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ بايقىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، بىز كولومبونىڭ سەپەرگە ئاتلىنىش مەقسىتىنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئۇچۇنلا ئەمەسلىكىنى ئۇنتۇماسلىقىمىز لازىم. ئۇنىڭ مەقسىتى پەقەت غەربتىن يولغا چىقىپ شەرققە يېتىپ بېرىش ياكى بارالماسلىقنى تەكشۈرۈش ئىدى. ئۇ ئېلىۋالغان خەت ـ ئالاقىلەر جۇڭگو پادىشاھىغا تەقدىم قىلىنىدىغان بولۇپ، ئۇ بايقىغان ھەرقانداق يەردىكى ھەرقانداق ھۆكۈمدارغا بېرىدىغان نەرسە ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ناھايىتى خۇشال ھالدا كۆز يۇمۇشى

يېڭى قۇرۇقلۇقنى بايقىغانلىقىدىن بولماستىن، ئۆزىنىڭ ھىندىستانغا يېقىن ئارالغا يېتىپ بارغانلىقىغا ئىشەنگەنلىكىدىن ئىدى.

شۇڭلاشقا، ئامېرىكىنىڭ بايقىلىشى ۋە ئېچىلىشى شەرققە بارىدىغان دېڭىز يولىنى تېپىپ، ئۇنى تۈركلەر تاقىۋەتكەن سودا يولىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشتىن كېلىپ چىققانىدى. بۇ ھەرىكەت كولومبو بىلەنلا ئاخىرلاشمىدى. 1497 ـ يىلى ئىتالىيەلىك جون كابوت ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ ياللىشى بىلەن ئەنگلىيەدىن غەربكە قاراپ يۈرۈپ ياپونىيەنى تاپماقچى بولدى. كاپىتان جون سىمىتمۇ لوندون سودىگەرلەر ئېكسپېدىتسىيە شىركىتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن چىكوخومنىي دەرياسىنى بويلاپ يۈرۈپ جەنۇبىي دېڭىزنى تاپماقچى بولدى. بىر قانچە يىلدىن كېيىن سىر مارتىن فروبىشىرمۇ لوندون شەرق شىركىتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن گىرېنلاندىيە ۋە چوڭ قۇرۇقلۇق ئارىسىدىكى غەربىي شىمالىي دېڭىز يولىنى ئىزدىمەكچى بولدى. ھېندىرىك ھۇدزونمۇ گوللاندىيە شەرقىي ھىندىستان شىركىتىگە ۋاكالىتەن داڭلىق «ھىلال ئاي» ناملىق پاراخوتقا ئولتۇرۇپ، ئالبان ساھىلىنى بويلاپ ئىلگىرىلەپ، پالى سادىستىن ئۆتۈپ جۇڭگوغا بارماقچى بولدى.

## (4)

يۇقىرىدا بايان قىلغانلىرىمىز پەقەت مەركىزىي ئاسىيانىڭ ئۆتمۈشتىكى ئورنىدۇر، بىراق ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئېگىزلىكلىرى ۋە جىلغىلىرى ھەم بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان خەلقلەرگە بۈگۈنكى كۈندىمۇ خەلقئارا مۇناسىۋەتنى تەتقىق قىلىدىغان بارلىق تەتقىقاتچىلار چوڭقۇر ئەھمىيەت بەرمەي تۇرالمايدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، مەركىزىي ئاسىيانىڭ ئورنى پۈتكۈل تارىخىي دەۋرلەردە دۇنيا ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم رول

ئوينىغان. ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى تەتقىقاتىغا ئىلگىرى سەل قارالغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ ئىنتايىن مۇھىم ۋە قىممەتلىكتۇر.

كىتابىمىزدا ئەمدى قەدىمكى سىكتىئان ۋە ھۇن ئىمپېرىيەسىنىڭ گۈللىنىش ۋە زاۋاللىققا يۈز تۇتۇش تارىخى بايان قىلىنىدۇ. بۇ كېيىنكى دەۋرلەردە ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ھەممە تەسىر كۆچى پۈتۈن ئاسىياغا ۋە ياۋروپانىڭ يېرىمىغا يەتكەن ئىمپېرىيەلەرنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇقەددىمە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

# 1 ـ بۆلۇم

## ئارىيانلارنىڭ سەركىلىرى

### 1 ـ باب ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەڭ قەدىمكى ئاھالىلىرى

ئوتتۇرا ئاسىيا ئىنسانىيەتنىڭ بۆشۈكى دېگەن تەلىمات — مەركىزىي ئاسىيانىڭ قەدىمكى «كۆلالچىلىرى» — ئاناۋنىڭ قېزىلىشى — غەربىي جەنۇبىي رۇسىيەدىكى تىرىپولىي مەدەنىيىتى — جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىدىكى قەدىمكى مەدەنىيەت — بۇ قەدىمكى مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنىڭ ئېھتىماللىقى — شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەرنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى — ئۇلارنىڭ ئىرقى، تىلى ۋە مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى — شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ مەركىزىي ئاسىيادىن سىرتقا كېڭىيىشى — ئۇلارنىڭ شىمالىي ھىندىستان ۋە پېرسىيەنى بويسۇندۇرۇشى

مەركىزىي ئاسىيانىڭ قەدىمكى تارىخىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىدىن بىز ھازىرغىچە تولۇق خەۋەردار ئەمەسمىز. كۆپلىگەن ئالىملار بۇ رايوننى ئىنسانىيەتنىڭ بۆشۈكى دەپ قارىسىمۇ، بىزدە ھازىرغىچە بۇ ھەقتىكى دەلىللەر يوق دېيەرلىك. ئىنسانىيەت قەيەردە ئاپىرىدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ناھايىتى ئېنىق بولغان بىر نۇقتا بار، ئۇ بولسىمۇ مەركىزىي ئاسىيا رايونى ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىلا ئىنسانلار ئولتۇراقلاشقان رايون بولۇپلا قالماستىن، بۇ رايوندا ئولتۇراقلاشقان خەلقلەر يۇقىرى مەدەنىيەتكە ئىگە ئىدى ①.

مەركىزىي ئاسىيانىڭ سەل كېيىنكى دەۋرلەردىكى تارىخى كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان. بىراق، يېقىنقى يىللاردىن بېرى بايقالغان ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللارنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئېرىشكەن خۇلاسىمىز شۇكى، مەركىزىي ئاسىيانىڭ كۆپ قىسىم يەرلىرى قەدىمكى مەلۇم بىر مەزگىلدە مەلۇم بىر خەلق (بۇلار روشەنكى ئوخشاش بولمىغان ئىرق ۋە تىلدىكى خەلقلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان، بىز بۇ بىر تۈركۈم خەلقلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ «كۇلالچىلار» دەپ ئاتايمىز. ئۇلارنىڭ خاراكتېرى كۆپ ھاللاردا تىنچلىققا مايىل بولۇپ، دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلغانىدى.

مەركىزىي ئاسىيا ئارخېئولوگىيەسى ھازىر تېخى دەسلەپكى مەزگىلدە تۇرغان بولغاچقا، بىزنىڭ «كۇلالچىلار» نىڭ مەدەنىيەت دائىرىسى ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋاقتىغا نىسبەتەن مەلۇماتىمىز يوق دېيەرلىك، بىراق ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىدىكى ئاناۋ كەنتىدىكى پومپېلىي رىياسەتچىلىك قىلغان قېزىش خىزمىتى مەركىزىي ئاسىيادىكى قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ بىر قىسىم ئۆرپ ـ ئادىتىنى ئېنىق شەرھلەپ بېرەلەيدۇ.

بۇ يەردىكى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش خىزمىتىدىن ئاناۋدىكى قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانماي، يېزا ـ قىشلاقلاردا خىش ـ كېسەكلىك ئۆيلەردە ئولتۇراقلاشقانلىقىنى بىلەلەيمىز. ئەينى ۋاقىتتا ئاناۋلىقلارنىڭ تۇرمۇشىدا دېھقانچىلىق ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن، تېرىلىدىغان ئاساسلىق زىرائەت ئارپا ۋە بۇغداي ئىدى. ئۇلار ئىستېمال قىلىدىغان گۆشلەر پۈتۈنلەي دېگۈدەك يېقىن ئەتراپتىكى ھايۋانلارنى ئوۋلاش ئارقىلىق كېلەتتى، ئۇلارنىڭ ھايۋانلارنى قانداق ئوۋلىغانلىقى يەنىلا بىر سىر، چۈنكى ھازىرغىچە بۇ يەردىن نەيزە ياكى ئوق باشقى تېپىلغىنى يوق.

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ

جەنۇبىدىكى قەدىمكى ئاھالىلەر ئۇزۇن مەزگىللەرگىچە ئۆي ھايۋانلىرىنى بېقىشنى بىلمىگەن، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىتىمۇ يوق ئىدى. ئۇلار ئاناۋدا ئولتۇراقلىشىپ بىرقانچە ئەسىردىن كېيىن ئاندىن ئىت، ئات، كالا، چوشقا قاتارلىقلارنى بېقىشنى بىلگەن.

ئاناۋدا ئەڭ بۇرۇن ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەر ئىشلەتكەن قوراللار تاشتىن ياسالغان قوراللارنى ئاساس قىلىسىمۇ، بىراق ئۇلار يەنە تۇچنى ئىشلىتىشنى بىلگەن. ئاناۋ مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ زور ئالاھىدىلىكى ساپال بۇيۇملاردۇر، ئەينى ۋاقىتتا بۇ ئىپتىدائىي خەلقلەر ساپال بۇيۇم ياساش ئەسۋابىنى ئىشلىتىشنى بىلمىسىمۇ، ئۇلار ياسىغان ساپال بۇيۇملارنىڭ شەكلى ناھايىتى چىرايلىق ۋە كۆركەم، ئۇستىگە گېئومېترىيەلىك شەكىللەر سىزىلغان بولۇپ، ئاجايىپ ئۇستىلىق ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.

پومپېلىي ئەپەندى ئاناۋ مەدەنىيىتىنىڭ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 8000 ـ يىللاردا باشلانغانلىقىغا ئىشىنىدۇ، بۇ قاراش بەكلا ئاشۇرۇۋېتىلگەن بولۇشى مۇمكىن. كۆپ قىسىم ئالىملار ئاناۋدا مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 4000 ـ يىللاردا ئادەملەر ئولتۇراقلاشقان دەپ قارىشىدۇ، بۇنداق بولغاندا، بۇ مىسىر ۋە مېسوپوتامىيە مەدەنىيىتىنىڭ باشلانغان ۋاقتى بىلەن ئوخشاش بولغان بولىدۇ ②.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىدىكى قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا ھېچنەرسە بىلمەيمىز. ئۇلارنىڭ ئىرقى توغرىسىدا ئىگىلىگەن ماتېرىياللىرىمىزمۇ ناھايىتى ئاز، بىراق بىر نۇقتا مۇھىمكى، ئۇزۇندىن بېرى مەركىزىي ئاسىيا رايونى موڭغۇل ئىرقىنىڭ ئانا يۇرتى دەپ قارىلىپ كەلمەكتە. ئەمما ئاناۋدىن قېزىۋېلىنغان ئىنسانلارنىڭ قالدۇق سۆڭەكلىرى ئەينى ۋاقىتتا بۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ كاۋكاز ئىرقى ياكى ئاق ئىرققا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ئوتتۇرا دېڭىز ئىرقى بىلەن زىچ ئالاقىسى بار — ئوتتۇرا دېڭىز ئىرقى بۈگۈنكى كۈندىمۇ جەنۇبىي ياۋروپادا زور ئۇستۇنلۈككە ئىگە ③.

مۇبادا ئاناۋ مەدەنىيىتىنى غەربىي جەنۇبىي رۇسىيە ھەمدە شىمالىي رۇمىنىيەدە بارلىققا كەلگەن تىرىپولىي مەدەنىيىتى بىلەن سېلىشتۇرىدىغان بولساق ناھايىتى قىزىقارلىق ئىش يۈز بېرىدۇ. غەربىي جەنۇبىي رۇسىيە بىلەن شىمالىي رۇمىنىيەدىكى قەدىمكى ئاھالىلەر ئاناۋلىقلارغا ئوخشاشلا تۇرمۇشتا دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلغان، ئۇلارمۇ ناھايىتى نەپىس ساپال بۇيۇملارنى ياسىغان. بۇ پەقەت نۇرغۇن مىساللار ئىچىدىكى ئىككى نۇقتىدۇر. بۇلاردىن بىز تىرىپولىي مەدەنىيىتىنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ ئادەتتە شەرق، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمىز ④.

ئوخشاشلا مۇھىم بولغان پاكىت شۇكى، يېقىنقى يىللاردا جۇڭگونىڭ شىمالىي ۋە غەربىي شىمالىي قىسمىدىنمۇ كۆپلىگەن ساپال بۇيۇملار بايقالدى. بۇ ساپال بۇيۇملار ئاناۋ ۋە تىرىپولىيدىكىسى بىلەن ئوخشاپ قالىدۇ. بولۇپمۇ كېيىنكىسى بىلەن بەكلا ئوخشىشىدۇ. شۇڭلاشقا نۇرغۇنلىغان ئالىملار جۇڭگودىكى بۇ قەدىمكى ساپال بۇيۇملار ياسىلىش ئۇسلۇبى جەھەتتە غەرب تەرەپنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، دەپ قارايدۇ ⑤.

بۇ قاراشتىن باشقا، يەنە يىراق قەدىمكى زاماندىكى جۇڭگو يېزا ئىگىلىك جەمئىيىتىگە قاراپ تەرەققىي قىلىپ، بۇغداي، تېرىق، ئارپا تېرىشنى ئاساس قىلغان (بۇ ئۈچ خىل زىرائەت ئەڭ بۇرۇن يېقىن شەرقتە تېرىلغانىدى). شۇڭلاشقا «جۇڭگولۇقلار گەرچە جۇڭگو تۇپرىقىدا ئاپىرىدە بولغان بولسىمۇ، بىراق قەدىمكى جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى تەرەققىياتى مەركىزىي ئاسىيا بىلەن ئۇچراشقانلىقىنىڭ نەتىجىسى» دېگەن قاراش بۇ پىكىرنىڭ سالمىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ ⑥.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچى «كۇلالچىلار» نىڭ ئەكسىچە، شەرقىي جەنۇبىي رۇسىيە ھەم ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق مەدەنىيىتى ياكى يېرىم كۆچمەن چارۋىچىلىق مەدەنىيىتى باش كۆتۈرگەن ⑦.

بۇ كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەر كېيىنچە تارىختا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا كۆپ نەرسىلەرنى بىلىشكە ئامالسىزمىز. ئۇلار زادى بۇ رايوننىڭ يەرلىك ئاھالىسىمۇ ياكى باشقا جايلاردىن كۆچۈپ كەلگەنمۇ؟ ھازىرچە بۇنىڭغا ئېنىق بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ، بىراق قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3000 ـ يىللاردا بۇ رايوندا ياشىغان [8]. بىز شەرقىي جەنۇبىي رۇسىيەنىڭ ھەرقايسى رايونلىرىغا تارقالغان «گىل توپىلىق قەبرىلەر» نى تەتقىق قىلىساق، بۇ كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەرنىڭ ھاياتىنىڭ بىر قىسمى توغرىسىدا مۇئەييەن ئۇچۇرغا ئىگە بولىمىز [9].

بۇ قەدىمكى قەبرىلەردىن نۇرغۇنلىغان ئۇستىخانلار تېپىلغان. بۇ ئۇستىخانلارنىڭ «شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچى خەلق» لەرگە تەۋە ئىكەنلىكى ئېنىق بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئېگىز بوي ھەم سوقىباش كەلگەن. ئۇلارنىڭ كۆزىنىڭ ۋە چېچىنىڭ رەڭگى توغرىسىدا بىرنەرسە بىلمىسەكمۇ، ئۇلارنىڭ يوغان ئۇستىخانلىرى بۈگۈنكى شىمالىي ياۋروپا خەلقلىرى بىلەن ئوخشاپ قالىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى «نوردىك» تىپىغا تەۋە دەپ كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇ. بىراق، بۇ يەردە شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، دۇنيادا ھېچقانداق ساپ ئىرق مەۋجۇت ئەمەس. شىمالدىكى بۇ كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەر ناھايىتى قەدىمكى ۋاقىتلاردا يېقىن قوشنا خەلقلەر بىلەن تويلاشقان بولۇشى مۇمكىن، بۇ قوشنا خەلقلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئاق ئىرققا تەۋە ئىدى، مەسىلەن، ئۇلار بۇغداي ئۆڭ، سوقا باشلىق ئوتتۇرا دېڭىز تىپىغا تېخىمۇ يېقىن ئىدى [10].

شىمالدىكى بۇ كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەرنىڭ يېزىقى ۋە يازما خاتىرىسى يوقلۇقىنى سۆزلەپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز بولغاچقا، ئۇلارنىڭ تىلىنىڭ قانداقلىقىنى بىۋاسىتە ئىسپاتلاردىن پەرەز قىلالمايمىز، بىراق كۆپلىگەن ئالىملار ۋاستىلىك

ماتېرىياللارنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئۇلار ئارىيان ياكى ھىندى ـ ياۋروپا تىلىدا سۆزلىشەتتى دەپ قارىشىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار ئىشلەتكەن تىل ياۋروپانىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرىدىكى تىللار، مەسىلەن، گىرېك تىلى، لاتىن تىلى، گېرمان تىلى ھەمدە كىلىت تىلى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى .[11]

بەزى ئالىملار [12] ھىندى ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسىغا تەۋە ھەر خىل خەلقلەر شىمالىي ياۋروپادىن كېلىپ چىققان، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇ كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەر بالتىق دېڭىز بويلىرىدىن شەرققە كۆچۈپ كەلگەن دەپ ئىشىنىدۇ[13]. باشقا كۆپلىگەن ئالىملار ھىندى ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ جەنۇبىي رۇسىيە ھەم ئوتتۇرا ئاسىيادا پەيدا بولغانلىقىنى تەشەببۇس قىلىپلا قالماي، بۇگۈنكى غەربىي ياۋروپالىقلارنىڭ تىلى ۋە قەدىمكى مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ قىسمىنىڭمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىن غەربكە كۆچكەن ھەر خىل خەلقلەردىن كەلگەنلىكىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇ چوڭ مەسىلىگە قارىتا ھازىر تېخى ئېنىق ھۆكۈم قىلالمايمىز، لېكىن شۇنداق بولسىمۇ بىز ھېچبولمىغاندا مۇنداق دېيەلەيمىز: نۆۋەتتە ھەرقايسى جەھەتلەردىكى قاراش ۋە پاكىتلار ھىندى ـ ياۋروپا تىللىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىن كېلىپ چىققان دېگەن قاراشنى ياقىلايدۇ [14].

بىز يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شىمالدىكى بۇ قەدىمكى كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىنى تەتقىق قىلماقچى بولساق، ئۇچرايدىغان قىيىنچىلىقلار تېخىمۇ كۆپتۇر. تارىخىي ماتېرىياللار تولۇق بولمىغاچقا، پەقەت ئاز ساندىكى ئارخېئولوگىيەلىك ئىسپات ۋە سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقتا قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرگە تايىنىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ [15].

مۇشۇ ماتېرىياللارغا ئاساسەن ھۆكۈم قىلساق، بۇ كۆچمەن

چارۋىچى خەلقلەرنىڭ نۇرغۇن جەھەتتە بىرقەدەر بۇرۇنقى «كۆلالچىلار» بىلەن ئانچە پەرقى يوقلۇقىنى بايقايمىز. بۇ چارۋىچى خەلقلەر «كۆلالچىلار»غا ئوخشاش دېھقانچىلىقتىن خەۋەردار بولغان، «كۆلالچىلار» غا ئوخشاش ھەر خىل تاش قوراللارنى ئىشلىتىشنى بىلگەن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تۈچ ۋە بىرونزا بۇيۇملارنى ئىشلىتىشنىمۇ بىلىۋالغان، تۆمۈر بولسا بىرقەدەر كېيىنرەك ئىشلىتىلگەن. بۇ كۆچمەن چارۋىچىلارمۇ ساپال بۇيۇملارنى ياسىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ساپال بۇيۇملىرىدىكى نەقىشلەر «كۆلالچىلار»نىڭ ناھايىتى نەپىس بولغان ساپال بۇيۇملىرىدىكىگە قارىغاندا پەرقلىق ئىدى. بىراق، ئۇلارنىڭ «كۆلالچىلار»غا ئوخشىمايدىغان بىر تەرىپى بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ «كۆلالچىلار» بىخارامان ئولتۇراق تۇرمۇش كەچۈرگەن بولسا، شىمالدىكى بۇ كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەرئۆز نامىغا يارىشا ئۇياقتىن - بۇياققا توختىماي كۆچۈپ تۇرغان، نەتىجىدە ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ھايۋانلارنى بېقىشقا تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرگەن ۋە ئۇلارنى ئوزۇق ھەم قاتناش قورالى قىلغان.

شىمالدىكى بۇ كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ ئات بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولغانلىقى بىزنىڭ ئەڭ دىققەت قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. ناھايىتى بۇرۇنقى دەۋرلەردىلا ئاتنىڭ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغانلىقى مەلۇم، قەدىمكى ئاناۋ، تىرىپولىيى ۋە جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالدىكى «كۆلالچىلار» ئاتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇلارغا نىسبەتەن ئات ئانچە مۇھىم ئورۇندا تۇرمىغان. ھالبۇكى، شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەر ئارىسىدا ئات ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرغان. بۇ چارۋىچى خەلقلەر ھەرقايسى جايلارغا تارقالغاندا ئات ۋە ئاتقا مىنىش تېخنىكىسىنى ئۆزلىرى بىللە ئېلىپ بارغان [16].

ئەمدى بۇ كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەرنىڭ قانداق سەۋەب بىلەن قاچاندىن باشلاپ سىرتقا تارقالغانلىقى توغرىسىدىكى مەسىلىنى

يەنىمۇ مۇھاكىمە قىلىپ ئۆتەيلى. بۇنىڭغا ھۆكۈم قىلىدىغان ماتېرىياللار ئاز بولسىمۇ، بىراق ئومۇمىي پىكىر شۇكى، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2000 ـ يىللاردا ھاۋارايى ئۆزگىرىشى تۈپەيلىدىن مىللەتلەرنىڭ بىر قېتىملىق چوڭ كۆچۈش ھەرىكىتى بولغان. تەخمىنەن مۇشۇ ۋاقىتلاردا مەركىزىي ئاسىيادىكى ئارىيان ئاھالىلىرى قوشنا جايلارغا بېسىم ئىشلىتىشكە باشلىغان. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەينى ۋاقىتتىكى بۇ سىرتقا قاراپ كېڭىيىش ئاستاراق بولغان بولۇپ، مىڭ يىللاردىن كېيىن، يەنى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1000 ـ يىللاردا بۇ كۆچمەنلەرنىڭ پائالىيىتى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەن.

مەركىزىي ئاسىيادىن سىرتقا كۆچكەن كۆچمەنلەرنىڭ ئاستا ھەم ئۈزۈلمەي داۋام قىلغان ھەرىكىتى كۆپ تەرەپتىن ئىلىپ بېرىلغان. كۆچمەنلەر ھەرىكىتىنىڭ تەسىرىگە ئەڭ ئاز ئۇچرىغىنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىدىكى رايونلار بولۇپ، بۇ بەلكىم سىبىرىيە ۋە شىمالىي رۇسىيەدىكى بۆك ـ باراقسان ئورمانلارنىڭ توسقۇنلۇقىدىن بولغان بولۇشى مۇمكىن. بىر قىسىم كۆچمەنلەر شەرققە قاراپ كۆچكەن، شۇڭا بىر قەدەر كېيىنكى چاغلاردا ئارىيانلار شىنجاڭدا كۆرۈلۈشكە باشلاپ، تاكى جۇڭگو چېگراسىغىچە يېتىپ بارغان. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇ قەدىمكى ئارىيان ئاھالىلىرى يەنە رۇسىيەنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى يايلاقنى بويلاپ غەربكە كۆچكەن. جۇغراپىيەۋى نۇقتىدىن ئىلىپ ئېيتقاندا، جەنۇبىي رۇسىيە يايلىقى كەڭ مەركىزىي ئاسىيا يايلىقىنىڭ بىر قىسمى ئىدى، خالاس. بىراق بۇ شەرققە ۋە غەربكە كېڭىيىش توغرىسىدا بىزدە تارىخىي ماتېرىياللار بەكلا ئاز ⑰.

بۇنىڭغا كۆپ جەھەتتىن ئوخشىمايدىغىنى جەنۇبقا كۆچكەن كۆچمەنلەر ھەرىكىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىز بۇ جەنۇبقا كۆچۈشنىڭ تارىخىي ئىزنالىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى بىلمىسەكمۇ،

ھېچبولمىغاندا ئۇنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى بىلىمىز. نۇرغۇنلىغان ئارىيان قەبىلىلىرى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2000 ـ يىللاردا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىدىن جەنۇبقا قاراپ كۆچۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىي قىسمىنى ئىگىلىگەن. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىدا ئولتۇراقلاشقان بۇرۇنقى ئاھالىلەرنىڭ كۆپ قىسمى بۇ يېڭى تاجاۋۇزچىلار تەرىپىدىن قوشۇۋېلىنغان ياكى يوقىتىلغان، بىراق ئاز بىر قىسمى يەنىلا ئۇزۇن مەزگىللەرگىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، ئارىيانلاردىن ئىبارەت يېڭى ھۆكۈمرانلارنىڭ بېقىندىسى بولۇپ قالغان. مەلۇم بولغان بارلىق ئەمەلىي پاكىتقا ئاساسلىنىپ، ئەينى چاغدىكى ئارىيانلارنىڭ ھاكىمىيەت مەركىزىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىدىكى باكتىرىيە دېگەن يەردە، يەنى ھىندىقۇش تاغ تىزمىسىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ ⑱.

بويسۇندۇرغۇچىلارغا ئايلانغان بۇ ئارىيانلارنىڭ ياكى ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىنى بايقىشى ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىغاچقا، ئۇلار داۋاملىق جەنۇبقا قاراپ كۆچكەن. ئۇلار ھىندىقۇش تاغ تىزمىسىدىن ئۆتۈپ ئىران ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي شىمالىي قىسمىغا يېتىپ كېلىپ، بۇ رايوننىڭ غوجىسىغا ئايلانغان.

ئەينى ۋاقىتلاردا بۇ قەدىمكى ئارىيانلارنىڭ ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشكەن سىياسىي تەشكىلى تېخى شەكىللىنىپ بولالمىغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە بۇ بويسۇندۇرغۇچىلار نۇرغۇنلىغان قەبىلىلەر ۋە كىچىك قەبىلىلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەن بولۇپ، ھەرقايسىسىنىڭ پۈتۈنلەي ئەركىن ھەرىكەت قىلىش ھوقۇقى بار ئىدى. بىر قىسىم كىچىكرەك قەبىلىلەر ناھايىتى قارام تەۋەككۇلچىلەر بولۇپ، ناھايىتى تېزلىكتە غەربكە قاراپ ئىلگىرىلەپ، يېقىن شەرقنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا نۇرغۇنلىغان مۇھىم خانلىقلارنى قۇرغان. ئۇلار بويسۇندۇرغۇچىلىق سالاھىيىتى بىلەن سانى ئانچە كۆپ بولمىغان ئاقسۆڭەكلەردىن

بولۇپ قالغان ياكى ئارىيان بولمىغان ھۆكۈمرانلارنىڭ يالانما قوشۇنى بولغان.

بۇ ئاز ساندىكى ئارىيانلارنىڭ بىز ئەڭ بۇرۇن ئۇچراتقان ئۇرغۇن «مەخسۇس ناملىرى» مېسوپوتامىيەدىكى قەدىمكى ئىمپېرىيەلەرنىڭ مىخ يېزىقىدا كۆرۈلىدۇ. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1900 ـ يىلىدىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1500 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا بىر تۈركۈم «بەدەۋى خەلقلەر» توساتتىنلا يېقىن شەرقتە پەيدا بولۇپ، ئەينى چاغدا بۇ يەردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئىمپېرىيەلەرنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۆزلىرى يېڭى خانلىقلارنى قۇرغان، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى نەچچە ئەسىرگىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان.

ئەينى چاغدا يېقىن شەرقتىكى ھەرقايسى جايلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان بەدەۋىلەرنىڭ بابىلوندىكى كاسسىتلارنى، ئېفرات دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مىتاننىلارنى ۋە سۈرىيەدە قۇرۇلغان نۇرغۇنلىغان كىچىك ئەللەرنى بويسۇندۇرۇش پىلانى بار ئىدى. تەتقىقات نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا، بۇ بەدەۋىلەر سۆزلىشىدىغان تىل بىلەن ئارىيانلارنىڭ تىلىنىڭ قىلچە مۇناسىۋىتى يوقلۇقى مەلۇم. بىراق، ئۇلارغا ئالاقىدار خاتىرىلەردىكى نۇرغۇنلىغان «مەخسۇس ناملار» دا روشەن ئارىيان تۈسى بار. شۇڭا بۇ مەخسۇس ناملارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىن ئالىملار ئەينى چاغدا بۇ يەرگە بېسىپ كىرگەن بارلىق بەدەۋىلەرنىڭ ئاز ساندىكى ئارىيان يولباشچىلار تەشكىللىگەن سىياسىي گەۋدە ئىكەنلىكىگە ھەم ئۇلارنىڭ بۇ ئاز ساندىكى ئارىيان يولباشچىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغانلىقىغا ئىشەندى. بۇ ئارىيان يولباشچىلارنىڭ شەرقتىن كەلگەنلىكى مۇقەررەر بولۇپ، بۇنىڭدىن ئەينى چاغلاردىكى ئارىيانلارنىڭ ناھايىتى بۇرۇنلا ئىران ئېگىزلىكىنى ئىگىلىگەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ [19].

بىراق، بىز شۇنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەككى، يېقىن

شەرققە بېسىپ كىرگەن بۇ ئارىيان تەۋەككۇلچىلىرى غىل ـ پال كۆرۈنۈپلا غايىب بولغان. ئۇلار بىر مەھەل مېسوپوتامىيە ۋە سۈرىيەنىڭ غوجىسى بولغان بولسىمۇ، بىراق ئۆزلىرىنىڭ ئىرق ۋە تىل ئالاھىدىلىكىنى بۇ يەرگە ئېلىپ كېلەلمىگەن. ئەمەلىيەتتە بۇ ئارىيان تەۋەككۇلچىلىرى تۆت ئەتراپتىكى خەلقلەرگە قوشۇلۇپ كەتكەن. ئوتتۇرا شەرق رايونىنىڭ مەڭگۈلۈك ئارىيانلىشىشى بۇ تەۋەككۇلچىلەرنىڭ تۆھپىسى بولماستىن، بەلكى ئاساسىي گەۋدە بولغان ھەر قايسى ئارىيان قەبىلىلىرىنىڭ تۆھپىسى ئىدى — ئۇلار ئەڭ دەسلەپ ئىراننىڭ شەرقىي قىسمىدا تۇرۇپ قالغان، ئەمما كېيىن ئاستا ـ ئاستا يېقىن قوشنا رايونلارغا تاجاۋۇز قىلغان [20].

بۇ قەبىلىلەرنىڭ بىر تارمىقى ئىلگىرىكى تەۋەككۇلچىلەرنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئاستا ـ ئاستا غەرب ۋە غەربىي جەنۇبقا قاراپ ئىلگىرىلىگەن ھەم ئەڭ ئاخىر ئىران ئېگىزلىكىدىكى ھەممە جايلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان. ئۇلار بۇ رايوندا ئەسلىدە بار بولغان بارلىق خەلقلەرنى قوغلىۋەتكەندىن كېيىن، سامىلار بىلەن قوشنا بولۇپ قالغان — سامىلار ئەينى چاغدا مېسوپوتامىيە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسى ئىدى. ئۇ چاغدا كۆپ ساندىكى سامىلار ئاسسۇرىيە ئىمپېرىيەسىگە ئىتائەت قىلغان، بىز ئاسسۇرىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ خاتىرىلىرىدىن ئەڭ بۇرۇن مىدىيەلىكلەر ۋە پارسلارغا ئائىت مەلۇماتلارنى بايقىدۇق. بۇ ئىككى خەلق ئارىيانلارغا تەۋە بولۇپ، كېيىنكى چاغلاردا شەرقتە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بۈيۈك ئىمپېرىيەلەرنى قۇرۇپ چىققان. بۇ ئىككى مىللەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەڭ بۇرۇنقى خاتىرىلەر مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 836 ـ يىلىغا ئائىتتۇر. بۇلاردىن بىز ئىران ئېگىزلىكىدىكى كۆپ قىسىم رايونلارنىڭ ھېچبولمىغاندا، خېلى بۇرۇنقى دەۋرلەردىلا ئارىيانلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز [21].

باشقا بىر تۈركۈم ئارىيانلار غەربكە كۆچمەستىن ئاستا ـ

ئاستا شەرق ۋە شەرقىي جەنۇبقا قاراپ ئىلگىرىلىگەن ۋە پۈتۈن شىمالىي ھىندىستاننى بويسۇندۇرۇپ، بۇ يەردە ئەزەلدىن بار بولغان قارامتۇل ئۆڭلۈك دىراۋىدلارنى قوغلاپ چىقارغان ياكى قوشۇۋالغان. دەسلەپتە بۇ ئارىيان باسمىچىلىرىنىڭ پائالىيىتى پەقەت غەربىي شىمالىي ھىندىستاندىكى ھىندى دەرياسى ۋادىسى بىلەنلا چەكلەنگەن بولسا، ئاخىرىدا ئۇلار يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تېخىمۇ شەرقتىكى گانگ دەرياسى ۋادىسى ۋە ھىندىستان يېرىم ئارىلىدىكى دېكان رايونىدىكى زور بىر قىسىم جايلارنى كونترول قىلغان. ئارىيانلارنىڭ ھىندىستانغا بېسىپ كىرگەن ۋاقتى توغرىسىدا بىز ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە بولمىساقمۇ، لېكىن بۇنىڭ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1000 ـ يىللاردىكى ئىش ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمىز㉒.

### ئىزاھات:

① ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىنسانىيەت بۆشۈكى ئىكەنلىكى ھەققىدىكى قاراشلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

E. von Eickstedt, Rassenkunde und Rassengeshichte der Menscheit ,pp,100ff.

② ئاناۋدىكى ئارخېئولوگىيەلىك بايقاش ھەققىدىكى ماتېرىياللارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

R. pumpelly,Exlorations in Turkestan.

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 4000 ـ يىللار ھەققىدىكى قاراشنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

H. peak, and H. j. fleure,peasants and and potters p. 115; H. R. H. hall, “art of Early Egypt and Babylon”, Cambridge Anceint History,1,579; von Eickstedt,op,cit. p,258.

③ ئاناۋلىقلارنىڭ ئىرقىي تەركىبى ھەققىدىكى قاراشلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Sergi in pumpelly, op,cit, p. 446; G. e. smith, Human History, p. 132.

ئاناۋنىڭ ماددىي مەدەنىيىتى ھەققىدىكى قاراشلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Schmidt in pumpelly, op, cit,pp . 124ff .

ئاناۋلىقلارنىڭ ئۆي ھايۋانلىرى ھەققىدىكى قاراشنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Duerst in pumpelly,op . cit .,pp . 341ff .

④ تىرىپولىي مەدەنىيىتى ھەققىدىكى قاراشلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

H . Schmidt, "Ausgrabugen in Kukuteni" Zeitschrift Fur Ethologie, vol,43 (1911),V . G . Chidbe,Dawnof Euroeam civilization,pp . 152ff .

تىرىپولىي مەدەنىيىتى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى قاراشلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

H . Peake and H,J . Ffleure, Priests and Kings, p . 168; J . L . myres, "Ethnologyand Primitive Culture of the Nearer East" , in Eyre,European Civiliztion, 1,119 .

⑤ جۇڭگودىكى ئارخېئولوگىيەلىك بايقاش ھەققىدىكى ماتېرىياللارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

J . G . Andersson, "An Early Chinse Culture" , lletin Of the Geological Survey of china, no . 5 .(1923); idem, "Pre–liminary Report on the Archaeological Resources" , emorandum of the Geological SurveY of china, 1925; idem, Children of the Yellow Earth .

جۇڭگو ساپاللىرى بىلەن غەربنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى قاراشنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

T . J . Anne "Painted Stone Age Pottery from the Province of Honan" , Pleontologica Sinica,1925; H . Schmidt, "pre–historyisches aus ostasien" , Zeitschrift Fur Ethnologie, 1924; o . Franke, Gschichte des Chinesischen Reiches,1,144ff .

⑥ ھەر قايسى كۆلچىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ھەققىدىكى قاراشلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

V . G . Childe, The Aryans,pp,103ff ; Myres, "Ethnology and primitive culture of the Nearer East" , Eyre,Eutopean Civilization Reiches,1,177 ff .

⑦ شىمالدىكى كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ ئالاقە ئەھۋالى ھەققىدىكى ماتېرىياللارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

H . peake and H . J . Fleure,Steppe and Sown,pp . 20ff; J.H. Breasted ,Anceint Times,pp . 171 ff .

كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ كۇلالچىلارغا ۋارىسلىق قىلغانلىقى ھەققىدىكى قاراشلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Childe, Dawn of European Civilization, p . 163; M . Ebirt, Sud–Russland,p . 37

⑧ كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2000 ـ يىللاردا جەنۇبىي رۇسىيە ۋە شىنجاڭدىكى پائالىيىتى ھەققىدىكى قاراشلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Ebert,op . cit .,p . 52; J . L . Myres . "Indo–Europeans up to the Time of the Migration" . In Eyre, European Civilization, 1,233

⑨ گىل توپىلىق قەبرىلەر ھەققىدىكى ماتېرىياللارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Childe, Dawn of the eurppean Civilization, pp . 138 ff .; Ebert,op . cit ., pp . 38ff .

بۇ خىلدىكى قەبرىلەرنىڭ شىنجاڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى ھەققىدىكى قاراشلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Peake and Fleure,Steppe and sown,p . 21 .

⑩ گىل توپىلىق قەبرىلەرنى ياسىغۇچىلارنىڭ نوردىك تىپىغا تەۋە ئىكەنلىكى ھەققىدىكى قاراشلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Childe,The Aryans . p183; E . H . Minns,Scythians and greeks,p . 145

⑪ گىل توپىلىق قەبرىلەرگە دەپنە قىلىنغان خەلقلەرنىڭ ھىندى ـ ياۋروپالىقلارغا تەۋە ئىكەنلىكى ھەققىدىكى قاراشلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Childe, The Aryans,p . 183;peake and fleur, peasants and potters,p . 134; J . L . Myres, "Neolithic bronze Cultures", Cambridge ancient History,1,84 .

⑫ هىندى ـ ياۋروپالىقلارنىڭ پەيدا بولغان ماكانى ھەققىدىكى ھەر خىل قاراشلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Childe,the Aryans; O . Schrader, sprachvergleichung und urgeschichte,1,85 ff .; S . Feist,Die Kultur,Ausbreitung und Herkunft der Indogermanen, pp . 446 ff.

⑬ ئارىيانلارنىڭ بالتىق دېڭىزى ئەتراپىدىكى يەرلەردىن كېلىپ چىققانلىقى ھەققىدىكى قاراشلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

H . A . Hirt,Die Indogermanen; M . Much,Heimant der Indogermanen.

⑭ ئارىيانلارنىڭ ئانا ماكانىنىڭ جەنۇبىي رۇسىيە ۋە شىنجاڭ ئىكەنلىكى ھەققىدىكى قاراشلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Breasted,op . cit .; Childe,The Aryans; peake and Fleur, Steppe and sown; Feist,op,cit; Meyer geschichte des Altertumsm,1,2,797; Mryes, "Indo–Eiropean up to the Time of the Migrations", in Eyre, European Civilization,1,231 .

⑮ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى ئارىيانلارنىڭ مەدەنىيىتى ھەققىدىكى قاراشلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Meyer,op . cit:1,2,767 ff .

بۇ ھەقتىكى ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Childe, dawn of European Civilization, pp . 143 ff .

سىلىشتۇرما تىلشۇناسلىق نەتىجىلىرى ھەققىدىكى قاراشلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Feist,Die Kultur,Ausbreitung und Herkunft der Indo–germanen .

⑯ ئاتنىڭ قەدىمكى تارىخى ھەققىدىكى قاراشلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Lefebvre de Noettes,L' Attelage,pp . 9 ff; O . Schrader, art . Pferd in reallexikon des Indogermanischen Altertumskunde .

ئارىيانلار بىلەن ئاتنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ يېقىنلىقى ھەققىدىكى قاراشلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Childe, The Aryans,p . 83; A . Berthelot,L' Asie Ancienne,Centrale et Sudorientale d' apres Ptolemey,pp . 20 ff .

Meissner, "Das Pred in Babylonien" , Mttieilungen der Vorderasiatischen Gesllsechaft, Ⅷ (1913),pp . 1 . ff .

⑰ يايلاق رايونلىرىدىن ئەتراپقا كۆچۈپ تارقىلىش توغرىسىدىكى ماتېرىياللارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Peak and Fleure,Steppe and Sown, pp . 38 ff .

ھىندى - ياۋروپالىقلارنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيىتى ھەققىدىكى قاراشلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Peak and Fleure, op,cit .,chap . v .

ئۇلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى ھەمدە گىل توپىلىق قەبرىلەردىكى خەلقنىڭ تىرىپولىيىلىقلارنى يەڭگەنلىكى ھەققىدىكى قاراشلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Ebert,op . cit .;p . 37 .

⑱ ئارىيانلارنىڭ ئىران ئېگىزلىكىگە بېسىپ كىرىشتىكى يوللىرى ھەققىدە ئىختىلاپلىق پىكىرلەر كۆپ، ئەمما كۆپ قىسىم ئالىملار: ئۇلار بۇ جەرياندا ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئۆتكەن دېگەننى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇ ھەقتىكى قاراشلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Meyer,op . cit .,1,2,809 ff .; F . justi, "Geschte Irans" , in Geiger and Kuhn, Grundriss der Iranischen Philogie, II . 401; E . Herzfeld, Archaeological History of Iran,p . 7; C . Huart, La perse Antique,p . 30; O . G . U . Wesendonck, Das Weltbild der Iranier,p . 16 .

⑲ بۇ ئارىيان تەۋەككۇلچىلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى ھەققىدىكى قاراشلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

E. Meyer, Das Erste Auftreten der Areir in der Geschichte" Sitzungsberichte der Preussischen Akademie der Wissenschaft zu Berlin ,1908,p. 14; Poussin. L' Indo Euro-pean—L' Inde Jusque Vers 300 B.C ., p.79; Mironov, "Aryan Vestiges in the near East of the Second Milinary, B.C" ,Acta Orientalia , XI, 140 ff.

⑳ خەتتلار بىلەن ئارىيانلارنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى قاراشلار ھەر خىل. بۇ قاراشلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Poussin,L' Indo–Europeanes — L' Indo Jusque Vers 300 B.C.,pp. 23 ff., Childe, The Aryans,pp. 20 ff.

㉑ ئارىيانلارنىڭ ئىران ئېگىزلىكىنى بېسىۋېلىشى ھەققىدىكى قاراشلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

G. G. Cameron,History of Early Iran; Huart, op. cit., pp. 29 ff.

㉒ ئارىيانلارنىڭ ھىندىستاننى بېسىۋېلىشى ھەققىدىكى قاراشلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

V. A. Smith,Oxford History of India. pp. 7ff; Poussin, op. cit,pp. 218 ff.

# 2 ـ باب شىمالدىكى سكىتئانلار ۋە سارماتئانلار

يازما خاتىرىنىڭ باشلىنىشى — سىممېرىئانلار — سىكىتئانلارنىڭ كۆچىشى ۋە ئۇلارنىڭ دەسلەپكى بويسۇندۇرۇشلىرى — سىكىتئانلارنىڭ كېيىنكى تارىخى — سىكىتئانلارنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشى ۋە سارماتئانلارنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى — ماسساگېتلار، ئائۇرسىلار، ئالانلار — ساك ۋە كانگىيە — سىكىتئانلارنىڭ ئىرقى — ئۇلارنىڭ تىلى — سىكىتئانلارنىڭ مەدەنىيىتى — ئۆي ھايۋانلىرى ۋە ئاتنىڭ مۇھىملىقى — ئاتقا مىنىش تارىخى — سىكىتئانلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى ۋە ئىشتاننىڭ تارىخى — قورال ـ ياراغ ۋە ساۋۇت — چېدىر ئۆي — سىياسىي تەشكىلى — جەڭ ماھارىتى — توي ـ تۆكۈنى — دەپنە ئادىتى — دىنى — سىكىتئانلارنىڭ سەنئىتى

ئالدىدا بايان قىلغانلىرىمىزنىڭ ھەممىسى تارىخنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىكى خەلقلەر بولۇپ، ئۇلارغا ئالاقىدار بارلىق بىلىملىرىمىز كەمتۈك ھەم ئانچە توغرا ئەمەس. بىراق، ئارخېئولوگىيەلىك پاكىتلاردىن باشقا يەنە يازما پاكىتلار مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 7 ـ ئەسىردىن كېيىنكى تارىخ ھەققىدىكى بوشلۇقلارنى تولدۇرۇشقا باشلىدى. دەسلەپتە بۇ خىل يېڭى پاكىتلار ئازراق بولسىمۇ، كېيىن تەدرىجىي ھالدا مۇكەممەللەشتى، بۇلاردىن ئوتتۇرا ئاسىيادا روناق تاپقان ھەم زاۋاللىققا يۈزلەنگەن ھەر خىل خەلقلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى توغرىسىدا تولۇق بولغان بىر ئۇقۇمغا ئىگە بولدۇق.

بارلىق تارىخىي دەۋرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالى بىلەن جەنۇبى ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى زور پەرقلەر مەۋجۇت بولغان. بۇ

ئىككى رايوندىكى خەلقلەر گەرچە ئورتاق ئىرققا مەنسۇپ ھەم كۆپلىگەن ئوخشاش مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولسىمۇ، بىراق ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئورتاق بىر ئىرققا ياكى ئېتتىپاققا تەۋە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشماي كەسكىن جەڭلەرنى قىلىشىپ، ئۆز ئارا دۈشمەنلەشكەن. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالى تارىخ ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە جەنۇبىي رۇسىيە يايلاقلىرى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق ئىدى. بىز قارا دېڭىزنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى يۇنان مۇستەملىكىچىلىرىدىن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىنىڭ ئاھالىلىرى توغرىسىدا نۇرغۇن مەلۇماتقا ئىگە بولىمىز. يەنە بىر تەرەپتىن، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبى ھەمىشە ئۆزى بىلەن قوشنا بولغان ئىران ئېگىزلىكى بىلەن قويۇق ئالاقىدە بولۇپ كەلگەن. ئارىيان ئىرقىدىكى پارسلار ئىران ئېگىزلىكىنىڭ ھۆكۈمرانى بولغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىمۇ پېرسىيە ئىمپېرىيەسىگە تەۋە بولغان. شۇڭا بىزمۇ شۇ دەۋردىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىنىڭ ئاھالىلىرى توغرىسىدىكى بىلىملەرنىڭ كۆپ قىسمىنى قەدىمكى پېرسىيە خاتىرىلىرىدىن ياكى ئەينى چاغدا پېرسىيە تارىخىغا قىزىققان يۇنانلىقلاردىن ئالىمىز.

بىز ئالدى بىلەن يۇنان خاتىرىلىرى ۋە ھازىرقى ئارخېئولوگىيەلىك نەتىجىلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىنىڭ ئاھالىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ھەمراھلىرى (جەنۇبىي رۇسىيەدىكى ئاھالىلەرنى كۆرسىتىدۇ) توغرىسىدا بەرگەن مەلۇماتلىرىغا نەزەر سېلىپ ئۆتەيلى. قەدىمكى يۇنان تارىخنامىلىرىدە، ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردە بۇ رايوننىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان كۆپلىگەن قەبىلىلەرنىڭ ناملىرى تىلغا ئېلىنغان. بۇ ناملارنى بىز بۇ يەردە بىرمۇ بىر كۆرسىتىپ ئولتۇرمايمىز، چۈنكى يۇنانلىقلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ بۇ قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدا زىچ ئالاقىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلغان. بۇ قەبىلىلەر ئىككى چوڭ تارماققا، يەنى سكىتىئانلار ۋە سارماتىئانلارغا

بولۇنگەن. شۇنداقتىمۇ سكىتىئانلار بىلەن سارماتىئانلار ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇنلىغان ئوخشاشلىق مەۋجۇت بولغان. شۇڭلاشقا سكىتىئان دېگەن نام مۇشۇ دەۋردە بارلىق يايلاق خەلقلەرنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئاتىلىشى بولغان. يۇنانلىقلارنىڭ ئادىتىگە ئاساسەن بىزمۇ مۇشۇ دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىدا ئولتۇراقلاشقان بارلىق خەلقلەرنى سكىتىئانلار دەپ ئاتايمىز. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سەل غەربتە ئولتۇراقلاشقان سكىتىئانلار بىلەن سەل شەرقتە ئولتۇراقلاشقان سارماتىئانلار ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇن پەرقلەرنىڭمۇ بارلىقىنى ئۇنتۇماسلىقىمىز لازىم.

يۇنان رىۋايەتلىرىدە ئەڭ بۇرۇن مەلۇم بولغان جەنۇبىي رۇسىيە ئاھالىسى بىر خىل سىرلىق خەلقلەر بولۇپ، سىممېرىئانلار (Cimmerian) دەپ ئاتالغان. ئاسسۇرىيە خاتىرىلىرىدە ئۇلار تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، بىراق گىمىرايلار (Gimirai) دەپ ئاتالغان. ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىمىز ناھايىتى ئاز. سىممېرىئانلار بەلكىم سكىتىئانلارنىڭ ئەڭ يىراقتىكى قېرىنداشلىرى بولۇشى ھەم مەركىزىي ئاسىيادىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن. بىراق بىز ھازىر بۇنى ئېنىق بىلمەيمىز. چۈنكى، سىممېرىئانلار ناھايىتى بۇرۇنقى دەۋرلەردىلا تارىختىن ئىز ـ دېرەكسىز يوقالغان بولۇپ، ئۇلاردىن كېيىنكىلەرگە ئۆز نامىدىن باشقا ھېچقانداق نەرسە قالمىغان ①.

قەدىمكى تارىخىي خاتىرىلەردە سىممېرىئانلاردىن كېيىن سكىتىئانلار تىلغا ئېلىنغان، يۇنان تارىخچىلىرى بىزگە سكىتىئانلارنىڭ ئەسلىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىدا ئولتۇراقلاشقانلىقى، كېيىنچە قوشنا مىللەتلەرنىڭ بېسىمى تۈپەيلىدىن كۆچۈشكە مەجبۇر بولغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەڭ بۇرۇن تارىخىي خاتىرىلەردە تىلغا ئېلىنغان ۋاقتى دەل ئوتتۇرا ئاسىيادىن كۆچۈپ چىقىپ، سىممېرىئانلارنى قوغلاپ

چىقىرىپ، جەنۇبىي رۇسىيە يايلاقلىرىنىڭ غوجىسى بولغان ۋاقتى ئىدى. بۇ بويسۇندۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ يۈز بەرگەن ھەقىقىي ۋاقتىنى مۇئەييەنلەشتۈرەلمىسەكمۇ، بىراق سكىتىئانلار مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 7 ـ ئەسىرلەردە ھەقىقەتەنمۇ جەنۇبىي رۇسىيە يايلاقلىرىنىڭ غوجىسى بولۇپ بولغان. ئۇلارنىڭ بۇ رايونغا كىرگەن ۋاقتى شۇنىڭدىن بىر ئەسىر ياكى ئىككى ئەسىر بۇرۇن بولۇشى مۇمكىن ②.

بۇ سكىتىئانلار جەنۇبىي رۇسىيەدە قۇرغان كەڭ ئىمپېرىيەسى بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماي، داۋاملىق باشقا جايلارغا تاجاۋۇز قىلىپ تۇرغان. ئارخېئولوگىيەلىك خاتىرىلەر بىزگە ناھايىتى بۇرۇنقى چاغلاردا سكىتىئانلارنىڭ بىر تارمىقىنىڭ غەربكە كۆچۈپ، بۈگۈنكى رۇمىنىيە ۋە ۋېنگىرىيەدە ئولتۇراقلىشىپ قالغانلىقىدىن مەلۇمات بېرىدۇ. تارىخىي پاكىتلارمۇ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 7 ـ ئەسىرلەردە ئاسسۇرىيەلىكلەر بىلەن مىدىيەلىكلەر يېقىن شەرقنىڭ زومىگەرلىكىنى تالىشىپ ئۆزئارا جەڭ قىلىۋاتقاندا، باشقا بىر تارماق سكىتىئانلارنىڭ غەربىي جەنۇبقا قاراپ كۆچۈپ، كاۋكاز تاغلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئەرمىنىيە ۋە مىدىيەدە پەيدا بولغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ ③.

بۇ بىر تارماق سكىتىئانلار ئاسسۇرىيەلىكلەرنىڭ ئىتتىپاقچىلىرى بولۇپ قالغاچقا، مىدىيەلىكلەر ۋاقتىنچە باش ئېگىشكە مەجبۇر بولغان، شۇنىڭ بىلەن مىدىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىسى ئوتتۇز يىلچە كەينىگە سۈرۈلگەن. يۇنان تارىخچىسى ھېرىدوت بىزگە مىدىيەلىكلەر بىلەن جەڭ قىلغان سكىتىئانلارنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا رۇسىيەنىڭ جەنۇبىدىكى كونا ماكانىغا قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. بۇلار ئەينى چاغدا جەنۇبقا بېسىپ كىرگەن ھەرقايسى سكىتىئان قەبىلىلىرىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولۇشى مۇمكىن، بىراق باشقا تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا،

يەنە بىر قىسىم سىكتىئانلارنىڭ كىچىك ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئولتۇراقلىشىپ بىرقانچە ئەسىرگىچە مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ كەلگەنلىكى مەلۇم بولىدۇ ④. غەربكە ۋە غەربىي جەنۇبقا قاراپ تەرەققىي قىلغان بۇ بويسۇندۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەينى چاغدا كۆپ ساندىكى سىكتىئانلار يەنىلا جەنۇبىي رۇسىيەدە ماكانلاشقان، مانا بۇ ئۇلار ئىگە بولغان يېڭى ماكان ئىدى. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 7 ـ ئەسىردىن 5 ـ ئەسىرگىچە بۇ سىكتىئان ئىمپېرىيەسىنىڭ مەركىزى جەنۇبىي رۇسىيەنىڭ شەرقىدە بولۇپ، دون دەرياسىنىڭ قىرغىقىغا يېقىنلا يەردە ئىدى. بىراق ئاخىرىغا كەلگەندە شەرقتىن كەلگەن بېسىم تۈپەيلىدىن سىكتىئانلار غەربكە كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان. ئارخېئولوگىيەلىك نەتىجىلەر بىزگە مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 4 ـ ئەسىر ۋە 3 ـ ئەسىردە سىكتىئانلارنىڭ ھەرقايسى خانلىرىنىڭ ئۆزئوردىلىرىنى قىرىمنىڭ شىمالى ۋە غەربىي شىمالىدىكى يايلاقلارغا قۇرغانلىقىدىن مەلۇمات بېرىدۇ ⑤.

مۇشۇ دەۋردىكى سىكتىئانلارنىڭ ئىچكى تەرەققىياتى توغرىسىدا بىزنىڭ بىلىدىغانلىرىمىز ناھايىتى ئاز. تارىخىي خاتىرىلەردە سىكتىئان خانلىقىنىڭ باشقا دۇنياۋى چوڭ ئىمپېرىيەلەر بىلەن ئالاقە قىلغانلىقى ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان، مەسىلەن، پېرسىيەنىڭ ئۇلۇغ ھۆكۈمرانى دارا بىزگە مەلۇم، ئۇ ياۋروپادا قۇرۇقلۇققا چىقىپ يۇنانلىقلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشتىن ئاۋۋال سىكتىئانلار بىلەن يېڭىش ـ يېڭىلىش ئېنىق بولمىغان كىچىك كۆلەملىك بىر مەيدان ئۇرۇش قىلغان.

بىر ئەسىردىن كېيىن ماكېدونىيە پادىشاھى فىلىپ، يەنى جاھانغا مەشھۇر ئالېكساندېرنىڭ دادىسىمۇ سىكتىئانلارنىڭ ھۆكۈمدارى بىلەن توقۇنۇشقان. ئۇزۇن ئۆتمەي ماكېدونىيە بىلەن سىكتىئان ئىمپېرىيەسى ئوتتۇرىسىدىكى بۇ توقۇنۇش قايتا قوزغالغان. جۈملىدىن ئالېكساندېر ئاسىيادا كېڭەيمىچىلىك

بىلەن شۇغۇللانغاندا، ئۇنىڭ سەركەردىلىرىدىن بىرسى قوشۇن باشلاپ سكىتىئانلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئاخىرىدا پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولغان ⑥.

سكىتىئانلار بۇ «كۆچلۈك دۆلەتلەر» بىلەن توقۇنۇشۇشتىن باشقا يەنە قارا دېڭىزنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى يۇنان مۇستەملىكىلىرى بىلەنمۇ ئالاقە قىلغان — بۇ ئىنتايىن قويۇق بولغان ئالاقە ئىدى. سكىتىئانلار سۇ ئۈستى خەلقلىرىدىن بولمىغاچقا، بۇ مۇستەملىكە رايونلىرىنى بويسۇندۇرۇش ياكى بېسىۋېلىش نىيىتىنى ئاساسەن ئىپادىلىمىگەن. بۇ مۇستەملىكە رايونلىرى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتا جەنۇبىي رۇسىيە بىلەن يۇنان ئوتتۇرىسىدىكى دېڭىز سودىسىغا تايىناتتى، سكىتىئانلار يۇنان مۇستەملىكىلىرىنىڭ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا قاراپ تۇرغان بولسىمۇ، ھەمىشە مۇستەملىكىلەرنىڭ ھاكىمىيەتلىرىنى قورقۇتۇپ، ئۇلاردىن نۇرغۇن ئولپان يىغىۋېلىشنى ئۇلارنى پاراكەندە قىلماسلىقنىڭ شەرتى قىلغان. يۇنانلىقلار بىلەن سكىتىئانلار ئوتتۇرىسىدا شەكىللەنگەن بۇ خىل مۇناسىۋەت ناھايىتى مۇھىم ئىدى. يۇنانلىقلار بۇ ئارقىلىق ھەر خىل ماتېرىياللارنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۆز دۆلىتىنىڭ ئېھتىياجىنى قامدايتتى. سكىتىئانلارمۇ ئولپان ئېلىش ياكى سودا قىلىش ئارقىلىق گىرېك ئۇستىلىرى ياسىغان نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك ھۈنەر – سەنئەت بۇيۇملىرىنى قولغا كەلتۈرەلەيتتى. بۇ بۇيۇملارنىڭ نۇرغۇنى سكىتىئانلار بىلەن قىلىنىدىغان سودا ئۈچۈن ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭدا گىرېكلارنىڭ سەنئەت ئۇسلۇبى بىلەن سكىتىئانلارنىڭ سەنئەت ئۇسلۇبى ئۆزئارا بىرلىشىپ كەتكەنىدى.

ئەڭ يېقىنقى ئارخېئولوگىيەلىك بايقاشلار بىزگە يۇناندا ياسالغان بۇ بۇيۇملارنىڭ نۇرغۇنىغا ئەڭ دەسلەپ سكىتىئانلار ئىگە بولغانلىقى، كېيىنچە تەدرىجىي ھالدا شەرققە تارقىلىپ مەركىزىي ئاسىيانىڭ كىندىكىگىچە يېتىپ بارغانلىقىدىن

مەلۇمات بېرىدۇ. بۇنداق بۇيۇملارنىڭ بەزىلىرى ھەتتا تېخىمۇ يىراقتىكى موڭغۇلىيەدىنمۇ قېزىۋېلىنغان. بۇ پاكىتلار بىزنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىدا تەرەققىي قىلغان نەققاشلىق سەنئىتىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى مۇلاھىزە قىلىشىمىزدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

سكىتئانلار ئىمپېرىيەسى ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە ئۆزلىرىنىڭ قارا دېڭىز قىرغاقلىرىدىكى يۇنان مۇستەملىكىلىرىگە بولغان كونتروللۇقىنى ساقلاپ قالغان. يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، سكىتئانلار يەنە قۇدرەتلىك پېرسىيە ئىمپېرىيەسى ھەم ماكېدونىيە ئىمپېرىيەسى بىلەن تىركىشىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇلار شەرق تەرەپتىن ئەجەللىك زەربىگە ئۇچرىغان. تەخمىنەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2 ـ ياكى 1 ـ ئەسىردە ئۇلارنىڭ تەسىر كۆچى ئۇزۇل ـ كېسىل يىمىرىلگەن. بىراق، ھەر تەرەپكە چېچىلىپ كەتكەن سكىتئان قەبىلىلىرى ئۆزلىرى ئولتۇراقلاشقان يېگانە رايونلاردا يەنە بىرنەچچە ئەسىرگىچە ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالغان. بۇ يېگانە رايونلار ئىچىدە بىزنىڭ بىلىدىغانلىرىمىزدىن قىرىم يېرىم ئارىلى، دوبرۇگا قاتارلىق جايلار بار. دوبرۇگا دوناي دەرياسى ئېغىزىنىڭ جەنۇبىدىكى رۇمىنىيەگە تەۋە كىچىك بىر رايون ئىدى.

سكىتئانلارنىڭ ئاجىزلىشىشى ۋە ئاخىرىدا يىمىرىلىشى ئۇلارنىڭ يىراقتىكى قېرىنداشلىرى بولغان سارماتىئانلارنىڭ تاجاۋۇزى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. رۇسىيەنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى سكىتئان ئىمپېرىيەسى راسا گۈللەنگەن دەۋرلەردە، سارماتىئانلار ۋە ئۇلار بىلەن ئوخشاش بولغان نۇرغۇنلىغان خەلقلەر ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىنى ئىگىلىگەن، بىراق بۇ رايون بەكلا يېگانە بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئەينى چاغدىكى ئىچكى ئەھۋالى توغرىسىدا بىلىدىغىنىمىز بەكلا ئاز⑦.

بىزگە مەلۇم بولغان ئىنتايىن ئاز ساندىكى پاكىتلاردىن

ئېيتقاندا، سارماتىئان دېگەن نام ئەڭ دەسلەپ پەقەت بىرلا قەبىلە بىلەن چەكلەنگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئومۇمىي نامغا ئايلانغان، يەنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقان، ئۆزئارا پەرقلىنىدىغان ھەم ئوخشىشىپ كېتىدىغان كۆپلىگەن قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۈچ ـ تۆتىلا ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ.

دەسلەپتە (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 6 ـ ئەسىردە) ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىنىڭ كۆپ قىسمى، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي شىمالى بىر قەبىلىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان بولۇپ، يۇنان تارىخچىلىرى ئۇلارنى ماسساگېتلار دەپ ئاتىغان. بۇ ماسساگېتلار پېرسىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ھۆكۈمرانىنى زور قىيىنچىلىققا ئۇچراتقان. ھېرىدوت بىزگە پېرسىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ قۇرغۇچىسى كىرۇسنىڭ (كەيخىسراۋنىڭ) مۇشۇ خەلقلەر بىلەن بولغان جەڭدە ئۆلگەنلىكىدىن مەلۇمات بېرىدۇ [8]. ماسساگېتلارنىڭ تەسىرى بىرقانچە ئەسىرگىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، بىراق مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2 ـ ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي شىمالىنىڭ كونتروللۇق ھوقۇقى باشقا خەلقلەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن. بۇلار دەل ئائۇرسلار ئىدى. يەنە ئۈچ ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن (مىلادىيە 1 ـ ئەسىردە) ئائۇرسلار ئورنىنى ئالانلارغا بوشاتقان [9].

قەدىمدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىدا ياشىغان نۇرغۇنلىغان خەلقلەر ئىچىدە ئالانلار ئەڭ مۇھىمدۇر. چۈنكى، بۇ ئالانلارنىڭ كېيىنكى چاغلاردىكى دۇنيا تارىخىدىكى پائالىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئەمدى ئالانلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىن چىقىپ باشقا جايلارغا تارقالغانلىقى ئۈستىدە توختالمىز. ئۇلارنىڭ بىر تارمىقى ئەڭ ئاخىرىدا ئىسپانىيە ۋە شىمالىي ئافرىقىغا كۆچۈپ بارغان، ئۇلارنىڭ قېنى تاھازىرغىچە بۇ يەرلەردە ياشاۋاتقان

خەلقلەرنىڭ تومۇرىدا ئاقماقتا. باشقا بىر تۈركۈم ئالانلار يەنە كاۋكاز تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە كىرىپ ئوسسېتلار (Ossetes) دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئۇلار تاكى ھازىرغىچە ئۆزلىرىنىڭ قەدىمكى تىلى ۋە ئىرقىي ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ كەلمەكتە، ئۇلار سارماتىئانلارنىڭ كۆپلىگەن قەبىلىلىرى ئىچىدە ھازىرغىچە مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان قەبىلىدۇر.

ئەيسا (خىرىستوس) تۇغۇلۇشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، ماسساگېتلار، ئائۇرسىلار ۋە ئالانلار بىرىنىڭ ئىزىنى بىرى بېسىپ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي شىمالىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقاندا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىي شىمالى باشقا نۇرغۇنلىغان قەبىلىلەرنىڭ قولىدا ئىدى. بۇ قەبىلىلەرنىڭ تىلى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن قەبىلىلەر بىلەن ئوخشاش (ياكى ئاساسەن يېقىن)، مەدەنىيەتلىرىمۇ ئاساسەن يېقىن بولسىمۇ، لېكىن ئوخشىمىغان ناملار بىلەن ئاتالغان. ئەينى چاغدا ياكسارت (سىر) دەرياسىنىڭ شىمالى، جۇملىدىن ئىلى دەرياسى ۋە تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدا ماكانلاشقانلار ساكلار دەپ ئاتالغان. بۇ ساكلار بەزى چاغلاردا پېرسىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ چېگرالىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارغا پاراكەندىچىلىك سالغان بولسا، بەزى چاغلاردا پېرسىيە ئىمپېرىيەسى تەرىپىدىن پايدىلىنىلغان. ئاسىيادىكى چەۋەندازلار ئىچىدە ساكلار جەڭ قىلىشقا ماھىرلىقى بىلەن داڭ چىقارغان. كېيىنچە ئىمپېراتور ئالېكساندىر مەركىزىي ئاسىياغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندە، ساكلار ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەيدا بولغان، دۇنيانى بويسۇندۇرغۇچى بۇ ياش ئىمپېراتور ساكلار بىلەن بىرنەچچە قېتىم قانلىق جەڭ قىلىپ ئۆز ئىمپېرىيەسىنىڭ چېگرا رايونلىرىنى مۇستەھكەملەشكە مەجبۇر بولغانىدى[10].

ساكلارمۇ ئۆز قوشنىسى ئالانلارغا ئوخشاش كېيىنكى تارىخىي دەۋرلەردە مۇھىم ئورۇن تۇتقان، بىراق ئالانلارنىڭ نىشانى غەربتە ياۋروپاغا بېسىپ كىرىش بولغان بولسا، ساكلار جەنۇب تەرەپتىكى زېمىنلارنى ئۆزلىرىنىڭ كېيىنكى پائالىيەت سورۇنى قىلىپ،

بىر مەھەل شەرقىي ئىراننىڭ كۆپ قىسىم رايونى ۋە شىمالىي ھىندىستاننىڭ غوجىسى بولۇپ قالغان.

ساكلارنىڭ شىمالىدىكى رايونلارغا باشقا بىر مۇھىم قەبىلە ماكانلاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كانگىيەلىكلەر دەپ ئاتالغانلىقى بىزگە مەلۇم، ئۇلارغا بۇ نامنى قەدىمكى جۇڭگو تارىخچىلىرى قويغان — بۇ ئۇلارنىڭ قەدىمكى زاماندىكى مەۋجۇتلۇقى ھەققىدىكى بىردىنبىر خاتىرە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. گەرچە قەدىمكى پېرسىيە تارىخچىلىرى ۋە يۇنان تارىخچىلىرى ئۇلارغا سەل قارىغان بولسىمۇ، بىراق ئۇلار كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخىدا مۇھىم رول ئوينىغان، شۇڭا بۇ يەردە ئۇلارنىڭ قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىي شىمالىدا مەۋجۇتلۇقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش زۆرۈر ⑪.

ساكلار بىلەن كانگىيەلىكلەرنىڭ شەرقىدە نۇرغۇنلىغان قەبىلىلەر بولۇپ، بىز ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى سارماتىئان دېگەن ئومۇمىي نامغا يىغىنچاقلايمىز. بۇ سارماتىئان قەبىلىلىرىنىڭ بىر قىسمى ئېھتىمال مەلۇم بىر چاغلاردا موڭغۇل ئېگىزلىكىنىڭ غەربىي قىسمىنى ئىگىلىگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەينى چاغدا شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگىلىگەن خەلقلەرنىڭ ئىرق ۋە تىل جەھەتتە سارماتىئانلار بىلەن زىچ ئالاقىسى بارلىقى شۈبھىسىز، بىراق بىز بۇ قەبىلىلەر توغرىسىدا جۇڭگو تارىخنامىلىرىگە مۇراجىئەت قىلماي تۇرالمايمىز. ئۇلار تارىختا سارماتىئانلاردىن بولمىغان موڭغۇللار بىلەن دائىم ئالاقىدە بولغان، شۇڭا بىز بۇلار توغرىسىدا ئەڭ ياخشىسى ھۇن ئىمپېرىيەسى شەرقىي ئاسىيادا باش كۆتۈرۈپ چىققان دەۋرنى بايان قىلغاندا توختالساق ئوبدانراق بولىدۇ.

بۇ چاغلاردىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىنىڭ ئىچكى تەرەققىيات ئەھۋالى توغرىسىدا بىزنىڭ بىلىدىغانلىرىمىز ناھايىتى ئاز. چۈنكى، ئەينى چاغدىكى تارىخچىلار سارماتىئانلارنىڭ بۇ قەبىلىلىرىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىپ

كەتمىگەن، پەقەت ئۇلار باشقا چوڭ دۆلەتلەرگە تاجاۋۇز قىلغان چاغلاردىلا ئۇلارنى ئاندا ـ ساندا تىلغا ئالغان. شۇڭا بىزنىڭ سارماتىئانلار توغرىسىدىكى بىلىملىرىمىزنىڭ كۆپ قىسمى ئۇلارنىڭ قوشنا خەلقلەرگە بېسىم پەيدا قىلغان ۋاقتى بىلەنلا چەكلىنىپ قالىدۇ.

قەدىمدە سىبىرىيەدىكى بۈك ـ باراقسان ئورمانلىقلار مىللەتلەرنىڭ زور كۆلەمدە شىمالغا كۆچۈشىنى توسۇپ قويغان، تارىخىي ماتېرىياللاردىن سارماتىئانلارنىڭ ھەمىشە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىغا بېسىپ كىرگەنلىكى مەلۇم، بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ ئىران ئېگىزلىكىدىكى مۇنبەت زېمىنلارغا كۆز تىككەنلىكى شۈبھىسىز. بىراق مۇكەممەل ھەم قۇدرەتلىك بولغان پېرسىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى سارماتىئانلارنىڭ ئۇ تەرەپلەرگە داۋاملىق ئىلگىرىلىشىنى توسۇپ قويغاندەك قىلىدۇ.

سارماتىئان ياكى يېرىم سارماتىئان قەبىلىلىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە جۇڭگونىڭ ئەڭ غەربىي رايونلىرىدا پەيدا بولۇشىدىن ئۇلارنىڭ شەرقتە مۇئەييەن تەسىرلەرنى پەيدا قىلغانلىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ، بىراق يازما خاتىرىلەردىن سارماتىئانلارنىڭ ئەڭ نورمال ۋە ئەڭ ئۇتۇقلۇق بولغان تەرەققىيات يۆنىلىشىنىڭ غەربتە جەنۇبىي رۇسىيە يايلاقلىرىغا كۆچۈپ كىرىش ئىكەنلىكى مەلۇم. بىز يۇقىرىدا جەنۇبىي رۇسىيەنى بويسۇندۇرغان سىكتىئانلارنىڭ ئەسلىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىدىن كەلگەنلىكىنى ھەم ئۇلارنىڭ كېيىنچە تەدرىجىي ھالدا غەربكە كۆچكەن سارماتىئانلارغا ئورۇن بوشاتقانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتكەنىدۇق ⑫.

يۇقىرىدا بىر تارىخىي جەرياننى ئاددىي بايان قىلىپ ئۆتتۇق، ئەمدى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بۇ سىكتىئان ۋە سارماتىئان قەبىلىلىرىنىڭ ئىرق، تىل ۋە مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى مۇلاھىزە قىلىمىز. بىرىنچى، گەرچە سىكتىئانلار بىلەن

سارماتئانلارنىڭ كېيىنچە سىياسىي دۈشمەن بولۇپ قالغانلىقى بىزگە مەلۇم بولسىمۇ، بىراق قەدىمكى زامان تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچىلار بىردەك ھالدا ئۇلارنى قېرىنداش مىللەتلەر دەپ قارايدۇ. بىزدە بۇ ئىككى مىللەتنىڭ ئەڭ دەسلەپ ئوخشاش بىر مەنبەدىن كېلىپ چىققانلىقىغا ئىشەنگۈدەك ھەر خىل ئاساسلار بار ⑬.

يۇناننىڭ كىلاسسىك ئاپتورلىرىنىڭ قەدىمكى سىكتىئان ۋە سارماتىئان قەبىلىلىرىنىڭ تەن قۇرۇلمىسى توغرىسىدىكى مەلۇماتلىرى ھەممىشە بىر - بىرىگە زىت بولغاچقا، ئىككى مىللەتنىڭ ئىرقىي ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا ئوخشاش بولمىغان قاراشلار كېلىپ چىققان. بىراق قەدىمكى سىكتىئان ۋە سارماتىئان قەبرىلىرىدىن قېزىۋېلىنغان ئاز ساندىكى ئۇستىخانلار ھەم پېرسىيەدىكى تاش ئويمىلاردا بايقالغان سىكتىئانلار بىلەن سارماتىئانلارنىڭ پورترېتى، بولۇپمۇ جەنۇبىي سىبىرىيەدىن بايقالغان يۇناننىڭ قاچا - قۇچىلىرى ئۈستىدىكى رەسىملەر ناھايىتى روشەن ھالدا بۇ ئىككى مىللەتنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ كاۋكاز ئىرقى ياكى ئاق ئىرقىقا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

يۇناننىڭ قاچا - قۇچىلىرىغا سىزىلغان سىكتىئانلار بىلەن سارماتىئانلار ئىلمەك بۇرۇن، ئورا كۆز ۋە ساقال - بۇرۇتلۇق بولۇپ، بۇلار ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. بۇلار كېيىنكى دەۋرلەردە پۈتۈن مەركىزىي ئاسىيانى قاپلىغان موڭغۇل ئىرقىنىڭ ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىلا ئوتتۇرا ئاسىيادا مەۋجۇت بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئانچە مۇھىم ئورۇن تۇتمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، مەيلى قالدۇق ئۇستىخانلار بولسۇن ياكى رەسىم سىزىلغان قاچا - قۇچىلار بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئەينى چاغدىكى بۇ خەلقلەرنىڭ تېرە رەڭگىنى كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ. بىراق قېزىۋېلىنغان ئۇستىخانلارنىڭ

كۆپ قىسمى غەربىي ياۋروپادىكى نوردىكلارنىڭ قالدۇق ئۇستىخانلىرىغا ئوخشاپ قالىدۇ، بۇنىڭغا يەنە كىلاسسىك ئاپتورلاردىن بىرىنىڭ «ئالانلار (سارماتىئانلارنىڭ ئەڭ چوڭ تارمىقى) نىڭ بويى ئېگىز، تېرىسى ئاق بولۇپ، چىرايلىق ئىدى» دېگەن خاتىرىسىنىمۇ قوشۇپ قويۇشقا بولىدۇ. بۇلاردىن شۇنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، سىكتىئانلار بىلەن سارماتىئانلار دەۋرىدە نوردىكلار چۇقۇمكى مەركىزىي ئاسىيانىڭ مۇھىم ئەزاسى بولغان.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە مۇشۇ دەۋرگە ئائىت قالدۇق ئۇستىخانلار ئىچىدە يۇمىلاق باشلىقلارنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىگىمۇ دىققەت قىلىشىمىز لازىم. بىراق بۇ يۇمىلاق باشلىقلار موڭغۇل ئىرقىغا تەۋە ئەمەس ئىدى، بۇلار بىزگە پەقەت يۇمىلاق باشلىق ئالپىس ئىرقىنىڭ مەركىزىي ئاسىيادىكى قەدىمكى ئاھالىلەردە ئاللىقاچان پەيدا بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئاسىيادىكى بۇ ئالپىسلار ئۆزلىرىنىڭ يىراقتىكى قېرىنداشلىرىغا، يەنى ھازىرقى ئوتتۇرا ياۋروپالىقلارغا ئوخشاش «ئاق ئىرق» قا تەۋە بولسىمۇ، تېرىسى سەل قارامتۇل ئىدى ⑭.

ئەمدى ئىرق مەسىلىسىنى قويۇپ تۇرۇپ، تىل مەسىلىسىنى مۇلاھىزە قىلساق، دەرھال قىيىنچىلىققا يولۇقىمىز. ئەسلىدە سىكتىئانلار بىلەن سارماتىئانلار يېزىق قوللىنىش ئېھتىياجىنى ھېس قىلىپ يېتەلمىگەن، مۇنداقچە ئېيتقاندا، سىكتىئانلار ۋە سارماتىئانلارنىڭ تىلى ۋە ئەدەبىياتى توغرىسىدا بىزگە ھېچقانداق نەرسە يېتىپ كەلمىگەن، يۇنان ئاپتورلىرىمۇ سىكتىئانلار ۋە سارماتىئانلارنىڭ تىلىنى خاتىرىگە ئالمىغان. شۇڭلاشقا سىكتىئانلار ۋە سارماتىئانلارنىڭ تىلىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈمىدىمىزدىن ۋاز كېچىشىمىز كېرەك.

بىراق، ياخشى يېرى، بۇ توغرىدا يەنىلا نۇرغۇن بېشارەتلەر ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇلار ھېچبولمىغاندىمۇ سىكتىئانلار ۋە سارماتىئانلارنىڭ تىلىنىڭ قايسى تىلغا تەۋە ئىكەنلىكىنى

مۇقىملاشتۇرۇشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ. كۆپلىگەن قەدىمكى ئاپتورلار بىزگە سىكتىئانلار ۋە سارماتىئانلارنىڭ تىلىنىڭ مىدىيەلىكلەر، پارسلار ۋە پارفىيەلىكلەرنىڭ تىلىغا ناھايىتى يېقىن كېلىدىغانلىقىدىن مەلۇمات بېرىدۇ، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، سىكتىئانلار بىلەن سارماتىئانلار سۆزلەشكەن تىل ھازىر بىز ئىران تىلى دەپ ئاتاۋاتقان تىلدۇر.

بىز سىكتىئانلار ۋە سارماتىئانلاردىكى «مەخسۇس نام‌لار» (ئادەم ئىسمى، ئىلاھ ئىسمى، يەر نامى قاتارلىقلار) ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق يۇقىرىقى نەزەرىيەمىزنىڭ ناھايىتى ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىيالايمىز، بۇ «مەخسۇس نام‌لار» يۇنان ۋە رىم ئاپتورلىرىنىڭ خاتىرىلىرىدىن بىزگە مەلۇم. كىلاسسىك ئاپتورلارنىڭ بۇ نام‌لار ئۈستىدىكى تەرجىمىسى ناھايىتى چۇۋالچاق بولۇپ، كۆپ قىسمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە مۇمكىن بولمىسىمۇ، بىراق بۇ نام‌لارنىڭ كۆپ قىسمى ناھايىتى ئېنىقلا ئىران تىلىغا تەۋەدۇر.

بۇ «مەخسۇس نام‌لار» دىن باشقا يەنە بىز بىلىدىغان ۋاستىلىك پاكىتلارمۇ «قەدىمكى سىكتىئانلار ۋە سارماتىئانلارنىڭ تىلى پارسلارنىڭ تىلى بىلەن ناھايىتى ئوخشايتتى» دېگەن قاراشنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىك ئاساس بولالايدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم بولغان پاكىت دەل ئالانلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى بولمىش ئوسسېتلارنىڭ تا بۈگۈنگىچە قەدىمكى ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغانلىقى بولۇپ، ئۇلارنىڭ تىلى قەدىمكى پارس تىلىغا بەك ئوخشاپ كەتمىسىمۇ، بىراق شۇنىڭغا يېقىنلاپ قالىدۇ. ئوخشاشلا مۇھىم بولغان يەنە بىر پاكىت شۇكى، جەنۇبىي شىنجاڭدىن قېزىۋېلىنغان ئوتتۇرا قەدىمكى زامانىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىگە تەئەللۇق نۇرغۇنلىغان ھۆججەتلەر بىزگە بۇ رايوندىكى خەلقلەرنىڭ (كۆپ قىسمى سارماتىئانلارنىڭ يىراقتىكى قېرىنداشلىرى) ھېچبولمىغاندا مىلادىيە 9 ـ ئەسىرگىچە ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغانلىقىدىن

مەلۇمات بېرىدۇ.

مۇشۇنچە كۆپ پاكىتلارغا ئاساسەن، بىز سكىتىئانلار بىلەن سارماتىئانلار سۆزلىشىدىغان تىلنى ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىغا تەۋە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىنقراقى ئارىيان ياكى ھىندى - ئىران تىل سىستېمىسىغا تەۋە دەپ مۇئەييەنلەشتۈرەلەيمىز. يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئېيتساق، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالى ھەم ئۇنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى رايونلاردىكى تىل ھىندى - ياۋروپا تىللىرىغا قارىغاندا ئىران تىلىغا تېخىمۇ يېقىنلىشىدۇ ⑮.

ئەمدى تىل مەسىلىسىدىن قول ئۈزۈپ سكىتىئانلار ۋە سارماتىئانلارنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا مۇلاھىزە يۈرگۈزىمىز. بىز ئالدى بىلەن دىققىتىمىزنى كۆرۈنەرلىك بىر - ئىككى نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، سكىتىئانلار ۋە سارماتىئانلار بىلەن باشقا ھىندى - ياۋروپا خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرققە نەزەرىمىزنى ئاغدۇرۇشىمىز كېرەك. بىز ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىلا ھىندى - ياۋروپا خەلقلىرىنىڭ ئات ھەمدە باشقا ئۆي ھايۋانلىرىنى بىلگەنلىكىنى سۆزلەپ ئۆتكەنىدۇق، بىراق كۆپ ساندىكى ھىندى - ياۋروپالىقلار ئاتتىن قوشۇمچە پايدىلانغان، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئات ۋە ئات مىنىش بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز بولغان. مەسىلەن، نۇرغۇنلىغان ھىندى - ياۋروپالىقلار بىر تەرەپتىن ئۆي ھايۋانلىرى ۋە ئاتتىن پايدىلانسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ئېپتىدائىي دېھقانچىلىقنى تەرەققىي قىلىپ يۇقىرى باسقۇچقا يەتكەچكە، ئۇزاق ئۆتمەي يېرىم كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدىن قول ئۈزۈپ، مۇقىم ئولتۇراق تۇرمۇش كەچۈرىدىغان خەلقلەردىن بولۇپ قالغان.

بۇ خىل تەرەققىياتقا ئوخشىمايدىغىنى، سكىتىئانلار بىلەن سارماتىئانلارنىڭ ئولتۇراقلاشقان رايونلىرى كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىشقا ئەڭ باب كەلگەچكە، ئۇلار تەدرىجىي ھالدا ئۆزلىرىنىڭ ئازغىنە دېھقانچىلىق بىلىملىرىنى ئۇنتۇپ، پۈتۈن

زېھنىنى مال ـ چارۋا بېقىشقا قاراتقان، بولۇپمۇ ئۇلاردا ئاتنىڭ ئورنى ئىنتايىن مۇھىم بولغان. كىلاسسىك ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، سكىتئىنلار ۋە سارماتئىنلارنىڭ قەبىلىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئوۋچىلىق بىلەن، ئاز بىر قىسمى بېلىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. گەرچە ئۇلار دېھقانچىلىق بىلىملىرىنى تامامەن ئۇنتۇپ كەتمىگەن بولسىمۇ، بىراق بېلىقچىلىق بىلەن دېھقانچىلىق تەدرىجىي ھالدا ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشۈپ، ئىقتىسادىي تۇرمۇشتا ئۇلار كۆنسېرى مال ـ چارۋا بېقىشقىلا تايانغان ⑯.

مال ـ چارۋىلار ئىچىدە ئات، كالا ۋە قوي ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى، ئۇلارنىڭ چوشقا باقمىغانلىقى بىزگە مەلۇم، لېكىن بۇ ناھايىتى قىزىقارلىق ئىش ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى ئەينى چاغدا ياۋروپادا ئولتۇراقلاشقان ھىندى ـ ياۋروپا ئىرقىدىكى نۇرغۇنلىغان خەلقلەر چوشقا باققان. بىزگە يەنە سكىتئىنلارنىڭ ئىت باققانلىقى مەلۇم بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ پۈتكۈل ھاياتى ئاتقا زىچ باغلانغان ⑰.

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، سكىتئىنلار بىلەن سارماتئىنلار كالا، قوي گۆشىنى يېگەندىن باشقا يەنە ئات گۆشىنىمۇ ناھايىتى ياقتۇرۇپ يېگەن ⑱، بىراق ئۇلارنىڭ ئىستېمالىدا گۆشتىنمۇ مۇھىم بولغىنى سۈت ۋە سۈتتىن قىلىنغان يېمەكلىكلەر ئىدى.

قەدىمكى ھىندى ـ ياۋروپالىقلارنىڭ نۇرغۇنى بەزىدە سۈت ئىستېمال قىلغان بولسىمۇ، بۇ ئايرىم ئەھۋال بولۇپ، ئانچە مۇھىم ئورۇن تۇتمايدۇ. لېكىن سكىتئىنلار بىلەن سارماتئىنلاردا سۈت ئاساسلىق يېمەكلىك بولغان. ئۇلار باشقا خەلقلەرگە ئوخشاش بەزىدە كالا سۈتى ئىچسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا ئات سۈتى مۇھىم ئورۇندا تۇرغان.

سكىتئىنلار ۋە سارماتئىنلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كېيىنكى خەلقلەرگە ئوخشاش يېڭى سۈتنى ئاز ئىچىدىغانلىقى

بىزگە مەلۇم، ئۇلار يېڭى سۈتنى ئاساسەن بوۋاق ۋە كېسەللەرگە بەرگەن. يېڭى سۈتنىمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغىنى بىر خىل ئىچىتىلغان سۈت بولۇپ، بۇنى كۆپ ئادەملەر ئىچكەچكە، ئۇ ئەڭ ئاساسلىق كۈندىلىك ئىچىملىك بولۇپ قالغان. بۇ خىل ئىچىتىلغان ئات سۈتىنى يۇنان ئاپتورلىرى «Oxygala» دەپ ئاتىغان بولۇپ، بۇ ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئومۇميۈزلۈك ئىچىلىدىغان قىمىز بىلەن ئوخشاش ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا سىكتىئانلارنىڭ يەنە بىر خىل ئومۇملاشقان يېمەكلىكى بولۇپ، بۇ پۈتكۈل مەركىزىي ئاسىيادا تارقالغان سۈتتىن ياسىلىدىغان قۇرۇت ئىدى.

بىزگە يەنە سىكتىئانلار بىلەن سارماتىئانلارنىڭ قىمىزدىن باشقا ئۈزۈم شارابىنىمۇ ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغانلىقى مەلۇم. ئوتتۇرا ئاسىيا ياكى جەنۇبىي رۇسىيە يايلىقىدا ئۈزۈم ئۆستۈرۈلمەيتتى، بىراق يۇنانلىقلار ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىدىكى خەلقلەر ئۈزۈم ئۆستۈرۈشنى ۋە ئۈزۈم شارابى ئىچىتىش تېخنىكىسىنى بىلەتتى، شۇڭا سىكتىئانلار بىلەن سارماتىئانلار مالنى مالغا تېگىشىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۆزلىرى ئېھتىياجلىق ئۈزۈم شارابىغا ئېرىشەتتى ⑲.

قىمىز ئېچىتىش ۋە ساقلاشتا ياغاچ كۆپ ئىشلىتىلگەن، يېمەكلىك تەييارلاشتا بەزىدە كۆندىن ياسالغان ئەسۋابلار ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن كۆپ ھاللاردا يۇملاق مىس قازان ئىشلىتىلگەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇنداق قەدىمكى قازانلار قېزىپ چىقىلدى. سىكتىئانلار ۋە سارماتىئانلار ساپال بۇيۇملارنى بىلمىگەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن ھايات كەچۈرگەنلىكىدىن ساپال بۇيۇملارنى ياساشقا ئانچە كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمىگەن بولۇپ، ئۇلار بىرقەدەر چىدامىلىق بولغان قاچا ـ قۇچىلارنى ئىشلىتىشنى ياخشى كۆرەتتى. مەسىلەن، شاراب ئىچىدىغان قەدەھلىرى ھايۋانلارنىڭ مۈڭگۈزىدىن ياسالغان بولسا، كاتتا مۇراسىملاردا ئۆزلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن

دۇشمەنلىرىنىڭ باش سۆڭىكىنى قەدەھ قىلاتتى. كىلاسسىك ئاپتورلار كۆن ئەسۋابلار ھەققىدە بىر نېمە دېمىگەن بولسىمۇ، سكىتىئانلار ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيا چارۋىچىلىرىغا ئوخشاش كۆن ئەسۋابلارنى ئىشلەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

سكىتىئانلار ۋە سارماتىئانلار ياغاچتىن ئادەتتىكى بۇيۇملارنى ياساشنى بىلگەن، بىراق ئۇلار ياشىغان كەڭرى يايلاقلاردا ئورمانلار ئاز بولغاچقا، قالايدىغان ئوتۇن تېپىش ناھايىتى مۇشكۇل ئىدى. ھېرىدوتنىڭ ئەسىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، سكىتىئانلار قۇرۇق سۆڭەكلەرنى يېقىلغۇ قىلغانىكەن، لېكىن ھېرىدوتنىڭ بۇ سۆزى قىلچىمۇ چەك باسمايدۇ، چۈنكى سۆڭەك ھەرقانچە قۇرۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ھەرگىز كۆيمەيدۇ، شۇڭلاشقا سكىتىئانلار ۋە سارماتىئانلار ئېھتىمال ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىگە ئوخشاش قۇرۇق تېزەكنى يېقىلغۇ قىلىپ ئىسسىنغان ۋە تاماق ئەتكەن بولۇشى مۇمكىن ⑳.

سكىتىئانلار ۋە سارماتىئانلارنىڭ مەدەنىي ھاياتىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى شۇكى، بارلىق قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسى ئاتنى پەقەتلا مىنىپ، ئۇنىڭغا هارۋا سۆرەتمىگەن. بىز دەسلەپتە بۇنىڭغا ئانچە ئېتىبار بەرمىگەنىدۇق، بىراق ھەر ھالدا قەدىمكى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئاتنىڭ مىنىشكە ئىشلىتىلىشتىن بۇرۇن هارۋا سۆرىتىشكە ئىشلىتىلگەنلىكىنى بىلىشىمىز كېرەك. جۇڭگو، ھىندىستان، مېسوپوتامىيە ۋە مىسىرنىڭ قەدىمكى تارىخىنى تەتقىق قىلساق، ئات بۇ رايونلارغا تارقىلىپ بىرقانچە ئەسىرگىچە بۇ رايونلاردىكىلەرنىڭ ئات مىنىشنى ئاساسەن بىلمىگەنلىكى ياكى بىلسىمۇ مىنىشكە ئانچە كۆڭۈل بۆلمەي، ئاتنى پەقەت جەڭ هارۋىلىرىنى سۆرەشكە سالغانلىقىنى بىلەلەيمىز. ھىندى ـ ياۋروپا خەلقلىرى «ئات مەدەنىيىتى» نىڭ ياراتقۇچىلىرى بولسىمۇ، ئۇلار ئاتنى هارۋا سۆرەشكە سېلىپ مىنىشكە ئىشلەتمىگەن. ھومېر دەۋرىدىكى يۇنانلىقلار ئاتنى ئوبدان بىلسىمۇ، لېكىن ئۇلارمۇ ئاتنى هارۋا

سۆرەشكە ئىشلەتكەن. بىزگە مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 7 ـ ئەسىردە ئولىمپىك مۇسابىقىسىدە ئات بەيگىسىنىڭ ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقى مەلۇم بولسىمۇ، شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قانچە ئەسىر ئىچىدە ئات هارۋىسى مۇسابىقىسى ئەڭ ئومۇملاشقان. تەخمىنەن مۇشۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 7 ـ ئەسىردە) ئەڭ بۇرۇنقى ئاتلىق ئەسكەرلەر بارلىققا كەلگەن، لېكىن ناهايىتى ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە يۇنان قوشۇنىنىڭ ئىچىدە ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ سانى ناهايىتى ئاز بولۇپ، ئانچە مۇھىم رول ئوينىمىغان، پەقەت ئالېكساندىر دەۋرىگە كەلگەندىلا يۇنانىنىڭ ئۇرۇشلىرىدا ئاتلىق ئەسكەرلەر تەدرىجىي هالدا مۇھىم ئورۇنغا ئۆتۈشكە باشلىغان.

رىملىقلار ناهايىتى بۇرۇنلا ئات مىنىشنى بىلگەندەك قىلىدۇ. ئۇلاردا «چەۋەندازلار قوشۇنى» نىڭ بولغانلىقى بۇنىڭ دەلىلى بولالايدۇ. كىلاسسىك ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىدىنمۇ ئاتلىق قوشۇنىنىڭ رىم قوشۇنلىرى ئىچىدىكى ئەڭ مەشھۇر قوشۇن ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز، بىراق بىر نۇقتىنى ئېسىمىزدە تۇتۇشىمىز كېرەككى، سان ۋە مۇھىملىق جەھەتتە شۇ چاغلاردىكى ئاتلىق قوشۇن ھەرگىزمۇ پىيادە قوشۇنغا يېتەلمەيتتى. «ئىچكى ئۇرۇش دەۋرى» دىن تارتىپ ئاتلىق قوشۇندىكىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ياقا يۇرتلۇق ياردەمچى ئەسكەرلەر بولۇپ، سان جەھەتتىن قاتتىق چەكلەنگەن. ئادەتتە ھەر بىر قوشۇن ئىچىدە ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ سانى تەخمىنەن 300 ئەتراپىدا بولسا، پىيادىلەرنىڭ سانى 6000غا يېتەتتى، رىملىقلارمۇ يۇنانلىقلارغا ئوخشاش ئات هارۋىسى مۇسابىقىسىگە ئات بەيگىسىگە قارىغاندا بەكرەك كۆڭۈل بۆلەتتى.

ئەڭ دەسلەپكى گېرمان ۋە سىلاۋىيان قەبىلىلىرى ئاتنى ئىنتايىن ئاز ئىشلەتكەن، پەقەت سېلتلار ئاتنى ئوبدان بىلىپلا قالماي، بەلكى يەنە دائىم ئاتلىق ئەسكەرلەرنى جەڭگە قاتناشتۇراتتى. بىراق، بۈيۈك بىرىتانىيەدە ئولتۇراقلاشقان

سىلىتلار بىلەن ياۋروپا چوڭ قورۇقلۇقىدا ئۇلىتۇراقلاشقان سىلىتلار ئوتتۇرىسىدا زور پەرق مەۋجۇت ئىدى. ئالدىنقىسى نورغۇنلىغان ھىندى ـ ياۋروپالىقلارغا ئوخشاش جەڭ قىلغاندا جەڭ ھارۋىلىرىغا تايىناتتى، ئەمما ياۋروپا چوڭ قورۇقلۇقىدا ئولتۇراقلاشقان سىلىتلار چەۋەنداز نامى بىلەن مەشھۇر ئىدى. بىزنىڭ «سىلىتلار ئات مىنىش ماھارىتىنىڭ كۆپ قىسمىنى سكىتئانلاردىن ئۆگەنگەن» دېيىشكە نورغۇنلىغان ئاساسىمىز بار.

مەركىزىي ئاسىيادا ئاتقا مىنىشمۇ چوقۇمكى ئاتقا ھارۋا ياكى جەڭ ھارۋىسى سۆرىتىشتىن كېيىن بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن، قەدىمكى ھىندىلار ئىرانئىئانلارنىڭ قېرىنداشلىرى بولۇپ، ئىلگىرى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىدا ياشايتتى، ئۇلار جەڭ ھارۋىسىنى ھەيدىگۈچىلەر بولۇپ، ئات ئۈستىدىكى چەۋەندازلار ئەمەس ئىدى. بۇ پاكىتلاردىن بىز ئاتقا مىنىش تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتى ھىندى ئارىيانلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئايرىلغاندىن كېيىن بارلىققا كەلگەن دېيەلەيمىز.

بىز ئەمدى تېخىمۇ قەدىمكى مەدەنىيەت تارىخى ئۈستىدە ئىزدىنىپ باقايلى. ناھايىتى قەدىمكى زامانلاردا مېسوپوتامىيەلىكلەر چاقنى ئىجاد قىلغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلار يەنە ھارۋىنىمۇ ئىجاد قىلغان. ئەينى چاغدا ئات ئۇلارغا مەلۇم بولمىغاچقا، كالا ياكى ئېشەككە ھارۋىلارنى سۆرەتكەن، ئەمما كالىنى ھارۋا سۆرىتىشكە بولسىمۇ، مىنىشكە بولمايتتى، بۇمۇ بەلكىم ھەرقايسى جايلاردا ھارۋا سۆرىتىشنىڭ مىنىش تېخنىكىسىدىن بۇرۇن بارلىققا كەلگەنلىكىنىڭ ھەقىقىي سەۋەبى بولسا كېرەك.

ھارۋا ئىشلىتىش تەدرىجىي ھالدا مېسوپوتامىيەدىن ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقىلىپ كىرگەن، نەتىجىدە قەدىمكى ھىندى ـ ياۋروپا خەلقلىرى ھارۋىنى تەقلىد قىلىپ ئىشلەتكەن. ئەڭ دەسلەپتە بۇ ھىندى ـ ياۋروپا خەلقلىرى ھارۋىنى كالىغا سۆرەتكەن

(سكتىئانلار دەۋرىدە ئۇلارنىڭ كالىغا «چېدىر ھارۋىلىرى» نى سۈرەتكەنلىكى مەلۇم)، بىراق ئۇلار ئەڭ دەسلەپ ئاسىيا يايلاقلىرىدا كۆپەيگەن ياۋا ئاتلارنى كۆندۈرۈشتە مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندىن كېيىن، ئاتنى مىنىشكە ئىشلەتمەي كالىنىڭ ئورنىغا ھارۋا سۆرىتىشكە ئىشلەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ھارۋىلار جەڭ ھارۋىلىرىغا ئۆزگەرتىلگەن بولۇپ، بۇ ناھايىتى تەبىئىي تەرەققىيات ئىدى. بۇنى نۇرغۇنلىغان ھىندى ـ ياۋروپا خەلقلىرى قوللىنىپلا قالماي، ھىندى ـ ياۋروپالىق بولمىغان خەلقلەرمۇ قوللانغان.

بىراق، نۇرغۇن ئەسىرلەردىن كېيىن ھىندى ـ ياۋروپالىقلار دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقىلىپ بولغاندا، يەنىلا ئوتتۇرا ئاسىيادا قالغان ھىندى ـ ياۋروپالىقلار، يەنى سكتىئانلار ۋە سارماتىئانلار تاسادىپىي ھالدا ئۆزۈندىن بىرى ھارۋا سۆرىتىشكە ئىشلىتىۋاتقان ئاتنى مىنگىلى بولىدىغانلىقىنى بايقاپ قالغان. بۇ بىر مۇھىم ئىش بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك كۆپلىگەن ۋەقەلەر پەيدا بولدى، سكتىئانلار بىلەن سارماتىئانلار ھىندى ـ ياۋروپا خەلقلىرىگە تەۋە بولسىمۇ، ئۇلارنى بىر خىل يېڭى، شۇنداقلا مۇھىم بولغان مەدەنىيەتنىڭ ئىختىراچىلىرى دەپ ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز ㉑.

ئاتقا مىنىش بارلىققا كەلگەندىن كېيىن نۇرغۇنلىغان تەرەققىياتلار شۇنىڭغا ئەگىشىپ بارلىققا كەلدى، بولۇپمۇ ئاتنىڭ جابدۇقلىرى بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر. ئات جابدۇقلىرىنىڭ بەزىسى ئەمەلىي ئىشلىتىلگەن (مەسىلەن، يۈگەن) بولسا، بەزىلىرى بېزەك سۈپىتىدە (مەسىلەن، ئات جابدۇقلىرىنىڭ بېزەكلىرى) ئىشلىتىلگەن بولۇپ، تەدرىجىي ھالدا سكتىئانلار ۋە سارماتىئانلارنىڭ قەبرىلىرىدىكى ئەڭ مۇھىم بۇيۇملار بولۇپ قالغان، لېكىن بۇ ئەلۋەتتە يېتەرلىك ئەمەس. چۈلۋۇر ناھايىتى بۇرۇنلا ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئات ھارۋا سۆرەشكە ئىشلىتىلگەندىلا ئىشلىتىلىشكە باشلانغانلىقى مەلۇم، بىراق ئات

مىنىش تېخنىكىسى تەرەققىي قىلغاندىن كېيىن ئېگەرنى كەشىپ قىلىش زۆرۈر بولۇپ قالغان. بۇنىڭدىكى بىر ئىش ناھايىتى قىزىقارلىق، ئەسلىدە سارماتىئانلار بىلەن سكىتىئانلار ئوخشاشلا ئۆزەڭگە ئىشلىتىشنى بىلىشى كېرەك ئىدى، بىراق ئۆزەڭگىنى سارماتىئانلارلا بىلگەن. بۇنىڭدىن ئات ۋە ئات مىنىش تېخنىكىسىنىڭ ئەڭ بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىدا پەيدا بولغانلىقىنى، سكىتىئانلارنىڭ بۇ رايوندىن ئايرىلىپ جەنۇبىي رۇسىيەدىكى يېڭى ماكانغا كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىدا ئات جابدۇقلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلغانلىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ ㉒.

ئات جابدۇقلىرىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىم بولغىنى شۇكى، ئاتقا مىنىش ئادىتى ئىنسانىيەتنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىگە زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەن. بۇنىڭدا دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى ئىشتاننىڭ بارلىققا كېلىشى ئىدى، پەقەت ئىشتان كىيگەندىلا ئاندىن ئادەمنىڭ ئىككى پۇتى ئات ئۈستىدە ئەركىن ھەرىكەت قىلالايتتى.

ئاق تەنلىكلەر ئامېرىكا ۋە ئاۋستىرالىيەگە كېلىشتىن ئىلگىرى بۇ ئىككى جايدىكىلەر ئىشتان كىيىشنى بىلمەيتتى، سەھرايى كەبىرنىڭ جەنۇبىدىكى ئىپتىدائىي ئافرىقا مەدەنىيەتلىرىدە ئىشتاننىڭ بولغانلىقى مەلۇم ئەمەس، ئەڭ قىزىقارلىقى شۇكى، بارلىق قەدىمكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ ھېچقايسىسىدا ئىشتان يوق ئىدى.

جۇڭگوغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، يېقىنقى زاماندىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىدە ئىشتان ئەڭ ئومۇملاشقان، چۇنكى قىز - ئاياللارمۇ ئىشتان كىيىشكە ئادەتلەنگەن، بىراق بىزگە مەلۇمكى، جۇڭگونىڭ قەدىمكى كىيىم - كېچەكلىرى ئىچىدە پەقەت كەڭرى تونلا بار ئىدى. جۇڭگولۇقلار مىلادىيە 3 - ئەسىرگە كەلگەندە ئاندىن ئىشتان كىيىشنى

بىلگەن، مىلادىيە 7 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ئىشتان كىيىش ئاندىن پۈتۈنلەي ئومۇملاشقان. بىز بىۋاسىتە تارىخىي ماتېرىياللاردىن جۇڭگولۇقلارنىڭ ئىشتان كىيىشىنىڭ بىۋاسىتە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

ھىندىستاننىڭ ئەھۋالىمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش ئىدى. چۈنكى، ئەڭ دەسلەپتە ھىندىستانغا بېسىپ كىرگەن ھىندى ئىرانىئانلىرى ئات مىنىشكە ئەمەس، ھارۋىغا ئولتۇرۇشقا ئادەتلەنگەن، شۇڭا قەدىمكى ھىندىلار ئىشتان كىيىشنى بىلمىگەن. تاھازىرغىچە ئىشتاننىڭ ھەقىقىي ھىندىستان مەدەنىيىتىدە ھېچقانداق ئورنى يوق. پەقەت ھىندىستاندىكى مۇسۇلمانلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىرانىئانلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىشتان كىيىدۇ. يەنىمۇ غەربكە يۈزلەنگەندە، مېسوپوتامىيە تەۋەسىدىكى قەدىمكى سىمېرىئانلار، بابىلونلۇقلار ۋە ئاسسۇرىيەلىكلەرنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ ئىشتان كىيىشنى بىلمەيدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ، بۇ ئەھۋال مىسىرلىقلار ۋە شىمالىي ئافرىقىدىكى باشقا قەدىمكى خەلقلەردىمۇ شۇنداق. ھەتتا يۇنانلىقلار ۋە رىملىقلارمۇ ئەزەلدىن ئىشتان كىيىپ باقمىغان. قەدىمكى گېرمانلار ۋە بىزگە مەلۇم بولغان سىلاۋىيانلار بولسا يوپكىنى ۋە ھايۋان تېرىلىرىنى ئىشتان ئورنىدا ئىشلەتكەن، ئەمەلىيەتتە پۈتۈن ياۋروپادىكى قەدىمكى ئاھالىلەر ئىچىدە پەقەت سېلتلارلا ئىشتان كىيىشنى بىلگەن.

بۇ يەردە بىز يەنىلا بىرىتانىيەدىكى سېلتلار بىلەن ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى سېلتلارنى ئايرىپ مۇھاكىمە قىلىشىمىز كېرەك. ئالدىنقىسى پەقەت قىسقا يوپكا (kilt) كىيگەن بولۇپ، بۇ تارىختىن ئىلگىرىكى دەۋر ۋە دەسلەپكى ھىندى ـ گېرمان دەۋرىدىكى ياۋروپا كىيىملىرىدىن كەلگەن. كېيىنكىسى بولسا ئىشتان كىيىش بىلەن تونۇلغان بولۇپ، ئۇلار ئىشتاننى «bracca» دەپ ئاتىغان. بىزنىڭ ھازىر كالتە ئىشتاننى

«breeches» دەپ ئاتىشىمىزمۇ شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان، رىملىقلار ئۇلارنى «Galla Braccata»، يەنى ئىشتان كىيىدىغان گاللىيەلىكلەر دەپ ئاتاشقان. بىز مۇشۇلاردىن ئەينى چاغدا ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى سىپىلىتلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىشتان كىيىدىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. ناھايىتى ئېنىقكى، كېيىنكى گېرمانلار ئىشتان كىيىشنى سىپىلىتلاردىن ئۆگىنىۋالغان.

قەدىمكى سىپىلىتلارنىڭ ئىشتان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە بىر نۇقتا ناھايىتى قىزىقارلىق، ئۇ بولسىمۇ، بىرىتانىيەلىكلەر ئىچىدىكى يوپكا كىيىدىغانلارنىڭ ئاساسەن سىپىلىت تىلى بىلەن سۆزلىشىدىغان خەلقلەر بىلەنلا چەكلىنىدىغانلىقىدۇر. قەدىمكى سىپىلىتلاردىن ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىدا ئولتۇراقلاشقانلىرى ئىشتان كىيگەن بولسا، بىرىتانىيەدە ئولتۇراقلاشقانلىرى يوپكا كىيگەن. ئۇلارنىڭ جۇغراپىيەلىك جايلىشىشى مۇشۇنداق بولغانلىقتىن، چوڭ قۇرۇقلۇقتا ئولتۇراقلاشقانلارنىڭ ئىشتان كىيىشنى بىلىشىنىڭ سكىتئانلار بىلەن ئۇزاق مۇددەتلىك ئالاقە قىلغانلىقىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق ㉓.

بىز ئەمدى سكىتئانلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىدىكى باشقا بىرقانچە ئالاھىدىلىكنى مۇھاكىمە قىلىپ ئۆتەيلى. قەدىمكى كۆپلىگەن مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىكى خەلقلەرنىڭ ياغاچ كەش كىيگەنلىكى بىزگە مەلۇم، بىراق سكىتئانلار ۋە سارماتىئانلار بۇنىڭ ئەكسىچە كۆندىن تىكىلگەن كەش ۋە ئۆتۈك كىيگەن، كۆندىن تىكىلگەن كەش ۋە ئۆتۈكمۇ ئىشتانغا ئوخشاش ئوتتۇرا ئاسىيادا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، تەدرىجىي ھالدا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارالغان. سكىتئانلار ۋە سارماتىئانلار ئۇچىسىغا چاپان ياكى تون كىيگەن بولۇپ، ئىزمە ئىشلەتمەي بەلباغ بىلەن بېلىنى باغلىغان. تونى ناھايىتى كەڭ بولسىمۇ، لېكىن يېڭى تار بولغان. تون ئۈستىگە ئالتۇن ياكى مىس قاداقلارنى قاداپ زىننەتلىگەن. بېشىغا كىچىك قالپاقلارنى كىيگەن بولۇپ، نۇرغۇنلىغان قەبىلىلەرنىڭ قالپىقىنىڭ تۆپىسى

ئۇچلۇق ئىدى ㉔.

ئۇلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ ماتېرىياللىرى توغرىسىدىكى مەسىلىمۇ ناھايىتى قىزىقارلىقتۇر. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن قوي يۇڭىدىن توقۇلغان نۇرغۇنلىغان كىيىم - كېچەكلەر تېپىلغان بولسىمۇ، بىراق كىلاسسىك ئاپتورلار بىزگە سىكتىئانلارنىڭ توقۇمىچىلىقتىن خەۋەرسىز ئىكەنلىكىدىن مەلۇمات بېرىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، قەبرىلەردىن بايقالغان قوي يۇڭىدا توقۇلغان رەختلەر يۇناندىن تارقىلىپ كىرگەن بولۇشى مۇمكىن. سارماتئىئانلار بىلەن سىكتىئانلارنىڭ ئەسلىي كىيىم - كېچەكلىرى بىۋاستە ھايۋانات تېرىلىرىدىن تىكىلگەن، بۇ تېرىلەر ئاساسەن يايلاقتا كۆپەيگەن كۆشىگۈچى ھايۋانلاردىن ئېلىنغان ㉕.

سىكتىئانلار بىلەن سارماتىئانلار يەنە ھەرخىل زىننەت بۇيۇملىرىنى، مەسىلەن، ئۈزۈك، بىلەزۈك ۋە زەنجىر قاتارلىقلارنى بەكلا ياقتۇرغان، يەنە ھالقىمۇ ئاسقان. بىراق قەدىمكى زاماندىكى سىكتىئانلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى يېقىنقى زاماندىكى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى بىلەن ئوخشاپ كېتىدىغان بولۇپ، ئەرلەر بىرلا قۇلىقىغا ھالقا ئاسقان. بۇ زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى يەرلىك ئۇستىلار ئالتۇندىن ياسىغان، ئالتۇن زىننەت بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىشقا قۇربى يەتمىگەنلەر تاشتىن ياسالغان زىننەت بۇيۇملىرى (بۇ شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىن چىقاتتى) ياكى ئەينەك بۇيۇملارنى ئاسقان، ئەينەك بۇيۇملار ئەينى چاغدا ئوتتۇرا دېڭىز رايونىدىن توشۇپ كېلىنگەنىدى.

سىكتىئانلار ئۆزلىرىنىڭ ئېسىل كىيىملىرى ۋە زىبۇ - زىننەتلىرىدىن ھۇزۇرلىنىش ئۈچۈن (ئېھتىمال پەقەت ئاياللار بىلەنلا چەكلەنگەن بولۇشى مۇمكىن) نەپىس مىس كۆرگۈنىمۇ ئىشلەتكەن. نۇرغۇنلىغان مىس كۆرگۈلەر جۇڭگودىكى قەدىمكى

قەبرىلەردىن چىققان مىس كۆرگۈ بىلەن ئوخشاپ قالاتتى ㉖.

ئەمدى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا سىكتىئانلار بىلەن سارماتىئانلار جەڭ قىلغاندا بەدىنىنى مۇهاپىزەت قىلىش ئۈچۈن كىيىدىغان ساۋۇتلار ئۈستىدە توختىلايلى. ساۋۇتنىڭ ئاساسلىق قىسمى مۇرە ـ بىلەك دالدىلىغۇچ ۋە يۇرەك دالدىلىغۇچ ئىدى، ئۇلار يەنە دۇبۇلغا كىيەتتى. دەسلەپتە بۇ ساۋۇتلار كۆندىن تىكىلگەن بولۇپ، كېيىنچە ئۇلار كۆن ساۋۇت ئۈستىگە قاتتىق قاسراقلارنى ئورنىتىپ تېخىمۇ مۇستەهكەم قىلغان، مانا بۇ دەل «قاسراقلىق ساۋۇت» ئىدى. كىلاسسىك ئاپتورلارنىڭ بەرگەن مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا، بۇ قاسراقلار هايۋانات مۈڭگۈزى ياكى ئات تۇيىقىدىن ياسالغان، بىراق ئارخېئولوگىيەلىك تەتقىقاتلاردىن قارىغاندا، بۇ قاسراقلار كۆپىنچە هايۋانات ئۈستىخانلىرى، بىرونزا ۋە تۆمۈردىن ياسالغان. بۇ قاسراقلار كۆن ياكى توقۇلما ئۈستىگە رەتلىك ئورنىتىلغاندى. تېخىمۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئاتقىمۇ نۆكەرلەرگە ئوخشاش قاسراقلىق ساۋۇت يېپىلغان.

بۇ يەردە ئالاهىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر نۇقتا شۇكى، سارماتىئانلارنىڭ قاسراقلىق ساۋۇتلىرى سىكتىئانلارنىڭكىدىن ئېشىپ كەتكەن. بۇ پاكىت مۇنداق بىر قاراش بىلەن ئۆزئارا ماس كېلىدۇ، يەنى قاسراقلىق ساۋۇت ئەڭ دەسلەپ بارلىققا كەلگەن جاي ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبى ياكى ئىران ئېگىزلىكى بولۇپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىغا تارقىلىپ كىرگەن ۋاقتى سىكتىئانلار بۇ رايوندىن ئايرىلىپ جەنۇبىي رۇسىيەگە كۆچۈپ بارغاندىن كېيىنكى ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ ㉗.

ئەمدى مۇلاهىزىمىزنى مۇداپىئە جابدۇقلىرىدىن هۇجۇم قوراللىرىغا يۆتكەيلى. سىكتىئانلار بىلەن سارماتىئانلارنىڭ ئەينى چاغدا هەر خىل قوراللارنى بىلىپ بولغانلىقى ۋە ئىشلەتكەنلىكى بىزگە مەلۇم. مەسىلەن، ئۇلار پالتا، نەيزە ۋە

قىلىچلارنى ئىشلەتكەن، سكىتئىيانلارنىڭ قىلىچى ناھايىتى قىسقا بولۇپ، خەنجەرگە ئوخشاپ قالاتتى، بىراق سارماتئىيانلارنىڭ ئۆلچەملىك قىلىچلىرى ئۇزۇن ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ قورال ـ ياراغلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشىشىپ كېتەتتى، ئۇلار بەزىدە سالغا ۋە مەنچاناق قاتارلىق قوراللارنى ئىشلەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئەمەلىي جەڭدە بۇلار مۇھىم ئورۇن تۇتمايتتى ㉘.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالى بىلەن جەنۇبىي رۇسىيەنىڭ قەدىمكى ئاھالىلىرىنىڭ قوراللىرى ئىچىدە ئوقيا ئەڭ مۇھىم ئىدى. بەزى سارماتئىيانلار ئوقيانى سكىتئىيانلارغا قارىغاندا ئازراق ئىشلەتكەندەك قىلسىمۇ، لېكىن ئوقيا سارماتئىيانلار ئۈچۈن يەنىلا ئەڭ مۇھىم قورال بولۇپ ھېسابلىناتتى. بۇ ئوقيالار قىسقا بولسىمۇ، لېكىن كۈچلۈك ، يەنە كېلىپ مۇرەككەپ بولۇپ، ئوق باشىقى سۆڭەك، تاش، بىرونزا ياكى تۆمۈردىن ياسىلاتتى، سارماتئىيانلارنىڭ بەزى قەبىلىلىرى ئوق ئۇچىغا زەھەر سۈركەشنى بىلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ سارماتئىيانلارنىڭ ئارىسىدا ئانچە ئومۇملاشمىغان. ئېلىپ يۈرۈشكە ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن، ئۇلار ئوق قېپى ۋە يا قېپىنى بىرلەشتۈرۈپ ئىشلەتكەن. يۇنانلىقلار بۇنى «gorytus» دەپ ئاتىغان. بۇ نەرسىنىڭ بېزەكلىرى ناھايىتى چىرايلىق بولۇپ، ھەرقايسى جايلاردىكى سكىتئىيان قەبرىلىرىدىن كۆپلەپ قېزىۋېلىنغان. سكىتئىيانلار بىلەن سارماتئىيانلار ئات ئۈستىدە تۇرۇپ ئوقيا ئېتىشقا ئادەتلەنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ خىل ماھارىتى ئەتراپتىكى يات قوشنا خەلقلەرنى ناھايىتى ھەيرەتتە قالدۇرغان. شۇڭلاشقا ئۇلار سكىتئىيانلارنى «ئات ئۈستىدىكى ئوقياچىلار» دەپ ئاتاشقان ㉙.

ياۋروپا ۋە ئاسىيادىكى ھەرقايسى خەلقلەردە ئوقيانىڭ ھۇجۇم قورالى سۈپىتىدە ئومۇملىشىشىدىكى ئاساسلىق تۆھپە سكىتئىيانلارغا مەنسۇپ بولۇشى كېرەك. ئوقيا ئەڭ قەدىمكى بىر

خىل قورال بولۇپ، تاكى يېقىنقى دەۋرلەرگىچە ئۇنى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۇچراتقىلى بولاتتى، بىراق ئەڭ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى، دەسلەپكى دەۋرلەردىكى نۇرغۇنلىغان چوڭ ھەربىي دۆلەتلەر ئۇنى ئانچە ئىشلەتمىگەن. جەنۇبىي، شىمالىي ئامېرىكىدىكى نۇرغۇنلىغان بەدەۋى قەبىلىلەر ھەقىقەتەنمۇ ئوقيا ماھىرلىرى بولسىمۇ، بىراق پېرۇ ۋە مېكسىكىدا قۇرۇلغان ئاشۇ چوڭ ئىمپېرىيەلەردە بۇنىڭغا ئوخشىمايدىغان باشقىچە بىر قورال ئىشلىتىلگەن.

ياۋروپا ۋە ئاسىيادىكى نۇرغۇنلىغان بەدەۋى خەلقلەرنىڭ ھەممىسى ئوقيا ئىشلەتكەن، بىراق قەدىمكى جۇڭگونىڭ قوشۇنلىرىدا بولسا باشقىچە بىر خىل قورال ئىشلىتىلگەن. يۇنانلىقلار بىلەن رىملىقلار ئوقيانى ئىشلىتىشنى پىششىق بىلەتتى ھەم ئۇلارنىڭ قوشۇنلىرىدا مەخسۇس ئوقياچىلار بار ئىدى، ئەمما ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ھۇجۇم قورالى ئۇزۇن نەيزە ۋە قىلىچ ئىدى. گېرمان خەلقلىرىمۇ ئوقيانى كۆپ ئىشلەتمىگەن، مىسىر، بابىلونىيە ۋە ئاسسۇرىيەدە بولسا ئوقيا ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلگەن.

بىراق، ئوتتۇرا قەدىمكى زاماندا ئوقيانىڭ جۇڭگو ۋە ياۋروپانىڭ ئۇرۇش ئىشلىرىدا مۇھىم ئورۇن تۇتقانلىقىنى بايقايمىز. بۇنىڭدىن ئوقيانىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلىشىنىڭ مەركىزي ئاسىيانىڭ تەسىرىدىن بولغانلىقىنى، يەنى بۇ، سكىتىئانلاردىن بىۋاسىتە قوبۇل قىلىنمىغان بولسىمۇ، كېيىنكى دەۋرلەردە بۇ رايوندا ئولتۇراقلاشقان ھەم سكىتىئانلارنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان كىشىلەرنىڭ تەسىرىدىن بولغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. بىراق قەدىمكى سكىتىئانلار بىلەن ئوتتۇرا قەدىمكى زاماندىكى ياۋروپالىقلارنىڭ جەڭ قىلىش ئۇسۇللىرىدا ئوخشىمايدىغان تەرەپلەرمۇ بار ئىدى. سكىتىئانلار ھەم چەۋەنداز، ھەم كامانداز ئىدى، ئەمما ياۋروپالىقلار چەۋەندازلار بىلەن كاماندازلارنى ئايرىۋەتكەنىدى.

ياۋروپادا كاماندازلارنىڭ كۆپ قىسمى پەقەت پىيادە جەڭ قىلىدىغان دېھقان ئەسكەرلەر بىلەنلا چەكلەنگەن، چەۋەندازلار بولسا دائىم ئۇزۇن نەيزە ۋە قىلىچ ئىشلەتكەن. بۇ نۇقتىدا ياۋروپالىق چەۋەندازلار سارماتىئانلارغا ئوخشاش بولۇپ، سارماتىئانلار ئوقيا ئېتىشقا ماھىر بولسىمۇ، بىراق ئۇلار ئۇزۇن نەيزە ۋە قىلىچ ئىشلىتىشنى ياخشى كۆرەتتى.

سارماتىئانلار ئىچىدىكى بەزى قەبىلىلەر توغرىسىدا رىم تارىخچىسى تاسىتۇ: «ئاتلىق ئەسكەرلەر تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغاندا .... ئۇلارنى توسۇۋېلىش تەس ئىدى. ئۇلارنىڭ قوراللىرى ئۇزۇن نەيزە ياكى يوغان قىلىچ بولۇپ، ئىككى قولىدا تۇتاتتى. ئۇلارنىڭ سەركەردىلىرى ئۇچىسىغا ساۋۇت كىيىۋالىدىغان بولۇپ، ساۋۇت تۆمۈر قاسراقلار ياكى پۇختا كۆندىن تىكىلەتتى، شۇڭا رەقىبلىرى ئۇلارنى ئاسانلىقچە يارىلاندۇرالمايتتى، بىراق ئۇلارنىڭ جابدۇقى ئېغىر بولۇپ، ناۋادا يىقىلىپ چۈشسە ئورۇندىن تۇرۇشى تەس ئىدى» دەپ مەلۇمات بەرگەن. مىلادىيە 1 ـ ئەسىردىكى سارماتىئانلارغا دائىر بۇ بايانلار ئوتتۇرا قەدىمكى زاماندىكى ياۋروپا چەۋەندازلىرى توغرىسىدىكى بايانلار بىلەن پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئوخشىشىپ قالىدۇ ⑳.

ئەمدى سىكتىئانلار بىلەن سارماتىئانلارنىڭ تۇرالغۇلىرىنى مۇلاھىزە قىلىپ باقايلى. بۇمۇ ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرىدۇر. سىكتىئانلار بىلەن سارماتىئانلار ئەسلىي ماھىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەر بولۇپ، شەھەر ـ بازارلار ۋە مەھەللىلەردە مۇقىم ئولتۇراقلىشىشنى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەيتتى، شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ پېرسىيەلىكلەر ۋە جۇڭگولۇقلارغا ئوخشاش خىش ـ كاھىش قۇرۇلمىلىق ئىمارەتلىرىمۇ، شىمالىي ياۋروپا ۋە غەربىي ياۋروپالىقلارنىڭكىدەك ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيىمۇ يوق ئىدى، ئۇلار كىگىزدىن ياسالغان چېدىردا ئولتۇراتتى. ۋاھالەنكى، سىكتىئانلار بىلەن سارماتىئانلارنىڭ كىگىز ئۆيلىرىنى قەدىمكى

كىلاسسىك ئاپتورلار تولۇق تەسۋىرلىمىگەچكە، ئۇنىڭ شەكلى توغرىسىدا بىزگە ھېچقانداق نەرسە مەلۇم ئەمەس. شۇنداق بولسىمۇ سىكتىئانلار بىلەن سارماتىئانلار ئولتۇرغان كىگىز ئۆي ھازىرقى «يۇرت» (yurt ،叶脱) ياكى «كىبىتكا» (吉别脱卡، kibitka) تىپىدىكى چېدىرنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى شەكلى بولۇشى مۇمكىن، بۇ يەردىكى «يۇرت» تىپىدىكى كىگىز ئۆي ئوتتۇرا ئاسىيا كۆچمەن چارۋىچى خەلقلىرى تاھازىرغىچە ئولتۇرۇپ كېلىۋاتقان بىر خىل تۇرالغۇ شەكلىدۇر.

بۇنداق «يۇرت» غەربىي سىبىرىيەدىن بايقالغان بولۇپ، ئۇ شىمالىي ئامېرىكا ئىندىيانلىرىنىڭ يۇمىلاق كىگىز ئۆيى بىلەنمۇ ئوخشىمايتتى ھەم ئەرەبلەر بىلەن تىبەتلەرنىڭ تۆت بۇرجەكلىك كىگىز ئۆيىدىنمۇ پەرقلىنەتتى. «يۇرت» نىڭ سىرتى يۇمىلاق، تۆپىسى ئۇچلۇق بولۇپ، خۇددى مورىغا ئوخشاش ئىدى. «ئىچى كېرىگىلەر بىلەن بۆلەكلەرگە ئايرىلغان، يەنى 6 — 10 بۆلەككىچە ئايرىلغان بولۇپ، بۆلەكلەرنىڭ ئارىلىقىنى تارايتقىلى ھەم كېڭەيتكىلى بولاتتى. ئۈستى چاڭغىراقلارنى ئورنىتىش ئارقىلىق ياسىلاتتى».

بۇنداق «يۇرت» نىڭ ئىپتىدائىي شەكلى قەدىمكى سىكتىئانلارنىڭ چېدىر ئۆيىنىڭ ئۆزى بولۇپ، ھەممىسىدە كېرىگىلەردىن قۇرۇلما ھاسىل قىلىنىپ ئاندىن كىگىز يېپىلاتتى. خۇددى لائۇفېر كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، كىگىز ئېتىش ئوتتۇرا ئاسىيادىن باشقا جايلارغا تارقالغان يەنە بىر مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى بولۇشى مۇمكىن. كولومبو دەۋرىدىن ئىلگىرىكى ئامېرىكا خەلقلىرى كىگىزنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيتتى، ئافرىقىدىمۇ كىگىز يوق ئىدى، مىسىرلىقلار گەرچە قوي بېقىپ يۇڭىدىن كىيىم ـ كېچەكلەرنى توقۇپ كىيگەن بولسىمۇ، لېكىن زادىلا كىگىز ئېتىپ باقمىغان. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىدىكى يۇنانلىقلار ۋە رىملىقلار، شەرقىدىكى جۇڭگولۇقلار كىگىزنى بىلسىمۇ، لېكىن كىگىز ئۇلارنىڭ

تۇرمۇشىدا مۇھىم ئورۇن تۇتمىغان، بولۇپمۇ جۇڭگولۇقلار قوي بېقىشنى بىلگەن بولسىمۇ، بىراق قوي يۇڭىدىن يىپ ئېشىپ كىيىم توقۇپ باقمىغان. بىراق مەركىزىي ئاسىيادا سىكتىئان دەۋرىدىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە كىگىز ئېتىش تۇرمۇشتا ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن، شۇ سەۋەبتىن دۇنيادا كىگىز ئېتىش تېخنىكىسىنى ئەڭ بۇرۇن سىكتىئانلار بىلەن سارماتىئانلار ئىختىرا قىلغان دەپ مۇئەييەنلەشتۇرەلەيمىز.

سىكتىئانلار بىلەن سارماتىئانلار يايلاق خەلقى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ تۇرالغۇلىرىمۇ يۆتكەشكە ئاسان بولۇشنى تەلەپ قىلاتتى. ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۇچۇن ئۆزلىرىنىڭ يۇرتىنى (چېدىرىنى) چۇۋۇش - يۆتكەشكە ئاسان قىلىپ ياسىغان. كېرىگە بىلەن كىگىزنى كىچىك قىلىپ قاتلىغىلى بولىدىغان بولۇپ، ئات ئۇستىگە ئارتىپ يۇرۇشكە بەك قولاي ئىدى.

بىراق، قەدىمكى سىكتىئانلار بىلەن سارماتىئانلار كىگىز ئۆينى يۆتكەشكە ئاسان بولسۇن ئۇچۇن، ئۇنى چوڭ ھارۋا ئۇستىگە قۇرۇپ كالىغا سۆرەتكەن. بۇنى بۇرۇنلا سۆزلەپ بولغانىدۇق، ئەمما بەزى چاغلاردا كىگىز ئۆي بىلەن ھارۋىنى ئايرىۋېتىشكە بولمايتتى، ئۇنداقتا سىكتىئانلارنىڭ يېزا - قىشلاقلىرىنىڭ ھەممىسى يۆتكىلىپ تۇرامدۇ؟ ئۇنداق ئەمەس، بەزى چاغلاردا كىگىز ئۆينى ھارۋىدىن ئېلىپ يەرگە قۇرۇشقىمۇ بولاتتى ㉛.

سىكتىئانلار بىلەن سارماتىئانلارنىڭ كىگىز ئۆيىنىڭ ئىچكى بېزىلىشى ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، يەرگە ئاساسەن كىگىز - شىرداق سېلىناتتى، بەزى چاغلاردا كىگىز - شىرداق ئىشلىتىلمەي ئورنىغا گىلەم سېلىناتتى. گىلەم توقۇش بەلكىم شىرداق توقۇشتىن تەرەققىي قىلغان بولۇشى مۇمكىن. گىلەم توقۇشمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ يەنە بىر ئىختىراسى ئىدى. گىلەمنى ئەڭ بۇرۇن توقۇغانلار ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ

شىمالىي قىسمىدىكى سىكتىئانلار ۋە سارماتىئانلار ياكى مەدەنىيەت جەھەتتە تېخىمۇ ئالغا كەتكەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبى ۋە ئىران ئېگىزلىكىدىكى خەلقلەر بولۇشى مۇمكىن ㉜.

قەدىمكى سىكتىئانلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى توغرىسىدىكى مۇلاھىزىمىزنى ئاخىرلاشتۇرۇشتىن بۇرۇن ئۇلارنىڭ جەمئىيەت تۈزۈلمىسىنى بايان قىلىشىمىز زۆرۈر. سىكتىئانلار ۋە سارماتىئانلار ئۆزلىرى بىلەن بىر ۋاقىتتا ياشىغان باشقا خەلقلەرگە ئوخشاش (بىرقانچە يۇنان دۆلەتلىرىدىن باشقا) خانلىق تۈزۈمىنى يولغا قويغان بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمدارىغا بويسۇناتتى. بۇ ھۆكۈمدارلارنىڭ بەزىلىرى قەبىلىلەرنىڭ ئاقساقاللىرى بولسا، بەزىلىرىنى ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق پادىشاھ دېيىشكە بولاتتى. قەدىمكى گېرمان قەبىلىلىرىنىڭ ئاقساقاللىرىنىڭ ئەمەلىي ھوقوقى ناھايىتى كىچىك بولسىمۇ، بىراق سىكتىئانلار ۋە سارماتىئانلارنىڭ ھۆكۈمدارلىرىنىڭ يۇقىرىغا بولغان ھوقوقى ناھايىتى چوڭ ئىدى. ھەر قېتىملىق جەڭدە غەلىبە قازانغاندىن كېيىن ئولجىلارنى مۇشۇ ئاقساقاللار جەڭچىلەرگە بۆلۈپ بېرەتتى، ئۇلار يەنە بارلىق تالاش ـ تارتىشلارغا ھۆكۈم قىلغۇچى ئىدى. بەزىدە ئۇلار ئۆزلىرىنى تەڭرىنىڭ بالىسى دەپ ئاتاپ، ئادەتتىكى خەلقلەردىن ئۈستۈن ئورۇنغا قوياتتى ㉝.

سىكتىئان ۋە سارماتىئانلارنىڭ كۆپلىگەن قەبىلىلىرى باشقا قەبىلىلەرگە قارىغاندا پۈتۈنلەي مۇستەقىل ئىدى. لېكىن، سىكتىئانلاردا بۈيۈك ھەم مۇكەممەل بولغان دۆلەت تەشكىلىنىڭ بولغانلىقى ۋە بىرنەچچە ئەسىر داۋاملاشقانلىقى بىزگە مەلۇم. بۇ دۆلەت تەشكىلى نۇرغۇن سىكتىئان قەبىلىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماي، يەنە بويسۇندۇرۇلغان يات مىللەت خەلقلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇ سىكتىئان دۆلىتىنىڭ تۆت چوڭ «بۆلەك» كە ئايرىلغانلىقى ۋە ھەر بىر بۆلەكنىڭ بىرقانچە رايونغا بۆلۈنگەنلىكى ھەم ھەربىر رايوننىڭ بىر «ۋالىي» تەرىپىدىن

ئىدارە قىلىنغانلىقى بىزگە مەلۇم، ئەمما بۇ ۋالىيلارنىڭ كۆپىنچىسى مەركىزىي ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن بولماستىن، بەلكى چوڭ ـ كىچىك قەبىلىلەرنىڭ ئاقساقاللىرى ئىدى. بۇنىڭدىن سىكتىئان دۆلىتىنىڭ تەشكىلىنىڭ ماھىيەتتە فېئوداللىق خاراكتېرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ ㉞.

پادىشاھ ۋە قەبىلە ئاقساقاللىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىش ئېنىق ۋارىسلىق تۈزۈمى بويىچە ئېلىپ بېرىلغان. بىراق بىز ئۇلاردا «چوڭ ئوغۇل ۋارىسلىق قىلىش» ئادىتىنىڭ بارلىقىنى بايقىمىدۇق، ئۇلارنىڭ ئادىتىچە ھەرقانداق ئوغۇل ئاتىسىنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلسا بولاتتى، يەنە كېلىپ كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارنىڭ ئادىتىدىن قارىغاندا، ئەينى چاغدىكى ۋارىسلىق قىلىشتا، قېرىنداشلار ئۆز ئارا ۋارىسلىق قىلىدىغان ئادەتمۇ بار ئىدى. ھەرقانداق ھۆكۈمران ئۆزلىرىنىڭ زېمىنلىرىنى ئوغۇللىرىغا بۆلۈپ بېرەلەيتتى، بۇنداق چاغلاردا كۆپ ھاللاردا كەنجى ئوغۇل جىقراق پايدىغا ئېرىشەتتى ㉟.

بۇ پادىشاھ ۋە قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى جەڭلەردە ئۆز قوۋمىغا رەھبەرلىك قىلىش ئىدى. ھېرودوت سىكتىئانلارنىڭ نۇرغۇنلىغان جەڭ تاكتىكىلىرىدىن مەلۇمات بەرگەن. سىكتىئانلار ۋە سارماتىئانلار ماھىيەتتە ھەرىكەتچان چەۋەندازلار بولۇپ، ئاتلىق قوشۇنغا ئەڭ ماس كېلىدىغان جەڭ تاكتىكىسىنى قوللىناتتى. ئۇلار رەسمىي، مۇقىم جەڭ قىلىشتىن ساقلىنىپ، دۈشمەننىڭ مۇنتىزىم قوشۇنى كېلىشتىن بۇرۇن ئۆزلۈكىدىن چېكىنىپ كېتەتتى (چۈنكى ئۇلارنىڭ مۇقىم شەھەرلىرى ياكى جەڭگاھى يوق ئىدى)، ھەمىشە دۈشمەننىڭ ئىككى قانىتى ياكى ئارقا تەرىپىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ قاتناش يولىنى ئۈزۈۋېتەتتى ھەم يالغاندىن چېكىنگەن بولۇپ، دۈشمەننى ئالداپ ئىچكىرىگە ئەكىرىپ يوشۇرۇن زەربە بېرەتتى.

ھېرودوتنىڭ بايانىغا ئاساسلانغاندا، سىكتىئانلار بىر دۈشمەننى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن دەرھال ئۇنىڭ قېنىنى ئىچەتتى، ئاندىن كاللىسىنى كېسىۋېلىپ ئولجىغا ئېرىششنىڭ ئاساسى قىلاتتى، ئولجىغا ئېرىشكەندىن كېيىن دۈشمەننىڭ كاللىسىنىڭ تېرىسىنى شىلىۋېلىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ھەربىي ئۇتۇقىنىڭ خاتىرىسى سۈپىتىدە مەڭگۈ ساقلايتتى. باتۇر سىكتىئان جەڭچىلىرى كۆپىنچە نۇرغۇن دۈشمەننىڭ باش تېرىسىنى شىلىۋېلىپ، ئۇنىڭدىن يېپىنچا تىكىپ ئۇچىسىغا شەرەپ بىلەن ئارتىۋالاتتى. بەزى جەڭچىلەر بولسا دۈشمەننىڭ قول تېرىسىنى شىلىۋېلىپ ئوق قېپى ۋە يا قېپى ياسىۋالاتتى ياكى دۈشمەننىڭ پۈتۈن تېرىسىنى شىلىۋېلىپ ياغاچ جازىغا قاپلاپ ئېلىپ كېتەتتى.

سىكتىئانلارنىڭ دۈشمەننىڭ تېرىسىنى شىلىۋېلىشتىن باشقا يەنە بىر ئادىتى بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ دۈشمەننىڭ باش سۆڭىكىدىن شاراب ئىچىدىغان جام ياسىۋالاتتى، بۇنى بىز بۇرۇن سۆزلىگەندۇق. ھەربىر رايوندىكى ۋالىيلار ھەر يىلى بىر قېتىم شاراب زىياپىتى ئۆتكۈزەتتى، ھەرقانداق بىر قەبىلە ئەزاسى ئالدىنقى يىلى دۈشمەندىن بىرنى ئۆلتۈرگەن بولسا، بىر جام شاراب ئىچەتتى، دۈشمەننى ئۆلتۈرەلمىگەنلەرنىڭ شاراب ئىچىشىگە يول قويۇلمايتتى. ئەلۋەتتە، بۇ بىر نومۇس ئىش دەپ قارىلاتتى ㊱.

سىكتىئانلار ۋە سارماتىئانلارنىڭ نىكاھ ۋە ئائىلە تۈزۈمىنى توغرىسىدىمۇ توختىلىپ ئۆتۈش زۆرۈر. ياۋروپا، ئاسىيادىكى باشقا ئىپتىدائىي خەلقلەر ئاساسەن ئانىلىق ھوقۇق تۈزۈمىنى قوللانغان، بىراق سىكتىئان ۋە سارماتىئان خەلقلىرى بۇنىڭ ئەكسىچە دەسلەپكى دەۋرلەردىن تارتىپلا قاتتىق بولغان ئاتىلىق ھوقۇق تۈزۈمىنى قوللانغان. ئائىلە نەسەبىدە پۈتۈنلەي ئاتا ئۇرۇقى ئاساس قىلىنغان، ئەرلەر ئائىلە باشلىقى بولۇپ، پۈتۈن

ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلكىگە ئىگىدارچىلىق قىلغان.

سكىتئىئانلار بىلەن سارماتىئانلاردا بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش يولغا قويۇلغان. ئەينى چاغدا ھۆكۈمدار ۋە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ نۇرغۇن خوتۇنلىرى بولسىمۇ، بىراق كۆپ ساندىكى قەبىلە ئەزالىرىنىڭ نامراتلىق تۈپەيلىدىن پەقەت بىر خوتۇنلۇق بولغانلىقى بىزگە مەلۇم. تىبەتلەر ۋە بىرقانچە ئەسىردىن كېيىنكى ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار (يەنى ئېفتالىتلار) بىر خوتۇن كۆپ ئەرلىك بولۇشنى يولغا قويغان بولۇپ، ئۇلار بۇ جەھەتتە سكىتئىئانلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغاندەك قىلىدۇ، بىراق ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىدا ئولتۇراقلاشقان بەزى سارماتىئان قەبىلىلىرىدە ئەر ـ ئاياللىق مۇناسىۋەت قائىدىسىنىڭ ناھايىتى بوش بولغانلىقى مەلۇم. ھېرىدوت تاسادىپىي ھالدا بىزگە بىر سكىتئىئان پادىشاھىنىڭ دادىسى ئۆلگەندىن كېيىن ئۆگەي ئانىسى بىلەن توي قىلغانلىقىدىن مەلۇمات بېرىدۇ. بۇ مەلۇمات ئىنتايىن مۇھىم، چۈنكى مۇشۇنىڭدىن سكىتئىئانلار ۋە سارماتىئانلاردا يەنە بىر خىل ئادەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، يەنى دادىسى ئۆلگەندىن كېيىن ئوغلى (ئۆز ئانىسىدىن باشقا) دادىسىنىڭ بارلىق ئاياللىرىنى ئۆز نىكاھىغا ئېلىشتەك ئالاھىدە ھوقۇققا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. بۇ خىل ئادەت ئۇلارنىڭ قوشنىسى بولغان موڭغۇلىيەدىكى ھۇنلاردىمۇ بار ئىدى ㊲.

باشقا نۇرغۇن ئىپتىدائىي خەلقلەرگە ئوخشاش سكىتئىئانلارمۇ كېسەل بولۇپ قېلىشنىڭ تەبىئىي سەۋەب تۈپەيلىدىن ئەمەس، بەلكى قارغىش تۈپەيلىدىن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇلار ئىلاھنىڭ ئاپەت پەيدا قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنگەچكە، ئەگەر بىرەر پادىشاھ ئاغرىپ قالسا، ئۇنى چوقۇم بىرەر ئادەم قارغىۋەتكەن دەپ قارايتتى. بۇنداق ئەھۋال يۈز بەرسە، ئۈچ تېۋىپ ياكى باخشى چاقىرىپ كېلىنىپ، كىمنىڭ

پادىشاھنى قارغىغانلىقى تېپىپ چىقىلاتتى ھەم كۆپ ھاللاردا باخشى تەرىپىدىن كۆرسىتىلگەن ئادەم گۇناھكار دەپ قارىلىپ كالللىسى ئېلىنىپ، مال ـ مۈلكى باخشىلارغا بۆلۈپ بېرىلەتتى. ئەمما پادىشاھنىڭ كېسىلىنىڭ ساقىيىش ـ ساقايماسلىقى بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمايتتى، بەزىدە گۇناھكار دەپ قارالغۇچى داد ئېيتىپ ئۆزىنى ئاقلىيالىسا، ئادەت بويىچە ئۇنى قارىلىغان باخشى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىناتتى.

بۇنداق باخشىلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىش ناھايىتى ئاددىي ئىدى. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن كالا ھارۋىسىغا لىق ئوتۇن قاچىلىنىپ، ئاندىن باخشى چىڭ باغلىنىپ، ئاغزى ئېتىلىپ ئوتۇن ئارىسىغا تاشلىنىپ، ئارقىدىن ئاندىن ئوت قويۇۋېتىلەتتى، كالا بولسا ئوتتىن ئۈركۈپ ھەر تەرەپكە قاچاتتى، بەزىدە باخشى بىلەن كالا تەڭلا كۆيۈپ ئۆلسە، بەزىدە كالا بوشىنىۋېلىپ تىرىك قالاتتى. باخشى نېمە سەۋەبتىن ئۆلتۈرۈلۈشتىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ بارلىق ئوغۇللىرى، ئوغۇل نەۋرە ـ چەۋرىلىرىمۇ ئۆلتۈرۈلۈپ، پەقەت ئاياللارلا ھايات قالدۇرۇلاتتى.

ئادەتتىكى قەبىلە ئەزاسى ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن تۇغقانلىرى ئۆلگۈچىنى ھارۋىغا سېلىپ، ئۇنىڭ بارلىق دوستلىرىنىڭ يېنىغا ئاپىراتتى، ھەر بىر دوستى كاتتا مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، ئۆلگۈچىگە ئاتاپ نەزىر قىلاتتى، بۇ خىل مۇراسىم 40 كۈن ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن ئۆلگۈچى ئاندىن دەپنە قىلىناتتى، دەپنە قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن مېيىت بىلەن ئۇچراشقان ھەرقانداق ئادەم دەرھال «پاكلىناتتى». بۇنىڭدا مەيدانغا بىر كىگىز ئۆي تىكىلىپ، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر داس قويۇلاتتى ھەم ئۇنىڭ ئىچىگە چوغدەك قىزىتىلغان تاش سېلىناتتى، كىشىلەر قولىدا كەندىر كۆتۈرۈپ ئۆيگە كىرەتتى، كەندىر چوغقا تاشلانغاندىن كېيىن قويۇق ھور كۆتۈرۈلۈپ چىقاتتى، بۇنداق ھور مۇنچىسىغا گىرىك (ياكى تۈرك)

ئۇسلۇبىدىكى ھەرقانداق مۇنچا تەڭ كېلەلمەيتتى. سىكتىئانلار ئەزەلدىن سۇدا يۇيۇنمايتتى، يۇقىرىدىكى بۇ خىل «پاكلىنىش شەكلى» سىكتىئانلارنىڭ بىردىنبىر يۇيۇنۇش ئۇسۇلى ئىدى.

پادىشاھ جەمەتىدىكىلەرنىڭ دەپنە مۇراسىمى تېخىمۇ تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلەتتى، ئاۋۋال مېيىتكە كۆنجۈت مېيى سۈرتۈلگەندىن كېيىن، ئالاھىدە ياسالغان ھارۋىغا سېلىنىپ پۈتۈن قەبىلىلەرگە ئاپىرىلاتتى، مېيىت ئۇزاتقۇچىلار ھەرقانداق قەبىلىنىڭ تەۋەسىگە يېتىپ كەلگەندە، شۇ قەبىلىدىكىلەر ئۆزلىرىنى ئازابلاش ئۇسۇلى بىلەن قايغۇسىنى ئىپادىلەيتتى، ئۇلار ئەينى چاغدىكى ئادەت بويىچە چاچلىرىنى يۇلۇپ، قولىقىنى كېسىپ، پېشانىسى ياكى بۇرنىنى تىلىپ، يا ئوقى بىلەن سول قولىنى تېشەتتى. ئاخىرىدا مېيىت ئۇزاتقۇچىلار مېيىتنى پادىشاھ جەمەتى قەبرىستانلىقىغا ئاپىرىپ كۆمەتتى، قەبرە كىۋادرات شەكلىدە ناھايىتى چوڭ ياسىلىدىغان بولۇپ، مېيىت كىگىزگە ئورىلىپ كۆمۈلگەندىن كېيىن، ئىككى تەرىپىگە نەيزە قويۇپ قويۇلاتتى.

بۇنىڭدا، ئەگەر ئۆلگۈچى پادىشاھ بولسا، ئۇنىڭ ئەمرىدىكى خوتۇنىدىن بىرسى قوشۇپ دەپنە قىلىناتتى، ئەينى چاغدىكى ئادەت بويىچە يەنە ئۇنىڭ مۇلازىملىرى، يەنى ساقىيسى، ئاشپىزى، ئات باقارى ۋە كۈتكۈچىلىرىمۇ ئۆلتۈرۈلۈپ قەبرىگە ياكى قەبرىگە يېقىن جايغا دەپنە قىلىناتتى، پادىشاھ جەمەتىنىڭ بىر نەچچە ئېتىمۇ ئۆلتۈرۈلۈپ، قەبرىنىڭ يېقىن ئەتراپىغا دەپنە قىلىناتتى. بۇ ئىشلار تۈگىگەندىن كېيىن كىشىلەر قەبرىگە توپا دۆۋىلەپ دۆڭلۈك ھاسىل قىلىپ ئۇنى ئۇلۇغلايتتى. لېكىن ئىش بۇنىڭلىق بىلەن تۈگەپ قالمايتتى، پادىشاھ ئۆلۈپ يىلى توشقاندىن كېيىن 50 نەپەر قۇل ۋە 50 تۇياق ئات ئۆلتۈرۈلۈپ پادىشاھ قەبرىسىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىناتتى.

ھېرىدوتنىڭ ئۇلارنىڭ دەپنە ئادەتلىرى توغرىسىدا بەرگەن مەلۇماتلىرى يۇقىرىقىدەك بولۇپ، بۇ مەلۇماتلار پەقەت

سىكتىئانلار بىلەنلا چەكلەنگەن، لېكىن سارماتىئانلارنىڭ دەپنە ئادەتلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئۇلارنىڭكى بىلەن ئوخشىشىپ كېتەتتى. ھېرىدوتنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، بەزى سارماتىئانلارنىڭ (ئۇ چاغدا ئۇلار يەنىلا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىدا ئولتۇراقلاشقانىدى). ئۆلگۈچىنى دەپنە قىلماي، بەلكى يەۋېتىدىغانلىقى مەلۇم. ھېرىدوت ماسساگېتلارنىڭ ئادەتلىرىنى سۆزلەپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ قېرىلارنىڭ تەبىئىي ھالدا ئۆلۈشىنى كۈتۈپ تۇرمايلا سۇنئىي ئۇسۇلدا ئۇلارنىڭ ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان. بىر ئادەم قېرىغاندا ئۇنىڭ بارلىق تۇغقانلىرى بىر جايغا يىغىلىپ ئۇنى قۇربانلىق قىلىش بىلەن بىرگە، يەنە بىر كالىنى قۇربانلىق قىلغان. ئاندىن ئادەم گۆشى بىلەن كالا گۆشىنى بىرلىكتە پىشۇرۇپ زىياپەت ئۆتكۈزگەن، ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇنداق ئۆلگەن كىشى ئۆزىنى ئەڭ بەختلىك ھېسابلىشى كېرەككەن. ئەگەر بىرەر كىشى كېسەل سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنى يېمەي، بەلكى دەپنە قىلىپ، ئۇنىڭ يامانلىقتىن ئۆلگەنلىكىگە ئېچىنغان. بۇ بىر قىزىقارلىق ھېكايە بولسىمۇ، بىز ھېرىدوتنىڭ سىكتىئانلارغا ئائىت بىلىملىرىنىڭ ماسساگېتلارنىڭكىدىن كۆپ ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەك. شۇڭا ئۇنىڭ بۇ كېيىنكى ھېكايىسى ئاساسسىز گەپلەرگە ئاساسەن توقۇپ چىقىرىلغاندەك قىلىدۇ ㊳.

سىكتىئانلارنىڭ دەپنە ئادەتلىرىگە ئاساسەن تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سىكتىئانلار ۋە سارماتىئانلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى ۋە دىنىي تۈزۈمىنى مۇھاكىمە قىلىمىز. ئەمما بۇ جەھەتتە بىزنىڭ ھەقىقىي بىلىدىغانلىرىمىز بەك ئاز. سىكتىئانلارنىڭ كۆپ ئىلاھلىق دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقى بىزگە مەلۇم. ئۇلار نۇرغۇن ئەر - ئايال ئىلاھلارغا چوقۇنغان. سارماتىئانلارنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرىنىڭ ئەھۋالىمۇ شۇنداق بولغان. بىراق ماسساگېتلار پارسلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا، پەقەت قۇياش ئىلاھىغىلا چوقۇنغان. ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى،

سىكتىئانلار چوقۇنىدىغان ئىلاھلارنىڭ ئۇلۇغى ئەر ئىلاھ بولماستىن، بەلكى ئايال ئىلاھ ئىدى، يەنى ئۇ دەل «ئانا ئىلاھ» تابىتى (Tabiti) ئىدى. ئېھتىمال ئىپتىدائىي سىكتىئانلارنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ ئورنى ئانچە يۇقىرى بولمىغان بولۇشى مۇمكىن، لېكىن كېيىنچە كىچىك ئاسىيالىقلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش سەۋەبىدىن ئۇنىڭغا بولغان چوقۇنۇش بارغانسېرى كۈچەيگەن، چۈنكى ئانا ئىلاھ كىچىك ئاسىيادا ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى.

«ئانا ئىلاھ» تىن قالسىلا «ئاتا ئىلاھ» مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان بولۇپ، رىمنىڭ يۇپىتېر ۋە يۇناننىڭ زېۋس قاتارلىق ئىلاھلىرى بىلەن بىر قاتاردا تۇراتتى، سىكتىئانلار ئۇنى پاپىئۇس (Papoeus) دەپ ئاتايتتى، بۇ نام بەلكىم ئۇلارنىڭ تىلىدىكى «ئاتا» دىگەن سۆزدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن بولسا كېرەك. سىكتىئانلارنىڭ ئىلاھلىرى ئىچىدىكى يەنە بىر مۇھىم ئىلاھ جەڭ ئىلاھى بولۇپ، بۇ رىملىقلارنىڭ مارس ۋە يۇنانلىقلارنىڭ ئارېس دېيىلىدىغان ئىلاھلىرىغا ماس كېلەتتى.

دەسلەپكى دەۋرلەردە سىكتىئانلار ئىلاھلارغا چوقۇنۇشنى ھەيكەل ئارقىلىق ئىپادىلىمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئىلاھلارغا ئاتاپ ھايۋانلارنى قۇربانلىق قىلىپ تۇرغان، قۇربانلىق قىلىنىدىغان ھايۋانلار قېنى ئېقىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇلار ئادەتتە قۇربانلىقنى مەخسۇس جايدا قىلمىسىمۇ، لېكىن جەڭ ئىلاھى ئۈچۈن ئالاھىدە نەزىر سۇپىسى ياسىغان، بۇنداق نەزىر سۇپىسىدىن ھەر بىر رايوندا بىردىن بار ئىدى. ئۇ ياغاچتىن ياسالغان چوڭ سۇپا بولۇپ، كىۋادرات شەكلىدە، ئۈچ تەرىپى تىك، بىر تەرىپى چىقىپ ـ چۈشۈش ئۈچۈن يانتۇ قىلىپ ياسالغانىدى. سۇپىنىڭ تۆرىگە بىر دانە تۆمۈر قىلىچ قويۇلغان بولۇپ، بۇ جەڭ ئىلاھىغا ۋەكىللىك قىلاتتى.

ئۇلار ھەر يىلى نۇرغۇنلىغان ئات، كالىلارنى مۇشۇ نەزىر سۇپىسىدا قۇربانلىق قىلاتتى ھەم ھايۋانلاردىن باشقا يەنە ئادەمنىمۇ قۇربانلىق قىلاتتى. ئادەمنى قۇربانلىق قىلغاندا،

بىرىنچى قەدەمدە شاراب ئەكىلىپ قۇربانلىق قىلىنغۇچىنىڭ بېشىغا چاچاتتى، ئاندىن ئۇنىڭ قېنىنىڭ زايە بولۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇنى داس ئىچىگە سىلىپ قۇربانلىق قىلاتتى، ئارقىدىن داسنى سۇپىنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ چىقىپ، قاننى ھېلىقى قىلىچنىڭ ئۈستىگە چاچاتتى، ئاخىرىدا قۇربانلىق قىلىنغۇچىنىڭ ئوڭ بىلىكىنى كېسىپ تاشلىۋېتەتتى.

سكىتىئانلارنىڭ قەسەملىرىمۇ ناھايىتى ئالاھىدە دىنىي مەنىگە ئىگە ئىدى. قەسەم مۇراسىمىنىڭ دەسلىپىدە قەسەم قىلغۇچى ساپال قاچىغا شاراب قۇيۇپ، بەدىنىدىن قان چىقىرىپ، قاننى شارابقا تېمىتىپ، ئاندىن بىر دانە شەمشەر، بىر قانچە تال يا ئوقى، بىر دانە جەڭ پالتىسى ۋە بىر دانە نەيزىنى شارابقا چىلاپ قەسەم سۆزى قىلاتتى، ئەڭ ئاخىرىدا قان تېمىتىلغان شارابنى ئىچىۋەتكەندىن كېيىن قەسەم مۇراسىمىمۇ ئاياغلىشاتتى.

سكىتىئانلاردا دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى باشتا قەيت قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك باخشى ياكى داخانلار تۇتقاندەك قىلىدۇ، بىراق سكىتىئانلار ئىچىدە ئىككى خىل باخشى بار ئىدى. بىر خىلى ئادەتتىكى باخشىلار بولۇپ، ئۇلار باشقا ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلىغاندىن سىرت، سۆگەت تېلىدىن ياسالغان پال تاياقچىلىرى ئارقىلىق كەلگۈسىدىكى ئىشلارغا ھۆكۈم قىلاتتى. يەنە بىر خىلىنى ھېرىدوت ئېنارىنىس (Enareans) دەپ ئاتىغان بولۇپ، ئۇلار «ئايال جىنسلىق ئەرلەر» ئىدى، ئۇلار بەلكىم ئوخشاش جىنسلىق ئىشقىۋازلار بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئۇلار پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئايال مۇھەببەت ئىلاھىغا خىزمەت قىلاتتى، ئۇلارمۇ پال ئېچىپ ئىشلاردىن بېشارەت بەرسىمۇ، لېكىن سۆگەت تېلىدىن ياسالغان پال تاياقچىلىرىنى ئىشلەتمەي پىكۇس دەرىخىنىڭ قوۋزىقىنى ئىشلىتەتتى، يەنى بىر پارچە قوۋزاقنى ئۈچكە بۆلۈپ، ئۇنى بارماقلىرى ئارىسىغا قىستۇرۇپ ئاندىن كەلگۈسىدىكى ئىشلاردىن بېشارەت بېرەتتى ㊴.

ئەڭ ئاخىرىدا سكىتىئانلار ۋە سارماتىئانلارنىڭ سەنئىتى

ئۇستىدە قىسقىچە توختالماي بولمايدۇ. ئۇلار گەرچە نۇرغۇن جەھەتلەردە ياۋايىلىقنى تاشلىمىغان بولسىمۇ، بىراق ئارخېئولوگىيەلىك بايقاشلار ئۇلارنىڭ ناھايىتى كۈچلۈك سەنئەت تۇيغۇسىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. سكىتئانلار ۋە سارماتىئانلارنىڭ قەبرىسىدىن تېپىلغان بەزى بۇيۇملار ناھايىتى نەپىس بولۇپ، بۇ بۇيۇملارنىڭ بەزىلىرى يۇنان ئۇستىلىرىنىڭ قولىدىن چىققان ياكى ھېچبولمىغاندىمۇ شۇلارنىڭ ئۇسلۇبىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن يۇنانلىقلارنىڭكىگە زادىلا ئوخشىمايدىغان نۇرغۇن بۇيۇملارنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ياسىغانلىقى شۈبھىسىز بولۇپ، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبقا ئىگە ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزى سەنئەت ئەنئەنىسى ئىران ۋە مېسوپوتامىيەدىن كەلگەن بولسىمۇ، بىراق سكىتئانلار ۋە سارماتىئانلار ئۇنى ئۆزلەشتۈرۈپ پۈتۈنلەي يېڭىچە سەنئەت ئەسەرلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەنىدى.

سكىتئانلارنىڭ بۇنداق ئەسەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى كىيىم ـ كېچەك ياكى ئات جابدۇقلىرىنىڭ ئۈستىگە قادالغان ئالتۇن بېزەكلەر ئىدى. بۇ بېزەكلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ھايۋانلارنىڭ سۈرىتى بار ئىدى، بەزىلىرىدىن ھايۋانلارنىڭ شەكلى ۋە قىياپىتىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. بۇلار كۆپىنچە شىر، بۇغا، بۆرە ۋە ئات قاتارلىقلار ئىدى، لېكىن بەزى بېزەكلەردىكى ھايۋانلارنىڭ ئوبرازى تەسەۋۋۇرغا ئاساسەن يارىتىلغانىدى. مەسىلەن، بۈركۈت باشلىق شىر تەنلىك ھايۋان (griffin) شۇلارنىڭ بىرىدۇر. ھەقىقىي ھايۋانلارنىڭ كۆپ قىسمىمۇ ئوبرازلاشتۇرۇلغانىدى. بۇلاردىن باشقا، ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ ھايۋانلارنىڭ سوقۇشىۋاتقان كۆرۈنۈشىمۇ بار ئىدى. بىز نۇرغۇنلىغان پاكىتلاردىن سكىتئانلار ۋە سارماتىئانلارنىڭ ھايۋانات نەقىشلىرىنىڭ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغانلىقىنى، ياۋروپا سەنئىتىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپلا قالماي، جۇڭگو سەنئىتىگىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

كېيىنكى دەۋرلەردىكى سىكتىئانلارنىڭ سەنئىتى، بولۇپمۇ سارماتىئانلارنىڭ سەنئىتى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇلار ئادەتتە ئالتۇن تاختا ئۈستىگە ھەر خىل رەڭلىك تاشلارنى قاداپ، ئۆزگىچە نەپىس نەقىشلەرنى چىقارغان. بۇ خىل رەڭدار سەنئەت جۇڭگوغا ئانچە چوڭ تەسىر كۆرسەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن كېيىنكى پېرسىيە ۋە ھىندىستان سەنئىتىگە ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن. بۇنداق سەنئەتنىڭ زادى ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئىرانغا تارقالغانلىقى ياكى ئىراندىن ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقالغانلىقىغا بىرنىمە دېگىلى بولمايدۇ، ئەمما ئىككى جايدىكى سەنئەت ئۇسلۇبىنىڭ بىر - بىرى بىلەن زىچ باغلىنىشلىقى بار. ئەڭ مۇھىمى بۇ خىل رەڭدار سەنئەتنى كېيىنكى دەۋردە سارماتىئانلار ياۋروپاغا تارقاتقان بولۇپ، ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىدىكى ياۋروپا سەنئىتىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن.

## ئىزاھات:

بۇ ھەقتىكى ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Rostovstzeff, Iranians and Greeks in South Russia; E. H. Minns, Scythian and Greeks.

سىكتىئانلار ھەققىدىكى ئاساسلىق ماتېرىياللارنى ھېرىدوتنىڭ «تارىخ» دېگەن ئەسىرىدىن، بولۇپمۇ مۇشۇ ئەسەرنىڭ 4 - بابىدىن كۆرۈڭ، بۇنىڭدىن باشقا تۆۋەندىكى كىتابلاردىنمۇ پايدىلىنىشقا بولىدۇ.

Hippocrates, De Aeribus, Aquis, Locis; Justin, Epitoma Historicarum Phlippicarum Pompei Trogi; Diodorus Siculus, Biblioteca Historica; Strabo, Rerum Geographicarum; Polybius, Historiae; Pliny, Naturalis Historica; Ptolemy, Geographia; Josephus, BellumJudaicum; Ammianus Marcellinus, Rerum Gestarum; Aelian, De Natura animalium; Pausanias, Descriptio Graeciae; Ovid. Ex ponto; Aescchylus, Prometheus Vinctus.

ئۇرغۇنلىغان كىلاسسىك ئاپتورلار سارماتىئانلارنىڭ سكىتىئانلارنى جەنۇبىي رۇسىيەدىن قوغلاپ چىقارغاندىن كېيىنكى ئەھۋالىنى بايان قىلغان.

① سىممېرئانلار ھەققىدىكى ماتېرىياللارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Herodotus,op . cit .,1,6,15 ff and 4,11 ff; C . F . Lehmann-Haupt, "Kimmierer" ,Pauly Wissowa Reallencylopaede des Classischen Altertums .

② سكىتىئانلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەنلىكى ھەققىدىكى قاراشلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Herodotus,op,cit .,4,11 ff .

③ سكىتىئانلارنىڭ رۇمىنىيەنى بېسىۋالغانلىقى ھەققىدىكى قاراشلارنى پارۋسنىڭ «داكىيە» دېگەن ئەسەرىدىن، سكىتىئانلارنىڭ كىچىك ئاسىيانىڭ شەرقىي شىمالىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقى ھەققىدىكى قاراشلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Herodotus,op,cit .,1,103 ff .

④ سكىتىئانلارنىڭ رۇسىيەگە قايتىپ كەلگەنلىكى ھەققىدىكى قاراشلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Herodotus,op,cit .,4,1 ff .

ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ كىچىك ئاسىيادا ئولتۇراقلىشىپ قالغانلىقى ھەققىدىكى قاراشلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Rostovstzeff,op,cit .,pp . 9 ff .

⑤ سكىتىئانلارنىڭ زېمىنى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Herodotus,op,cit .,4,16 ff . and 4, 99 ff .; K . Kretschmer, "Scythia" , Pauly Wissowa Realencyclopaedie des Classischen Altertums .

ئۇلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى ھەققىدىكى ئەھۋاللارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Rostovstzeff,op,cit .,pp . 40,90.

⑥ دارانىڭ ھەربىي يۈرۈشى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Herodotus,op,cit., 4,118 ff.

فىلىپ بىلەن سكىتىئانلارنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Justin, op. cit.,4,2—3.

ئالېكساندىرنىڭ سەركەردىلىرى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Justin, op. cit. 12,2.

⑦ سارماتىئانلارنىڭ سكىتىئانلارنى بويسۇندۇرغانلىقى ھەققىدىكى ماتېرىياللارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Diodorus Siculus,op. cit.,2,43; Polybius ,op. cit.,25,2; Kretschmer, "Sarmatae" , Pauly Wissowa Realencyclopaedie des Classischen Altertums.

⑧ ماسساگېتلار ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Herodotus,op,cit. 1,201 ff; Hermann, "Massagetae" , in pauly Wissowa Realencyclopadie des Classischen Altertums.

⑨ ئائورسىلار ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Strabo,op,cit.,11,2,1;

يەنە جۇڭگو تارىخ ماتېرىياللىرىدىن «خەننامە» نىڭ 96 ـ جىلدىغا قاراڭ. ئالانلار ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Pliny,op. cit., 4,80; Ptolemy,op. cit.,3,5.

يەنە «كېيىنكى خەننامە» نىڭ 118 ـ جىلدىغا قاراڭ.

⑩ ساكلار ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

F. H. Weissbach, "Die Keilinschriften der Achemeniden" ,pp. 79ff.; Herodotus,op,cit.,7,64; Strabo, op. cit,. 11,8,2;

يەنە «كېيىنكى خەننامە» نىڭ 96 ـ جىلدىغا، شۇنداقلا بۇ كىتابنىڭ قوشۇمچىسىغا قاراڭ.

⑪ كانگىيەلىكلەر ھەققىدە «خەننامە» نىڭ 96 ـ جىلدىغا قاراڭ.

⑫ جوڭگو تارىخى ماتېرىياللىرىغا قارىغاندا، سارماتىئانلارنىڭ غەربكە كۆچۈشىنىڭ ھۇنلارنىڭ بېسىمى سەۋەبىدىن بولغانلىقىنى

بىلەلەيمىز، چۈنكى بۇ ۋاقىتتا ھۇنلار موڭغۇلىيەدىن ئوتتۇرا ئاسىياغا قاراپ كۆچۈشكە باشلىغان، بۇ ھەقتە مەزكۇر كىتابنىڭ 4 ـ بابىغا قاراڭ.

⑬ سكىتئانلار بىلەن سارماتئانلارنىڭ ماھىيەت جەھەتتىن بىرلىكى ھەققىدىكى قاراشلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Herodotus,op,cit . 4,117; Hippocrates, "De Aeribus" ,op, cit .,p,24; Diodorus Siculus, op,cit ., Ⅵ,45,4; Strabo,op . cit,11, 2,1;Josephus,Bellum Judaicum, Ⅶ,7 . 4

⑭ سىممېرىئانلارنىڭ ئىرقى ھەققىدىكى قاراشلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Reche, "Skythen—Anthropologie" in Ebert, Reallexikon der Vorgeschichte

ئۇلارنىڭ تەسۋىرىنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

F . Sarre and E . Herzfeld, Iranische Felsreliefs,pp,53 ff; E . H . Minns, Scythians and Greeks, pp . 159,200;

⑮ سكىتئانلار بىلەن سارماتئانلارنىڭ تىل مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى قاراشلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

M . Vasmer,Untersuchungen uber die Altesten Wohnsitze der Slawen, pt . 1;Kretschmer, "Scythae" , "Sarmatae" , Pauly Wissowa Realencyclopadie des Classischen Altertums .

⑯ سكىتئانلارنىڭ دېھقانچىلىقى ھەققىدىكى ماتېرىياللارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Herodotus, op,cit,. 4,17–18.

سكىتئانلارنىڭ ئوۋچىلىقى ھەققىدىكى ماتېرىياللارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Herodotus,op,cit .,4,134 .

ماسساگېتلارنىڭ بېلىقچىلىقى ھەققىدىكى ماتېرىياللارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Herodotus,op,cit .,1,216;

ماسساگېتلارنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىقى ھەققىدە ماتېرىياللارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Herodotus,op,cit . 4,46 .

⑰ سكتىئانلارنىڭ ئۆي هايۋانلىرى (كالا، قوي) ھەققىدىكى ماتېرىياللارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Herodotus,op,cit . 4,29; Hippocrates, "De Aeribus" op, cit .,p,18 .

ئۇلارنىڭ چوشقا باقمىغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Herodotus,op,cit,4,63 .

ئۇلارنىڭ ھاياتىدا ئاتنىڭ ناھايىتى مۇھىملىقىنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Neumann,Die Hellenen im Skythenland, pp . 276 ff .

⑱ سكتىئانلارنىڭ قوي، كالا ۋە ئات گۆشى يەيدىغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Herodotus,op,cit .,4,61;Minns,op . cit,p,49; Strabo,op,cit,7, 4,6 .

⑲ سكتىئانلارنىڭ قىمىزلىرى ۋە سۈتتىن ياسالغان مەھسۇلاتلىرى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Herodotus,op,cit,4,2; Hippocrates, "De Aeribus" op,cit . P18; Strabo,op,cit . 7,4,4;Pliniy,op,cit .,28,35–36 .

ئۇلارنىڭ شارابى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Herodotus, op,cit,4,46 and 6,84;

پەرغانىدىكى سارماتىيانلارنىڭ ئۈزۈم ئۆستۈرگەنلىكى ھەققىدە «خەننامە» نىڭ 96 ـ جىلدىغا قاراڭ.

⑳ سكتىئانلارنىڭ ياغاچ ماتېرىياللىرى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Herodotus,op . cit .,4,2 .

كۆن ئەسۋابلىرى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Herodotus,op . cit .,4,61

مىس قازان ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Minns,op .,p . 79

مۇڭگۇز قەدەھ ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:
ibid,p.81;
ئادەم كاللىسىدىن ياسالغان جام ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Herodotus,op.cit,4,65
قۇرۇق ئۇستىخانلارنى يېقىلغۇ قىلىش توغرىسىدىكى قاراشلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Herodotus,op.cit,4,61
㉑ سكىتئىئانلارنىڭ چېدىرلىرىنى ھارۋا ئۈستىگە قۇرۇپ كالىغا سۆرەتكەنلىكى، ئاتقا مىنگەنلىكى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Hippocrates, "De Aeribus" ,op.cit.,p,18.
سكىتئىئانلاردا ئاتقا ھارۋا سۆرىتىشنىڭ ئاتقا مىنىشتىن بۇرۇن بارلىققا كەلگەنلىكى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Schrader,arts. "Heer", "Read", "Reiten", "Streitwagen", in Reallexikon des Indogermanischen Altertumskunde. V. Hehn, Kulturpflanze und Haustiere,pp,19 ff.

بۇ ھەقتە جۇڭگولۇقلار توغرىسىدىكى قاراشلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

B. Laufer, Chines Clay Figures ,pt. 1, Prolegomena on the History of Defensive Armor,publication of the Field Museum, 177 (1914),pp. 186,222.
بۇ ھەقتە ھىندىستانلىقلار توغرىسىدىكى قاراشلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

H. Zimmer Altindisches Leben,pp. 230 ff.
بۇ ھەقتە يۇنان ۋە رىملىقلار توغرىسىدىكى قاراشلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Lefebvre,op.cit.,pp 203 ff.
بۇ ھەقتە سېلىتلار ۋە گېرمانلار توغرىسىدىكى قاراشلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Feist,op . cit .,pp . 515 ff ; Berthelot,op . cit .,p . 28 .

㉒ سكىتئانلارنىڭ ئات جابدۇقلىرى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Minns,op . cit .,p . 741 .

ئۈزەڭگۈ ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Rostovstzeff,op . cit .,121 .

㉓ سكىتئانلارنىڭ ئىشتىنى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Hippocrates, De Aeribus; ,op . cit .,pp . 22; Minns, op . cit ., pp . 159,200 .

ئىشتاننىڭ تارىخى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Feist,op . cit .,p . 485; Ebert, art . "Hose" in Reallexikon der Vorgeschichte .

㉔ بەلباغ ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Herodotus,op . cit .,4,10

ساكلارنىڭ كىچىك تەلپىكى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Herodotus,op . cit .,7,64

سكىتئانلارنىڭ باشقا كىيىم - كېچەكلىرى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Minns, op . cit . p . 57 .

ئىشتان بىلەن ئۆتۈكنىڭ مۇناسىۋىتىنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Art ."Schuhe"; in Schrader ,op . cit

㉕ جەنۇبىي سىبىرىيەدىكى توقۇمىچىلىق ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Minns, Scythians,p . 244 .

سكىتئانلارنىڭ توقۇمىچىلىقتىن خەۋەرسىز ئىكەنلىكىنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Justin,op . cit .,2,8 .

㉖ سكىتئانلارنىڭ زىبۇ-زىننەتلىرى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى

تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Minns,op . cit .,pp . 62–66 .

㉗ سكىتىئانلارنىڭ قالقان ۋە ساۋۇت ـ دۇبۇلغىلىرى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Aelian,op . cit .,9,15;Pliny,op . cit .,8,124;Strabo,op . cit .,7, 3,17; Ammianus Marcellinus,op . cit .,17,12,2' Tacitus Opera 2,1,79 .

ئاتقا ساۋۇت يېپىش توغرىسىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Schrader,op . cit .,2,149;Minns,op . cit .,p . 73;Laufer, op . cit .,p . 217

㉘ جەڭ پالتىسى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Herodotus,op . cit .,4,5;7,65.

نەيزە ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Herodotus,op . cit .,4,71;Ammianus,Marcellinus,op . cit .,17, 12,2.

قىلىچ ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Herodotus,op . cit .,4,62;Strabo,op . cit .,7,3,18;Tacitus, op . cit .,2,1,79.

سالغا ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Pausanius,op . cit .,1,21,5.

مەنچاناق ھەققىدىكى ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Minns,op . cit,pp,68 ff.

㉙ ئوقيا ھەققىدىكى ماتېرىياللارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Aeschylus,op . cit .,I,735;Herodotus,op . cit .,4,3;4,46;4,81; Ammianus Marcellinus,op . cit .,22,8,37; Aelian,op . cit .,9,15; Strabo,op . cit,7,3,17;Pausanias,op . cit .,1,21,5;Ovid,op . cit, 4, 7;

"gorytus" ھەققىدىكى ۋە باشقا ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Minns,op.cit.,pp.66f.

⑳ سارماتئىلارنىڭ قەدىمدە ئوقيانى ئىشلەتكەن ياكى ئىشلەتمىگەنلىكى ھەققىدىكى قاراشلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

art. "Pfeil" : in schrader,op,cit.; E. bulanda und Pfeil bei den volkern des Altertums ;

تاستوننىڭ سارماتئىلارنىڭ چەۋەندازلىرى ھەققىدىكى بايانلىرىنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Tacitus Historical Works,1.79(Murray' s translasion, p,62)

㉛ سكىتئىلارنىڭ شەھەر ـ قەلئە بەرپا قىلمىغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Herodotus,op.4,127.

چېدىر، ھارۋىلارنى ئىشلەتكەنلىكىنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Hippocrates, "De Aeribus" ,op,cit.p.18; Josten,op,cit,2, 2; Strabo, op.cit., 7, 8, 17.

سكىتئىلارنىڭ ئېھتىمال باشقا خىلدىكى چېدىرلارنى ئىشلەتكەنلىكى ھەققىدىكى ماتېرىياللارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Minns,op,cit,P,51; Rostovstzeff ,op,cit,P,28.

«يۇرت» ھەققىدىكى بايانلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

j. peisker, "The Asiatic Background" , Cambridge Medeival History,1,335.

كىگىز ھەققىدىكى بايانلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

B. Laufer, "The Early History of felt" , American Anthropologist ,32, (1903), 1,ff.

㉜ ئۆي جاھازلىرى ھەققىدىكى بايانلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Minns, op,cit,P,157; Rostovstzeff ,op,cit.,P.47.

كىگىزنىڭ ئىراندىن قوبۇل قىلىنغانلىقى ھەققىدىكى قاراشلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Laufer"Early History of felt" ,American Anthropologist, 32,(1930),9.

㉝ سكىتئىان پادشاھى ۋە ئۇنىڭ ھەممىدىن ئۇستۇن ئورنى

ھەققىدىكى قاراشلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Herodotus,op,cit., 4.64,65,68,71,127.

㉞ سىكتىئانلارنىڭ پادىشاھ جەمەتىگە بويسۇنغان ھەر قايسى سىكتىئانلار ۋە غەيرىي سىكتىئانلار ھەققىدىكى ماتېرىياللارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Herodotus,op.cit., 4.17–20.

ئۇلارغا تەۋە تۆت بۆلەك ۋە ھەر قايسى رايونلار ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Herodotus,op,cit.,4,6,4,62,66.

㉟ پادىشاھلىق ھوقۇقنىڭ مىراس قالدۇرۇلغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Herodotus,op.cit.,4,5,76,80.

㊱ سىكتىئانلارنىڭ جەڭ ماھارىتى ھەققىدىكى ماتېرىياللارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Herodotus,op.cit., 4,46,120–143.

«قان تېمىتىلغان شاراب» ئىچىش ۋە باشقا جەڭ ئادىتى ھەققىدىكى ماتېرىياللارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Herodotus,op.cit.,4, 64 – 66

㊲ سىكتىئانلاردىكى بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش تۈزۈمى ۋە ئۆگەي ئانىسىنى، يەڭگىسىنى ئېلىش ئادىتى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Herodotus,op.cit.,4,78.

ماسساگېتلارنىڭ شەھۋەتپەرەسلىكى ھەققىدىكى قاراشلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Herodotus,op.cit.,1,126.

㊳ پادىشاھ ئاغرىپ قالسا، باخشى چاقىرىش ئادىتى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Herodotus,op.cit.,4,68–69.

دەپنە ئادىتى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Herodotus,op.cit.,4,73–75.

پادىشاھ جەمەتىنىڭ دەپنە مۇراسىمى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Herodotus,op . cit .,4,71–72 .

ماسساگېتلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۆلگەندە گۆشىنى يەيدىغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Herodotus,op . cit .,1,126 .

㊴ سىكىتىئانلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى ۋە ئادىتى ھەققىدىكى قاراشلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Herodotus,op . cit .,4,59–62 ; Ammianus,Marcellinus , op . cit .,31,2,23,

ئۇلاردىكى قەسەم قىلىش ئادىتىنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Herodotus,op . cit .,4,70 .

باخشىلارنىڭ ئىككى خىل بولىدىغانلىقىنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Herodotus,op,cit ., 4,67 .

㊵ سىكىتىئانلارنىڭ سەنئىتى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

G . Borovfka,Scythian Art; Rostovstzeff,op . cit .,chap ,8.

ئۇلارنىڭ جوڭگو بىلەن بولغان ئالاقىسىنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Rostovstzeff,Animal Style in South Russia and China.

# 3 ـ باب جەنۇبتىكى باكتېرىيەلىكلەر ۋە سوغدىلار

باكتېرىيەلىكلەر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىدىكى باشقا خەلقلەر — ئۇلارنىڭ سكىتىئانلار ۋە پېرسىيەلىكلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى — باكتېرىيەنىڭ دەسلەپكى تارىخى — ئەھمانىلار ئىمپېرىيەسىنىڭ باش كۆتۈرۈشى ۋە باكتېرىيەنى بويسۇندۇرۇشى — ئىمپېراتور ئالېكساندېرنىڭ باكتېرىيەنى بويسۇندۇرۇشى — سېلىۋېك ئىمپېرىيەسى ھۆكۈمرانلىقىدىكى باكتېرىيە — باكتېرىيە پادىشاھلىقى ۋە پارفىيە پادىشاھلىقىنىڭ باش كۆتۈرۈشى — باكتېرىيە بىلەن پارفىيەنىڭ كېيىنكى مەزگىلدىكى تارىخى — باكتېرىيە ۋە زوروئاستېر دىنى — ئاۋېستادا ئىپادىلەنگەن ئىران مەدەنىيىتى

رۇسىيەنىڭ جەنۇبىي قىسمى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىي قىسمى سكىتىئانلار ۋە سارماتىئانلار تەرىپىدىن ئۇزاق مۇددەت ئىگىلىۋېلىنغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىي قىسمىنى باشقا خەلقلەر ئىگىلىۋالغانىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىم بولغانلىرى خارازىملىقلار بىلەن سوغدىلار ۋە باكتېرىيەلىكلەر ئىدى. بۇ قەدىمكى تارىخىي دەۋردە باكتېرىيەلىكلەر ئەڭ مۇھىم رول ئوينىدى، شۇڭا مۇشۇ دەۋردىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبى ھەمىشە خاتا ھالدا باكتېرىيە ياكى باكتېرىيانا دەپ ئاتالدى.

پۈتكۈل قەدىمكى دەۋرنىڭ كۆپ قىسمىدا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىي قىسمى بىلەن جەنۇبىي قىسمىدىكى ئاھالىلەر ئارىسىدا داۋاملىق ئۇرۇش بولۇپ تۇردى (بۇنى شوتلاندىيەلىكلەر بىلەن ئەنگلىيەلىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇرۇشقا سېلىشتۇرۇشقا بولىدۇ)، ئەمما بىز مۇشۇنىڭغا قاراپلا بۇ ئىككى

رايوندىكى خەلقلەرنىڭ ئەسلىدىن بىر مىللەت (ئىرق)كە تەۋە ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالساق ھەرگىز بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىرقى ۋە تىلى ناھايىتى زىچ باغلىنىشلىق ئىدى، باكتىرىيەلىكلەر بىلەن سوغدىلاردا سىكتىئانلار بىلەن سارماتىئانلارغا ئوخشاش ئاق ئىرقنىڭ قېنى بار ئىدى، ئۇلار يەنە سىكتىئانلار ۋە سارماتىئانلارغا ئوخشاش ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان بولۇپ، بۇ تىل ئۆلچەملىك پارس تىلى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. يەنە كېلىپ باكتىرىيەلىكلەر ۋە ئۇلارغا قوشنا خەلقلەر ئىران تىلىدا سۆزلەشمەيدىغان خەلقلەر بىلەن كۆپ ئالاقە قىلمىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ تىلى سىكتىئانلار ۋە سارماتىئانلارغا قارىغاندا تېخىمۇ ساپ ئىدى، چۈنكى سىكتىئانلار ۋە سارماتىئانلار ئوخشاش بولمىغان تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنى بويسۇندۇرۇپ، ئۇلار بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەنىدى ①.

شۇنداق بولسىمۇ، مەدەنىيەت جەھەتتە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىي قىسمى بىلەن جەنۇبىي قىسمىدىكى خەلقلەر نۇرغۇن مۇھىم ئورتاق ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىدى. مەدەنىيەت جەھەتتىكى بۇ خىل ئورتاقلىق ئىران ئېگىزلىكىدىكى نۇرغۇن خەلقلەرنى، مەسىلەن، مىدىيەلىكلەر ۋە پېرسىيەلىكلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇ رايونلاردىكى ئورتاق مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى دەل سىكتىئانلار بىلەن سارماتىئانلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى مۇھىم ئالاھىدىلىكلەرنىڭ نۇرغۇن ئامىللىرىنى ھاسىل قىلغانىدى. مەسىلەن، ئاتنى مىنىپ ھارۋىغا قاتماسلىق، ئات ئۇستىدە ئوقيا ئېتىش ھەم ئىشتان كىيىش قاتارلىقلار. بۇ خىل ئادەتلەر ھىندىستاننىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىدە يوق ئىدى، بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇلار ئىرانىيان خەلقلىرى ئارىسىدا تەرەققىي قىلغان ئالاھىدىلىك بولۇپ، ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان بارلىق خەلقلەرگە ئورتاق ئىدى ②.

بىراق، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىدىكى ئىرانىيانلار (بۇلارنى شىمالىي ئىرانىيانلار دەپ ئاتىساق بولىدۇ) بىلەن جەنۇبىدىكى

ئىرانىيانلار ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇن ئوخشاشلىقلار بولۇش بىلەن بىللە، يەنە نۇرغۇن پەرقلەرمۇ مەۋجۇت ئىدى. باكتېرىيەلىكلەر ھەمدە ئۇلار بىلەن قوشنا خەلقلەر بىر تەرەپتىن سىكتىئانلار ۋە سارماتىئانلار بىلەن پەرقلەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن، يەنى ماھىيەت جەھەتتىن ئىران ئېگىزلىكىدىكى خەلقلەر بىلەن ئوخشىشىپ كېتەتتى. بۇ خىل ئوخشاشلىق ناھايىتى بۇرۇنلا بارلىققا كەلگەن. بۇنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىدىكى ئاھالىلەر بىلەن ئىران ئېگىزلىكىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنىڭ يېقىنلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان. لېكىن شۇنداق بىر ئەمەلىيەت باركى، ئەسلىدە ناھايىتى ئۇزاق بىر مەزگىلدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبى سىياسىي جەھەتتە پېرسىيە ئىمپېرىيەسى ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى بىلەن ناھايىتى زىچ باغلانغان، شۇڭا ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاقلىق كۆپەيگەن.

شىمالىي ئىرانىيانلار (يەنى سىكتىئانلار ۋە سارماتىئانلار) كۆپ قېتىم سىرتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، بىراق باشتىن ـ ئاخىر ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالغان. مىلادىيە 1 ـ ئەسىردىن خېلى كېيىن ئاندىن يات خەلقلەر تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلۇشقا باشلىغان ۋە بويسۇندۇرۇلۇش بىلەنلا تارىخ سەھنىسىدىن غايىب بولغان. بىراق شەرقىي ئىرانىيانلار (يەنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىدىكى باكتېرىيەلىكلەر ۋە سوغدىلار ھەم ئىران ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىدىكى بەزى خەلقلەر)نىڭ سىياسىي تارىخى ماھىيەتتە باشقىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان. چۈنكى، ئۇلار ناھايىتى بۇرۇنلا ئىران ئېگىزلىكىنىڭ غەربىدە باش كۆتۈرۈپ چىققان ۋە ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشكەن ئىمپېرىيە تەرىپىدىن قوشۇۋېلىنغان. باكتېرىيە قەدىمدە بىر چوڭ مەدەنىيەت مەركىزى بولغان بولسىمۇ، بىراق سىياسىي نۇقتىدىن قارىغاندا پەقەت بىر كىچىك دۆلەت ئىدى ③.

پەقەت غەربىي ئىرانىيانلار (مىدىيەلىكلەر ۋە

پېرسىيەلىكلەر) لا ئەڭ بۇرۇن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا بۈيۈك ھەم مۇھىم بولغان سىياسىي تەشكىل قۇرۇپ، دۇنيا تارىخىدا پارلاق سەھىپە قالدۇرغان، بۇ شۈبھىسىز بىر ھەقىقەت. چۈنكى، مىدىيەلىكلەر بىلەن پېرسىيەلىكلەر ناھايىتى بۇرۇنلا مېسوپوتامىيە رايونىدىكى ھەرقايسى چوڭ مەدەنىيەت مەركەزلىرى بىلەن زىچ ئالاقىدە بولۇپ كەلگەن. مەسىلەن: ئىلام، بابىلون ۋە ئاسسۇرىيە دېگەندەك. مىدىيەلىكلەر بىر مەزگىل ئاسسۇرىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان بولسا، پېرسىيەلىكلەرمۇ غەربتىن كەلگەن مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. نەتىجىدە مىدىيە ئىمپېرىيەسى بىلەن پېرسىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ قۇرۇلۇشى ئومۇمىي جەھەتتىن ئىلگىرىكى مېسوپوتامىيەدىكى ھەرقايسى قەدىمكى دۆلەتلەردىن ئۆرنەك ئالغان.

ئىران تىل سىستېمىسىدىكى بارلىق خەلقلەر ئىچىدە مىدىيەلىكلەر ئەڭ ئاۋۋال مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ھەقىقىي بىر ئىمپېرىيەنى قۇرۇپ چىققان. ئۇلار مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 612 ـ يىلى ئاسسۇرىيەنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، ئىكباتانانى (ھازىرقى ھەمەداننى كۆرسىتىدۇ) پايتەخت قىلىپ، زېمىنى ناھايىتى كېڭەيگەن، مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان سىياسىي تەشكىلاتنى بەرپا قىلغان. لېكىن بىز مىدىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ شەرقىي ئىران ياكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىغا تولۇق ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقىغا ئىشىنىشكە ئامالسىزمىز④.

ئۇزۇن ئۆتمەي مىدىيە زاۋاللىققا يۈز تۇتتى، ئارقىدىنلا پېرسىيە پادىشاھى كىرۇس، يەنى كەيخىسراۋ (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 558 ـــ 529 ـ يىللار) ئۇلۇغ ئەھمانىلار ئىمپېرىيەسىنى قۇردى. شۇنىڭ بىلەن غەربىي ئىرانىيانلارنىڭ سىياسىي كۈچى ناھايىتى زورىيىپ كەتتى. كەيخىسراۋ كىچىك ئاسىيانى بويسۇندۇرۇپ بولۇپ، بابىلونغا بېسىپ كىرىشتىن ئىلگىرى نەزىرىنى شەرق ۋە شەرقىي شىمالغا قاراتتى. ئۇ ئىران

ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي قىسمىنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىغا بېسىپ كىرىپ، باكتىرىيەلىكلەر، سوغدىلار ۋە خارازملىقلارنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالدى. ئۇ يىراقتىكى ياكسارت (سىر) دەرياسى بويىدا بىر شەھەر بىنا قىلىپ، شىمالدىكى بەدەۋى سارماتىئانلارنى قەبىلىلىرىدىن مۇداپىئە كۆردى. رىملىقلار بۇ شەھەرنى كىروپولىس (Cyropolis) دەپ ئاتىغانىدى.

رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، كەيخىسراۋ ئاخىر سارماتىئانلاردىن بولغان ماسساگېتلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئۆلگەن. بۇ تىراگېدىيەلىك ئاقىۋەت تۈپەيلىدىن پېرسىيەلىكلەرنىڭ سارماتىئانلارنى بويسۇندۇرۇش پىلانىدىن ۋاز كېچىشىگە توغرا كەلگەن. بىراق كەيخىسراۋنىڭ ئوغلى ھەم ۋارىسى كامبىز باكتىرىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىدىكى باشقا دېھقانچىلىق رايونلىرىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشۋەرگەن. ئەمما، كامبىز ئۆلگەندىن كېيىن دۆلەت ئىچىدە نىزا يۈز بېرىپ، راسا گۈللەنگەن بۇ ئىمپېرىيە بىر مەھەل بەختسىزلىككە دۇچار بولغان، ھەرقايسى ئۆلكىلەر ئىسيان كۆتۈرۈپ مۇستەقىل بولۇۋالغان. بىز نۇرغۇن پاكىتلارغا ئاساسەن شەرقىي ئىرانىيانلارنىڭمۇ مۇشۇ ۋاقىتتا پېرسىيەنىڭ كونترولluقىدىن قۇتۇلغانلىقىغا ئىشىنىمىز⑤.

بىراق ئۇزۇن ئۆتمەي پادىشاھ دارا (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 521 ــ 485 ـ يىللار) ئەھمانىلار ئىمپېرىيەسىنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈردى، بۇنىڭ بىلەن ئىلگىرى كەيخىسراۋ ۋە كامبىزغا بويسۇنغان بارلىق ئۆلكىلەر قايتىدىن پېرسىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتۈپلا قالماي، يەنە تېخى بەزى يېڭى زېمىنلار قوشۇۋېلىندى ⑥. دارا تىكلىگەن تاش ئابىدىلەردىن بىز ئەينى چاغدىكى پېرسىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ ئۆلكىلىرىنى بىلىۋالالايمىز. بۇ ئۆلكىلەر ئىچىدە باكتىرىيە، سوغدىيە، خارازممۇ بار. بۇلار دارا دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىنىڭ

يەنىلا پېرسىيە ئىمپېرىيەسىگە قوشۇۋېلىنغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ ⑦.

شۇنىڭدىن كېيىن پېرسىيەنىڭ بۇ رايوندىكى ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى ھەقىقىي تۇردە تۇرغۇزۇلۇپ، ئەھمانىلار ئىمپېرىيەسى يىمىرىلگەندىلا ئاندىن يوقالدى. لېكىن بۇ مەزگىلدە كۆپ قېتىم توپىلاڭ يۈز بەردى ۋە كېيىنچە پېرسىيەنىڭ بۇ رايونلاردىكى ھۆكۈمرانلىقى پەقەت نامدىلا ساقلىنىپ قالدى. دارانىڭ ۋارىسى كىسىركىسنىڭ قوشۇنلىرى ئىچىدە باكتىرىيەلىك، سوغدىيەلىك ۋە خارازملىقلارنىڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقى بىزگە مەلۇم، شۇڭا كېيىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندە پېرسىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئەسكەر ئېلىشتا يەنىلا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىنى مۇھىم ئەسكەر مەنبەسى قىلغانلىقىغا ئىشىنىشكە ھەقلىقمىز ⑧.

بىر نۇقتىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەككى، پېرسىيەنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىنى بويسۇندۇرۇشى ھەرگىزمۇ بىر «ئىرق»نىڭ باشقا بىر «ئىرق»نى بويسۇندۇرۇشى ئەمەس ئىدى. پېرسىيەلىكلەر بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىدىكى خەلقلەر ئاق ئىرققا تەۋە ئىدى ھەم باغلىنىشلىقى زىچ بولغان ئىران تىلىدا سۆزلىشەتتى. شۇڭلاشقا پېرسىيەنىڭ ئىستېلاسى ئىرق ۋە تىل جەھەتتە بۇ رايوندا چوڭ ئۆزگىرىش پەيدا قىلالمىدى.

مەدەنىيەت جەھەتتە پېرسىيەلىكلەر، غەربىي ئىرانىيانلار، باكتىرىيەلىكلەر ۋە باشقا شەرقىي ئىرانىيانلار ئوتتۇرىسىدىمۇ نۇرغۇن ئوخشاشلىقلار بار ئىدى. شۇڭلاشقا پېرسىيەنىڭ باكتىرىيەنى بويسۇندۇرۇشى ھەرگىز مەدەنىيەتلىك بىر دۆلەتنىڭ بىر بەدەۋى خەلقنى بويسۇندۇرۇشى بولماستىن، بەلكى بىر مەدەنىيەتلىك ياكى يېرىم مەدەنىيەتلىك خەلقنىڭ ئوخشاش دەرىجىدىكى باشقا بىر خەلق تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلۇشى ئىدى، شۇڭا، بۇ ئىككى خەلق ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت جەھەتتىكى پەرق ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى ھەم مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ

كۆچىيىشىگە ئەگىشىپ ئازايدى.

بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، ئۇلۇغ پېرسىيە دىنى، يەنى زوروئاستېر دىنىنىڭ تەرەققىي قىلىپ ھەقىقىي دىنىي سىستېمىنى بارلىققا كەلتۈرۈشى پېرسىيەدە ئەمەس، بەلكى شەرقىي ئىرانىيانلار ئارىسىدا تاماملانغان. پېرسىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ زوروئاستېر دىنى ناھايىتى تېزلىكتە ئىمپېرىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى بارلىق ئىرانىيان خەلقلىرى ئارىسىغا تارقالغانىدى[9].

ئەڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى ئەھمانىلار پادىشاھلىرى ھەرگىزمۇ دىنغا خۇراپىيلارچە چوقۇنغۇچى ئەمەس ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزىلىرى سىياسىي مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن مېسوپوتامىيە رايونىدىكى خەلقلەرنىڭ ئىلاھلىرىغىمۇ چوقۇنغان. ئەمەلىيەتتە بۇ پادىشاھلارنىڭ ھەممىسى يەنىلا ھەشەمەتلىك قەبرىلەرگە دەپنە قىلىنغان، ھالبۇكى زوروئاستېر دىنىنىڭ قائىدىسىدە ئۆلگۈچىنىڭ جەستى چۆل - جەزىرىگە تاشلىنىپ، قاغا - قۇزغۇنلارغا يەم قىلىناتتى. شۇنداقتىمۇ ھېچبولمىغاندا دارادىن باشلاپ پېرسىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۆزلىرىنى زوروئاستېر دىنىنىڭ مۇرىتلىرى دەپ قارىغان. تاش ئابىدىلەردە ئاخۇرامازدانىڭ نامىنىڭ تىلغا ئېلىنغانلىقى بۇنىڭ ئىسپاتىدۇر[10]. ئەھمانىلار سۇلالىسى يوقىلىشتىن بۇرۇن زوروئاستېر دىنى ئىران ئېگىزلىكىدىكى بارلىق خەلقلەر بىردەك ئېتىقاد قىلىدىغان دىنغا ئايلانغان. بۇ پاكىتلاردىن شۇنى بىلىۋېلىش مۇمكىنكى، سىياسىي ھوقۇق ھۆكۈمران سىنىپ بولغان پېرسىيە ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبى يەنىلا مۇھىم ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن بولۇپ، پۈتۈن پېرسىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ مەدەنىيىتىنى مۇجەسسەملىگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە شۇنى ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ماددىي مەدەنىيەت جەھەتتە غەربىي ئىرانىيانلاردىن قوبۇل قىلغىنى تارقاتقىنىدىن

كۆپ ئىدى.

پېرسىيەنىڭ ئۆزىنىڭ جۇغراپىيەلىك مۇھىتى ھەم سىياسىي مۇھىتى ئەينى چاغدىكى مېسوپوتامىيە ۋە مىسىرنىڭ يۈكسەك مەدەنىيىتى بىلەن زىچ باغلانغانىدى. ئۇ يەنە ئورۇن جەھەتتىكى ئەۋزەللىكى بىلەن مەدەنىيىتى يۈكسەك تەرەققىي قىلغان يۇنان بىلەنمۇ مەدەنىيەت ئالماشتۇرالىغان. بۇ مەدەنىيەتلەرنىڭ تەسىرىنىڭ نەتىجىسىنى پېرسېپولىسنىڭ خارابىسىدىن ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. پېرسېپولىس ئەھمانىلار پادىشاھلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئوردىسى ئىدى. بۇ يەردىن بىز مىسىر ئۇسلۇبىدىكى تاش قۇرۇلۇش ۋە ئويما تۇۋرۇكلەرنى ھەم ئاسسۇرىيە ئۇسلۇبىدىكى خىلمۇ خىل قۇرۇلۇش شەكىللىرىنى، مەسىلەن، پەلەمپەي ۋە سىرلانغان كاھىش قاتارلىقلارنى بايقىدۇق. پېرسىيەنىڭ يېزىقىمۇ مېسوپوتامىيەدىن كىرگەنىدى.

ھېرىدوت بىزگە پېرسىيەلىكلەرنىڭ قوشنا مىللەتلەرنىڭ ھەرخىل مەدەنىيەتلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشقا ئامراق ئىكەنلىكىدىن مەلۇمات بېرىدۇ. شۇڭا بىزنىڭ پېرسىيە مەدەنىيىتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىدىكى ئارىلاشما خۇسۇسىيىتىدىن ھەيران قېلىشىمىز ھاجەتسىز. بىز پېرسىيەلىكلەر مەدەنىيەتلىك قوشنا مىللەتلەردىن ئۆزلەشتۈرگەن نۇرغۇنلىغان مەدەنىيەتلەرنىڭ شەرقىي ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىدىكى خەلقلەرگىمۇ تارقالغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىشىمىز كېرەك. بىراق بىزنىڭ بۇنى ئىسپاتلاشقا پاكىتىمىز ناھايىتى ئاز، چۈنكى ھازىرغا قەدەر ئارخېئولوگلار بۇ مەسىلىگە ناھايىتى ئاز كۆڭۈل بۆلدى. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پېرسىيەلىكلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىنى ئىگىلىشىنىڭ مۇشۇ رايوننىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدا دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلماي بولمايدۇ ⑪.

ئىمپېراتور ئالېكساندىرنىڭ شەرقنى بويسۇندۇرۇشىنىڭ ئەھمىيىتىمۇ ئوخشاشلا مۇھىم. ئىمپېراتور ئالېكساندىر

پېرسىيە ئىمپېرىيەسىنى ئىگىلەپلا قالماي، يەنە ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم شەھەرلىرىنىمۇ ئىگىلەپ، ئەھمانىلار سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى دارا Ⅲ نى قوغلىۋەتتى ۋە يىراققا يۈرۈش قىلىپ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىغا بېسىپ كىردى. دارا ئۆلگەندىن كېيىن باكتىرىيەنىڭ ۋالىيسى بېسۇس ئۆزىنى پادىشاھ دەپ جاكارلاپ، يېڭى ئىمپېرىيە قۇرۇپ، بارلىق شەرقىي ئىرانىيانلارنى بويسۇندۇرۇشقا ئۇرۇندى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى ئالېكساندىرنىڭ غەزىپىنى قوزغىغاچقا، ئۇ بۇ يېڭى دۆلەتنى مۇستەھكەملىنىشتىن ئىلگىرى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىشنى قارار قىلدى. ئەينى چاغدا ئالېكساندىر ئىراننىڭ شەرقىدە، يەنى ئافغانىستاندا تۇرۇۋاتاتتى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 329 ـ يىلى ئۇ تېزلىكتە شىمالغا يۈرۈش قىلىپ پارو پامسۇس تېغى، يەنى ھىندىقۇش تاغلىرىدىن ئۆتۈپ باكتىرىيەگە بېسىپ كىردى ۋە ئۇزۇن ئۆتمەيلا بۇ رايوننىڭ مەركىزى بەلخىنىڭ يېڭى غوجايىنى بولۇپ قالدى.

شەرقىي ئىرانىيانلار ئارىسىدا يېڭى ئىمپېرىيە قۇرۇش غەرىزىدە بولۇۋاتقان بېسۇس ئالېكساندىردىن چۆچۈپ، دەرھال شىمالغا قېچىپ ئوكسوس (ئامۇ) دەرياسىدىن ئۆتۈپ سوغدىيانا ئۆلكىسىگە باردى، ئۇ بۇ يەرگىچە قېچىپ كەلگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئالېكساندىرنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلالمىدى. بېسۇس دەريادىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن بارلىق قېيىقلارنى كۆيدۈرۈۋەتكەن بولسىمۇ، بىراق ئالېكساندىر تۇلۇم بىلەن دەريادىن ئۆتۈپ سوغدىياناغا ھۇجۇم قىلدى. ئالېكساندىرنىڭ باتۇرلۇقى سوغدىيانا ئاقسۆڭەكلىرىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغاچقا، ئۇلار خەتەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بېسۇسنى تۇتۇپ باغلاپ ماكېدونىيە قوشۇنىغا تاپشۇرۇپ بەردى.

بېسۇس ئۆلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئالېكساندىر بۇنىڭلىق بىلەن قانائەت قىلىپ قالماي سوغدىياناغا ئىچكىرىلەپ يۈرۈش قىلىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ پايتەختى ماراكەند، يەنى ھازىرقى

سەمەرقەنتنى ئالدى ۋە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پېرسىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ بۇرۇنقى چېگراسى بولغان ياكسارت (سىر) دەرياسى بويىدا يېڭى شەھەر قۇردى، بۇ شەھەر لېنىنئاباد (ھازىرقى دۇشەنبە) نىڭ يېقىن ئەتراپىدا بولۇپ، ئالېكساندىر قۇرغان باشقا شەھەرلەرگە ئوخشاش ئالېكساندىرىيە دەپ ئاتالدى. ئۇ يەنە ياكسارت دەرياسىدىن ئۆتۈپ كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ساكلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ قەبىلە باشلىقلىرىنى تەسلىم بولۇشقا قىستىغان بولسىمۇ، لېكىن پېرسىيەنىڭ ئىلگىرىكى ئۇرغۇنلىغان ھۆكۈمرانلىرىغا ئوخشاش ئۇمۇ بۇ چارۋىچى خەلقلەر ئارىسىدا ئۆزىنىڭ مۇستەھكەم ھۆكۈمرانلىقىنى تۇرغۇزالمىدى ۋە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆزىنىڭ بازىسى بولغان باكتىرىيە ۋە سوغدىياناغا قايتىپ كەتتى.

ئەينى چاغدىكى مۇھىت ئالېكساندىرنى كېيىنكى يىلىمۇ (يەنى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 328 ـ يىلى) ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىدا تۇرۇپ قېلىشقا مەجبۇر قىلدى. چۈنكى، سوغدىيانادا زور توپىلاڭ يۈز بەرگەن بولۇپ، ئالېكساندىر ئاۋۋال شۇنى تىنچىتقاندا ئاندىن باشقا يەرلەرگە يۈرۈش قىلالايتتى. ئۇ يەنە يېگانە ھالدا جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقان تاغدىكى قەلئەلەرنى بىر ـ بىرلەپ بويسۇندۇرۇشى كېرەك ئىدى. ئالېكساندىر ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قەلئەنى ئالغاندا، باكتىرىيەلىك ياش ئاقسۆڭەك ئايال روخسانەنى كۆرۈپ قېلىپ، كېيىن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلدى. ئالېكساندىرنىڭ قانۇنلۇق ئوغۇللىرىنىڭ ئىچىدىكى بىرسى ئەنە شۇ روخسانەدىن تۇغۇلغانىدى.

ئالېكساندىرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىدىكى پائالىيىتىدىن ئۇنىڭ مەقسىتىنىڭ ئاددىي بويسۇندۇرۇۋېلىش ئەمەس، بەلكى تەلتۆكۈس ھەم مەڭگۈلۈك قوشۇۋېلىش ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ ياش ئىستېلاچى ئۆزى ئادەتلەنگەن ۋاستىلەر ئارقىلىق بۇ رايوندىكى ھەرقايسى

مۇھىم شەھەرلەرگە نۇرغۇن كۆچمەنلەرنى، بولۇپمۇ ياۋروپا كۆچمەنلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى. بۇ كۆچمەنلەرنىڭ بىر قىسمى ماكېدونىيەلىكلەر بولسىمۇ، بىراق كۆپ سانلىقى قەدىمكى يۇنان مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن كەلگەن يۇنانلىقلار ئىدى. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 327 - يىلى ئالېكساندېر بۇ يەردىن ئايرىلىپ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ، ھىندىستاننى بويسۇندۇرۇشقا ئاتلانغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىغا كۆچۈرۈپ كەلگەن ئاھالىلەرنى شۇ يەردە قالدۇرۇپ قويۇپلا قالماي، يەنە ئون مىڭ پىيادە ئەسكەر ۋە ئۈچ مىڭ ئاتلىق ئەسكەرنى قالدۇرۇپ قويدى ⑫.

ئالېكساندېرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىدىكى ئىستېلاسى ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلدى. چۈنكى، ماكېدونىيە ئىمپېرىيەسى ئالېكساندېر ئۆلۈپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا يىمىرىلگەن بولسىمۇ، بىراق يۇناننىڭ تەسىرى يەنىلا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرسى بولۇپ قالدى، بۇ تەسىر مەركىزىي ئاسىيانىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىدا نەچچە ئەسىرگىچە داۋام قىلدى.

مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 323 - يىلى ئالېكساندېر ئۆلگەندىن كېيىن ماكېدونىيە قوشۇنى ئىچىدىكى سەركەردىلەر بەس - بەستە ھاكىمىيەت تالاشتى ⑬. بىرقانچە يىللىق جەڭلەر ئارقىلىق (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 312 - يىلىغىچە) سەركەردە سېلىۋك ماكېدونىيەنىڭ ئاسىيادىكى كۆپ قىسىم زېمىنلىرىنىڭ ھۆكۈمرانى بولۇپ قالدى. ئۇ ئەڭ دەسلەپ سۈرىيە ۋە مېسوپوتامىيەنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئاندىن پۈتكۈل ئىران ئېگىزلىكىنى تېز سۈرئەتتە ئۆز ئىلكىگە ئالدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا باكتېرىيە ۋە سوغدىياناتنىڭ ۋالىيلىرىمۇ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلدى، نەتىجىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ پۈتكۈل جەنۇبىي قىسمى بۇ سېلىۋك ئىمپېرىيەسىگە قوشۇلدى. بۇ رايوننىڭ تەقدىرى سېلىۋك ئىمپېرىيەسىنىڭ پايتەختىگە باغلىق ئىدى —— ئەينى چاغدا سېلىۋك ئىمپېرىيەسىنىڭ ئىككى پايتەختى بولۇپ، بىرى مېسوپوتامىيە تەۋەسىدىكى سېلىۋكىيە، يەنە بىرى سۈرىيە

تەۋەسىدىكى ئانتىئوكىيە ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن گىرېك دۇنياسىنىڭ ئالاقىسى بۇ چاغدا ئىلگىرىكىدىنمۇ بەك قويۇقلاشتى⑭.

سېلىۋكۇس قۇرغان ئىمپېرىيە نەچچە ئون يىلغىچە تىنچ سەلتەنەت سۈردى. سېلىۋكىنىڭ نەۋرىسى ئانتىئوك II (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 261 — 246 - يىللار) ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە سېلىۋك ئىمپېرىيەسى زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشقا باشلىدى. ئانتىئوك ئۆزىنى «زېۋىس» (مۇقەددەس ئىلاھ) دەپ ئاتىدى ھەمدە ئەيش - ئىشرەتكە بەكلا بېرىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ دۆلەت ئىشلىرى بىلەن پەقەتلا كارى بولمىغاچقا، بارلىق ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى ئۇنىڭ ۋەزىرلىرى بىرتەرەپ قىلدى. شۇڭلاشقا ئەينى چاغدا سېلىۋك ئىمپېرىيەسىگە تەۋە بولغان بىرقانچە چېگرا ئۆلكىلەرنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈپ مۇستەقىللىق جاكارلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى ⑮.

بۇ ئىسيانلاردىن ئەڭ مۇھىم بولغىنى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 256 - يىلى تىئودوتۇس قوزغىغان ئىسيان ئىدى. ئۇ باكتېرىيەنىڭ ۋالىيسى بولۇپ، «باكتېرىيەدىكى ھەممە شەھەرنىڭ باشلىقى» دەپمۇ ئاتالغانىدى، بۇ قېتىمقى ئىسيان نەتىجىسىدە ئۇ مۇستەقىل پادىشاھ بولدى. ئۇ قۇرغان باكتېرىيە پادىشاھلىقى باكتېرىيەنىلا ئۆز ئىچىگە ئېلىپ قالماي، يەنە سوغدىيانا ۋە ئافغانىستاننىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. تىئودوتۇس يۇنانلىق بولغاچقا، ئەينى چاغدىكى ھۆكۈمرانلار سىنىپىمۇ ئاساسەن گىرېك قان سىستېمىسىغا تەۋە كىشىلەردىن تەركىب تاپقانىدى. شۇڭلاشقا بۇ يېڭى پادىشاھلىقنىڭ قۇرۇلۇشى سىياسىي جەھەتتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولسىمۇ، مەدەنىيەت جەھەتتە ھېچقانچە ئۆزگىرىش پەيدا قىلالمىدى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبى يەنىلا يۇنان ئەنئەنىسىدە تۇرىۋەردى.

لېكىن بىرقانچە يىللاردىن كېيىن (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 247 - يىلى) ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي جەنۇبى ھەم ئۇنىڭغا تۇتاش بولغان ئىران ئېگىزلىكىدە بىر قېتىملىق ئىنقىلاب يۈز

بەردى، بۇ سىياسىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. شۇ چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىدىن كەلگەن پارناي دەپ ئاتىلىدىغان كۆچمەن چارۋىچىلار ئاقساقىلى ئارساكنىڭ باشچىلىقىدا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي جەنۇبىغا يۈرۈلۈپ كىرىپ، ئارقىدىن يەنە ئىران ئېگىزلىكىگە بېسىپ كىرىپ، پارفىيە (ھازىرقى ئىراننىڭ خۇراسان ئۆلكىسى) ئۆلكىسىدىكى سېلىۋكىلارنىڭ ۋالىيسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، مۇستەقىل دۆلەت قۇردى (بۇ دۆلەت جۇڭگو تارىخى ماتېرىياللىرىدىكى安息، يەنى ئارساكنى كۆرسىتىدۇ).

بۇ كۆچمەن چارۋىچىلار ئۆزى بويسۇندۇرغان ئۆلكىنىڭ نامى بىلەن پارفىيەلىكەر دەپ ئاتالدى. ئۇلار شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ يەرنى ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي مەركىزى قىلدى، بىراق ئۇلارنىڭ كېلىپ چىققان جايى شىمال تەرەپ، يەنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالى ئىدى. كىلاسسىك ئاپتورلارنىڭ بايانلىرىغا ئاساسلانغاندا، پارنايلار داخلارنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، داخلار بولسا ماسساگېتلارنىڭ بىر تارمىقى ئىدى، تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، پارنايلار سارماتىئانلارغا، يەنى شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچى ئىرانىيانلارغا تەۋە ئىدى ⑯.

باكتېرىيەلىكلەر بىلەن پارفىيەلىكلەرنىڭ ئىنقىلابىي نەتىجىسىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ پۈتكۈل جەنۇبىي قىسمى ھەم شەرقىي ئىراننىڭ كۆپ قىسمى سېلىۋك ئىمپېرىيەسىدىن ئايرىلىپ چىقتى، بۇنداق چوڭ زېمىننى قولدىن بېرىپ قويۇش سېلىۋكىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرىغا چوڭ زەربە بولدى. بىراق ئۇزۇن يىللارغىچە سېلىۋكىلارنىڭ پادىشاھلىرى ئۆز دۆلىتىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى پاراكەندىچىلىكنى بېسىقتۇرۇش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، پارفىيەلىكلەر ۋە باكتېرىيەلىكلەرنى پىلانلىق باستۇرۇش ئىشلىرىغا سەل قاراپ قالدى، ئەمما پارفىيەلىكلەر ۋە باكتېرىيەلىكلەر ئاكتىپلىق بىلەن ئىش كۆرۈپ، ئۆز ئورنىنى كۈچەيتىپ ۋە مۇستەھكەملەپ، سېلىۋكىلار پادىشاھلىرىنىڭ

قولدىن كەتكەن زېمىنلىرىنى قايتۇرۇۋېلىشىدىن مۇداپىئە كۆردى.

دەرۋەقە مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 237 ـ يىلىغا كەلگەندە قولدىن كەتكەن يەرلەرنى قايتۇرۇۋېلىش ئۇرۇشى يۈز بەردى، بىراق بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا سېلىۋكىلار نىڭ پادىشاھى سېلىۋك Ⅱ پارفىيە قوشۇنى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. شۇ چاغدا ئۇ يېڭىدىن قوشۇن توپلاپ قايتا يۇرۇش قىلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، دۆلىتىنىڭ غەربىي قىسمىدا يېڭى توقۇنۇش يۈز بەرگەچكە، پارفىيە ۋە باكتېرىيەنى سېلىۋكىلار ھۆكۈمرانلىقىغا قايتا كىرگۈزۈش ئۈمىدىدىن ۋاز كەچتى ⑰.

30 يىلدىن كېيىن (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 209 — 206 ـ يىللار) سېلىۋكىلار شەرقتىكى قولدىن كەتكەن زېمىنلىرىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن يەنە ئاتلاندى، بۇ قېتىم بىرقەدەر زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. سېلىۋكىلار پادىشاھ ئانتىئوك Ⅲ نىڭ قوماندانلىقىدا پارفىيەگە بېسىپ كىرىپ، ئۇنىڭ پايتەختى ھېكاتومپىلۇسنى ئىشغال قىلىۋالدى. پارفىيە پادىشاھى شىمالغا قېچىپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي جەنۇبىغا بېكىنىۋالدى، ئانتىئوك Ⅲ دەرھال شۇ يەرگە قاراپ ئىلگىرىلەپ نۇرغۇن يېڭى غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، بىراق كۆڭلىدە پارفىيەلىكلەرنى تىنچىتىشنىڭ قىيىنلىقىنى تونۇپ يەتتى، شۇڭا ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندا پارفىيەلىكلەرنىڭ ئۆز پادىشاھىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشىنى ئېتىراپ قىلدى، لېكىن ئۇلارنىڭ سېلىۋكىلارنى ھامىي دەپ ئېتىراپ قىلىشىنى ۋە زور مىقداردا ئۆلپان تۆلىشىنى شەرت قىلدى.

ئانتىئوك Ⅲ پارفىيەدىكى ئىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ، باكتېرىيەنى بويسۇندۇرۇشقا ئاتلىنىپ ئوخشاش نەتىجىگە ئېرىشتى. شۇ چاغدا تىئودۇتۇس قۇرغان باكتېرىيە پادىشاھلىقىغا باشقا بىر يۇنانلىق — ئېئۇتدېمۇس

ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىغانىدى. دەسلەپتە ئېيتىشىمىز قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئارقا ـ ئارقىدىن مەغلۇپ بولۇپ، ئاخىرىدا پايتەخت بەلخكە بېكىنىپ قالدى.

مۇبادا ئەينى چاغدا ئانتىئوك Ⅲ ئاخىرغىچە تىرىشقان بولسا، ئۇ بەلخنى مۇداپىئە قىلىشقا ئىتقانلارنى ئاچ قويۇپ بولسىمۇ بويسۇندۇرغان بولاتتى، بىراق ئۇ ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇشلاردىن زېرىككەن بولغاچقا، ئاخىرىدا ئېيتىدىمۇس ئوتتۇرىغا قويغان پايدىلىق شەرتلەرنى قوبۇل قىلدى، ئۇ باكتىرىيە پادىشاھىنىڭ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىشىغا ۋە پادىشاھ نامىنى قوللىنىشىغا رۇخسەت قىلدى. ئەمما ئۇنىڭ سېلېۋكلارنى ھامىي دەپ ئېتىراپ قىلىشىنى ۋە سېلېۋك ئىمپېرىيەسى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشىنى شەرت قىلدى. باكتىرىيەلىكلەر يەنە ئانتىئوك Ⅲ نىڭ قوشۇنىدىكى لەشكەرلەرگە ۋە پىللارغا تەمىنات بېرىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا تۈزگەن ئىتتىپاقنى قۇدىلىشىش ئارقىلىق مۇستەھكەملەش ئۈچۈن باكتىرىيەنىڭ شاھزادىسى سېلېۋكلارنىڭ مەلىكىسىگە ئۆيلىنىدىغان بولدى. باكتىرىيە پادىشاھىنىڭ بۇنداق پايدىلىق ئورۇننى قولغا كەلتۈرەلىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب شۇكى، ئۇ پەقەت قۇدرەتلىك باكتىرىيە بولغاندىلا ئاندىن ساكلار ۋە شىمالدىكى باشقا كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەرنىڭ بۇ يەرگە كەلتۈرىدىغان تەھدىتىنى توسۇپ قالغىلى بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى ⑱.

ئانتىئوك Ⅲ نىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبى ۋە ئىراننىڭ شەرقىدىكى ئوڭۇشلۇق يۈرۈشلىرى نەتىجىسىدە بۇ رايونلار ئۇزۇن مەزگىلگىچە سېلېۋكلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتكەندەك بولدى. پارفىيە بىلەن باكتىرىيە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، بىراق سېلېۋكلارنىڭ ھامىيلىق ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىپلا قالماي، يەنە ئۇلارغا زور مىقداردا ئولپان تاپشۇردى، ئەمما ئۇزۇنغا بارمايلا ئانتىئوك Ⅲ نىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىپ قولغا كەلتۈرگەن بارلىق غەلىبىسى بەربات بولدى. ئانتىئوك Ⅲ

مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 190 ـ يىلى رىملىقلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن سېلىۋكىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ بارلىق كۈچ ـ قۇدرىتى ۋە شان ـ شۆھرىتى مەڭگۈلۈك يوقالدى ⑲. ئانتىئوكIII دىن كېيىنكى سېلىۋكىيە پادىشاھلىرى ئاجىز، يارامسىز بولغاچقا، پۈتۈن كۈچى بىلەن غەربتىكى رىملىقلار ۋە يەھۇدىيلار بىلەنلا ئۇرۇش قىلىپ، شەرققە قاراشقا چولىسىنى تەگكۈزەلمىدى. نەتىجىدە باكتېرىيە بىلەن پارفىيە يەنە مۇستەقىل بولۇۋالدى. يەنە كېلىپ بۇ ئىككى دۆلەت قايتىدىن مۇستەقىل بولۇش بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماي، يەنە سىرتقا قارىتا تاجاۋۇزچىلىق قىلدى ۋە نەچچە ئون يىل ئىچىدىلا ئانچە مۇھىم بولمىغان كىچىك پادىشاھلىقتىن قۇدرەتلىك چوڭ ئىمپېرىيەگە ئايلاندى.

بۇ مەزگىلدىكى باكتېرىيەنىڭ تەقدىرى بىزنىڭ ناھايىتى قىزىقىشىمىزنى قوزغايدۇ ⑳. باكتېرىيە پادىشاھلىقىدىكى يۇنانلىقلارنىڭ سانى ئەزەلدىنلا بىرقەدەر ئاز بولۇپ، ئاھالىلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىرانىيانلار تەشكىل قىلاتتى. ئۇلار ئىران تىلىدا ياكى ئىران تىل سىستېمىسىدىكى باكتېرىيە ۋە سوغدىيە شېۋىسىدە سۆزلىشەتتى، بىراق يۇنانلىقلار پۈتكۈل دۆلەتنى تاشقى كۆرۈنۈشتە يۇنانلاشتۇرىۋەتكەنىدى، چۈنكى ئەينى چاغدا يۇنانلىقلار ئەڭ يۇقىرى ھەربىي ۋە مەمۇرىي ھوقۇقنى ئىگىلىۋېلىپلا قالماي، يەنە كۆپلىگەن شەھەرلەردە يۇنان ئەندىزىسى قوللىنىلغانىدى.

ئەينى چاغدا باكتېرىيەدىكى چارۋىچىلار ۋە دېھقانلار، يېزىلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ ھەممىسى ئىرانىيانلار ئىدى، لېكىن كۆپلىگەن شەھەرلەرنى يۇنان كۆچمەنلىرى ئىدارە قىلاتتى. ئۇلار بۇ شەھەرلەرگە ئۆزلىرىنىڭ تىلى، دىنى، تۈزۈملىرى، تىياتىرى ۋە سەنئىتىنى ئېلىپ كەلگەنىدى، باكتېرىيەدە بۇنداق شەھەرلەردىن ئون نەچچىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىسىنى ئالېكساندىر قۇرغان، بەزىسىنى دەسلەپكى سېلىۋكىلار

پادىشاھلىرى قۇرغانىدى. ھەر بىر شەھەر يۇنان مەدەنىيىتىنى تارقىتىدىغان مەركەز ئىدى، بۇ شەھەرلەرنىڭ پۈتكۈل باكتىرىيە پادىشاھلىقىنى يۇنان روھىغا ئىگە قىلغانلىقىدىن شۈبھىلىنىشكە بولمايدۇ.

باكتىرىيە قوشۇنىدىكى لەشكەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى يۇنانلىقلاردىن ئىبارەت بولغانىدى. ئەمما بۇ، يۇنانلىقلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى داۋاملىق تىزگىنلەپ تۇرۇشىغا پايدىسىز ئىدى. چۈنكى، ھەر قېتىم ئۇرۇش بولغاندا نەچچە يۈزلىگەن ئادەم ئۆلۈپ، ئەسلىدىنلا سانى ئاز بولغان يۇنانلىقلارنى تېز سۈرئەتتە ئازايتىۋېتەتتى. مۇبادا يۇنانىيەدىن يېڭى كۆچمەنلەرنى كۆچۈرۈپ كەلسە ياكى يېڭى ئەسكەر قوبۇل قىلسا، ھېچقانداق مەسىلە كېلىپ چىقمىسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن ئامىللار بۇنى روياپقا چىقارمايتتى. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم ئامىل شۇكى، ئاھالىسى يۇنانلىقلاردىن بولمىغان پارفىيە پادىشاھلىقىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى شەرقتىكى باكتىرىيە بىلەن غەربتىكى يۇنان ئوتتۇرىسىدا بىر تەبىئىي توساق پەيدا قىلغانىدى.

ۋاھالەنكى، باكتىرىيەدىكى گىرېك ھۆكۈمرانلار بۇ توسالغۇلارغا قارىماي، سىياسىي جەھەتتە ئۇنۇملۇك سىياسەتلەرنى يولغا قويدى ھەمدە قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە دۆلەت زېمىنىنى ھەسسىلەپ كېڭەيتتى. پارفىيە پادىشاھلىقى كۈندىن ـ كۈنگە كۈچەيگەچكە، باكتىرىيەلىكلەر غەربكە كېڭەيمەيتتى، شۇڭا ئۇلار كۆپ ھاللاردا شەرققە قاراپ ئىلگىرىلىدى. ئەينى چاغدا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق كۈچىنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى شەھەر دۆلەتلىرىگىچە يەتكۈزگەن بولۇشى مۇمكىن، لېكىن بىز بۇ ھەقتە ھېچنەرسە بىلمەيمىز. ئالاھازەل مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 190 ـــ 180 ـ يىللار ئارىلىقىدا باكتىرىيەلىكلەر غەربىي شىمالىي ھىندىستاننىڭ زور بىر قىسمىنى بويسۇندۇردى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتىكى باكتىرىيە

قوشۇننىڭ سەركەردىسى دېمېترۇس بولۇپ، ئۇ ئېئۇتدېمۇسنىڭ ئوغلى ۋە ۋارىسى ئىدى. بۇ قېتىمقى بويسۇندۇرۇش نەتىجىسىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىي جەنۇبى، ئافغانىستان ۋە شىمالىي ھىندىستاننىڭ زور بىر قىسمى باكتېرىيە پادىشاھلىقىنىڭ تېررىتورىيەسىگە قوشۇلدى ㉑.

مۇبادا ئۇلار بۇ رايونلاردىكى ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى داۋاملىق ساقلاپ قالالىغان بولسا، دېمېترۇس ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى دۇنيانىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدىكى ئەڭ قۇدرەتلىك پادىشاھلاردىن بولۇپ قالغان بولاتتى، بىراق باكتېرىيەدىكى يۇنانلىقلارمۇ ياۋروپادىكى يۇنانلىقلارغا ئوخشاشلا سىياسىي سۇيىقەستكە ماھىر ئىدى. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 175 ـ يىلى، يەنى ھىندىستاننى بويسۇندۇرۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ئېئۇكراتىدېس ئىسىملىك بىر سەركەردە توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، باكتېرىيەنىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرىنى ئىگىلىۋالدى.

شۇنىڭدىن كېيىن باكتېرىيەدە ئۆزئارا دۈشمەنلىشىدىغان ئىككى خاندانلىق پەيدا بولدى. ئۇنىڭ بىرى دېمېترۇسنىڭ نەسەبىدىكىلەر بولۇپ، شىمالىي ھىندىستاننىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرىغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى، يەنە بىرى ئېئۇكراتىدېس ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى بولۇپ، باكتېرىيە ۋە ئۇنىڭ يېقىن ئەتراپىغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. بۇ خىل بۆلۈنۈش ۋەزىيىتى ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە داۋام قىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي باكتېرىيە ئىمپېرىيەسىدىكى ئىككى خاندانلىق يەنە نۇرغۇنلىغان كىچىك خاندانلىقلارغا بۆلۈنۈپ، بىر ـ بىرى بىلەن توختىماي ئۇرۇش قىلىپ تۇردى. بۇ خىل بۆلۈنۈش يۇنانلىقلارنىڭ شەرقتىكى ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى داۋاملىق تۇتۇپ تۇرۇش ئارزۇسىغا ئەجەللىك زەربە بەردى، ئەمما گىرېكلەشكەن باكتېرىيەلىكلەر ئىگىلىگەن بارلىق رايونلارنىڭ مەدەنىي ھاياتىغا زىيان كەلتۈرمىدى. بۇ خىل ئەھۋال باكتېرىيە ۋە شەرقىي ئىراندىلا شۇنداق بولۇپ قالماستىن، شىمالىي ھىندىستاندىمۇ شۇنداق

بولدى.

يۇنان سەنئىتىنىڭ شىمالىي ھىندىستان سەنئىتى (بولۇپمۇ دىنىي سەنئەت) گە بولغان زور تەسىرى توغرىسىدا بىزدە ئىشەنچلىك ئارخېئولوگىيەلىك ئىسپات بار. ئالاھىدە بىر خىل سەنئەت ئېقىمى، يەنى قەندىھار ئېقىمى باكتېرىيە ۋە شىمالىي ھىندىستاندا پەيدا بولغان بولۇپ، ئۇنىڭدا پۈتۈنلەي يۇناننىڭ ئۇسلۇبى گەۋدىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ باش مۇددىئاسى بۇددا دىنىغا تۆھپە قوشۇش ئىدى. بۇ ئېقىمغا تەۋە بولغان بۇددىزم رەسساملىقى ۋە ھەيكەلتىراشلىقى نۇرغۇن ئەسىر دەۋر سۈردى. ئاخىرىدا بۇددا دىنى پۈتكۈل مەركىزىي ئاسىياغا ھەم بۇ يەر ئارقىلىق جۇڭگوغا تارقالغاندا، قەندىھار سەنئەت ئېقىمىمۇ بىللە تارقىلىپ باردى. مىلادىيە 5 ـ، 6 ـ ئەسىرلەردىكى شىنجاڭنىڭ رەسساملىقىدا يۇناننىڭ تەسىرىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ ㉒.

باكتېرىيەدىكى ھەر قايسى پادىشاھلار تەسىر كۈچىنى ھىندىستان ۋە شەرقتىكى باشقا جايلارغا يەتكۈزۈۋاتقان چاغدا، پارفىيەلىكلەرمۇ زور كۈچ بىلەن غەربكە قاراپ تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. پارفىيە پادىشاھلىقىنىڭ تەرەققىي قىلىپ پارفىيە ئىمپېرىيەسى بولالىشىدىكى باش تۆھپە مىتراداتېس I گە مەنسۇپ. ئۇ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 173 ـ يىلىدىن 138 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغانىدى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى پارفىيەلىكلەر كىچىك بىر رايونغىلا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان بولۇپ، زېمىنى تەخمىنەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي جەنۇبى ۋە ئىراننىڭ شەرقىي شىمالىنىلا ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. يەنە كېلىپ پارفىيەلىكلەرنىڭ بۇ رايوندىكى ھۆكۈمرانلىقى ئانچە مۇقىم ئەمەس ئىدى. بىراق مىتراداتېس I تەختكە ئولتۇرۇپلا ئۇزاق مەزگىللىك بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشلىرىنى باشلىۋەتتى. نەتىجىدە پارفىيە تەدرىجىي ھالدا دۇنيانىڭ غوجىلىقىنى تالىشىدىغان ئاساسلىق كۈچ بولۇپ قالدى، مىتراداتېس I يۈرۈشكە ئاتلانغان

دەسلەپكى مەزگىللەردە ئالدى بىلەن شەرقتىكى يۇنانلاشقان باكتىرىيە پادىشاھلىقى بىلەن دۈشمەنلىشىپ، ئۇلارنىڭ قولىدىن بىر قانچە مۇھىم شەھەرنى، مەسىلەن، مەرغىيانا (ھازىرقى مەرۋى شەھىرى) ۋە ئارىئا (ھازىرقى ھېرات شەھىرى) نى تارتىۋالدى.

بىراق، تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى مىتراداتېس I نىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىپ سېلىۋكىلار بىلەن قىلغان ئۇرۇشى ھېسابلىنىدۇ. بۇ چاغدا سېلىۋكىلار پۈتكۈل غەربىي ئىرانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان بولۇپ، زېمىنى شىمالىي قىسمىدىكى مىدىيە ئۆلكىسى ۋە جەنۇبىي قىسمىدىكى پېرسىيە ئۆلكىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. مېتراداتېس I بۇ رايونلارنى پۈتۈنلەي بويسۇندۇرۇپلا قالماستىن، مېسوپوتامىيەگە بېسىپ كىرىپ، سېلىۋكىلارنى ئېفرات دەرياسىنىڭ غەربىگە قوغلىۋەتتى، شۇنىڭدىن كېيىن سېلىۋك ئىمپېرىيەسىنىڭ دائىرىسى سۈرىيە بىلەنلا چەكلىنىپ قالدى ㉓.

ھالبۇكى، سېلىۋكىلارمۇ زور تىرىشچانلىق بىلەن ئىمپېرىيەنىڭ شەرقتىكى زېمىنلىرىنى قايتۇرۇۋالماقچى بولدى، ئۇلارنىڭ پادىشاھى دېمېتېرىئۇس II زور قوشۇن توپلاپ پارفىيەلىكلەر ئۈستىدىن بىر قانچە قېتىم غالىب كەلگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇزۇن ئۆتمەي (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 140 ـ يىلى) مىتراداتېس I ئاجايىپ ئۇستىلىق بىلەن تۇيۇقسىز زەربە بەرگەچكە، دېمېتېرىئۇس II مەغلۇپ بولۇپلا قالماي، ئۆزىمۇ ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى. بىرقانچە يىلدىن كېيىن (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 129 ـ يىلى) سېلىۋكىلار ئەڭ ئاخىرقى تىرىشچانلىقىنى كۆرسىتىپ، ئىران ئېگىزلىكىدىكى تەسىر كۈچىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولغان بولسىمۇ، بىراق يەنە مەغلۇپ بولدى، پادىشاھ ئانتىئوك VII ئۆلتۈرۈلۈپ، قوشۇنى ھالاك بولدى، شۇنىڭ بىلەن يۇنانلىقلارنىڭ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ئىراننىڭ شەرقىدىكى رايونلارغا كېڭەيتىشتەك ئۈمىدى پۈتۈنلەي يوققا چىقتى ㉔.

بىز پارفىيەلىكلەرنىڭ كېيىنكى تارىخىغا ئانچە بەك قىزىقمىغاچ

كەتمەيمىز [25]. گەرچە پارفىيە ئىمپېرىيەسى بەش ئەسىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 247 ـ يىلىدىن مىلادىيە 226 ـ يىلىغىچە)، بىراق ئۇنىڭ تارىخى ھەققىدە بىلىدىغانلىرىمىز ناھايىتى ئاز، پارفىيەنىڭ پادىشاھلىرىنىڭ نەسەبنامىسىمۇ ئۇزۇن ھەم قالايمىقان، نۇرغۇن پادىشاھلارنىڭ ئىسمىنى ئۇلار قويدۇرغان پۇللاردىنلا بىلەلەيمىز. پارفىيەنىڭ تارىخىدا بىرقەدەر مۇھىم بولغان ئىش پارفىيەلىكلەر بىلەن رىملىقلارنىڭ ئۇرۇشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىلگىرىكى سېلېۋكىلارنىڭ مىراسلىرى ۋە ئۇلار يولغا قويغان يۇنانلاشتۇرۇش سىياسىتىگە بۇ چاغدا رىملىقلار ۋارىسلىق قىلغان. رىمنىڭ كۆپلىگەن ئۇلۇغ كىشىلىرى — پومپېي، كىراسسۇس، مارك ئانتونىي، تىراجان ۋە ماركۇس ئارېلىئۇس قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى رىملىقلارنىڭ پارفىيەلىكلەرنىڭ تەسىر كۈچىنى يوقىتىشقا ئىشتىراك قىلغان. گەرچە پارفىيەلىكلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا تالاش ـ تارتىش بولسىمۇ، رىملىقلار شەرقتىكى بۇ دۈشمىنىنى تولۇق مەغلۇپ قىلالمىغان. ئەكسىچە كىراسسۇس بىلەن مارك ئانتونىي مەغلۇپ بولۇپ، كىراسسۇس ئۆلتۈرۈلۈپ، كاللىسى پارفىيە پادىشاھىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىلغان.

ۋاھالەنكى، تىراجان كېيىن پارفىيەلىكلەرنى مېسوپوتامىيەدىن قوغلاپ چىقاردى ھەم تىگرىس ۋە ئېفرات دەرياسى ۋادىسىدا رىمنىڭ قىسقا ۋاقىتلىق ھۆكۈمرانلىقىنى ئورناتتى. لېكىن رىملىقلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ غەلىبە مېۋىسىنى «ھەزىم» قىلىش ئىقتىدارىنىڭ يوقلۇقىنى بىلەتتى. دېگەندەك بىر يىلغا بارمايلا رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ چېگراسى يەنە سۈرىيە دائىرىسىگە تارايدى. مىلادىيە 217 ـ يىلىغا كەلگەندە، يەنى پارفىيە پادىشاھلىقى گۇمران بولۇشتىن 10 يىل بۇرۇنمۇ پارفىيەنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى ئارتابانۇس بېسىپ كىرگەن رىم قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدى [26].

گەرچە پارفىيە پادىشاھلىقى كىشى ئىشەنگۈسىز كۈچ

تەشكىللەپ، شۇ چاغدىكى دۇنيا بويىچە ئەڭ قۇدرەتلىك ئىمپېرىيەنى چېكىندۇرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ ئىچكى قىسمى تىنچ ئەمەس ئىدى. پارفىيە پادىشاھلىقى فېئوداللىق خاراكتېرىنى ساقلاپ قالغان بولۇپ، نامدا كەڭ زېمىننى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ كىچىك بىر قىسمىلا پادىشاھ ۋە ئۇ ئەۋەتكەن ۋالىيلارنىڭ بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى، باشقا يەرلەر بولسا ئۇششاق بېقىندى ئەللەرنىڭ ئىلكىدە ئىدى، ئۇلار گەرچە پارفىيەنىڭ ھامىيلىق ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلسىمۇ، بىراق كۆپ جەھەتلەردە مۇستەقىل ئىدى ㉗.

پارفىيەلىكلەر ئۇزاق تارىخ جەريانىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق ئەنئەنىسىنى ساقلاپ قالغانىدى، دەل مۇشۇنداق ئارقا كۆرۈنۈشى بولغاچقا، پارفىيە قوشۇنىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئاتلىق ئەسكەرلەردىن تەشكىل تاپقانىدى. بىراق شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، پارفىيەنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى ئىككى خىل ئىدى. ئاقسۆڭەك چەۋەندازلار ئېغىر ساۋۇت كىيەتتى، ئىشلىتىدىغان ئاساسلىق قوراللىرى قىلىچ ۋە نەيزە بولۇپ، سارماتىيىلىكلەرگە ئوخشاش ئىدى. ئادەتتىكى چەۋەندازلار بولسا يېنىك ساۋۇت كىيەتتى، ئۇلار پىشقان ئوقياچىلار بولۇپ، قەدىمكى سكىتىيىلىكلارغا ئوخشايتتى ㉘.

پارفىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى تايانچ كۈچى چارۋىچى خەلقلەرنىڭ ئاقساقاللىرى ئىدى. كېيىن ئۇلار تەدرىجىي ئالىي ئاقسۆڭەكلەرگە ئايلىنىپ، نۇرغۇن مال ـ مۈلۈك ۋە قۇللار قوشۇنغا ئىگە بولدى. كېيىنچىمۇ پارفىيەلىكلەر بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كۆچمەن چارۋىچى ئىرانىيانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە پۈتۈنلەي يوقىلىپ كەتمىدى. ھەر قېتىم پارفىيەدىكى بىرەر پادىشاھ تەختىدىن ئايرىلىپ قالسا، كۆپىنچە داخلار ياكى سكىتىيىلىكلاردىن پاناھلىق تىلەپ، ئۇلارنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ كۈچىنى ئەسلىگە كەلتۈرەتتى.

شۇڭلاشقا، پارفىيەلىكلەرنىڭ پېرسىيەنى بويسۇندۇرۇشى

ئىرانىيانلارنىڭ ئىرانىيانلارنى بويسۇندۇرۇشى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئېلىپ بارغان كۆچمەن چارۋىچىلىق ئەنئەنىسىنى ئۇزاق ئەسىرلەرگىچە ساقلاپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ پارفىيەلىكلەر ئىككى چوڭ مەدەنىيەتنىڭ بىرىكمىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇپ، بۇ دەل ئۇلار قويۇق ئالاقىدە بولغان يۇنان مەدەنىيىتى بىلەن پېرسىيە مەدەنىيىتى ئىدى. ئەينى چاغدا بۇ ئىككى چوڭ مەدەنىيەتنىڭ بىرىكمىسى ئىران ۋە مېسوپوتامىيەگىلا تارقىلىپ قالماي، بۇرۇنلا مەركىزىي ئاسىياغىمۇ كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەنىدى.

پارفىيەلىكلەر يۇنانلىقلارنىڭ ئىراندا تىكلىگەن سىياسىي هۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزلىرى يۇنان ئەنئەنىسىگە بويسۇنۇپ كەتتى. بۇنى پارفىيەنىڭ پۇللىرىدىن ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. چۈنكى، پارفىيەلىكلەر ئاۋۋالقىدەكىلا يۇناننىڭ «ئاتتىك» پۇلىنى ئۆلچەم قىلىپ ئىشلەتكەنىدى، بۇ پۇللارنىڭ ئۇستىگە گىرېك يېزىقى چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىكى پادىشاھلارنىڭ نامىلىرى، مەسىلەن، دىكائىئۇس (ئادالەتپەرۋەر)، ئېپىپخانېس (تەڭرىنىڭ ۋەكىلى)، باسىلىئون (شاھلارنىڭ شاھى) دېگەن ناملارنىڭ ھەممىسى يۇنانلاشقان ناملار ئىدى. تېخىمۇ ھەيران قالارلىقى شۇكى، پارفىيەنىڭ كۆپلىگەن ھۆكۈمدارلىرى تەكەببۇرلۇق بىلەن ئۆزلىرىنى پىلخېللېن (Philhellene) دەپ ئاتاشقان بولۇپ، بۇنىڭ مەنىسى «يۇنانىزمنىڭ ھامىيلىرى» دېگەنلىك بولاتتى ㉙.

بۇ چاغدا پارفىيەلىكلەر ئىلگىرىكى يۇنانلىقلار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى ئادەتتىكى ئاپپاراتلارنى ساقلاپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. شەك ـ شۈبھىسىزكى، گىرېك تىلى ناھايىتى ئۇزۇن بىر مەزگىلگىچە ھۆكۈمەت ئىشلىتىدىغان تىللارنىڭ بىرى بولغان ھەم پارفىيە ھۆكۈمرانلىرىمۇ گىرېك ئەدەبىياتىنىڭ ھامىيلىرى بولۇپ كەلگەن. مەسىلەن: كىراسسۇسنىڭ كاللىسى پارفىيە ئوردىسىغا ئېلىپ كېلىنگەندە، ئېئۇرىپىدېسنىڭ بىر

تىياتىرى ئويىنالغانلىقى بىزگە مەلۇم. يۇنان ئەنئەنىسىنىڭ بۇنداق ئۆزگەرمەسلىكىدىكى ئاساسلىق سەۋەب شۇبھىسىزكى، پارفىيەلىكلەرنىڭ شەھەردە تۇرۇشنى خالىماسلىقىدىن ئىدى. ئەينى چاغدا پارفىيە پادىشاھلىقىدىكى نۇرغۇنلىغان مۇھىم شەھەرلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە يەنىلا يۇنانلىق سودىگەرلەر ئولتۇراقلىشىپ قالغانىدى ⑳.

ۋاھالەنكى، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، يۇنان ئەنئەنىسى كۇنسېرى ئاجىزلىشىپ، تەدرىجىي كۈچىيىۋاتقان پېرسىيە ئەنئەنىسىگە ئورۇن بوشاتتى. بۇ خىل تەرەققىياتنى ئاسان چۈشەنگىلى بولىدۇ. چۈنكى، پارفىيەلىكلەرنىڭ ئەسلىدىنلا ئىرانىيانلار ئىكەنلىكى ۋە پېرسىيەلىكلەر بىلەن يىراق تۇغقان ئىكەنلىكى بىزگە مەلۇم. شۇنداق بولغاچقا، گىرېك تىلى تەدرىجىي تاشلىنىپ، بىر خىل يەرلىك ئىران تىلى ھۆكۈمەت تىلى قىلىنغان. يەنە دەسلەپكى دەۋرلەرگە، يەنى مىتراداتېس I دەۋرىگە ئائىت پۇللارنىڭ (بۇ ھازىرغا قەدەر بايقالغان ئەڭ قەدىمكى پارفىيە پۇلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ) ئۈستىدىكى پادىشاھنىڭ ئوبرازىدا ساقال ـ بۇرۇت يوق بولۇپ، بۇنىڭدا يۇنان ئەنئەنىسىگە تەقلىد قىلىنغان. بىراق كېيىنكى دەۋرلەرگە ئائىت پۇللارنىڭ ئۈستىدىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ ئوبرازىدا ئۇزۇن ساقال ـ بۇرۇت بار بولۇپ، بۇنىڭدا پېرسىيە ئەنئەنىسى گەۋدىلەنگەن. بۇ چاغدا پارفىيە ھۆكۈمرانلىرىنىڭ كۆپىنچىسى يەنە مىتراداتېس، تىرىداتېس، ئارتابان، كىرۇس دېگەندەك پارسچە ناملارنى ئىشلەتكەن ㉛.

بولۇپمۇ ئەڭ مۇھىمى پارفىيەلىكلەرنىڭ زوروئاستېر دىنىنى قايتا گۈللەندۈرۈش جەھەتتە قوشقان تۆھپىسىدۇر. ئۇلار قەدىمكى پېرسىيەنىڭ ئىلاھلىرىنى ئېتىراپ قىلىپلا قالماي، يەنە نەزىر سۈپىتى ياساپ، زورو ئاستېر دىنىنىڭ ئەھكاملىرىغا قاتتىق ئەمەل قىلىپ، پادىشاھ جەمەتىدىكىلەرنىڭ جەسەتلىرىنى قاغا ـ قۇزغۇن ۋە ئىتلارغا تاشلاپ بەرگەن. بۇ ئىلگىرىكى

ئەھمانىيلار سۇلالىسىدە ئىشقا ئاشمىغانىدى. يەنە پارفىيەلىكلەر ئەڭ ئاۋۋال زوروئاستېر ۋە ئۇنىڭ مۇخلىسلىرىنىڭ تەلىماتىنى توپلىغان. بۇ تەلىماتلارغا يەنە تەپسىر قوشۇلۇپ، زوروئاستېر دىنىنىڭ دەستۇرى «ئاۋېستا» شەكىللەنگەن ㉜.

بۇ قەدىمكى مۇقەددەس سۆزلەرنى توپلاش ۋە رەتلەش خىزمىتىنى پارفىيە پادىشاھلىقى تۈگىتىپ بولالمىغانىدى، بىز ھازىر كۆرۈۋاتقان «ئاۋېستا»نىڭ رامكىسى بەلكىم ساسانىيلار پادىشاھلىقى (مىلادىيە 226 ـــ 624 ـ يىللار) دەۋرىدە رويابقا چىققان بولۇشى مۇمكىن ـــ ساسانىلار پادىشاھلىقى پارفىيەگە ۋارىسلىق قىلىپ ئىران ئىمپېرىيىسىنىڭ غوجىسى بولغانىدى. بىراق، «ئاۋېستا»نىڭ مەزمۇنى ھەم ئۇنىڭدىكى يېزىقنىڭ قەدىمىيلىكىگە قارىغاندا، ئۇنىڭ كىتاب قىلىپ تۈزۈلۈشتىن ئىلگىرىكى نۇرغۇن ئەسىرلەردە ئاللىقاچان توپلىنىپ بولغانلىقى ئېنىق. مۇشۇ نۇرغۇن ئەسىرلەر جەريانىدا «ئاۋېستا»نىڭ مەزمۇنى زوروئاستېر دىنى مۇرىتلىرىنىڭ كاللىسىدا ساقلانغان ۋە ئېھتىمال بىر قىسمى رەتلەنگەن ۋە كۆپەيتىلگەن. ھەر قېتىم مالىمانچىلىق يۈز بەرگەندە، مۇھىم بابلار ئۇنتۇلغانلىقتىن ئەبەدىي يوقالغان. يەنە بەزى چاغلاردا يېڭى، بابلار قوشۇلغان پاكى كونا بابلار ئۆزگەرتىلگەن. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ بارلىق ئەربابلار بىردەك ھازىرقى «ئاۋېستا» يەنىلا قەدىمكى ئىرانىيانلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ۋە ئىجتىمائىي ھاياتى ھەققىدە ئېنىق ئۇچۇرلارنى بېرەلەيدۇ، دەپ قارىشىدۇ ㉝. بىزنىڭ كىتابىمىزغا نىسبەتەن ئەڭ مۇھىم بولغىنى «ئاۋېستا»نىڭ كۆپ قىسىم مەزمۇنىنىڭ شەرقىي ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىغا ئالاقىدار بولغانلىقىدۇر.

«ئاۋېستا» بىزگە ئۇلۇغ ئەۋلىيا زوروئاستېرنىڭ ھاياتى ۋە تەلىماتلىرى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات بېرىدۇ. بىز ئادەتتە زوروئاستېرنىڭ مىدىيەدە، يەنى ئىران ئىمپېرىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا تۇغۇلغانلىقىغا ئىشىنىسەكمۇ، لېكىن ئۇ ئېھتىمال

بۇرۇنلا بۇ يەردىن ئايرىلغان بولۇشى مۇمكىن، ئۇنىڭ ياشىغان يېرى شەرقىي ئىران ئىدى. «ئاۋېستا» نىڭ تىلىدا «قەدىمكى پارس تىلى» بىلەن ئوخشىمايدىغان نۇرغۇن سۆزلەر بولۇپ، بىزنىڭ بۇ سۆزلەر شەرقىي ئىران ئاھالىلىرىنىڭ دىيالېكتىكىسىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، دېيىشكە ئىشەنچىمىز بار. بەزى ئالىملار تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «ئاۋېستا»نىڭ تىلىنى قەدىمكى باكتېرىيە تىلى دېيىشكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ تېخى ئىسپاتلانمىغان بىر پەرەز خالاس. لېكىن بىز ھېچبولمىغاندىمۇ «ئاۋېستا» ۋە ھەقىقىي ئاتەشپەرەسلىك دىنىنىڭ شەرقىي ئىراندىكى مەلۇم جايدا بارلىققا كەلگەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرالايمىز. «ئاۋېستا»دا ئىراننىڭ غەربىي قىسمى ئاساسەن تىلغا ئېلىنمىغان، لېكىن شەرقىي قىسمىدىكى دەريا ــ ئېقىنلار ۋە يەر ــ جايلار كۆپلەپ تىلغا ئېلىنغان. بۇلارنى بىلگەندىن كېيىن «ئاۋېستا»نىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى چۈشىنىش تەس ئەمەس، چۈنكى ئۇ قەدىمكى شەرقىي ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىغا ئورتاق بولغان ئۆرپ ــ ئادەت ۋە ئېتىقادلارنى مەلۇم دەرىجىدە ئىپادىلەپ بەرگەن، يەنە كېلىپ ھازىر ساقلىنىپ قالغان نۇرغۇن تارىخىي ئەسەرلەردە بۇ مۇھىم پاكىتلار توغرىسىدا ھېچنەرسە دېيىلمىگەن.

لېكىن، «ئاۋېستا» دىكى ھەرقايسى بۆلەكلەرنىڭ يىل دەۋرى مەسىلىسى توغرىسىدا نۇرغۇن گۇمانلار مەۋجۇت، بۇ تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش. ھەتتا زورو ئاستېرنىڭ ياشىغان دەۋرى توغرىسىدىمۇ گۇمان بار، زورو ئاستېر ۋە ئۇنىڭ ھاياتىدىكى مەشھۇر ئىش ئىزلىرىدىن كىشىلەر گۇمانلانمىسىمۇ، بىراق ئالىملار زورو ئاستېرنىڭ دىن تارقاتقان ۋاقتى ۋە ئاتەشپەرەسلىك دىنىنىڭ شەكىللەنگەن ۋاقتى توغرىسىدا تالاش ــ تارتىش قىلىشىۋاتىدۇ. بەزىلەر زورو ئاستېر مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1000 ــ يىلى ياكى ئۇنىڭدىن بۇرۇن ياشىغان دېگەن قاراشتا چىڭ تۇرسا، يەنە بەزى كىشىلەر ئۇ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 900 ~ 700 ــ

يىللار ئارىلىقىدا ياشىغان دىگەن قاراشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر بولسا ئۇ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 6 ـ ئەسىردە ياشىغان بولۇپ، كىرۇس، كامبىز ۋە دارالار بىلەن دەۋرداش دىگەن قاراشتا چىڭ تۇرۇۋاتىدۇ.

ئالىملار ئوتتۇرىسىدىكى تالاش ـ تارتىشلاردىن بىز هازىرچە ئېنىق بىر يەكۈنگە ئىگە بولالمايمىز. بىز پەقەت كۆپ ساندىكى ئالىملار «ئاۋېستا»دىكى شېئىرىي بۆلەكلەرنىڭ زوروئاستېرنىڭ زامانىغا ياكى هېچبولمىغاندىمۇ ئەهمانىلار سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىگە قوشۇلىدۇ، دىيەلەيمىز. «ئاۋېستا» دىكى نەسرىي بۆلەكلەر توغرىسىدا گۇمان بىر قەدەر كۆپ بولسىمۇ، بىراق ئۇنى ئەهمانىلار سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرى ۋە پارفىيە پادىشاهلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە مەنسۇپ دىسەك ئانچە خاتالاشقان بولمايمىز. شۇڭا بىز «ئاۋېستا»دا بايان قىلىنغان ئىرانىيانلار (بولۇپمۇ شەرقىي ئىرانىيانلار)نىڭ ئەمەلىي ئەهۋالى هەم ئىجتىمائىي مەدەنىيىتى مەزكۇر كىتابىمىزدىكى دەۋرگە ماس كېلىدۇ، دەپ قارايمىز ㉞.

«ئاۋېستا»دىن باكتېرىيە هەم ئەتراپتىكى هەرقايسى رايونلارنىڭ قەدىمكى ئاهالىلىرىنىڭ بۇرۇنلا چارۋىچىلىق ۋە دېهقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ناهايىتى بۇرۇنقى چاغلاردا كىشىلەر تىرىكچىلىكتە چارۋىچىلىق ۋە دېهقانچىلىق قىلىشقا تايانغان. «ئاۋېستا»نىڭ ئەڭ بۇرۇنقى قىسمى، يەنى شېئىرىي قىسمىدىن (ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇ شېئىر ـ قوشاقلارنى زوروئاستېر توپلاپ رەتلىگەنمىش) بىز ئاۋام خەلقىنىڭ پادىچى ياكى دېهقان دەپ ئاتالغانلىقىنى هەم «ئېتىز» ۋە «چارۋا» دىگەن ئىككى سۆزنىڭ دائىم ئىشلىتىلگەنلىكىنى بايقايمىز. بىز بىلىدىغان بارلىق ئىشلاردىن قارىغاندا، دەسلەپتە چارۋىچىلىق بىلەن تېرىقچىلىق ئوخشاشلا مۇهىم بولغان ياكى چارۋىچىلىق تېخىمۇ مۇهىم ئورۇندا تۇرغان. كېيىنچە ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ زىرائەت تېرىشقا

ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن. ھالبۇكى دېھقانچىلىقتا بۇنداق تايىنىش شىمالدىكى ئىرانىيانلار بىلەن جەنۇبتىكى ئىرانىيانلار ئوتتۇرىسىدا ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىدىكى ئاھالىلەر بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبى ۋە ئىران ئېگىزلىكىدىكى ئاھالىلەر ئوتتۇرىسىدا غايەت زور بىر مەدەنىيەت قورغىنى شەكىللەندۈرگەن ㉟.

«ئاۋېستا»دا ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان ھايۋانلار قوي، ئۆچكە، ئات، سىيىر، تۆگە، ئىت ۋە خوراز قاتارلىقلار بولۇپ، چوشقا تىلغا ئېلىنمىغان، بۇ بەلكىم دىندىكى ياكى جەمئىيەتتىكى پەرھىز سەۋەبىدىن بولغان بولۇشى مۇمكىن، بىراق بۇنداق پەرھىزمۇ ئالاھىدە تىلغا ئېلىنمىغان، ئېشەك بولسا بىرلا قېتىم تىلغا ئېلىنغان. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا ئانچە مۇھىم ئەمەسلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ ئەھۋال غەربتىكى سام خەلقلىرىدىن زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ، چۈنكى ئېشەك سام خەلقلىرىنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئۆي ھايۋانلىرى ئىچىدە ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن.

يېقىنقى تارىخىي دەۋرلەردە، ئىراننىڭ شەرقىي شىمالىي قىسمىدىكى خەلقلەر كالىغا قارىغاندا قوي، ئۆچكىنى جىقراق باققان. يەنە كېلىپ بۇ رايوندىكى كالىلارمۇ ئانچە خىل ئەمەس ئىدى. بۇ ئەھۋال قەدىمكى دەۋردىكى بىلەن ئوخشىشىپ كەتمەيدۇ. «ئاۋېستا»دا قوي، ئۆچكە ئاندا ـ ساندا تىلغا ئېلىنغان، ئەمما سىيىر كۆپ تىلغا ئېلىنغان، سىيىر ئەينى چاغدىكى كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشى ياكى دىنىي ھاياتىدا بولسۇن، ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتقان. شۇڭلاشقا بىز قەدىمكى دەۋرلەردە كالا بېقىش قوي (ئۆچكە) بېقىشقا قارىغاندا بەكرەك ئومۇملاشقان دەپ مۆئەييەنلەشتۈرەلەيمىز. كالا سۈتى بىر خىل قۇۋۋەتلىك ئوزۇقلۇق بولۇپ، قايماق ۋە ھەر خىل پىشلاقلارمۇ شۇنداق. ھالبۇكى، كالا گۆشىنى ھازىرقى پارسلار پۈتۈنلەي دېگۈدەك بىلمەيدۇ. ھىندىستاندىكى ئەنئەنىۋى ھىندى دىنى مۇرىتلىرىمۇ

ئۇنىڭدىن پەرھىز تۇتىدۇ. ئەمما ئەينى ۋاقىتتا ئۇنى يېيىش ئومۇمىيۈزلۈك ھادىسە ئىدى. يەنە كالا تېرىسىدىن كۆن ـ خۇرۇم ئىشلىنەتتى، بولۇپمۇ كالىنىڭ سۈيدۈكىدىن پايدىلىنىش تولىمۇ مۇھىم ۋە قىزىق ئىدي. سېرىق ياكى بۇقا سۈيدۈكى كۇندە دېگۇدەك دىندا ناپاك دەپ قارالغان ئادەم ۋە نەرسىلەرنى يۇيۇشقا ئىشلىتىلەتتى. كالا سۈيدۈكىنى بۇنداق ئىشلىتىش پېرسىيە ۋە ھىندىستاندىكى ئاتەشپەرەسلىك دىنى مۇرىتلىرى ئارىسىدا ھازىرغىچە داۋاملاشماقتا، ئۇنىڭدىن باشقا ئۆكۈز يەر تېرىش، يۈك ئارتىش ياكى ھارۋا سۆرەشكە ئىشلىتىلەتتى.

شەرقىي ئىران خەلقلىرى ئارىسىدا ئاتمۇ كالىغا ئوخشاشلا مۇھىم ئىدى. بۇنى تۆۋەندىكى مىسال ئارقىلىق بىلىۋالغىلى بولىدۇ: «ئاۋېستا»نىڭ تىلىدا ئات aspa دەپ ئاتالغان، ھالبۇكى، ئەينى چاغدىكى پادىشاھ ۋە قەھرىمانلارنىڭ ئاتاقلىرىدىمۇ بۇ سۆز كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، Arvataspa ( «جەڭگە ماھىر ئاتنىڭ غوجىسى» دېگەن مەنىدە) ۋە Huaspa («تۇلپارنىڭ ئىگىسى» دېگەن مەنىدە) دېگەندەك. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە بىر ئادەمنىڭ ئىسمىمۇ بۇ سۆز بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئۇ بولسىمۇ ۋىشتاسپا (vishtaspa)خان بولۇپ، ئۇ زوروئاستېرنىڭ ھامىيسى ئىدى، زوروئاستېر دىنىنىڭ ئەڭ بۇرۇن ئىران خەلقىنىڭ ئورتاق ئېتىقادىغا ئايلىنىشى ئۇنىڭ ياردىمىدىن بولغانىدى.

ئىران خەلقى شىمالدىكى سىكتىئان ھەم سارماتىئان خەلقلىرىگە ئوخشاش ئاتنىڭ سۈتىدىن قىمىز ئېچىتىشنى بىلسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئاتنى ئاساسلىقى نەرسە ـ كېرەك توشۇشقا، بولۇپمۇ جەڭگە ئىشلىتەتتى. «ئاۋېستا»دا دائىم دېگۇدەك ھارۋا (بولۇپمۇ جەڭ ھارۋىسى) ۋە بەيگە ھارۋىسى تىلغا ئېلىنىدۇ، بۇلاردىن ئەينى چاغدا شەرقىي ئىرانىيانلارنىڭ ئاتنى ھارۋىغا قېتىپ ئىشلەتكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. بۇ ئاتتىن پايدىلىنىشنىڭ بىرقەدەر ئىپتىدائىي شەكلى ئىدى. لېكىن بىز كىتابىمىزدا تولۇق ئىسپاتلار ئارقىلىق ئۇلاردا ئاتقا مىنىشنىڭ ناھايىتى

ئومۇملاشقانلىقىنى، كېيىنكى مەزگىلگە كەلگەندە بۇنىڭ بىر دىنىي ئادەت بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيمىز[36].

تۆگىنىمۇ ئازراق چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈش زۆرۈر. تۆگە (ھېچبولمىغاندىمۇ باكتىرىيە تۆگىسى ياكى قوش لوكىلىق تۆگە) ئوتتۇرا ئاسىيادا پەيدا بولغان ۋە ئېھتىمال ئەڭ بۇرۇن مۇشۇ رايوندا كۆندۈرۈلگەن، بىراق ھەيران قالارلىقى شۇكى، بىز سكىتىئانلار ۋە سارماتىئانلار ئارىسىدا تۆگىنىڭ ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغانلىقىنى بايقىمىدۇق. بىراق سارماتىئانلار ھېچبولمىغاندا تۆگىنىڭ بارلىقىنى ۋە ئىشلىتىشكە بولىدىغانلىقىنى بىلگەن، شىمالدىكى بۇ ئىرانىيانلارنىڭ تۆگىنى بىلىشى مۇشۇنچىلىكلا بولغان. بىراق «ئاۋېستا»دا تىلغا ئېلىنغان خەلقلەر ئۇلارنىڭ ئەكسىچە تۆگىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. قەدىمكى ئىران تىلىدا تۆگە «ئۇشتىرا» (Ushtra) دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە زوروئاستېرنىڭ ئەسلىي ئىسمى بولغان «زاراتۇستىرا» (Zarathustra) دېگەن ئىسىمنىڭ كېيىنكى يېرىمىمۇ Ushtra دېگەن خەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. «ئاۋېستا»دا ھەر قېتىم ھەر خىل ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنغاندا، تۆگە دائىم ئاتنىڭ ئالدىدا، كالىنىڭ كەينىدە كەلگەن.

ئىت «ئاۋېستا»دا دائىم دېگۈدەك تىلغا ئېلىنغان. بۇنىڭدىن ئىتنىڭ قەدىمكى شەرقىي ئىرانىيانلارغا تونۇشلۇق بولغان ھەم ئۇلار ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدىغان ھايۋان ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. بۇ مۇشۇ رايوندىكى ھازىرقى ئەھۋال بىلەن زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. ھازىر بۇ رايوندا ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى بىلەن ئىت مەينەت ھايۋان دەپ قارىلىپ خارلىنىدۇ، بىراق «ئاۋېستا»دا ئىت چېقىلغىلى بولمايدىغان مۇقەددەس ھايۋان ئىدى. ھەرقانداق كىشى بىخەستەلىك قىلىپ ئىتنىڭ ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارسا، قاتتىق جازالىناتتى، ئىتنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئۇنى بىرقانچە خىل دىنىي مۇراسىمدىكى مۇھىم ھايۋان قىلىپ

قويغاندى. مەسىلەن، بىر ئادەم ئۆلگەندە دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈشتىن بۇرۇن، چوقۇم بىر ئىت ئېلىپ كېلىنىپ جەسەتكە قاراشقا قويۇلاتتى ㊲.

«ئاۋېستا»دا يەنە خوراز ۋە مېكىياننىڭ تىلغا ئېلىنىشى تولىمۇ قىزىقارلىقتۇر. ئۆي قۇشلىرىنى بېقىش ئەڭ بۇرۇن ھىندىچىنىنىڭ مەلۇم يېرىدە كېلىپ چىققان، ئاندىن تەدرىجىي ھالدا غەربكە تارقالغان. «ئاۋېستا»دا ئۇلارنىڭ تىلغا ئېلىنغانلىقىدىن، ئۇلارنىڭ ناھايىتى بۇرۇنلا ئىران ئېگىزلىكىگە تارقىلىپ كىرگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ، بىراق پېرسىيە ئىمپېرىيەسى باش كۆتۈرۈپ چىقىشتىن بۇرۇن ياۋروپالىقلارنىڭ ئۇلارنى تېخى بىلمەيدىغانلىقىغا ئىشەنچىمىز كامىل. توخۇنىڭ غەربكە تارقىلىشىدا پارسلار بىۋاسىتە تۆھپە كۆرسەتكەن، بۇنىڭغا يۇنانلىقلارنىڭ توخۇنى «پارس قۇشى» ياكى «مىدىيە قۇشى» دەپ ئاتىغانلىقى دەلىل بولالايدۇ ㊳.

گەرچە «ئاۋېستا» دا تىلغا ئېلىنغان خەلقلەر ئۆي ھايۋانلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلسىمۇ، ئۇلار يەنە دېھقانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىككىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. ئېتىزلارغا زىرائەت تېرىش بىر خىل دىنىي مەجبۇرىيەت دەپ قارالغان. ئەڭ ئۇلۇغ ئىلاھ ئاخۇرومازدانىڭ قارىشىدا، چۆل - جەزىرىلەردە يەر ئېچىش زور ساۋابلىق ئىش ئىدى. «ئاۋېستا» دەۋرىدىكى شەرقىي ئىرانىيانلار دېھقانچىلىقتا ئاللىقاچان ئوتىغۇچ ئارقىلىق يەر تېرىش باسقۇچىدىن ئۆتۈپ كەتكەن بولۇپ، ساپان ئىشلىتىشنى پىششىق بىلگەن. بىز گەرچە ئۇلارنىڭ ئوغۇت ئىشلەتكەنلىكىنى بايقىمىغان بولساقمۇ، بىراق «ئاۋېستا»دىكى بىر قانچە بابتا يەر ئاغدۇرۇش ۋە سۇغىرىش تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئېھتىمال بۇرۇنقى دەۋرلەردە مۇكەممەل سۇغىرىش تۈزۈمى بولغان بولۇشى مۇمكىن.

ئەينى چاغدىكى شەرقىي ئىرانىيانلارنىڭ زادى قانداق نەرسىلەرنى تېرىغانلىقى توغرىسىدا بىزنىڭ گۇمانلىرىمىز بار.

بىراق ئۇلار ئارپا، تېرىق ۋە بۇغداي قاتارلىقلارنى ئاللىقاچان بىلگەن بولۇپ، ئارپا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مۇھىم زىرائەت ئىدى. ئۈزۈم ۋە بېدە قاتارلىقلار «ئاۋېستا»دا ئاالاھىدە تىلغا ئېلىنمىغان بولسىمۇ، بىزگە باشقا ماتېرىياللاردىن ئۇلارنىڭ ناھايىتى بۇرۇنلا شەرقىي ئىران ۋە ئەتراپىتىكى جايلاردا تېرىلغانلىقى مەلۇم. «ئاۋېستا»دا ھاراق كۆپ تىلغا ئېلىنغان، شۇ ھاراقلارنىڭ كۆپىنچىسى ئېھتىمال ئۈزۈم شارابى بولۇشى مۇمكىن. بىراق كاتتا دىنىي مۇراسىم ئۆتكۈزۈلگەندە دائىم خورمىدىن ئېچىتىلغان مەست قىلىدىغان ئىچىملىك ئىچىلەتتى.

ئىلاھلارغا نەزىر بەرگەندە ئىشلىتىدىغان نانلار ئارپا ئۇنىدىن پىشۇرۇلغان، ئادەتتە ئارپا، بۇغداي، تېرىق ئۇنلىرى سۇغا چىلىنىپ ئۇماچ قىلىپ پىشۇرۇلاتتى ياكى خېمىر قىلىنىپ ئوچاقتا يېقىلىپ نېپىز نان قىلىپ پىشۇرۇلاتتى. بۇ قەدىمكى ئىرانىيانلار ئۆزلىرىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى، يەنى ھازىرقى پارسلارغا ئوخشاشلا پىچاق، ۋىلكا ئىشلىتىشنى بىلمەيتتى، تاماقنى قولى بىلەن يەيتتى ㊴.

بۇ شەرقىي ئىرانىيانلار كىگىز ئۆي ئىشلەتكەن بولسىمۇ، لېكىن كۆپ قىسمى ئاللىقاچان مۇقىم ئولتۇراقلىشىشقا ئادەتلەنگەن. ئۇلارنىڭ تۇرالغۇسىنىڭ شەكلى ۋە تۈزۈلۈشى توغرىسىدا «ئاۋېستا»دا مەلۇمات يوق. بىراق بىز ئۇنىڭ يېقىن شەرق ئۇسلۇبىدىكى تۇرالغۇلارغا ئوخشايدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز — بۇ ئۆيلەر تۈز ئۆگزىلىك بولۇپ، كېسەك بىلەن قوپۇرۇلاتتى ㊵. بۇ خىل شەكىلدىكى ئۆيلەر گەرچە ئىشلىتىشكە قولايلىق بولسىمۇ، ئەمما چىدامىلىق ئەمەس ئىدى. شۇڭلاشقا ئارخېئولوگلار بۇ خىل قەدىمكى ئۆيلەرنى تېخىچە بايقىغىنى يوق. بۇ ئۆيلەرنىڭ بەزىلىرى پەقەت يالغۇز كەپىدىنلا ئىبارەت بولسىمۇ، بىراق ناھايىتى بۇرۇنقى چاغلاردا ئىرانىيانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىشنى بىلىپ بولغان. «ئاۋېستا»دا يوللار تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، بىراق بۇ يوللارنىڭ قانداق بولۇشىدىن

قەتئىينەزەر، بۇلار پەقەت ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ مېڭىسىدىن ھاسىل بولغان چىغىر يوللار ئىدى.

ئۆي سايمانلىرىغا كەلسەك، ئۇلار ئاساسلىقى جام، داس، زىلچا، گىلەم قاتارلىقلار ئىدى. شەرقىي ئىرانىيانلار سىكتىئانلار ۋە سارماتىئانلاردىن پەرقلىق ھالدا ئېھتىمال قوي يۇڭىدىن توقۇلغان گىلەمنى كىگىزدىن كۆپرەك ئىشلەتكەن بولۇشى مۇمكىن ㊶.

بۇ قەدىمكى شەرقىي ئىرانىيانلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىمىز ئازراق. ئۇلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ بىر قىسمى قولدا توقۇلىدىغان بولۇپ، قوي يۇڭى ئاساسلىق ماتېرىيال قىلىناتتى، بىراق «ئاۋېستا» دەۋرىدە شەرقىي ئىرانىيانلار سىكتىئانلار ۋە سارماتىئانلارغا ئوخشاش دائىم دېگۈدەك ھايۋان تېرىسىدىن تىكىلگەن چاپان كىيىۋالاتتى.

دىنىي قائىدىگە ئاساسەن ھەر بىر زوروئاستېر دىنى مۇرىتى ئۈچىسىغا ئاق يەكتەك كىيىشى ھەم بېلىنى بەلباغ بىلەن باغلىشى شەرت ئىدى. قىز ـ ئوغۇللار بالاغەتكە يەتسىلا بۇ خىل كىيىمنى كىيەتتى. «ئاۋېستا»دا ئىشتان تىلغا ئېلىنمىغان بولسىمۇ، بىراق بىر باشقا مەنبەلەردىن (ھېرىدوتنىڭ ئەسىرىدىن ۋە پېرسېپولىس تاش ئابىدىلىرىدىن) پۈتكۈل ئىران خەلقىنىڭ ئىشتاننى داۋاملىق كىيىپ يۈرىدىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

ئاچىراۋانلار (دىندارلار)نىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى ئاۋام خەلقنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىدىن خېلىلا پەرقلىنەتتى، ئۇلارنىڭ ئەڭ مۇھىم كىيىمى ئوشۇقىغىچە كېلىدىغان ئاق تونى ئىدى، ئۇلار يەنە ئاق رومال ئارتاتتى، بىراق ئاۋام خەلقنىڭ كۆپ قىسمى قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن تۇماق كىيەتتى ۋە بۇنداق تۇماقلىرىنى ئۆي ئىچىدىمۇ كىيىۋالاتتى، چۈنكى ئۇلار بۇرۇندىنلا يالاڭ باش يۈرۈشنى ھۆرمەتسىزلىك دەپ قارايتتى.

مۇشۇنىڭغا ئوخشاشلا يالاڭ ئاياغ يۈرۈشمۇ بۇرۇندىنلا مەنئى قىلىنغان بولۇپ، ئەر ـ ئاياللارنىڭ ھەممىسى ئومۇميۈزلۈك

ياغاچ كەش ياكى ئاياغ كىيەتتى. ياغاچ كەش كىيىش ئادىتى ئېھتىمال مېسوپوتامىيەدە بارلىققا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن، بىراق ئاياغ كىيىش شەرقىي ئىرانىيانلار ۋە ئۇلارنىڭ يىراق قېرىنداشلىرى بولغان سىكتىئانلار ۋە سارماتىئانلارنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى بىلەن باغلىنىشلىق ئىدى.

بىزگە شەرقىي ئىرانىيانلارنىڭ ئالتۇن زىننەت بۇيۇملىرى، مەسىلەن، ئۈزۈك، ھالقا، زەنجىر قاتارلىقلارنى ئىشلەتكەنلىكى مەلۇم، بىراق بۇلار بىزنىڭ ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىزغا ئەرزىمەيدۇ ⑫.

شەرقىي ئىرانىيانلارنىڭ جەڭدە ئىشلىتىدىغان قوراللىرى سىكتىئانلار ۋە سارماتىئانلارنىڭكىدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيتتى، «ئاۋېستا»دا قىلىچ، نەيزە، جەڭ پالتىسى، يالمان، پالاخمان ۋە ئوقيا كۆپ تىلغا ئېلىنغان. ھېرىدوتنىڭ مەلۇماتىدىن كۆپ ساندىكى ئىرانىيانلارنىڭ ئوقيانى ياقتۇرۇپ ئىشلىتىدىغانلىقى مەلۇم. شەرقىي ئىرانىيانلارنىڭ دالدىلىنىش قوراللىرى بىلەن شىمالدىكى سىكتىئانلارنىڭ دالدىلىنىش قوراللىرى ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، قالقان، دۇبۇلغا، ساۋۇت قاتارلىقلار ئىدى. شىمالدىكىگە ئوخشاش بۇ قورال لار ئەڭ دەسلەپتە كۆندىن ياسالغان، كېيىنچە كۆننىڭ ئۈستىگە مېتال قاسراقلار قوندۇرۇلغان، ئەڭ ئاخىرىدا بولسا ھەممە يېرى مېتالدىن ياسىلىدىغان بولغان. سىكتىئانلار بىلەن سارماتىئانلارنىڭ دالدىلىنىش قوراللىرى جەنۇبتىكى قوشنىلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، شۇڭا ئىككى تەرەپنىڭ ساۋۇتلىرى ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ ⑬.

ئەمدى بىز قەدىمكى شەرقىي ئىرانىيانلارنىڭ ماددىي مەدەنىيىتىنى بايان قىلىشتىن ئۇلارنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مەدەنىيىتىنى بايان قىلىشقا ئۆتىمىز. ئۇلار سىكتىئانلار ۋە سارماتىئانلارغا ئوخشاشلا خانلىق تۈزۈمىنى يولغا قويغان. قىزىقارلىق يېرى شۇكى، «ئاۋېستا»دا «خان»

(khshatra) دەپ ئاتالغان بولۇپ، ھازىر ئىران ئېگىزلىكىدە ئومۇملاشقان «شاھ» دېگەن سۆز شۇنىڭدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن.

ئەينى چاغلاردا ئىرانىيانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرى گەرچە ھاكىممۇتلەق بولغان، ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرى ئاقساقاللار كېڭەشمىسى ياكى ئاۋام قۇرۇلتىيىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمىغان بولسىمۇ، لېكىن يەنە بىر جەھەتتىن ئۇلار نۇرغۇن جايلاردا ئۆرپ ـ ئادەت ۋە قانۇنغا بويسۇنغان. بۇ قانۇنلارنىڭ كۆپ قىسمى دىنىي قانۇن بولۇپ، پادىشاھلارنىڭ بۇ ئەنئەنىۋى قانۇنلاردىن ئاشكارا ئادا ـ جۇدا بولۇشى بەسى مۈشكۈل ئىدى. ئەسلىدىكى «ئاۋېستا»دىكى يەتتە بابتا (پۈتۈن دەستۇرنىڭ 2/3 قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ) قانۇنغا دائىر ئىشلار مۇھاكىمە قىلىنغان. قانۇن دىن بىلەن زىچ باغلانغان بولغاچقا، زوروئاستېر دىنىنىڭ روھانىيلىرى بار كۈچى بىلەن ئالىي ئەدلىيە ھوقوقىنى ئۆز قولىدا تۇتۇشقا ئۇرۇنغان، نەتىجىدە قانۇنغا دائىر بارلىق مۇھىم ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ئۇلار ھۆكۈم چىقارغان.

قەدىمكى شەرقىي ئىرانىيانلاردا يولغا قويۇلغان قانۇن ـ تۈزۈم توغرىسىدا تەپسىلىي مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ ئولتۇرمايمىز. بىراق، بىز زوروئاستېر دىنىنىڭ قانۇنىدا دائىم دېگۈدەك ئاتالمىش «ئىلاھى ياساق» قوللىنىلىدىغانلىقىنى بىلىشىمىز كېرەك. ئەينى ۋاقىتتا بىرەر ئادەمنىڭ جىنايىتى بار ـ يوقلۇقى ئۈستىدە گۇمان تۇغۇلغاندا، ئۇنىڭغا مۇشۇنداق «ئىلاھىي ياساق» قوللىنىلاتتى. بۇ خىل «ئىلاھىي ياساق»نىڭ 33 خىل تۈرى بولۇپ، ئۇلار ئوت ئۈستىدە ماڭغۇزۇش، مېتاللارنى ئېرىتىپ ئۈستىگە قۇيۇش، تاماقنى ھەددىدىن زىيادە يېگۈزۈش ياكى پىچاق بىلەن خالىغان يېرىنى كېسىۋېلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى. بۇنداق «ئىلاھىي ياساق» نى قوللىنىشنىڭ ئاساسى شۇكى، ئۇلار گۇناھسىز ئادەمنى ئىلاھ ئۆز پاناھىدا ساقلايدۇ، «ئىلاھىي ياساق» ئۇنىڭغا كار قىلمايدۇ، دېگەنگە ئىشىنەتتى. مۇبادا ھەرقانداق ئالىم ئىرانىيانلاردىكى بۇ خىل «ئىلاھىي ياساق» بىلەن

شىمالىي ياۋروپادىكى گېرمانلاردىكى «ئىلاھىي ياساق» ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەتقىق قىلسا، چوقۇم ناھايىتى قىزىقارلىق نەتىجىگە ئېرىشىدۇ ⑭.

«ئاۋېستا»دا شەرقىي ئىرانىيانلارنىڭ جەمئىيەت تۈزۈلمىسى ھەققىدىمۇ نۇرغۇنلىغان مەلۇماتلار بېرىلگەن. بۇ دەستۇرنىڭ قەدىمكىرەك بۆلەكلىرىدە، ئەينى چاغدا جەمئىيەتنىڭ ئۈچ تەبىقىگە ئايرىلغانلىقى بايان قىلىنغان، بۇلار ئاچراۋانلار، جەڭچىلەر ۋە دېھقانلار ئىدى. دەستۇرنىڭ كېيىنكىرەك بۆلەكلىرىدە بۇ ئۈچ تەبىقىگە يەنە بىر تەبىقە، يەنى كاسىپلار تەبىقىسى قوشۇلغان ⑮. بۇ، كاسىپلار تەبىقىسىنىڭ كېيىنكى مەزگىللەردە بارلىققا كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدىغان بولۇپ، مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. كېيىنكى ئەسىرلەردە ئىرانىيانلار ئۇستا ھۈنەرۋەنلىرى ۋە ماھىر سودىگەرلىرى بىلەن پۈتۈن ئاسىيادا داڭ چىقارغان، بىراق بۇرۇنقى دەۋرلەردە كۆپ قىسىم ئىرانىيانلار دېھقانلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ھۈنەرۋەنچىلىكنى ۋە سودىنى ئانچە ــ مۇنچىلا بىلەتتى. ئەينى چاغدىكى كۇلالچىلىق، توقۇمىچىلىق ۋە زەرگەرلىك پۈتۈنلەي ئائىلە ھۈنەرۋەنچىلىكى ئىدى.

ئىران جەمئىيىتىدىكى تۆت تەبىقە ھىندىستاندىكى تۆت تەبىقىگە ئوخشاپراق قالىدۇ، ئەمما ئۇلار ئوتتۇرىسىدا زور پەرقلەر مەۋجۇت. ھىندىستاندىكى تۆت تەبىقىدە ۋارىسلىق ئىنتايىن چىڭ ئىدى، لېكىن ئىرانىيانلاردا پەقەت ئاچراۋانلار تەبىقىسىلا شۇنداق ئىدى، قالغان ئۈچ تەبىقىنىڭ پەقەت ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىلا پەرقى بولۇپ، ھەرقانداق كىشى بىر تەبىقىدىن باشقا بىر تەبىقىگە كىرسە ھېچقانداق توسقۇنلۇققا ئۇچرىمايتتى.

ئاچراۋانلار تەبىقىسىدە مەرتىۋىگە ۋارىسلىق قىلىناتتى. ھەرقانداق كىشى ئاچراۋانلار ئائىلىسىدىن كېلىپ چىقمىغان بولسا، كاھىن بولالمايتتى. ئەمما ئاچراۋانلار سىنىپىدا ئىران

بىلەن ھىندىستان ئوتتۇرىسىدا پەرق مەۋجۇت ئىدى. ھىندىستاندىكى روھانىيلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىسى بىراھمانلار تەبىقىسىگە تەۋە بولۇشى شەرت ئىدى. ئىراندا بولسا ئاچراۋانلار تەبىقىسىدىكى ئايالللارنىڭ باشقا ئۈچ جەمەتتىكى ئەرلەر بىلەن نىكاھلىنىشىغا بولمايتتى، بىراق ئەرلەرنىڭ ھەرقانداق تەبىقىدىكى ئايالللار بىلەن توي قىلىشىغا بولاتتى، يەنە كېلىپ پەرزەنتلىرىنىڭ قانۇني ۋە دىنىي ئورنىغا تەسىر يەتمەيتتى ㊻.

روھانىيلارنىڭ نىكاھ مەسىلىسىنى سۆزلىگەچ، يەنە «ئاۋېستا»دا تىلغا ئېلىنغان باشقا بىرقانچە خىل ئالاھىدە نىكاھ مۇناسىۋىتىنى مۇھاكىمە قىلىپ ئۆتىمىز. «ئاۋېستا»دا ھەرقانداق تەبىقىدىكى، ھەرقانداق ئورۇندىكى كىشىنىڭ چوقۇم توي قىلىشى تەشەببۇس قىلىنغان، بويتاقلىق غەلىتە ئىش دەپ قارىلىپلا قالماي، گۇناھ ھېسابلانغان. باشقا نۇرغۇنلىغان دىنلاردا دىندارلار ۋە مۇرىتلارنىڭ توي قىلماسلىقى تەشەببۇس قىلىنسىمۇ، بىراق زوروئاستېر دىنى بۇنداق ئىدىيەنى ئانچە قوللاپ كەتمىگەن.

«ئاۋېستا»دا بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق تۈزۈم ۋە بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق تۈزۈمنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى ۋە كەمچىلىكلىرى تىلغا ئېلىنمىغان. بىراق، زوروئاستېر دىنىدا بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق تۈزۈمنىڭ چەكلەنمىگەنلىكى مەلۇم. رىۋايەت قىلىنىشىچە، زوروئاستېرنىڭ ئاز دېگەندىمۇ ئۈچ ئايالى بار ئىكەن. يەنە ئاجرىشىشقىمۇ يول قويۇلغان. شەرقىي ئىرانىيانلاردا بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق تۈزۈمدىن باشقا، يەنە ئاتىلىق ھوقۇق تۈزۈمى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن، پەرزەنتلەرنىڭ ھەممىسى ئاتىغا بويسۇنغان. جەمەتنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن يەنە بالا بېقىۋېلىشنىڭ قانۇنلۇقلۇقى ئېتىراپ قىلىنىپ، بېقىۋېلىنغان بالا ئۆز بالىغا ئوخشاشلا بارلىق ھوقۇق ۋە ئىمتىيازلاردىن بەھرىمەن بولغان. «ئاۋېستا»دا يەنە ئىپپەت ـ نومۇسنى سېتىش ۋە ئوخشاش جىنسلىقلارنىڭ مۇھەببەتلىشىشىنىڭ قاتتىق

جازالىنىدىغانلىقى ئېيتىلغان بولۇپ، بۇلاردىن بۇ ئىككى خىل ئادەتنىڭ شەرقىي ئىرانىيانلارغا تونۇشلۇق ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ.

«ئاۋېستا»دىكى نىكاھ تۈزۈمىنىڭ ئەڭ قىزىقارلىقى شۇكى، قانداشلارنىڭ توي قىلىشىغا يول قويۇلغان ھەم ئىلھام بېرىلگەن، بۇ نۇقتىدا ئىرانىيانلار بىلەن ئۇلارنىڭ يىراق قېرىنداشلىرى بولغان ھىندىلار تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. ھىندىلار قانداشلارنىڭ توي قىلىشىنى قورقۇنچلۇق ئىش دەپ قارىغان بولسا، ئىرانىيانلاردا ئاكىسى بىلەن سىڭلىسى، تاغىسى بىلەن جىيەن قىزى، ھەتتا ئانىسى بىلەن ئوغلى توي قىلىۋەرگەن، ئەمەلىيەتتە قانداشلارنىڭ توي قىلىشى ئىلاھىي تۈزۈمدىن كېلىپ چىققان، دەپ قارالغان. بىز كېيىنكى دەۋرلەردىكى زوروئاستېر دىنىنىڭ دەستۇرلىرىدا قانداشلارنىڭ توي قىلىشى مەدھىيەلەنگەنلىكىنى بايقايمىز. ئۇلار بۇ خىل نىكاھ ئېغىر گۇناھلارنى يۇيىدۇ، شۇنداقلا بۇ قەبىھ ئالۋاستىلارنىڭ سۇيىقەستىگە قارشى تۇرىدىغان بىر خىل قورال دەپ قارىغان. ھازىرقى ئاتەشپەرەسلىك دىنى مۇرىتلىرىمۇ يېقىن تۇغقانلارنىڭ نىكاھلىنىشىنى ئۇنتۇپ قالمىغان بولۇپ، تېخى ئۇلار قانداشلار ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل بىرىكىش پەرزەنتلەرگە زىيان يەتكۈزمەيدۇ، دەپ قارايدۇ [47].

«ئاۋېستا»دا تىلغا ئېلىنغان كېسەل بولۇش ۋە كېسەل داۋالاش توغرىسىدىكى ئىشلارغا قارىغاندا، ئەينى ۋاقىتتا شەرقىي ئىرانىيانلارنىڭ بۇ مەسىلىگە بولغان قارىشى يەنىلا ئىپتىدائىي ھالەتتە بولغان. چۈنكى، ئۇلار نۇرغۇن كېسەللەرنى جىن چاپلىشىۋېلىش، «جادۇگەرلىك» ياكى «كۆز تېگىش» كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن. بۇ تۈپەيلىدىن «ئاۋېستا» دا تۇمار پۈتۈش ئارقىلىق كېسەل داۋالاش تەشەببۇس قىلىنغان. مۇشۇ ۋەجىدىن يەنە كېسەل داۋالاش بۇرۇندىنلا روھانىيلارنىڭ مەخسۇس كەسپى بولغان. زوروئاستېرمۇ ھەكىم دەپ قارالغان.

دۇئا قىلىش ۋە ئەپسۇن ئوقۇشتىن باشقا، «ئاۋېستا»دا يەنە تېۋىپلارنىڭ ئوت ـ چۆپ ئارقىلىق كېسەل داۋالىشىغا ياكى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كېسەللەرنى ئوپېراتسىيە قىلىشىغا يول قويۇلغان. يېڭىدىن تونۇلغان تېۋىپلارنىڭ چوقۇم ئۆز ماھارىتىنى سىناپ بېقىشى شەرت ئىدى. بۇ توغرىسىدا «ئاۋېستا»دا ناھايىتى قىزىقارلىق ئىشلار سۆزلەنگەن. بىر تېۋىپ زوروئاستېر دىنى مۇرتىلىرىنى ئوپېراتسىيە قىلىشتىن بۇرۇن چوقۇم ئۈچ نەپەر دىنسىز ئادەمنى داۋالاپ باققان بولۇشى شەرت ئىدى، مۇبادا دىنسىز ئادەملەر ئۆلۈپ كەتسە، ئانچە چوڭ زىيان ھېسابلانمايتتى، لېكىن ئۇ دىنسىزلارنى ئوپېراتسىيە قىلىپ باقمىغان، ئوپېراتسىيەگە ئۇستىلىقى ئىسپاتلانمىغان تۇرۇپ يېنىكلىك بىلەن زوروئاستېر دىنى مۇرتىلىرىنى داۋالىسا، زور گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولاتتى ⑱.

گەرچە ھەكىم ۋە تېۋىپلار بولسىمۇ، شەرقىي ئىرانىيانلار يەنىلا كېسەللىك ياكى قىرىلىق تۇپەيلىدىن ئۆلۈپ تۇراتتى. «ئاۋېستا»دىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن جەسەتنى بىرتەرەپ قىلىش قائىدىسى ئىنتايىن قاتتىق ئىدى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ قاتتىق بولغىنى جەسەتنى كۆيدۈرگىلى ياكى كۆمگىلى قويماسلىق بولۇپ، چوقۇم دالىغا تاشلىۋېتىپ، ياۋايى ھايۋانلار ياكى قۇشلارغا يەم قىلىپ بېرىش كېرەك ئىدى. ئەگەر بىرەر كىشى جەسەتنى كۆمۈپ قويسا ياكى كۆمۈشكە رۇخسەت قىلسا، ئىنتايىن ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزگەن ھېسابلىناتتى.

ئۇلارنىڭ جەسەتنى تاشلىۋېتىشى ئەڭ قىزىقارلىق بولۇپ، بۇ خىل ئۇسۇلنى ھىندى دىنى مۇرتىلىرى، شۇنداقلا ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان باشقا نۇرغۇن خەلقلەر بىلمەيتتى. مەسىلەن، سكىتئانلار بىلەن پېرسىيەدىكى (غەربىي جەنۇبىي ئىران) قەدىمكى پارسلارنىڭ ئۆلۈكنى كۆمۈپ دەپنە قىلىدىغانلىقى بىزگە مەلۇم، بىراق ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەزى خەلقلەر،

مەسلەن، تىبەتلەردىمۇ ئۆلۈكنى تاشلىۋېتىدىغان ئادەت بار، بىز بۇ خىل ئادەتنىڭ ئىرانىيانلاردىن كېلىپ چىقمىغانلىقىغا ئىشەنسەكمۇ، بىراق مەلۇم دەۋردە بۇ ئادەت ئاسىيانىڭ بىرقانچە يەرلىرىگە تارقالغان، كېيىنچە باكتېرىيەلىكلەر ۋە باشقا شەرقىي ئىرانىيانلار تەرىپىدىن قوللىنىلغان ۋە بىردىنلا زوروئاستېر دىنىنىڭ بەلگىلىمىلىرى بىلەن ئايرىۋالغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئارىلىشىپ كەتكەن ㊾.

يۇقىرىدا بىز زوروئاستېر ۋە زوروئاستېر دىنى ھەمدە ئۇنىڭ قەدىمكى شەرقىي ئىرانىيانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق، شۇڭلاشقا بۇ يەردە ساپ بولغان زوروئاستېر دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا بىر - ئىككى كەلىمە سۆزلىمەي بولمىدى. بىز زوروئاستېرنىڭ قاراشلىرىنى ئۇزۇل - كېسىل چۈشىنىش ئۈچۈن ئۇنى بىر خىل يېپيېڭى دىنىي سىستېمىنىڭ ياراتقۇچىسى دەپ قارىغاندىن كۆرە، ئۇنى ئەسلىدىن بار بولغان دىنىي ئېتىقاد ۋە دىنىي تۈزۈمنىڭ ئىسلاھاتچىسى دەپ قارىغىنىمىز تۈزۈك. بىز قەدىمكى ئىرانىيانلار بىلەن قەدىمكى ھىندىلارنىڭ ئورتاق دىنىي ئارقا كۆرۈنۈشى بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك. بۇ دىنىي ئارقا كۆرۈنۈشتە تەبىئەتتىن ھالقىغان نۇرغۇنلىغان ئىلاھلار بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىككى ئىلاھ ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. ھىندىلار ئۇلارنى دىۋاس ۋە ئاسۇراس دەپ ئاتىغان بولسا، ئىرانىيانلار دائىۋاس ۋە ئاخۇراس دەپ ئاتىغان.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ھىندىلار ئۆز دىنىي سىستېمىسىنى تەرەققىي قىلدۇرغان. دىۋاس ئالىي ئىلاھقا ئايلانغان بولۇپ، ھەممە ئۇنىڭغا ئىخلاس قىلاتتى، بىراق ئاسۇراس بىر خىل رەزىللىك ئىلاھى بولۇپ، ئۇنىڭ كۈچى دىۋاسنىڭكىدىن ئاجىز بولسىمۇ، ئەمما ناھايىتى قورقۇنچلۇق ئىدى. بىراق ئىرانىيانلاردا زوروئاستېرنىڭ ئىسلاھاتىنىڭ تەسىرىدىن ئەھۋال يۇقىرىدا بايان قىلىنغاننىڭ ئەكسىچە بولغان. دائىۋاس رەزىل

ئالۋاستىغا ئايلانغان بولۇپ، ئۇ بارلىق رەزىللىك ۋە ئازابنىڭ مەنبەسى ئىدى، بىراق ئاخۇراس بولسا ھەقىقىي خۇدا بولۇپ، بارلىق ياخشىلىق ۋە ئەركىنلىكنىڭ مەنبەسى ئىدى.

ئەڭ مۇھىمى شۇكى، قەدىمكى ئىراننىڭ دىنى كۆپ خۇدالىق دىن بولۇپ، كىشىلەر نۇرغۇنلىغان ئاخۇراسقا ئېتىقاد قىلاتتى، بىراق زوروئاستېرنىڭ رەھبەرلىكى بىلەن كۆپ خۇدالىق ئېتىقاد ئۇزۇن ئۆتمەيلا بىر خۇدالىق ئېتىقادقا ئالمىشىپ، كىشىلەر پەقەت ئەڭ ئۇلۇغ خۇدا، يەنى ئاخۇرامازداغىلا ئېتىقاد قىلىدىغان بولدى، ئۇ پۈتكۈل ئالەمنىڭ ئىگىسى ئىدى. ئاخۇرامازدادىن تۆۋەن تۇرىدىغان نۇرغۇنلىغان كىچىك ئىلاھلارمۇ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مىترا دەپ ئاتىلىدىغان ئىلاھ كېيىنچە رىملىقلارنىڭ دىنىي تۇرمۇشىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇردى، بىراق ئەينى چاغدىكى بۇ كىچىك ئىلاھلارنىڭ ئورنى ئىبراي ئىلاھشۇناسلىقىدىكى پەرىشتىلەرچىلىكلا ئىدى. ئەڭ ئالىي ئىلاھ ئاخۇرامازدا بىلەن قارىمۇ قارشى تۇرىدىغىنى يامانلىق ئىلاھى ئانگىرامائىنيۇ بولۇپ، ئۇ بارلىق دىۋە ياكى ئالۋاستىلارنىڭ باشچىسى ئىدى. ئالەمدىكى بارلىق ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئاخۇرامازدا بىلەن ئانگىرامائىنيۇنىڭ كۈرىشىدىن پەيدا بولغان دەپ قارىلاتتى. بۇ ۋاقىتتا زوروئاستېر دىنى ئىككى ئىلاھلىق دىن تۈسىنى ئالغانىدى، بىراق مۇرىتلار ئەڭ ئاخىرىدا ئاخۇرامازدا ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ چوقۇم غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا، يامانلىق ئىلاھىنىڭ چوقۇم يوقىلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى ⑩.

زوروئاستېر دىنىدا يەنە قۇياشقا چوقۇنۇشمۇ تەشەببۇس قىلىنغان دەپ قارالسىمۇ، ئەمما كەسكىن ئېيتقاندا بۇ خىل قاراش توغرا ئەمەس. دەرۋەقە بىز «ئاۋېستا»دا «قۇياش ئاخۇرامازدانىڭ كۆزى» ياكى «قۇياش ئاخۇرامازدانىڭ تېنى» دېگەندەك ئىپادىلەرنى ئۇچراتقان بولساقمۇ، بىراق ئۇنىڭ يۇقىرىسىدىكى ۋە تۆۋىنىدىكى مەزمۇنلارنى بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل

قىلىدىغان بولساق، ئۇ ھالدا بۇ ئىپادىلەرنىڭ شېئىرىي سىمۋول تۈسىنى ئالغانلىقىنى بىلەلەيمىز. ئەلۋەتتە ئاخۇرامازدانىڭ ماھىيىتى بولسا يورۇقلۇق، قۇياش بولسا نۇرنىڭ مەنبەسى بولۇپ، بۇ ئۇنى ئالىي ئىلاھ قىلىپ كۆرسىتىدىغان ئەڭ مۇۋاپىق سىمۋول ھېسابلىنىدۇ.

ئوتنىڭ مۇھىملىقىمۇ قۇياشتىن تۆۋەن تۇرمىغان. چۈنكى، ئۇمۇ يورۇقلۇق تارقىتىدىغان بولغاچقا، ئەڭ مۇقەددەس پاكلىغۇچى دەپ قارالغان. «ئاۋېستا»دىكى مەلۇم بىر بابتا ئوت ئاخۇرامازدانىڭ ئوغلى دەپ تەرىپلەنگەن. بارلىق ئوت، يەنى ئاشخانىدىكى ئوتتىن تارتىپ ھەشەمەتلىك نەزىر سۇپىسىدىكى ئوتقىچە ھەممىسى مۇقەددەس دەپ قارىلاتتى، كىشىلەرنىڭ ئۇنى ئاسرىشى ۋە ئۇنى بۇلغىماسلىقى شەرت ئىدى. ئەڭ دەسلەپتە زوروئاستېر دىنىنىڭ ئىبادەتخانىسى بولغانمۇ - يوق، بۇنىسى نامەلۇم، ئىراندىكى ئەڭ يېقىنقى دەۋرلەردىكى ئىبادەتخانا تۈسىنى بارلىق قۇرۇلۇشلار كىچىك ھەم مۇقەددەس گۈلخان سۇپىلىرى بولغان. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى تاغ چوققىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ئادەملەرنىڭ تۇرالغۇلىرىدىن خېلى يىراقتا ئىدى [51].

ئىلاھ ۋە ئالۋاستىدىن باشقا، زوروئاستېر دىنى يەنە كىشىلەرنى «ئۆلمەسلىك» كە، «ئەڭ ئاخىرقى ھۆكۈم» گە ئىشىنىشكە ھەم «جەننەت، دوزاخ» نىڭ ئىنسانلارغا بېرىدىغان مۇكاپات ۋە جازاسىغا ئىشىنىشكە دەۋەت قىلغان. بۇ تەلىماتلار خىرىستىيان دىنى ۋە ئىسلام دىنىدىكى مۇشۇنداق تەلىماتلارغا ئوخشىشىپ كېتىدىكەن، بۇ ھەقتە قايتا مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ ئولتۇرمايمىز [52].

ئەڭ دەسلەپكى ۋاقىتلاردا، زورو ئاستېر دىنى گەرچە بىر خىل تەشۋىق قىلىنىدىغان دىن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ دىنىي قائىدىلىرى بەك قاتتىق ۋە مۇرەككەپ بولغانلىقى، ئۇنىڭ روھانىيلىرى مۇتەئەسسىپ بولغانلىقى تۈپەيلىدىن، يات مىللەت خەلقلىرى ئۇنى ئاسانلىقچە تولۇق قوبۇل قىلىپ كېتەلمىگەن.

شۇڭا ھەقىقىي زوروئاستېر دىنى ئۆزىنىڭ پۈتكۈل تارىخىدا پەقەت ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان ئىرانىيانلاردىن بولغان خەلقلەر ئارىسىدا تارقىلىش بىلەنلا چەكلەنگەن.

گەرچە ھەقىقىي زوروئاستېر دىنى سىرتقا كەڭ تارقالمىغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ئەھكاملىرى يىراقتىكى يات خەلقلەرگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن، بولۇپمۇ بۇ ئەھۋال مەركىزىي ئاسىيادىكى ھەر مىللەت ئاھالىلىرىگە نىسبەتەن تېخىمۇ شۇنداق بولغان. بىز يېقىنقى زاماندا بىر موڭغۇل سەيياھنىڭ موڭغۇللاردا جەسەتنى تاشلىۋېتىدىغان ھەم ئىت ۋە ئوتنى چوڭ بىلىدىغان ئادەت بارلىقىنى ئېيتقانلىقىنى ئاڭلىغىنىمىزدا، بۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا كەڭ تارقالغان ئىران مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى قىياس قىلدۇق ⑤③.

## ئىزاھات:

پېرسىيە ئەھمانىلار سۇلالىسى پادىشاھلىرىنىڭ ئابىدە تېشى (بىخستۇن ئابىدىسى) ۋە ئۇنىڭ تەرجىمىسى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Wessbacha,op,cit.

«ئاۋېستا» ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Avesta,edited by K. Geldner; Zend Avesta,translated by J. Darmster; Die Gathas des Avesta,translated by C. Bavtholome; Avesta ,die Heiligen bucher der Parsen, translated by F. Wolff.

«ئاۋېستا» بۆلەكلىرى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Yasna (cited as Ys),the Yashts(cited as Yt),and the Vendidad(cited as vd).

يەنە باشقا مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

the later Pahlavi texts; West Pahlavi text,part 1; Dinkart, ed. and tarns. by p. and D. Sanjana.

ئەھمانىلار سۇلالىسى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Herodotus,op . cit .

ئالېكساندىر دەۋرى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Arrian,De Expedetione Alexandri,and Q . Curtius,Des Re–bus Getis Alexandri Magni .

سەل كېيىنكى دەۋر ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ.

Justin,op . cit .;Diodorus siculus,op . cit .;Strabo,op,cit .; Appian,Historia Ro mana; Polbius,op . cit .;Dio Cassius, Historia Romana; Plutrach,Vitae Parallelae; Orosius, Historiae Adersum Paganos .

① باكتېرىيەلىكلەر بىلەن سىكتىئانلار، سارماتىئانلارنىڭ ئوخشاش بىر ئىرقتىكىلەر ئىكەنلىكى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Strabo,op . cit .,11,11,3 .

باكتېرىيەلىكلەر بىلەن مىدىيەلىكلەرنىڭ ۋە پارسلارنىڭ ئوخشاش بىر تىلدا سۆزلىشىدىغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

ibid,. 15, 2, 8 .

سوغدىلار ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

R . Gauthiot,Essai de Grammaire Sogdienne .

② جەنۇبىي ئىرانىيانلارنىڭ چەۋەندازلىرى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Herodotus,op . cit .,7,84 — 86 .

ئوقىيا ۋە ئىشتان ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

ibid .,7,61 — 66;Sarre and Herzfeld,op . cit .,p.53.

③ باكتېرىيەنىڭ قەدىمكى تارىخى ھەققىدىكى تالاش ـ تارتىشلارنى مەزكۇر كىتابنىڭ قوشۇمچىسىدىن كۆرۈڭ.

④ مىدىيەلىكلەرنىڭ باش كۆتۈرۈشى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Herodotus,op . cit .,1,95 — 106 .

مىدىيەلىكلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىنى ئىگىلىيەلمىگەنلىكى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

G . Rawlinson,Five Ancient Oriental Monarchies,3,381.

⑤ كەيخىسراۋنىڭ باكتىرىيەنى ئىگىلىگەنلىكى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Herodotus,op . cit .,1,153,177 .

كىروپولىسنىڭ قۇرۇلۇشى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Strabo,op . cit .,11,11,4 .

كەيخىسراۋنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Herodotus,op . cit .,1,201 — 214.

⑥ دارانىڭ تەختكە ئولتۇرۇشى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

ibid .,3,67 — 88 .

پېرسىيەنىڭ شەرقىي ئىراندا ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى قايتا تىكلىگەنلىكى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Weissbach,op . cit .,Sections 35 — 39 .

⑦ ھەر قايسى ئۆلكىلەر ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

ibid .,sect . 6ff .;Herodotus,op . cit .,3 . 89 — 97 .

باكتىرىيەلىكلەرنىڭ كىسىركىسنىڭ قوشۇنىغا كىرگەنلىكى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

ibid .,7,64 — 66 .

⑧ ئەھمانىلار سۇلالىسىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدىكى پارسلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىنى تىزگىنلەش كۈچىنىڭ ئاجىزلاشقانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

H.G.Rawlinson, Bactria, the Story of a Forgosotten, Empire,p.32; H.Jacobson,Early History of Sogdia,p.31.

⑨ زوروئاستېر دىنىنىڭ ئېھتىمال شەرقىي ئىراندا راۋاج تاپقانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

A.V.W.Jackson,Zoroaster,the prophet of Ancient Iran, p.205.

⑩ ئەھمانىلار سۇلالىسىنىڭ دىنىي سىياسىتى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

E.Meyer, "Persia — Ancient History", Encyclopaedia Britannica; O.G.V.Wesendonck,Weltbild der Iranier.

⑪ پارسلارنىڭ قوشنا خەلقلەرنىڭ نەرسىلىرىنى قوبۇل قىلىشقا ئامراقلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Herodotus,op.cit.,1,135.

ئۇلار ئۇچرىغان سىرتقى تەسىرنىڭ خاراكتېرى ۋە دائىرىسى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

"Perser" in Ebert,Reallexikon der Vorgeschichte.

غەربنىڭ تەسىرىنىڭ پېرسىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبى ئارقىلىق تارقالغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

B.Laufer,«Sino — iranica». Publications of the fiel mu-seum,no.201(1919).

⑫ بېسۇس ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Arrian,op.cit.,3,21; Gurtius,op.cit.,5,10 ff.

ئالېكساندېرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا قوشۇن باشلاپ كەلگەنلىكى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Arrian,op.cit.,bks.3 — 4;Gurtius,op.cit.,bks.7 — 8; F.V.schwarz,Alexander des Grossen Felbzuge in Turkestan.

⑬ ئالېكساندېر ئۆلگەندىن كېيىنكى ئەھۋالى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Justin,op.cit.,bks.13 — 15;Diodorus Siculus,op.cit.bks.18 — 19.

⑭ سېلېۋكىي ئىمپېرىيەسىنىڭ باش كۆتۈرۈشى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Appian,op . cit .,11,52 ff; Justin,op . cit .,bks . 16 ff .; E . R . Beven,The House of Seleucus .

⑮ ئانتىئوك Ⅱ نىڭ خاراكتېرى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

ibid .,chap . 9 .

⑯ باكتېرىيە ۋە پارفىيەلىكلەرنىڭ ئىسيانى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Justin,op . cit .,41,4;Strabo,op . cit .,11,9,2 — 3 .

پارفىيەلىكلەرنىڭ تىلى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى مەزكۇر كىتابنىڭ قوشۇمچىسىدىن كۆرۈڭ.

⑰ سېلېۋكى Ⅱ نىڭ شەرقىي ئىرانىنى قايتۇرۇۋېلىشقا ئۇرۇنۇشى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Justin,op . cit .,41,4; Strabo,op . cit .,11,8,8 .

⑱ ئانتىئوك Ⅲ نىڭ پارفىيەگە يۈرۈش قىلىشى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Justin,op .,41,4; Polybius,op . cit .,10,28 — 31 .

ئۇنىڭ باكتېرىيەگە يۈرۈش قىلغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Polybius,op . cit .,10,49 and 11,34 .

⑲ ئانتىئوك Ⅲ نىڭ رىمدىن مەغلۇپ بولغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Appian,op . cit .,11,1–52 .

⑳ باكتېرىيەنىڭ كېيىنكى پادىشاھلىرى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Justin,op . cit .,41,6;Strabo,op . cit .,11,11,1 ff .

ئۇلارنىڭ پۇللىرى ھەققىدىكى ماتېرىياللارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

P. Gardner, Cion of Greek and Scythic Kings of India; H. G. Rawlininson, Bactria, the story of a Forgotten Empire; MacDonald, "Hellenic Kingdoms of Syria, Bactria and Parthia", Cambridge History of India, vol. I.

㉑ باكتېرىيەنىڭ ھىندىستاننى بويسۇندۇرغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Strabo, op. Cit., 11,11,1 ff.

مەزكۇر كىتابتا باكتېرىيەلىكلەرنىڭ ھىندىستاننى بويسۇندۇرغانلىقى ھەم Seres ۋە Phrynoi دېگەندەك يەرلەرگە بارغانلىقى خاتىرىلەنگەن. بۇ يەرلەر ئېھتىمال شىنجاڭنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

A. Herrmann, lou — lan, China, Indien, und Rom im Lichte der Ausgrabungen am Lobnor, p. 31.

㉒ باكتېرىيەنىڭ سەنئىتى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

A. Foucher, L, Art Greco-bouddhique du Gandhara.

باكتېرىيەنىڭ ھىندىستانغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

L. Poussi, L' Inde aux Temps des Mauryas et des Barbares, pp. 241 ff.; G. N. Bannerjee, Hellenisism in Ancient India.

㉓ مىتراداتېس I نىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرىنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Justin, op. cit., 41,6; Strabo, op. cit., 11,11,2; Diodorus Siculus, op. cit., 33,18, Omosius, op. cit., 5,4 — 5; G. Rawlinson, the Sixth Oriental Monarchy or Parthia, p. 69; W. W. Tarn, "Parthia", Cambridge Ancient History, 9,579 ff.

㉔ دېمېترىئوس II نىڭ ئۇرۇشلىرى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Justin, op, cit., 36,1; 38,9; Appian, Op. cit., 11,67.

ئانتىئوكVII نىڭ ئۇرۇشلىرىنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Justin, op. cit., 38,10 and 42,1; Appian, op. cit., 11,68.

㉕ پارفىيەلىكلەر بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى قەبىلىلەر

ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى مەزكۇر كىتابنىڭ 4 ـ بابىدىن كۆرۈڭ.

㉖ پارفىيەلىكلەر بىلەن رىملىقلارنىڭ ئۇرۇشلىرىنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Plutarch, "Crassus" and "Anthony" in Vitae Parallelate; Dio Cassius,op. cit.,especially,bks. 40,49,68,71, 78;Eutros,Breviarum Historiae Romanae,8,3;Herodian, Historia(AbExcessu divi Marci),4,24–30.

㉗ پارفىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ فېئوداللىق خاراكتېرى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Meyer, "Persia – Ancient History" ,Encyclopaedia Britannica; Rawlinson, op. cit., p. 87; Tarn, "Parthia" , Cambridge Ancient History, IX, 590.

㉘ پارفىيەلىكلەرنىڭ ئاتلىق ئۇرۇش سەنئىتى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Justin, op. cit., 41, 2; Plutarch, "Crassus" chap. XXI in Vitae ParaIIelae; Tarn, "Parthia" , Cambridge Ancient History,IX, 601.

㉙ پارفىيە پۇللىرىدا يۇنانىنىڭ ئۆلچىمى ۋە يېزىقى ئىشلىتىلگەنلىكى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

W. Wroth,Coins of Parthia.

㉚ پارفىيە ئىمپېرىيەسىدە يۇنان ئەنئەنىسىنىڭ يىلتىز تارتىشى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Meyer, "Persia — Ancient History" , Encyclopaedia Britannica; Rawlinson, op. cit., p. 88; Tarn, "Parthia" , Cambridge Ancient History, IX, 595.

كىراسسۇسنىڭ كاللىسى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Plutarch, «Crassus»,chap,33.

㉛ يەرلىك ئىران ئەنئەنىسىنىڭ ئەسلىگە كەلگەنلىكى ھەققىدىكى قاراشلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Meyer, "Persia-Ancient History" ,Encyclopaedia Britannica; Rawlinson, op. cit., p. 90; Tarn, "Parthia" , Cambridge Ancient History, IX, 590; Wroth, op. cit.

㉜ پارفىيە دەۋرىدىكى زوروئاستېر دىنى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Justin,op. cit.,41,3; Strabo,op. cit.,11,9. 3;Tarn, "Parthia" , Combridge Ancient History, Ⅸ,590.

㉝ «ئاۋېستا»نىڭ توپلىنىشى ھەققىدىكى قاراشلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Dinkart, West's translation, p. 412; Geldner, "Avesta Literatur" , Geiger—Kuhn, Grundriss der Iranischen Philologie,II, 33; Darmsteter, op. cit., III, xxiii ff.

㉞ زوروئاستېرنىڭ زامانى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى مەزكۇر كىتابنىڭ قوشۇمچىسىدىن كۆرۈڭ. «ئاۋېستا» نىڭ دەۋرى ۋە ھەقىقىيلىقى ھەققىدە ھەر خىل پىكىرلەر بار، بۇ ھەقتىكى قاراشلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Geldner, "Avesta Literatur" , Geiger-Kukn, Grundriss der Iranischen Philologie, II, 32. ff.; Darmsteter, op. cit., III, v ff.; E. G. Browne,Literary History of Persia, vol. I.

㉟ «ئاۋېستا»دا خاتىرىلەنگەن چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىقتا ئائىت مەلۇماتلارنى Vd.3,2—4 دىن، ئېشەك ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى Vd.7,42 دىن، ئۆچكە ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى Vd.5,52 دىن، قوي ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى 38 — Vd.9,37 دىن، ئېنەك ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Yt. 9; Ys. 11,1; Vd. 7,67;Vd. 7,77;Vd. 7,14;Vd. 9,21; Yt. 10,38.

㊱ ئات ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Yt. 5,98;Yt. 17,7;Yt. 17,12;Yt,5,50;Yt. 5,130 — 131;Ys. 11,2; vd. 18,12;

«Huaspa» دېگەن نامنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Yt. 13,122;Yt. 5,108;Ys. 12,7.

㊲ تۆگە ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:
Vd.22,2–3;Vd.7,42; Ys.44,18;Yt.14,12–13.

ئىت ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:
Vd.13,49;Vd.13,59;Vd.13,3;Vd.8,16–18.

يەنە تۆۋەندىكى مەنبەگە قاراڭ:
Darmsteter,op.cit.,col.2,p.149.

㊳ توخۇ ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:
Vd.18, 15; V.Hehn, op.cit., p.314; Schrader, art. "Huhn" in Reallexikon des Indogermanischen Altertumskunde.

㊴ دېھقانچىلىق ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:
Vd.3,4;Vd.3,23;Vd.14,12;Vd.5,5;Vd.6,6.

بۇغداي، تېرىق ۋە ئارپا ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:
M.N.Dhalla,Zoroastrian Civilizatian,p.142.

بېدە ۋە ئۈزۈم ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى «خەننامە» نىڭ 96 - جىلدىدىن كۆرۈڭ. ھاراق ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:
Vd.5,54;Vd.16,6.

خورما ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى YS.9,1 ff دىن، نان ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى Vd.3,32 دىن كۆرۈڭ.
㊵ كېگىز ئۆي ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى Vd.8,1; دىن، ئۆي ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:
Vd.6,5; Vd.8,8;Vd.18,28;Yt.5,101.

ئۆي سايمانلىرى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:
Vd.14,4;Vd.5,27;Yt.100,105.

㊶ كەنت ۋە يوللار ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Ys . 9,27–28;Yt . 10,17–18;Vd . 3,15;Vd . 8,14 .

㊷ كىيىملەر ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:
Vd . 7,14;Vd . 8,23;Ys . 9 . 26;Yt . 1 . 17; Vd . 18,58; Dhalla, op . cit .,p . 174 .

دىندارلارنىڭ كىيىملىرى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى ibid.p.176 دىن،
ئاياغ ۋە ئالتۇن زىننەت بۇيۇملىرى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:
Vd . 6,27;Yt . 5,64;Yt . 5,127;Yt . 17,10 .

㊸ ھۇجۇم مۇداپىئە قوراللىرى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:
Yt . 10,39–40;Vd . 14,9;Yd . 13,14;Vd . 14,9 .

㊹ خانلار ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ.
Yt . 13,18;Ys . 53,8;Yt . 15,50;Ys . 46,4 .

قانۇنلار ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:
Geldner, "Avesta Literatur" , Geiger–Kuhn, Grundriss der Iranischen
Philologie, II, 20; Dhalla, op . cit ., p . 96 .

ئىلاھىي ياساق ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:
Yt . 12,3;Vd . 4,54;and especially Dinkart,8,19,38 and 8,20, 140–142 .

㊺ ئۇچ ۋە تۆت تەبىقە ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:
Vd . 1,16;Yt . 13,88;Ys . 19,17;Dhalla,op . cit .,p,64 .

㊻ روھانىيلار ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:
Yt . 4,9;Yt . 4,46;Dhalla,op . cit .,pp . 78,123;Darmseter, op . cit .,1,1 . ff

㊼ نىكاھ ۋە بالا بېقىۋېلىش ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:
Yt . 17,59;Vd . 4,47;Jackson,op . cit .,p . 20;Dhalla,op . cit ., p . 302;Dinkart,8,36,13 .

ئىپپەت ـ نومۇسنى سېتىش ۋە ئوخشاش جىنسلىقلار مۇھەببىتى

ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى Vd.8,26 — 27 دىن، قانداشلار ئوتتۇرىسىدىكى نىكاھ ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Ys. 12,9; Yt. 24,17;Vd. 8,13;W. Geiger,civilization of the Eastern Iranians in Ancient Times,pp. 66 ff.;Darmste)ter, op. cit.,1,126.

⑱ كىيسەللىك ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:
Vd. 20,3;Vd. 20,6–9;Yt. 3,6;Vd. 7,44;Vd. 7,36–40.

⑲ جەسەتنى بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Vd. 6,44;Vd. 1,12–17.

⑳ ئاخۇراس ۋە دائىۋاس ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Geldner, «Zoroaster», Encyclopaedia Britannica.

ئاخۇرامازدا ۋە ئانگىرامائىنيۇ ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Ys, 1,1; Yt. 1,1; Yt. 17,19;Vd. 1,2.

ئىككى ئىلاھلىق دىن ۋە ياخشىلىق ئىلاھىنىڭ ئاخىر غەلىبە قىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:
Ys. 30, 3–4; Ys. 43,5;Yt. 19,95.

㉑ قۇياش، ئوت ۋە ئوت سۇپىسى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Ys, I;11;Ys.36,6; Ys. 2 4;Ys. 17,11;Vd. 5,39;Vd. 7,28, Vd. 8, 81–86; Bundahisn, 7, 5–8; Darmsteter, op. cit., I, lix ff.

㉒ ئۆلمەسلىك، جەننەت، دوزاخ ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Vd. 19,27;Ys. 19,6;H. Lommel,Die Religion Zarathustras; Wesendonck, op. cit.

㉓ زورو ئاستىر دىنىنىڭ موگغۇللاردىكى تەسىرى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

J . J . Schmidt, Forschungen im Gebiete der Alteren Religiosen, Politiscben, und Literarischcn Bil dungsgeschichte der Volker Mittel Asiens, p . 147; P . Peliot, "Influence Iranniene en Asie Centrale et en Extreme Orient" ,Revue d'Histoire et de Litterat ure Religieuses, 1912, pp . 197 ff .

## 2 ـ بۆلۈم

# ھۇن ئىمپېرىيەسىنىڭ گۈللىنىشى ۋە ھالاكىتى

## 4 ـ باب ھۇن ئىمپېرىيەسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى

موڭغۇلىيەنىڭ قەدىمكى ئاھالىلىرى — ھۇن ئىمپېرىيەسىنىڭ باش كۆتۈرۈشى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 209 — 141 ـ يىللار) — ھۇنلار بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ زومىگەرلىك تالىشىشى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 140 — 101 ـ يىللار) — ھۇن ئىمپېرىيەسىنىڭ ئاجىزلىشىشى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 100 — 51 ـ يىللار) — ھۇنلارنىڭ خەن سۇلالىسىگە بېيئەت قىلىشى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 50 ـ يىلىدىن مىلادىيەنىڭ 8 ـ يىلىغىچە)

### (1) موڭغۇلىيەنىڭ قەدىمكى ئاھالىلىرى

يازما خاتىرىلەنگەن تارىخىي دەۋرلەردىن تارتىپلا موڭغۇلىيە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلار نۇرغۇنلىغان بەدەۋى قەبىلىلەرنىڭ ماكانى بولۇپ كەلگەن. ئۇلار گەرچە ئۇزۇن دەۋر سۈرەلمىسىمۇ، دائىم بۆلاڭچىلىق ۋە بويسۇندۇرۇش بىلەن شۇغۇللانغان. تاجاۋۇزچىلىق بىلەن مەشغۇل بولغانلار تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ موڭغۇلىيە ئېگىزلىكىدىن چىقىپ، بەزىدە ئاسىيادىكى ھەر بىر ئىمپېرىيەنى بويسۇندۇرۇپلا قالماي، يەنە ياۋروپانىڭ يېرىمىنىڭ دېگۈدەك ھۆكۈمرانى بولۇۋالغان.

بۇ رايون ۋە بۇ رايوندىن چىققان خەلقلەر گەرچە مۇشۇنداق

مۇھىم بولسىمۇ، لېكىن موڭغۇلىيەنىڭ قەدىمكى زامان تارىخى ھەققىدە بىلىدىغانلىرىمىز يوق دېيەرلىك. بۇ رايوننىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئاھالىلىرىدە يېزىق بولمىغاچقا، بىزگە ھېچقانداق يازما خاتىرىلەرنى قالدۇرمىغان. ئىلمىي بولغان قېزىش خىزمىتى بۇ رايوندىكى قەدىمكى خەلقلەرنىڭ ئىرقى ۋە مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى يورۇتۇپ بېرەلەيدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن، بۇ رايوندىكى ئارخېئولوگىيەلىك ئېكسپېدىتسىيە خىزمىتى تېخى دەسلەپكى باسقۇچتا تۇرۇۋاتقاچقا، نۆۋەتتە بىزنىڭ تەتقىقاتىمىزغا تەمىنلەپ بەرگەن ماتېرىياللار ناھايىتى ئازدۇر.

يازما خاتىرە قالدۇرۇشقا ماھىر بولغان ھەم ناھايىتى بۇرۇن موڭغۇلىيەدىكى خەلقلەر بىلەن ئۇچراشقانلار جۇڭگولۇقلاردۇر، شۇڭا بىز بۇ رايوندىكى ئىپتىدائىي ئاھالىلەرنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشتە جۇڭگونىڭ خاتىرىلىرىگە مۇراجىئەت قىلىمىز. لېكىن جۇڭگونىڭ بۇ خاتىرىلىرى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2 ـ ئەسىردىن ئىلگىرىكى موڭغۇلىيە خەلقىگە ئائىت ئەھۋاللارنى بىزگە تولۇق بايان قىلىپ بېرەلمەيدۇ.

جۇڭگونىڭ بەزى قەدىمكى تارىخىي ئەسەرلىرى، مەسىلەن، ئىنتايىن مەشھۇر بولغان «نەسرنامە» مىلادىيەدىن 2500 يىل بۇرۇنقى، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇنقى تارىخىي ۋەقەلەرنى بايان قىلىپ بېرەلەيدۇ دەپ قارالسىمۇ ①، لېكىن ھازىرقى زاماندىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم ئالىملار ئۇلاردىكى بايانلارنىڭ رىۋايەت تۇسىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. شۇڭا، مۇشۇ سەۋەبتىن جۇڭگونىڭ مۇشۇنداق كۆپلىگەن تارىخىي ئەسەرلىرىدىكى «بەدەۋى قوۋم» لار ھەققىدىكى بايانلارغا بەك ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ كەتمەسلىكىمىز كېرەك.

مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 9 ـ ئەسىردىن باشلاپ جۇڭگونىڭ تارىخىي خاتىرىلىرىنىڭ توغرىلىقى ۋە قىممىتى ئېشىپ باردى، لېكىن بۇ مەزگىلدە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى نەچچە ئەسىردە جۇڭگو تارىخچىلىرىنىڭ چېگرا سىرتىدىكى مىللەتلەرگە بولغان

قىزىقىشى سۇسلاپ كەتكەچكە، ئۇلار پەقەت بۇ يات مىللەتلەرنىڭ ئۇ ياكى بۇ تارمىقى جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلغان چاغدىلا ئاندىن خاتىرە قالدۇرغان. بۇ خاتىرىلەر گەرچە ئاددىي ھەم چالا بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار يەنىلا زور قىممەتكە ئىگە بولۇپ، كۆزىتىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ.

ئەينى چاغدا جۇڭگونىڭ شىمالىدا ئولتۇراقلاشقان ھەم دائىم پاراكەندىچىلىك سېلىپ تۇرىدىغان «بەدەۋى» قوۋملارنىڭ ئىچىدىكى بىرسى رۇڭ (戎)، يەنە بىرسى دى (狄)، يەنە بىرسى بولسا بەزىدە شۈنيۈ (荤粥)، بەزىدە شيەنيۈن (猃狁) دەپ ئاتىلاتتى. بۇ ناملارنىڭ ھەممىسى بىرلا مەنبەدىن كېلىپ چىققاچقا، بىز غەربلىكلەر ئۇلارنى «ھۇن» (Huns) دېگەن نام بىلەن ئاتايمىز ②. بۇ قوۋم ئادەتتە بۈيۈك ھۇن ئىمپېرىيەسىنى قۇرغان ھۇنلارنىڭ ئەجدادلىرى دەپ قارىلىدۇ.

ئۇلارنىڭ قاچانلاردا موڭغۇلىيە ۋە جۇڭگونىڭ شىمالىغا كىرىپ ئولتۇراقلىشىشقا باشلىغانلىقىنى بىلىشكە ئامالىمىز يوق. لېكىن، رىۋايەتلەردىكى جۇڭگونىڭ خانلىرى بۇ قەبىلىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلغانىكەن. مەسىلەن، رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، خۇاڭدى شۈنيۈلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانىكەن ③. يەنە بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، ھۇنلارنىڭ ئەجدادى شياخۇ ئۇرۇقىنىڭ ئەۋلادى بولغان چۇنۋېينىڭ نەسلى ئىكەن ④. بۇنىڭ ئىشەنچلىكلىك دەرىجىسى ئەلۋەتتە ئىنتايىن تۆۋەن بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگولۇقلارنىڭ ھۇنلارنى يېڭىۋالىدىغان بۇنداق ئىشلىرى كېيىن دائىم يۈز بېرىپ تۇرغان. بۇلار بىزنىڭ شىمالدىكى بۇ «بەدەۋى قوۋم» لارنىڭ ئېتنىك تەركىبىنى تەتقىق قىلىشىمىزدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

جۇ خانىدانلىقىدىكىلەرنىڭ ئەجدادلىرى بىلەن شىمالدىكى «بەدەۋى قوۋم»لار ئوتتۇرىسىدىمۇ زىچ ئالاقە بولغان. جۇلۇقلار ئەسلىدە غەربىي شىمالدا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، رۇڭ، دىلارنىڭ مۇھاسىرىسى ئىچىدە تۇرغان. بۇلار ئەسلىي بەدەۋى قوۋملاردىن

كېلىپ چىقىپ، كېيىن جوڭخۇا مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغان بولۇشى مۇمكىن⑤. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 14 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئاقساقال دەنفۇ رۇڭ، دىلارنىڭ قىستىشى ئارقىسىدا جەنۇبقا كۆچۈپ، جۇ دۆلىتىنى قۇرغان⑥. جۇ سۇلالىسىنىڭ رەسمىي قۇرغۇچىسى دەنفۇنىڭ نەۋرىسى ۋېنۋاڭ بولۇپ، ئۇنىڭ ئوغلى ۋۇۋاڭ شاڭ سۇلالىسىنى يوقىتىش ئارقىلىق جوڭگوغا ھۆكۈمران بولغان. ۋېنۋاڭ ۋە ۋۇۋاڭلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى «شىمالدىكى بەدەۋىلەر» گە جازا يۈرۈشى قىلغان بولۇپ، ۋۇۋاڭ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرقانچە قەبىلىنى بويسۇندۇرغان⑦.

شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتا، بىز جوڭگونىڭ شىمالىي چېگرالىرىنىڭ تاجاۋۇزغا ئۇچرىغانلىقىنى بىلمەيمىز. لېكىن، ئۇزۇن ئۆتمەي جۇ خانىدانى ئاجىزلاشقاندىن كېيىن، «شىمالدىكى بەدەۋىلەر» پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ باش كۆتۈرۈپ چىقىشقا باشلىغان. بۇرۇن جوڭگوغا ئەل بولغانلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن مۇستەقىل بولۇۋالغان. ئەسلىدىن مۇستەقىل تۇرۇۋاتقانلىرىمۇ يۈرەكلىك ھالدا جوڭگونىڭ چېگرالىرىغا تاجاۋۇز قىلىشقا باشلىغان⑧. بۇ تاجاۋۇزچىلىقلار بەزىدە ئېغىر زىيانلارنى ئېلىپ كەلگەن. بۇ ئىشلار قەدىمكى تارىخىي ئەسەرلەردىلا خاتىرىلىنىپ قالماستىن، يەنە «نەزمىنامە»دىكى خەلق قوشاقلىرىدىمۇ كۆرۈلىدۇ⑨. كېيىن جۇ يۇۋاڭ زامانىدا (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 781 — 771 ـ يىللار) ئۇ كەيپ ـ ساپاغا بېرىلىپ كەتكەچكە، «بەدەۋىلەر» پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ كەتكەن، ئۇ ئۆزىمۇ شيەنيۈنلەر بىلەن بىر ئۇرۇقتىن بولغان چۈەنرۇڭلار (犬戎) تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن⑩.

بۇ چاغدا جوڭگو ئىنتايىن قالايمىقانلىشىپ كەتكەن بولۇپ، جۇ يۇۋاڭنىڭ ئوغلى جۇ پىڭۋاڭ تەختكە چىققاندىن كېيىن، پايتەختنى خاۋجىڭدىن شەرققە يۆتكەپ لويىغا كۆچۈرۈپ رۇڭلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلانغان، بۇ شەرقىي جۇ سۇلالىسى دەپ

ئاتالغان. شۇنىڭدىن باشلاپ جۇ خانىدانى كۇنسېرى ئاجىزلاپ كەتكەن [11]. شەرقىي جۇ سۇلالىسى دەۋرىدە (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 770 — 256 ـ يىللار) ئەمەلىي هوقۇق هەرقايسى بەگلەرنىڭ قولىدا بولۇپ، ئۇلار ئەمەلىيەتتە مۇستەقىل بولۇۋالغان. بىرقانچە بەگلىكلەر دەل موڭغۇلىيەنىڭ جەنۇبىدا بولغاچقا، دائىم دېگۈدەك «شىمالدىكى بەدەۋىلەر» بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇر بولغان ۋە كۆپ هاللاردا غەلىبە قازانغان. بۇ ئۇرۇشلار توغرىسىدا جۇڭگونىڭ تارىخىي ئەسەرلىرىدە خاتىرىلەر كۆپ بولۇپ، ئۇلاردا يەنە «شىمالدىكى بەدەۋىلەر»نىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى خاتىرىلەنگەن[12]. ئەمدى بىز بۇ خاتىرىلەردىكى موڭغۇلىيەنىڭ قەدىمكى ئاهالىلىرىنىڭ ئىرقى، تىلى ۋە مەدەنىيەت ئالاهىدىلىكلىرىگە قاراپ باقايلى.

ئادەتتە هەممەيلەن موڭغۇلىيەنىڭ قەدىمكى ئاهالىلىرىنىڭ موڭغۇل ئىرقىغا، يەنى تىپىك سىبىرىيە تەنلىكلەرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. بەزىلەر بولسا موڭغۇلىيەنىڭ بۇ قەدىمكى ئاهالىلىرى ئۆزلىرىنىڭ قوشنىلىرى بولغان جۇڭگولۇقلارغا قارىغاندا ساپسېرىق تەنلىك ئىرققا تېخىمۇ يېقىن كېلىدۇ، دېگەننى تەشەببۇس قىلىشىدۇ. ئۇلار يەنە جۇڭگولۇقلار (بولۇپمۇ بىرقەدەر جەنۇبتىكى جۇڭگولۇقلارغا قارىغاندا موڭغۇل ئىرقىنىڭ ئالاهىدىلىكى تېخىمو روشەن بولغان شىمالدىكى جۇڭگولۇقلار)نىڭ بىرنەچچە خىل بەدەن ئالاهىدىلىكى قەدىمدە موڭغۇلىيەدىن تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن قوۋملار بىلەن نىكاھلاشقانلىقىدىن شەكىللەنگەن، دېگەن قاراشنى تەشەببۇس قىلىشىدۇ.

ئەمما يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، موڭغۇل ئېگىزلىكىنىڭ شىمالىدا ئېلىپ بېرىلغان ئازغىنە ئارخېئولوگىيەلىك خىزمەتلەردە ئېرىشكەن نەتىجە بۇ پەرەزنىڭ پۈتۈنلەي ئەكسىچە بولدى. مەسىلەن، هازىرقى سىبىرىيەنىڭ جەنۇبىدىكى بۇريات موڭغۇللىرى (ئۇلارنىڭ هازىرقى قىياپىتى

تېپىك موڭغۇل ئىرقىدا) ئۇلتۇرۇشلۇق جايدىن ئارخېئولوگلار قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ باش سۆڭەكلىرىنى تاپقان بولۇپ، ھەممىسىلا سوقا باشلىقلارغا مەنسۇپ، ھازىرقى موڭغۇللارنىڭ باش سۆڭىكى (ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى يۇمىلاق باشلىقلارغا مەنسۇپ) نىڭ ئەكسىچە. بۇنىڭدىن شۇنداق يەكۈن چىقىرىشقا بولىدۇكى، موڭغۇلىيەدە ھازىرقى يۇمىلاق باشلىق ئىرقتىكى ئاھالىلەردىن بۇرۇن، ئۇلارغا ئوخشىمايدىغان يەنە بىر خىل ئاھالىلەر مەۋجۇت بولغان.

بۇ قەدىمكى سوقا باشلىقلارنىڭ تىرىسىنىڭ رەڭگى توغرىسىدا ئارخېئولوگلارنىڭ بىلىدىغىنى ھازىرچە ئىنتايىن ئاز، لېكىن جۇڭگونىڭ تارىخىي ئەسەرلىرىدىكى بايانلارغا ئاساسەن، بىز بۇ قەدىمكى خەلقلەرنىڭ «قىزىل چاچ، كۆك كۆز، سوزۇنچاق يۇزلۇك» ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشكە ھەقلىقمىز. يەنە كېلىپ بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، بۇ تەسۋىرلەرنىڭ توغرىلىق دەرىجىسى يۇقىرى، لېكىن بىز شۇنى ئېسىمىزدە ساقلىشىمىز كېرەككى، بۇ سوقا باش كەلگەن ھەم ئاق تەنلىك ئىرق ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان كىشىلەر موڭغۇلىيەنىڭ ئۆزىدە ياشىغان بولماستىن، بەلكى موڭغۇلىيەنىڭ شىمالىدىكى جەنۇبىي سىبىرىيەدە ياشىغان بولۇپ، ئۇلار موڭغۇلىيەنىڭ شىمالىغا كۆچۈپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن، يەنە كېلىپ تېخىمۇ بۇرۇنقى تارىختىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردە ئۇلارنىڭ پۈتكۈل موڭغۇل ئېگىزلىكىنى بويسۇندۇرغانلىقى ئېھتىمالدىن يىراقمۇ ئەمەس [13]. يازما خاتىرىلەنگەن تارىخىي دەۋرلەردە شىمالدا يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بۇ ئاق تەنلىك، سوقا باش كىشىلەرنىڭ ئەكسىچە بولغىنى، جۇڭگولۇقلار بىلەن بىۋاستە ئۇچراشقان قەبىلىلەر، مەسىلەن، شيەنيۇنلەر ۋە كېيىنكى ھۇنلارنىڭ ئەجدادلىرىدۇر. گەرچە بىزدە ئېنىق پاكىتلار بولمىسىمۇ، لېكىن بىز دائىم دېگۇدەك جۇڭگو چېگرالىرىغا پاراكەندىچىلىك سالىدىغان بۇ ياۋايى قوۋملارنىڭ بۇغداي ئۆڭلۈك، يۇمىلاق باش ئىكەنلىكىگە

ئىشىنىشكە ھەقلىقمىز.
بىز بۇ شىمالدىكى ياۋايى قوۋملارنىڭ بۇغداي ئۆڭلۈك، يۇملاق باش ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلساقمۇ، لېكىن ئۇلارنى موڭغۇل ئىرقىغا مەنسۇپ دېمەيمىز. بۇ يەردە تۈرك ئىرقى بىلەن موڭغۇل ئىرقىنىڭ پەرقىنى ئېنىق تونۇشىمىز كېرەك. بۇ توغرىدا پىروفېسسور سىمىت: «ئىنسانشۇناسلىقتا دائىر ئۇرغۇنلىغان ئەسەرلەردە تۈركلەر بىلەن موڭغۇللار دائىم ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن. بۇ ئىككى مىللەتنىڭ پەرقىنى بەك تەكىتلەپ كېتىشكە بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ پەرقىنى ئايرىماقمۇ بەك تەس. ئەمما تۈركلەرنىڭ چىرايى يۈزى ياپىلاق كەلگەن موڭغۇللار بىلەن زادى ئوخشىمايدۇ. تۈركلەرنىڭ چېچى دولقۇنسىمان بولۇپ، موڭغۇللارنىڭ چېچى بولسا تۈز كېلىدۇ. تۈركلەر ساقال - بۇرۇتلۇق، تۈكلۈك كەلسە، موڭغۇللار تۈكسىز كېلىدۇ. ئەمەلىيەتتە تۈركلەر ئالپىس ئىرقىنىڭ ئالاھىدە بىر تارمىقىدۇر» دەيدۇ.
تۈركلەر ۋە باشقا ئالپىس ئىرقىدىكىلەر ياۋروپادىكى «ئاق تەنلىك» لەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك، موڭغۇللار بولسا شەرقىي ئاسىيا ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى «سېرىق تەنلىك» لەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا موڭغۇلىيەنىڭ بۇ قەدىمكى ئاھالىلىرىنىڭ تۈرك ئىرقى ياكى موڭغۇل ئىرقىغا مەنسۇپلۇقى ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەسىلىدە جۇڭگونىڭ رەسمىي تارىخنامىلىرىدىكى بىر ماتېرىيالنى تەتقىق قىلىپ بېقىش ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇنىڭدا خاتىرىلىنىشىچە، ھۇنلار قاڭشارلىق، ساقال - بۇرۇتلۇق بولۇپ، ئۇلار بىلەن جۇڭگولۇقلارنى ناھايىتى ئاسانلا پەرقلەندۈرگىلى بولىدىكەن [14]. بۇ پاكىتقا ئاساسلىنىدىغان بولساق، ئۇنداقتا موڭغۇلىيەنىڭ قەدىمكى ئاھالىسىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولغان ھۇنلارنىڭ تۈرك ئىرقىغا مەنسۇپلۇق، موڭغۇل ئىرقىغا مەنسۇپ ئەمەسلىكىدىن شۈبھىلىنىشكە بولمايدىغاندەك

قىلىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ھۇنلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئېتنىك مەنبەسى «سىرىق تەنلىك» لەرگە قارىغاندا «ئاق تەنلىك» لەرگە يېقىن بولغان.

گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، بىز جۇڭگونىڭ تارىخىي ئەسەرلىرىدىن يەنە شىمالدىكى ياۋايى قوۋملار بىلەن جۇڭگونىڭ شىمالدىكى خەلقلەر ئارىسىدا كەڭ كۆلەملىك نىكاھلىنىش مۇناسىۋىتىنىڭ بارلىقىنى بىلىۋالالايمىز. بۇ خىل نىكاھلىنىش جۇڭگونىڭ شىمالدىكى خەلقلەرنىڭ تەن تۈزۈلۈشىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن (ئۇلارنىڭ كەڭ باشلىق بولۇشىغا مۇشۇ ئامىل تەسىر كۆرسەتكەن ياكى ھېچبولمىغاندىمۇ ئۇلارنىڭ بىر قىسمى مۇشۇ ئامىلنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان). ئەلۋەتتە شىمالدىكى ھۇنلارمۇ مۇشۇنداق بولغان. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ۋە نىكاھلىنىش مۇناسىۋىتىنىڭ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا ئەگىشىپ، زور كۆپ ساندىكى ھۇنلاردا موڭغۇل ئىرقىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى شەكىللىنىشكە باشلىغان ⑮.

تارىخىي دەۋرلەردە موڭغۇلىيەنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئاھالىسى بولغان بۇ ھۇنلار ئەگەر داۋاملىق تۈردە موڭغۇل ئېگىزلىكىدە تۇرۇۋەرگەن بولسا، ئۇلاردا ئەسلىدە بار بولغان تۈرك ئىرقى ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ ئورنىنى ئېھتىمال ئۇزۇكسىز سىڭىپ كىرگەن موڭغۇل ئىرقى ئالاھىدىلىكلىرى ئېلىشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن، ئۇلار كېيىنچە زور تۈركۈمدە غەربكە كۆچكەن چاغدا، ئۇلارنىڭ ئىرقى تەركىبىدە يەنىلا تۈرك ئىرقى ئامىللىرى روشەن ئورۇندا تۇرغان. ھالبۇكى، موڭغۇلىيەدىكىلەرنىڭ پۈتۈنلەي موڭغۇللىشىپ كېتىشى، ھۇنلارنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى جۇڭگولۇقلارنىڭ بىۋاسىتە تەسىرىدىن قۇتۇلۇپ، ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن ئىشقا ئېشىشقا باشلىغان.

بارلىق ئالىملارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك موڭغۇلىيەدىكى قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ تۇرانىئان ياكى ئورال - ئالتاي سىستېمىسىدىكى ھەر خىل تىللاردا سۆزلەشكەنلىكىنى قەيت

قىلىدۇ. ئۇنداقتا، تۇرانئىئان تىلى، ھىندى ـ ياۋروپا تىللىرى ۋە خەنزۇ ـ تىبەت تىل سىستېمىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا زادى قانداق زور پەرق بار؟ [16]

بارلىق تۇرانئىئان تىللىرىنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى، ئۇلارنىڭ بىر خىل يېپىشقاق تىل بولغانلىقىدا. تۇرانئىئان تىلى خەنزۇ ـ تىبەت تىللىرىغا ئوخشىمىغان ھالدا مۇرەككەپ گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، «كېلىش» ۋە «زامان» نىڭ ئۆزگىرىشى ئېنىق. بۇ نۇقتىدا تۇرانئىئان تىلى ھىندى ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسى ۋە سام تىلى سىستېمىسى بىلەن ئوخشاش. لېكىن، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىمۇ مەلۇم پەرق بار. ھىندى ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسى بىلەن سام تىلى سىستېمىسىدا دائىم دېگۇدەك سۆزنىڭ يىلتىزىنى ئۆزگەرتىش (مەسىلەن، man نىڭ men گە ئۆزگىرىشى ۋە come نىڭ came غا ئۆزگىرىشى) ئارقىلىق گىراماتىكىلىق ئۆزگىرىشنى ئىپادىلەيدۇ؛ ئەمما تۇرانئىئان تىلىدا سۆز يىلتىزى ئۆزگەرمىگەن ئەھۋالدا، سۆز ئارقا قوشۇمچىلىرىنى سۆز يىلتىزىغا قوشۇش ئارقىلىق گىراماتىكىلىق ئۆزگىرىشنى ئىپادىلەيدۇ (مەسىلەن، تۈرك تىلىدا «خوتۇن» دېگەن سۆز بىرلىك شەكىلدە khatun دېيىلسە، كۆپلۈك شەكىلدە khatun ـ lar دېيىلىدۇ، يەنە gel ـ mek دېگەن سۆز «كېلىش» دەيدىغان مەننى ئىپادىلەيدىغان بولۇپ، gel ـ iyorum دېگەن سۆز «كېلىۋاتىمەن» دېگەن مەننى، gel ـ dim دېگەن سۆز «كەلدىم» دېگەن مەننى ئىپادىلەيدۇ).

خەنزۇ ـ تىبەت تىل سىستېمىسىدا سۆز ئالدى قوشۇمچىلىرى ۋە سۆز ئارقا قوشۇمچىلىرى يوق بولۇپلا قالماي، يەنە ئالدى ياردەمچى سۆز ۋە ئارقا ياردەمچى سۆزلەرمۇ يوق (ئەمەلىيەتتە خەنزۇ تىلىدا ئالدى ياردەمچى سۆز بار —— خەنزۇچە تەرجىماندىن). ھىندى ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسىدا بولسا بۇلارنىڭ ھەممىسى بار (بىراق ئالدى ياردەمچى سۆزلەر ئارقا

ياردەمچى سۆزلەرگە قارىغاندا خېلىلا كۆپ). لېكىن، تۇرانىئان تىلىدا پەقەت سۆز ئارقا قوشۇمچىلىرىلا بولۇپ، سۆز ئالدى قوشۇمچىلىرى يوق؛ يەنە ئارقا ياردەمچى سۆزلەرلا بولۇپ، ئالدى ياردەمچى سۆزلەر يوق. شۇڭا ئۇلار «you - to» دېسىمۇ، «to you» دېمەيدۇ. «here - from» دەپ ئىشلەتسىمۇ، «from here» دەپ ئىشلەتمەيدۇ.

تۇرانىئان تىلى بىلەن خەنزۇ - تىبەت تىللىرىنىڭ يەنە ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، كېيىنكىسى بىر خىل تاق تاۋۇشلۇق تىل بولۇپ، دائىم ھەر خىل «تون (ئاھاڭ)» غا تايىنىدۇ. بۇ جەھەتتە تۇرانىئان تىلى يەنە ھىندى - ياۋروپا تىللىرى ۋە سام تىللىرىغا ئوخشايدۇ. لېكىن، تۇرانىئان تىلىنىڭ گىراماتىكىسىدا جىنس پەرقى ۋە كىشىلىك ئالماش پەرقى يوق، بۇ جەھەتتە ھىندى - ياۋروپا تىللىرى ۋە سام تىللىرىدىن پەرقلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا تۇرانىئان تىلىدا ھەر بىر سۆزنىڭ بېشى ياكى ئاخىرىدا ئىككى ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ بىللە كېلىپ قېلىشىدىن ساقلىنىلىدۇ (مەسىلەن «stretch» ياكى «compact» دېگەندەك).

كۆپىنچە تۇرانىئان تىللىرىدا (لېكىن ھەممىسى ئەمەس) يەنە «سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش» قائىدىسىگە ئەمەل قىلىنىدۇ، يەنى ھەر بىر سۆزدىكى سوزۇق تاۋۇشلار چوقۇم ئوخشاش سوزۇق تاۋۇشقا مەنسۇپ بولىدۇ (مەسىلەن، «خوتۇن» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك شەكلى khatun - lar بولسا، «قول» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك شەكلى el - ler بولىدۇ).

يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، تۇرانىئان تىللىرى مۇستەقىل بىر تىل سىستېمىسى بولالايدۇ. لېكىن دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر نۇقتا بار (بۇنىڭ ئالدىدا مۇھاكىمە قىلىپ ئۆتكەن ئىرقىي ئالاھىدىلىك مەسىلىسى بىلەن پەۋقۇلئاددە مۇناسىۋەتى بار، يەنى تۇرانىئان تىللىرى بىلەن خەنزۇ - تىبەت تىللىرىنى بىر - بىرىگە باغلاشقا ئۇرۇنۇشلارنىڭ

ھەممىسى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، لېكىن بىرنەچچە ئالىم تۇرانىئان تىللىرى بىلەن ھىندى ـ ياۋروپا تىللىرىنىڭ ئوخشاش بىر مەنبەدىن كېلىپ چىققانلىقىنى ئىسپاتلىغىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ ⑰.

ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، موڭغۇلىيەنىڭ قەدىمكى ئاھالىلىرى تۇرانىئان (ياكى ئۇرال ـ ئالتاي) تىل سىستېمىسىدىكى بىر ياكى بىرنەچچە خىل تىلدا سۆزلەشكەن، بۇنى ھەممەيلەن ئورتاق ئېتىراپ قىلىدۇ. بىزنىڭ ئەمدىكى ۋەزىپىمىز قەدىمكى موڭغۇلىيەدىكى ئاساسلىق تىلنىڭ تۇرانىئان تىللىرىنىڭ قايسى تۇركۇمىگە تەۋە ئىكەنلىكىگە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ھۆكۈم قىلىشتۇر.

بىلىشىمىز كېرەككى، تۇرانىئانلار ئارىسىدا ئومۇمەن ئوخشىمايدىغان بەش تىل تۇركۇمى بار. ئۇنىڭ بىرى فىن ـ ئۇگۇر (Finno ـ Ugrian) تىل تۇركۇمى بولۇپ، ھازىر بۇ تىلدا سۆزلىشىدىغانلاردىن ھۇنگىرلار، فىنلاندىيەدىكى فىنلاندلار ۋە رۇسىيەدىكى فىنلاندلار بار. ئىككىنچىسى ساموييېد (Samoyed) تىل تۇركۇمى بولۇپ، ھازىر بۇ تىلدا سۆزلىشىدىغانلار سىبىرىيەنىڭ غەربىي ۋە ئەتراپىدىكى رايونلارغا تارقالغان. ئۈچىنچىسى تۈركىي تىل تۇركۇمى بولۇپ، تۈركىيە، مەركىزىي ئاسىيا ۋە باشقا رايونلاردىكى خەلقلەرنىڭ كۆپىنچىسى ھازىر مۇشۇ تىلدا سۆزلىشىدۇ. تۆتىنچىسى موڭغۇل تىل تۇركۇمى بولۇپ، ھازىرقى موڭغۇلىيە تەۋەسىدىكى خەلقلەر ۋە رۇسىيەنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى قالماقلار ئاساسەن مۇشۇ تىلدا سۆزلىشىدۇ. بەشىنچىسى توڭگۇس تىل تۇركۇمى بولۇپ، جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىنىڭ شىمالى ۋە سىبىرىيەنىڭ شەرقىگە جايلاشقان بەزى خەلقلەر ھازىر مۇشۇ تىلدا سۆزلىشىدۇ.

مېنىڭ بىلىشىمچە، ساموييېدلاردىن باشقا قالغان تۆت تىل تۇركۇمىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنى قەدىمكى موڭغۇلىيەدىكى ھۇنلارنىڭ بىردىنبىر ئەۋلادى دەپ قارىشىدۇ.

لېكىن شۇنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەككى، بىزنى قەدىمكى موڭغۇل ئېگىزلىكىدە بىرلىككە كەلگەن بىرەر تىل تۈركۈمىنىڭ بولغانلىقىغا ئىشەندۈرىدىغان ھېچقانداق پاكىت يوق. جۇڭگونىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىدە ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «شىمالدىكى بەدەۋىلەر» دەپ ئاتالغان نۇرغۇنلىغان قەبىلىلەر ئېھتىمال ئوخشىمايدىغان تىللاردا سۆزلەشكەن بولۇشى مۇمكىن، بىراق ھەممىسى ياكى كۆپىنچىسى تۇرانىئان تىل سىستېمىسىغا تەۋەلا خالاس. ئەمەلىيەتتە ھۇن ئىمپېرىيەسى گۈللەنگەن دەۋردىمۇ پەقەتلا نۇرغۇن ئوخشاش بولمىغان قەبىلىلەرنىڭ بىرلەشمە گەۋدىسىلا بولغان بولۇپ، ھەرگىزمۇ ساپ، ئوخشاش بىر مىللەتنىڭ دۆلىتى بولالمىغان.

كېيىنكىرەك ۋاقىتلاردا، يەنى ھۇنلار ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە سىبىرىيەنىڭ جەنۇبىنى كونترول قىلغان چاغدا، ئەلۋەتتە نۇرغۇنلىغان فىن - ئۇگۇر ياكى ساموييېد قەبىلىلىرى ھۇن ئىمپېرىيەسىنىڭ تەركىبىگە كىرگەن ۋە مۇشۇ ۋەجىدىن ھۇن دەپ ئاتالغان. لېكىن بۇ فىن - ئۇگۇر ياكى ساموييېد قەبىلىلىرىنىڭ موڭغۇلىيە تەۋەسىدە ياشىغان ياكى ياشىمىغانلىقى ناھايىتى گۇمانلىق. شۇڭا، بىز موڭغۇل ئېگىزلىكىدىكى قەدىمكى ئاھالىلەرنى مۇھاكىمە قىلغان چېغىمىزدا، بۇ ئىككى خەلقنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋېتىشىمىز كېرەك.

كېيىنچە ھۇن ئىمپېرىيەسى گۈللەنگەن ۋاقىتتا يەنە نۇرغۇنلىغان توڭگۇس قەبىلىلىرى ھۇنلارغا ئەل بولغان. بۇ توڭگۇس قەبىلىلىرىدىن بىرنەچچىسى بەلكىم ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ موڭغۇل ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي شىمالى قىسمىنى ئىگىلەپ تۇرغان بولۇشى مۇمكىن. بىراق، كىتابىمىزدا مۇھاكىمە قىلىنىۋاتقان يىراق قەدىمكى زاماندا، توڭگۇسلار موڭغۇلىيەدىكىلەرنىڭ ئىرقىدا ھېچقانداق مۇھىم ئامىلغا ئايلىنالمىغان.

ئەمدى بىز قىن ـ ئۇيغۇر، ساموييېد ۋە توڭگۇستىن ئىبارەت ئۈچ تىل تۈركۈمىنى چىقىرىۋەتسەك، دەلىللەشكە تېگىشلىكىدىن موڭغۇل تىل تۈركۈمى ۋە تۈركىي تىل تۈركۈمىلا قالىدۇ. ئالىملارنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيانقى تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، قەدىمكى موڭغۇلىيەدە تۈركلەر بىلەن موڭغۇللارنىڭ بىرلا ۋاقىتتا ياشىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا بولىدۇ. ئۇنداقتا، ئەينى چاغدا بۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى زادى موڭغۇللار بولغانمۇ ياكى تۈركلەر بولغانمۇ؟ كېيىنكى هۇن ئىمپېرىيەسىدىكى غوللۇق خەلق موڭغۇللارمۇ ياكى تۈركلەرمۇ؟

هەرقايسى دۆلەتلەردىكى ئالىملار ئۇزۇن يىللىق كەسكىن تالاش ـ تارتىش نەتىجىسىدە، بۇ مەسىلىدە كۆپلىگەن يەكۈنلەرنى چىقىرىشتى. هازىر كۆپلىگەن ئالىملار جۇڭگونىڭ تارىخىي ئەسەرلىرىدىكى يەكۈنگە قوشۇلۇپ، هۇنلارنىڭ سۆزلەشكىنىنىڭ بىر خىل تۈركىي تىل ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشماقتا. ئۇلار ئومۇمەن هۇن ئىمپېرىيەسى زاۋاللىققا يۈزلىنىپ نۇرغۇن ئەسىرلەردىن كېيىن موڭغۇلىيە تەۋەسىدىكى ئاھالىلەردە ئاندىن موڭغۇل تىلىنىڭ بارا ـ بارا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەنلىكىگە ئىشىنىدۇ، بۇ يەكۈن ئەلۋەتتە نوقۇل تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدا تۇرۇپ چىقىرىلغان. لېكىن، بۇ بىز بىلىدىغان قەدىمكى هۇنلارنىڭ ئىرقىي ئالاھىدىلىكىگىمۇ ماس كېلىدۇ. بىز شۇنىڭغا ئىشىنىشىمىز كېرەككى، بۇ قەدىمكى هۇنلار ئىرق ۋە تىل جەھەتتىن «تۈركلەر» گە تەۋە ⑱.

ئەمدى موڭغۇلىيەدىكى قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشى توغرىسىدا توختىلايلى. بىز شۇنىڭغا ئىشىنىشكە ھەقلىقمىزكى، مەزكۇر كىتابىمىزدا تىلغا ئېلىنغان نۇرغۇن ئەسىرلەر جەريانىدا هۇنلار ۋە شىمالدىكى باشقا بەدەۋى قوۋملارنىڭ ئىرقى ۋە تىلىدا ئانچە كۆپ ئۆزگىرىش يۈز بەرمىگەن. لېكىن، ئۇلار مەدەنىيەت تۇرمۇشى جەھەتتە زادىلا

ئوخشمايدىغان ئىككى خىل فورماتسىيەگە ئىگە بولغان بولۇپ، بىرى دەسلەپكى مەزگىلدىكىسى، يەنە بىرى ئاخىرقى مەزگىلدىكىسىدۇر.

ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى تۇرمۇش فورماتسىيەسىگە قاراپ باقايلى. نۇرغۇن يىللاردىن بۇيان، قەدىمكى هۇنلار «يايلاق مەدەنىيىتى» نىڭ ۋەكىللىرى، يەنى ئاتلىق كۆچمەن چارۋىچى جەڭچىلەر، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش فورماتسىيەسى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىكتىئانلار ۋە سارماتىئانلار بىلەن ئوخشايدۇ دەپ قارىلىپ كەلگەن، نۇرغۇن كىشىلەر تېخى هۇنلار ۋە باشقا تۇرانىئانلار يايلاق مەدەنىيىتىنىڭ ياراتقۇچىلىرى، غەربتىكى هىندى ـ ياۋروپا سىستېمىسىدىكى كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەر «ئاتلىقلار مەدەنىيىتى» نى مۇقەررەركى موڭغۇلىيەدىكى قەدىمكى ئاهالىلەردىن ئۆگەنگەن، دەپ هېسابلاپ كەلگەن. لېكىن، بىز جۇڭگونىڭ قەدىمكى خاتىرىلىرىنى يەنىمۇ بەكرەك تەتقىق قىلساق، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەسلىكىنى بىلىۋالايمىز. «يۇسۇننامە» دە شىمالدىكى بۇ ياۋايى قوۋملار ئۇستىدە توختىلىپ: «شىمالدا دىلار بار، ئۇلار يۇڭ ـ تېرىلەردىن كىيىم كىيىپ، ئۆڭكۈرلەردە ئولتۇرىدۇ، بەزىلىرى تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانسا، بەزىلىرى شۇغۇللانمايدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ بايانلار بىزگە مەلۇم بولغان يايلاق رايونىدىكى هەقىقىي ئاتلىق كۆچمەن چارۋىچىلارغا ماس كەلمەيدۇ ⑲.

تېخىمۇ مۇهىم بولغان پاكىت «زو چيۇمىڭ تەپسىرى»دە ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدا لۇ يىنگۇڭنىڭ 9 ـ يىلى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 714 ـ يىلى) جېڭ بەگلىكىدىكىلەر شىمالدىكى رۇڭلارغا هۇجۇم قىلغاندا، «دۈشمەن پىيادە، بىز بولساق هارۋىدا» دېيىلگەن. 170 نەچچە يىلدىن كېيىن، يەنى لۇ شاۋگۇڭنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 541 ـ يىلى) دىلار جىن بەگلىكىگە هۇجۇم قىلغاندا، يەنە «دۈشمەن پىيادە، بىز بولساق

ھارۋىدا» دېيىلگەن [20]. بۇ ئىككى خاتىرىدىن بىز كېيىن دېگەندىمۇ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 6 - ئەسىردە موڭغۇلىيەنىڭ قەدىمكى ئاھالىلىرىنىڭ يەنىلا پىيادە جەڭ قىلىدىغانلىقىنى، كېيىنكىدەك ئۇنداق جەڭگىۋار ئاتلىق قوشۇنىنىڭ تېخى شەكىللەنمىگەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. ئەينى چاغدا ئۇلار گەرچە كۆچمەن چارۋىچى بولسىمۇ، لېكىن پىيادە يۈرىدىغان كۆچمەن چارۋىچىلار ياكى قەدىمكى فىنلارغا ئوخشاش ئوۋچىلىق ۋە يىغمىچىلىق بىلەن كۈن كەچۈرىدىغانلار ئىدى، لېكىن بۇ ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ بىخ ھالەتتىكى دېھقانچىلىقى يوق دېگەنلىك ئەمەس [21]. ئەمما قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ ئەينى چاغدىكى تۇرمۇشىدا تېخى «ئات مەدەنىيىتى» شەكىللەنمىگەنىدى.

شۇ بىزگە ئايانكى، مۇشۇنىڭدىن خېلى بۇرۇنلا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سكىتئانلار ۋە سارماتىئانلار ئۆزلىرىنىڭ ئات مىنىش تېخنىكىسى ۋە ئاتلىق ئۇرۇش ئىستراتېگىيەسى بىلەن نام چىقىرىپ بولغانىدى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، «ئات مەدەنىيىتى» غەربتىكى كۆچمەن چارۋىچى ئىرانىئانلاردىن تۇرانىئانلارغا تارقىلىپ كىرگەن بولۇپ، ھەرگىزمۇ شەرقتىن غەربكە تارقالغان ئەمەس. بىز يەنە شۇنىمۇ بىلىمىزكى، كېيىنكىرەك دەۋرلەردە (مىلادىيە 1 - ئەسىردە) ھۇنلار ئاتلىق قوشۇنى بىلەن داڭ چىقارغان چاغلاردىمۇ، غەربتىكى ئىرانىئان خەلقلىرىنىڭ ئېتىنىڭ نەسلى تۇرانىئان خەلقلىرىنىڭ ئاتلىرىغا قارىغاندا ئېسىل ئىدى [22].

لېكىن مۇشۇ دەۋرلەردە غەربىنىڭ مەدەنىيىتى ئۇزۇكسىز تۈردە شەرققە تارقىلىپ تەسىر كۆرسەتكەن. كوزلوۋ موڭغۇلىيەنىڭ شىمالىدىكى بايقاشتىن مەدەنىيەتنىڭ بۇنداق تارقىلىش ئەھۋالى توغرىسىدا ئېنىق ئارخېئولوگىيەلىك پاكىتقا ئېرىشكەن. بۇ جايدىكى بىرنەچچە قەدىمكى قەبرە ھۇن قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ بولۇپ، ئۇلاردىن نۇرغۇنلىغان سەنئەت

بۇيۇملىرى بايقالغان، بۇ بۇيۇملاردىكى نەقىشلەر ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە جەنۇبىي رۇسىيەدىكى كۆچمەن چارۋىچى ئىرانىئانلار ئىشلەتكەن نەقىشلەر بىلەن ئوخشاش. قەبرىلەردىن يەنە يۇنان ئۇسلۇبىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان باشقا بۇيۇملارمۇ چىققان بولۇپ، ئېھتىمال قارا دېڭىزنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى يۇنان مۇستەملىكىلىرىدىن مەركىزىي ئاسىيا ئارقىلىق شەرققە تارقالغان بولسا كېرەك ㉓.

غەربتىكى ئىرانىئان كۆچمەن چارۋىچىلىرىنىڭ شەرقتىكى تۇرانىئان كۆچمەن چارۋىچىلىرىغا كۆرسەتكەن سەنئەت تەسىرىدىنمۇ بەك مۇھىم بولغىنى شۇكى، موڭغۇلىيە تەۋەسىدىكى تۇرانىئانلار كېيىنچە غەربتىكى ئىرانىئانلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك قوبۇل قىلغان. ئۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىم بولغىنى ئەلۋەتتە ئات مىنىش ئىدى. ئات مىنىشنىڭ باشلىنىشى بىلەن تۇرانىئانلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتىدە ئىنقىلاب خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش بولۇپ، ئۇلارنىڭ پۈتكۈل ماددىي مەدەنىيىتى تولۇق ئۆزگىرىش ياسىغان. بۇ چوڭ ئىسلاھاتنىڭ زادى قايسى ۋاقىتتا يۈز بەرگەنلىكىگە بىز ھازىرچە بىرنەرسە دېيەلمەيمىز، لېكىن ئۇ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 400 - يىللار ئەتراپىدا بولغان بولۇشى، يەنى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 541 - يىلى بىلەن 300 - يىلى ئارىلىقىدىكى مەلۇم بىر ۋاقىتتا يۈز بەرگەن بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 541 - يىلى تۇرانىئانلار پىيادە جەڭ قىلغان بولسا، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 300 - يىلىغا كەلگەندە ئۇلار سەرخىل چەۋەندازلارغا ئايلىنىپ بولغان.

جۇ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى يېغىلىق دەۋرىدىكى جاۋ بەگلىكى ھازىرقى سەنشى ئەتراپىغا جايلاشقان بولۇپ، موڭغۇلىيە بىلەن تۇتىشاتتى. ۋۇ لىڭۋاڭ (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 325 — 298 - يىللار) دەۋرىدە جاۋ بەگلىكىدە شىمالدىكى ياۋايى قوۋملارنى دوراپ «غوزچە كىيىنىپ، ئاتلىق ئوقيا ئېتىش»

باشلانغان ㉔. غۇزچە كىيىنىش ــــ ئىشتان ۋە ئۆتۈكنىڭ تون ۋە كەشنىڭ ئورنىنى ئېلىشى، ئاتلىق ئوقيا ئېتىش بولسا ئات مىنىپ ئوقيا ئېتىشنىڭ جەڭ ھارۋىلىرىدا جەڭ قىلىشنىڭ ئورنىنى ئېلىشى ئىدى. بۇنىڭدىن بۇ مەزگىلدە شىمالدىكى ياۋايى قوۋملاردا قانچىلىك زور ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشىمىز تەس ئەمەس. يەنى، ئىككى ئەسىرنىڭ ئالدىدىلا ئۇلار تېخى پىيادە يۈرۈپ جەڭ قىلغان، ئاساسلىق ھۇجۇم قورالى ئېھتىمال ئوقيا ئەمەس، قىلىچ بولغان (ئۇ چاغدا ئۇلاردا ئىشتان ياكى ئۆتۈكنىڭ بار ـ يوقلۇقى يەنىلا بىر گۇمانلىق مەسىلە) بولسا، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 300 ـ يىلى ئەتراپىدا جۇڭگولۇقلار شىمالدىكى بۇ ياۋايى قوۋملاردىن «غۇزچە كىيىنىپ، ئاتلىق ئوقيا ئېتىش» نى ئۆگەنگەن.

مىلادىيە 3 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، جۇڭگو تارىخشۇناسلىرى شىمالدىكى بۇ غۇزلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى توغرىسىدا تەپسىلىيرەك مەلۇماتلارنى قالدۇرۇشقان. ئېھتىمال ئەينى چاغدا موڭغۇلىيەدە ياشاۋاتقان بارلىق قەبىلىلەر يېڭىدىن قۇرۇلغان بىر ئىتتىپاققا كىرگەن بولۇشى، ھۇن دەپ ئاتالغان بىر قەبىلە بۇ ئىتتىپاقنىڭ باشچىسى بولغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ ھۇنلار شۈبھىسىزكى قەدىمكى شۈنيۈلەر (荤粥)، شيەنيۈنلەر (猃狁) نىڭ ئەۋلادى، شۇنداقلا كېيىن ياۋروپا تارىخى ئەسەرلىرىدە خاتىرىلەنگەن Huns لارنىڭ ئەجدادى ئىدى. بۇ ھۇنلارنىڭ رۇڭ (戎)، دى (狄) دەپ ئاتالغان قوۋملار بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بولغان. لېكىن، بۇ دەۋرگە كەلگەندە، بۇ كىچىكرەك قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسى ھۇن ئىتتىپاقىغا قوشۇلۇپ كېتىپ، تارىخىي ئەسەرلەردە مۇستەقىل ھالدا تىلغا ئېلىنمايدىغان بولۇپ قالغان.

جۇڭگونىڭ خاتىرىلىرىگە ئاساسلانغاندا، بۇ چاغدىكى ھۇن ئىتتىپاقىغا قوشۇلغان بارلىق خەلقلەرنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ ئىنتايىن بىردەكلىكىنى ۋە غەربتىكى ئىرانىئان كۆچمەن

چارۋىچىلىرى ئارىسىدا راۋاجلانغان مەدەنىيەت بىلەن ئىنتايىن ئوخشايدىغانلىقىنى ئىنىق كۆرۈۋالالايمىز. بۇ ۋاقىتتا كەلگەندە غەربتە رۇسىيەنىڭ جەنۇبىدىكى يايلاقلاردىن تارتىپ شەرقتە مانجۇرىيەنىڭ غەربىدىكى تۈزلەڭلىككىچە بولغان ئارىلىقتىكى بارلىق مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى، مەيلى قايسى ئىرقتىن بولسۇن، قانداق تىلدا سۆزلەشسۇن، ئوخشاش بىر تۇرمۇش فورماتسىيەسىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ يەردە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، هۇن ئىمپېرىيەسىنى قۇرغان هۇنلارنىڭ ئۇلۇغ يولباشچىسى (بۇ ئىمپېرىيە ئوخشىمىغان ئىرقتىكى ئوخشىمىغان تىللاردا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى) ئۆزىنى بارلىق «ئوقيا تۇتىدىغان» ئاتلىق خەلقلەرنىڭ رەهبىرى دەپ ئاتىغان بولۇپ، بۇ دەل ئەينى چاغدىكى كەڭ دائىرىلىك يايلاق مەدەنىيىتىنىڭ ئالاهىدىلىكى ئىدى [25].

ئەينى چاغدىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ بايانىغا ئاساسلانغاندا، هۇنلارنىڭ شەهەر - قەلئەلىرى يوق بولۇپ، ئۇلار مۇقىم ئولتۇراقلاشمىغان، دائىم ئوت - سۇ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرىدىغان بولسىمۇ، لېكىن هەربىر ئائىلە، هەر بىر قەبىلىنىڭ ئۆزىنىڭ يەرلىرى بولغان، ئۇلار باشقىلارنىڭ ماللىرىنى ئۆز يېرىگە خالىغانچە ئەكىرىپ بېقىشىغا يول قويمىغان. جۇڭگولۇقلارنىڭ خاتىرىلىرىگە قارىغاندا، هۇنلار چېدىرلاردا تۇرىدىغان بولۇپ، بۇ چېدىرلارنىڭ شەكلى كېيىنكى دەۋرلەردىكى تۈركلەر ۋە موڭغۇللار ئىشلەتكەن «كىگىز ئۆي» لەرگە — «يۇرت» قا ئوخشايدىكەن. ئۇلار كۆن ۋە كىگىزدىن كىيىم تىكىپ كىيگەن بولۇپ، كۆننى كەندىر يىپ ياكى ئىنچىكە تاسما بىلەن تىكىپ كىيىم قىلىپ كىيگەن. هۇنلار ئېهتىمال توقۇمۇچىلىقنى بىلمىگەن بولۇشى (ياكى قوللانمىغان بولۇشى) مۇمكىن [26]. هۇنلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ تەپسىلىي ئەهۋالى توغرىسىدا ئەينى چاغدىكى تارىخىي ئەسەرلەردە خاتىرە قالدۇرۇلمىغان بولسىمۇ، لېكىن كېيىنكى دەۋرلەردە

جۇڭگولۇقلارغا تارقالغان ئۆرپ ـ ئادىتىگە قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئۇزۇن ئىشتان كىيىپ پۇشقىقىنى بوغۇۋالىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئۇلار پۇتىغا ئۆتۈك كىيگەن بولۇپ، بەزىدە پىيما كىيگەن. ئۇچىسىغا يېڭى تار، ئۇزۇنلۇقى تىزىدىن ئېشىپ تۇرىدىغان كەڭ تون كىيگەن. تونىغا ئىزما ئىشلەتمەي، بېلىنى كۆن كەمەر بىلەن باغلىۋالغان. بەزىدە تونىنىڭ ئۇستىگە قىسقا تېرە جىلىتكىلەرنى كىيگەن. ئۇلار قولىقىنى تېشىپ ھالقا ئېسىپ، بېشىغا دائىم قۇلاقچا كىيىۋالغان. ئۇلار كۆپ ھاللاردا چېچىنى چۇشۇرۇۋەتسىمۇ، لېكىن دائىم دېگۈدەك چوققىسىدا بىر تۇتام چاچ (كوكۇلا) قويۇپ، ئۇنى ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈپ قۇلىقىنىڭ كەينىگە ساڭگىلىتىۋالغان [27]. ھۇنلارنىڭ بۇ ئۆرۈمە چېچى بەلكىم كېيىنكى دەۋرلەردىكى «ئۆرۈمە چاچ»لارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئۇلگىسى بولۇشى مۇمكىن. بىزنىڭ بىلىشىمىزچە، جۇڭگولۇقلار ئەسلىي ئۆرۈمە چاچ قويمايدىغان بولۇپ، بۇنى 17 ـ ئەسىردە تۇرانىيلاردىن بولغان مانجۇلار جۇڭگولۇقلارغا تارقاتقانىكەن.

قەدىمكى جۇڭگو تارىخچىلىرى بىزگە ئېنىق ھالدا ھۇنلارنىڭ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، بولۇپمۇ ھۇن ئىتتىپاقىدا ھۆكۈمران سىنىپ بولغان قەبىلىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ خاتا ئەمەس. لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ ھۇن ئىتتىپاقىنىڭ ئىچىدىكى بەزى خەلقلەر، مەسىلەن، سىبىرىيەنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى قىرغىزلار ۋە موڭغۇلىيەنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى توڭگۇسلارنىڭ ئاللىقاچان مۇئەييەن كۆلەمدە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقى مەلۇم. يەنە كېلىپ جۇڭگونىڭ تارىخىي ئەسەرلىرىدىكى بىر ـ ئىككى يەردە تاسادىپىي ئۇچراپ قالىدىغان خاتىرىلەرگە قارىغاندا، ھۇن ئىمپېرىيەسىنىڭ مەركىزىي قىسمىدىمۇ مەلۇم كۆلەمدىكى دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلىۋېلىش مۇمكىن. يەنە بىر قىزىقارلىق ئىش

شۇكى، بىزنىڭ ئىشەنگىنىمىزدەك ھۇنلار ۋە كۆپ قىسىم خەلقلەر تۈرك تىلىدا سۆزلەشكەن بولۇپ، تۈرك تىلىنىڭ ئاساسىي لېكسىكىسىدا دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى ۋە دېھقانچىلىق سايمانلىرىغا ئائىت سۆزلەر ناھايىتى كۆپ [28].

بۇ پاكىتلار مۇنداق بىر يەكۈننى ناھايىتى كۈچلۈك ھالدا ئىسپاتلاپ بېرىدۇ، يەنى ئەڭ دەسلەپكى تۈرانىئانلاردا ھەقىقىي «ئات مەدەنىيىتى» بولمىغان. ئۇلار نۇرغۇن جايلاردا ياۋايى ئۆسۈملۈكلەرنى يىغقۇچىلاردىن تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ ئولتۇراقلاشقان دېھقانلارغا ئايلانغان، لېكىن كېيىن بۇ خىل ھالەتنى ئۇشتۇمتۇت توختاتقان، چۈنكى ئۇلار غەربتىكى كۆچمەن چارۋىچى ئىرانىيانلار ئارىسىدا تارقالغان «يايلاق مەدەنىيىتى» بىلەن ئۇچرىشىپ، بۇ مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلغان.

ھۇن ئىمپېرىيەسىنىڭ باش كۆتۈرۈشى، شۈبھىسىزكى ئەينى چاغدا ئاسىيانىڭ شەرقىدە ياشىغان تۈرانىئانلارنىڭ دېھقانچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىنى توسۇپ قويغان. ھۆكۈمران سىنىپ بولغان ھۇنلار تۇرمۇشتا پۈتۈنلەي دېگۈدەك گۆش ۋە سۈت قاتارلىقلارغا تايانغان، بۇ خىل تۇرمۇش فورماتسىيەسىگە يېتىش بىرقەدەر ئاسان ئىدى. ھۇنلارنىڭ گۆش يېمەكلىرىنىڭ بىرقىسمى ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلاشتىن كەلسە (بىلىقچىلىق يايلاق خەلقىنىڭ تۇرمۇشىدا مۇھىم ئورۇن تۇتمايدۇ)، كۆپ قىسمى چارۋا ماللارنى بېقىشتىن كېلەتتى. چارۋا ماللار ئاساسەن ئات، قوي، كالا قاتارلىقلار بولۇپ، تۆگە، خېچىر ۋە ئېشەكنىڭ سانى ئاز ئىدى. چوشقا جۇڭگودىكى ئاھالىلەر ۋە جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىنىڭ شەرقىدىكى تۇڭگۇس قەبىلىلىرىنىڭ تۇرمۇشىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرسىمۇ، ئەمما يايلاقتىكى كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەر ئۇنى بىلمەيتتى، بۇ ئىنتايىن ھەيران قالارلىق بىر ئىش.

ئۈچ خىل چارۋا (ئات، قوي، كالا) ئىچىدە، شۈبھىسىزكى ئات ئەڭ مۇھىم ئورۇندا، قوي ئىككىنچى ئورۇندا تۇراتتى. ئاتنى

يالغۇز مىنىشكىلا بولماستىن، يەنە ئۇنىڭ تېرىسىدىن كۆن ـ خۇرۇم ئىشلەشكە، گۆشىنى يېيىشكە، سۈتىنى ئىچىشكە بولاتتى. جۇڭگونىڭ تارىخىي ئەسەرلىرىدىكى بەزى خاتىرىلەردىن ئەينى چاغدىكى بارلىق ھۇنلارنىڭ قىمىز ئىچىشكە ئادەتلەنگەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ [29].

جۇڭگونىڭ قەدىمكى تارىخىي ئەسەرلىرىدە ھۇنلاردا كۇلالچىلار ۋە زەرگەرلەرنىڭ بولغانلىقى تىلغا ئېلىنمىغان. يەنە كېلىپ ھازىرقى قالماقلار (غەربىي موڭغۇللار) ۋە باشقا تۇرانىئان خەلقلىرى ئارىسىدىمۇ ساپال بۇيۇملار يوق، بۇلار قەدىمكى موڭغۇلىيەدىكى كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ ساپال بۇيۇملارنى ياساشنى بىلمەيدىغانلىقى ھەققىدىكى ئىشەنچنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ. لېكىن، ئارخېئولوگىيەلىك تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، بىز ھۇن ئىمپېرىيەسى گۈللەنگەن مەزگىللەردە موڭغۇلىيەنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بىر خىل قوپال، سىرلانمىغان ساپال بۇيۇملارنىڭ (كۆپ قىسمى گېئومېترىيەلىك شەكىللەر بىلەن نەقىشلەنگەن) ياسالغانلىقىنى بىلەلەيمىز. يەنە سىبىرىيەنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى مىنۇسىنسكنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى قېزىشتىن قارىغاندا، ھۇنلار بۇ رايونغا بېسىپ كىرگەن ۋە بۇ يەرنى بويسۇندۇرغان چاغلاردا، بۇ يەردىكى ئاھالىلەرنىڭ تۇچ قورال، مىس قورال ۋە تۆمۈر قوراللارنى ياساش تېخنىكىسى يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكەن. لېكىن، سىبىرىيەنىڭ بۇنداق مېتال مەدەنىيىتىنىڭ موڭغۇلىيەدىكى ئاھالىلەرگە زور تەسىر كۆرسەتكەن ياكى كۆرسەتمىگەنلىكى ناھايىتى گۇمانلىق مەسىلە. شۇڭلاشقا، يېقىنقى يىللاردىكى ياپونىيە ئارخېئولوگلىرىنىڭ موڭغۇلىيەنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى قېزىش خىزمىتى ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە. تورىشى ئەپەندىنىڭ ئارخېئولوگىيەلىك خىزمىتىدىن مەلۇم بولۇشىچە، موڭغۇلىيەنىڭ قەدىمكى ئاھالىلىرى تۇچ ۋە مىس قوراللارنى ياساشنى بىلمىگەن (بۇ رايوندىن تېپىلغان بارلىق مىس

قورالىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك جۇڭگونىڭ مەھسۇلاتى ئىكەنلىكى ئېنىق)، لېكىن بۇ تۇرانىئان خەلقلىرى ئارىسىدا تۆمۈرچىلەر كەڭ تارقالغان. شۇڭا بىز شۇنداق يەكۈن چىقىرالايمىزكى، ھۇنلار ئىشلەتكەن ئوق باشقى، قىلىچ ۋە باشقا قورالىلار مۇقەررەركى شۇ يەرنىڭ ئۆزىدە ياسالغان ⑳.

ھۇنلار چارۋا بېقىشتىن باشقا يەنە ئورۇشنى ئاساسىي كەسىپ قىلغاچقا، ھەربىي مەشىقنى ناھايىتى بۇرۇنلا باشلايتتى. ئۇلار بالا ۋاقىتلىرىدا قويغا مىنىپ قۇش، چاشقانلارنى ئاتسا، ئۆسمۈر چاغلىرىدا تۈلكە، توشقان ئاتاتتى، چوڭ بولۇپ ئوقيا تارتقۇدەك بولغاندا بولسا، ھەممىسى دېگۈدەك ساۋۇتلۇق چەۋەنداز بولاتتى. ھۇنلار جەڭ قىلغاندا، ئاي تولسا ھۇجۇمنى باشلاپ، ئاي كۆتمەكلەشكەندە چېكىنەتتى. ئۇلارمۇ كېيىنكى تۈركلەر ۋە موڭغۇللارغا ئوخشاش پايدىلىق بولسا ئىلگىرىلەپ، زىيانلىق بولسا چېكىنەتتى، كۆچلۈك دۈشمەنگە يولۇققاندا چېكىنىشنى ھار ئالمايتتى. ئۇلارنىڭ ئۇزۇن ئارىلىقتىن زەربە بېرىش قورالى ئوقيا، قىسقا ئارىلىقتىن زەربە بېرىش قورالى قىلىچ، نەيزە ئىدى. دۈشمەندىن بىرنى ئۆلتۈرگۈچىلەرگە بىر جام شاراب (قىمىز) مۇكاپات بېرىلەتتى، ھەر كىمنىڭ جەڭدە ئالغان ئولجىسى ئۆزىنىڭ بولاتتى، ئەسىرگە چۈشكەنلەر قۇل قىلىناتتى.

جۇڭگونىڭ تارىخىي ئەسەرلىرىدە ھۇنلار قائىدە ئۇقمايدۇ دەپ ئەيىبلەنگەن بولۇپ، بۇ ھۇنلارنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرىنىڭ جۇڭگولۇقلارنىڭكىگە ئوخشىمايدىغانلىقىدىن بولغان. ئۇلاردا ياش، قاۋۇللار ئىززەتلىنىپ، قېرىلار پەس كۆرۈلەتتى. مالنىڭ سېمىزىنى ياش ـ قىرانلىرى، ئۇلاردىن ئاشقانلىرىنى ئاجىز ـ قېرىلىرى يەيتتى. ئاتىسى ئۆلسە، ئوغلى ئۆگەي ئانىسىنى، ئاكىسى ئۆلسە، ئىنىسى يەڭگىسىنى ئەمرىگە ئالاتتى. بۇ خىل ئۆرپ ـ ئادەت بارلىق تۇرانىئان خەلقلىرىدە ئومۇملاشقان بولۇپ، بۇ جۇڭگولۇقلارنى ئىنتايىن ھەيران قالدۇرغان.

ھۇنلارنىڭ ئىسمى بولسىمۇ، فامىلىسى بولمايتتى، لېكىن

نەسەبىنى يەنىلا ساقلاپ قالاتتى. ئۇلارنىڭ نەسەبى پۈتۈنلەي ئاتا تەرەپتىن ھېسابلىناتتى، بۇ نۇقتىدا ئۇلار موڭغۇلىيەنىڭ شىمالى ۋە شەرقىدىكى توڭگۇسلار ۋە باشقا ئىپتىدائىي خەلقلەر بىلەن ئوخشىمايتتى، بۇ خەلقلەردە ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنىڭ قالدۇقلىرى زور دەرىجىدە ساقلىنىپ قالغانىدى. ھۇنلاردا گەرچە ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى يولغا قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن «چوڭ ئوغۇل ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمى» نىڭ ئىزنالىرى يوق ئىدى. قەبىلە ۋە قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ رەھبەرلىكىگە كۆپ ھاللاردا ئوغلى ۋارىسلىق قىلماي (بولۇپمۇ ئوغلى كىچىك ۋە ئاجىزلىقتىن ياكى باشقا سەۋەبلەردىن ئۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلالمىسا) ئىنىسى ياكى ئاكىسى ۋارىسلىق قىلاتتى. بۇ خىل ئەھۋال پەقەت ھۇنلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى بارلىق تۈرانىئان خەلقلىرىدە ئومۇملاشقانىدى ھەم كۆپ ھاللاردا تەخت تالىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى.

ھۇنلارنىڭ يېزىقى يوق بولۇپ، سۆز بىلەنلا ئەھدىلىشەتتى. ئۇلار جۇڭگو بىلەن دائىم ئالاقە قىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن خەنزۇ يېزىقىنى ئىشلەتمىگەنلىكى ئەمەلىيەتتە ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس، چۈنكى خەنزۇ يېزىقى ھەرقانداق بىر تۈرانىئان تىلىنى ئىپادىلەشكە پەقەت ماس كەلمەيتتى. شۇنىڭدىن نەچچە ئەسىر كېيىن يېزىقى بار تۈرانىئان تىلى (مىلادىيە 8 ـ ئەسىردىكى تۈرك تىلى) بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يېزىق خەنزۇ يېزىقى بولماستىن، بەلكى يىقىن شەرقتىن تارقىلىپ كىرگەن ئېلىپبەلىك يېزىق ئىدى.

ھۇنلارنىڭ ھۆكۈمرانى «تەڭرىقۇت» دېيىلىدىغان بولۇپ، بۇ «تەڭرىنىڭ ئوغلى» دېگەنلىك ئىدى. ئۇلارنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەللىرىنىڭ ھەممىسى ئەۋلادمۇ ئەۋلات مىراس قالاتتى [31]. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، تەڭرىقۇت ئەتىگەندە قۇياشقا، كەچتە ئايغا قاراپ تەزىم قىلىپ ھۆرمەت بىلدۈرىدىكەن. ئۇلارنىڭ ھەر يىلى ئۈچ قېتىملىق چوڭ يىغىلىشى بولۇپ، 1 ـ ئايدا ھەرقايسى

قەبىلە باشلىقلىرى تەڭرىقۇت ئوردىسىغا يىغىلىپ نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزەتتى؛ 5 ـ ئايدا ھەممە كىشى ئەجدەربالىقىغا يىغىلىپ ئەجدادلىرىغا، ئاسمان ـ زېمىنغا، جىن ـ ئەرۋاھلارغا ئاتاپ نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزەتتى؛ كۈزدە ئاتلار سەمرىگەندە ھەممەيلەن يايلاقتا يىغىلىپ ئادەم ۋە چارۋاماللارنىڭ سانىنى ئالاتتى. مانا بۇلار ھۇنلارنىڭ بىز بىلىدىغان دىنىي ئېتىقادى ۋە دىنىي مۇراسىملىرىدۇر. بۇنىڭدىن باشقا، ھۇنلاردا يەنە نۇرغۇن قامان، باخشى ۋە تېۋىپلار بولۇپ، تەسىر كۈچى ئىنتايىن زور ئىدى. ھۇنلارنىڭ يەنە بىر قىسىم ئالاھىدە قائىدىلىرى بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇلار ئەھدە ـ پەيمان تۈزۈشكەندە ئاق ئاتتىن بىرنى ئۆلتۈرۈپ، ئاتنىڭ قېنى تېمىتىلغان شاراب ئىچەتتى. ھۇنلار بەزى چاغلاردا يەنە ئۆلتۈرگەن دۈشمەنلىرىنىڭ كاللىسىنى شاراب ئىچىدىغان جام قىلىۋالاتتى. بۇ خىل ئادەتنى ھۇنلار غەربتىكى قوشنىسى بولغان سكىتئىئانلار ۋە سارماتىئانلاردىن ئۆگىنىۋالغانىدى ㉜.

ھۇنلارنىڭ يەنە بىر خىل غەلىتە ئادىتى بولۇپ، ھەر قانداق بىر دۆلەتنىڭ ئەلچىسى تەڭرىقۇت بىلەن كۆرۈشمەكچى بولسا، ئالدى بىلەن يۈزىگە قارا سۈركەپ ئاندىن كىرەتتى ㉝. ئۇلارنىڭ قانۇنى ئىنتايىن ئاددىي بولۇپ، يېنىك جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرنىڭ پۇتى ھارۋىغا باستۇرۇلۇپ سۇندۇرۇلاتتى، ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەر ئۆلتۈرۈلەتتى، زىندانغا سولىنىدىغانلار ئون كۈندىن ئارتۇق ياتمايتتى، پۈتۈن ئەل بويىچە زىنداندا ياتىدىغانلارنىڭ سانى ئوندىن ئاشمايتتى. جەسەتنى دەپنە قىلىشتا ئىچ ـ تاش قوش قەۋەت تاۋۇت ياساپ، ئۇنىڭغا جەسەتنى ئالتۇن ـ كۈمۈش، كىيىم ـ كېچەك بىلەن بىللە سالاتتى. ئۇلاردا قەبرە ئۈستىگە دەرەخ سانچىش، ھازا كىيىمى كىيىش ئادىتى يوق ئىدى. ئۆلگۈچى بىلەن ئۇنىڭ قول ـ دېدەكلىرى بىللە كۆمۈلەتتى، مۇنداق بىللە كۆمۈلگۈچىلەر نەچچە ئون، ھەتتا نەچچە يۈزگە يېتەتتى ㉞.

## (2) هۇن ئىمپېرىيەسىنىڭ باش كۆتۈرۈشى

هۇن ئىمپېرىيەسى تۇرانىئانلار قۇرغان ۋە تۇنجى بولۇپ تارىختا خاتىرىلەنگەن ئىمپېرىيە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭ باش كۆتۈرۈشكە باشلىغان ۋاقتى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3 - ئەسىردۇر.

ئەينى چاغدا موڭغۇلىيەنىڭ كۆپ قىسىم يېرى ھۇنلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ بولغانىدى، موڭغۇلىيەنىڭ شىمالىدىكى سىبىرىيەنىڭ جەنۇبىدا شۇ چاغدا نۇرغۇنلىغان تۈرك، موڭغۇل ۋە توڭگۇس قەبىلىلىرى ياشىغان بولۇشى مۇمكىن. شىمالىدا بولسا ئىپتىدائىي ئاسىيالىقلار ياشايتتى، لېكىن سىبىرىيە قويۇق ئورمان بىلەن قاپلانغاچقا، پائالىيەت قىلىشقا ماس كەلمەيتتى.

ھۇنلارنىڭ شەرقىدە، يەنى موڭغۇلىيەنىڭ شەرقى، مانجۇرىيەنىڭ غەربىدە قۇدرەتلىك شەرقىي غۇزلار بولۇپ، ئۇلارمۇ ئاتلىق كۆچمەن چارۋىچى ئىدى ھەم ئۆرپ - ئادىتى ھۇنلارنىڭكىگە ناھايىتى ئوخشاپ كېتەتتى. بۇرۇن شەرقىي غۇزلار دائىم توڭگۇسلار دەپ قارىلىپ (ئاساسلىقى نامىنىڭ ئوخشاپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن)، كېيىنكى مانجۇ قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئەجدادى دەپ قارالغان. لېكىن، بىزنىڭ ھازىر بىلىشىمىزچە، شەرقىي غۇزلار موڭغۇل ئىرقىغا مەنسۇپ بولماستىن، تۈرك ئىرقىغا مەنسۇپ. ئۇلار گەرچە ھۇنلارنىڭ بويسۇندۇرۇشىدىن قۇتۇلالمىغان بولسىمۇ، لېكىن بىرنەچچە قەبىلە ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىل تەشكىلىنى ساقلاپ قالالىغان ۋە كېيىن ھۇن ئىمپېرىيەسى ئاغدۇرۇلغاندا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ باش كۆتۈرۈپ چىققان.

تېخىمۇ شەرقتە مانجۇرىيەنىڭ شەرقىي قىسمىنى ئىگىلەپ تۇرغان نۇرغۇنلىغان توڭگۇس قەبىلىلىرى بار ئىدى. بۇ توڭگۇس

قەبىلىلىرى نۇرغۇن ئەسىرلەردىن كېيىن مۇھىم تارىخلارنى يارىتقان بولسىمۇ، لېكىن ھۇن ئىمپېرىيەسى دەۋرىدە ئۇلار يەنىلا ئىپتىدائىي بىلىقچىلار بولۇپ، ھەتتا «ئات مەدەنىيىتى» نىمۇ بىلمەيتتى ۋە سىياسىي تەشكىلىمۇ يوق ئىدى. ئەينى چاغدا مانجۇرىيەنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى ئاھالىلەرنىڭ كۆپ قىسمى كورېئانلار بولۇپ، ئۇلار بۇرۇنلا جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا، كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھۇنلار ۋە شەرقىي غۇزلاردىن پەرقلىق ئىدى. مانجۇرىيەنىڭ شەرقىمۇ قويۇق ئورمانلىق بولغاچقا، ھۇنلارنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىمىغانىدى.

ئەينى چاغدا موڭغۇلىيە ۋە ھۇن ئىمپېرىيەسىنىڭ غەربى، يەنى كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىدىكى ئاھالىلەر تۈركىي خەلقلەر بولماستىن، بەلكى ئىران تىل سىستېمىسىدىكى خەلقلەر ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالى كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سارماتىئان قەبىلىلىرىنىڭ كونتروللۇقىدا بولۇپ، جەنۇبىي باكتىرىيە ۋە سوغدىيە خەلقلىرىنىڭ قولىدا ئىدى، ئۇلار ئەينى چاغدا دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىنىڭ شەرقىدە تارىم دەرياسى ۋادىسى بولۇپ، ئادەتتە جەنۇبىي شىنجاڭ دەپ ئاتىلىدۇ. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3 ـ ئەسىردە، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ پۈتكۈل زېمىنى ھىندى ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى خەلقلەرنىڭ قولىدا ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى بىر خىل ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى خەلقلەرنىڭ تىلىغا يېقىن كېلەتتى. لېكىن، بۇ رايوننىڭ شەرقىي شىمالىدىكىلەر (كۇچا ۋە تۇرپان) بولسا بىر خىل توخار تىلىدا سۆزلىشەتتى. توخار تىلىنىڭ ئورنى ئۆزگىچىرەك بولۇپ، ئۇ گەرچە ھىندى ـ ياۋروپا تىللىرىنىڭ بىر تارمىقى بولسىمۇ، لېكىن سانسكرىت تىلى، ئىران تىلى ۋە

سىلاۋىيان تىلىدەك شەرقىي ھىندى - ياۋروپا تىللىرىغا (group Satem) مەنسۇپ بولماستىن، بەلكى غەربىي ياۋروپا تەرەپتىكىدەك غەربىي ھىندى - ياۋروپا تىللىرىغا (group Centum) مەنسۇپ ئىدى. توخارلارنىڭ ئۆز تىلىنى ھىندى - ياۋروپا خەلقلىرى دۇنياسىنىڭ ئەڭ شەرقىگە قانداق قىلىپ ئاپارغانلىقى ھازىرغىچە بىر سىر. بۇ چاغدىكى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسىم ئاھالىسى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىدىكى خەلقلەرگە ئوخشاش كۆچمەن چارۋىچىلىقنى تاشلاپ، دېھقانچىلىق ۋە شەھەر تۇرمۇشىغا ئادەتلەنگەنىدى. ئۇلار يەنە بىرلىشىپ بىرلىككە كەلگەن سىياسىي تەشكىل قۇرۇپ باقمىغان (خۇددى قەدىمكى يۇنانلىقلارغا ئوخشاش) بولۇپ، نۇرغۇنلىغان شەھەر دۆلەتلىرىگە بۆلۈنۈپ ياشايتتى، بۇنداق شەھەر دۆلەتلىرىدىن نەچچە ئونى بار ئىدى.

جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ تېخىمۇ شەرقى ۋە شەرقىي شىمالى، ئېنىقراق ئېيتقاندا موڭغۇلىيەدىكى ھۇنلارنىڭ زېمىنى بىلەن تۇتىشىدىغان جايلاردا بىر توپ ئاتلىق كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر ياشايدىغان بولۇپ، ئۇلار يايلاق مەدەنىيىتى دائىرىسىگە تەۋە ئىدى. ئۇلاردىن ئەڭ كۆپ تىلغا ئېلىنىدىغان ئىككى قەبىلە ئۇيسۇنلار ۋە ياۋچىلار بولۇپ، ئۇلار كېيىنكى تارىختا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ ئىككى قەبىلىنىڭ تىلى ھەققىدە نۇرغۇن كىشىلەر تەتقىقات ئېلىپ بارغان. ھازىر نۇرغۇنلىغان ئالىملار ئۇيسۇنلار ۋە ياۋچىلارنىڭ سۆزلەشكىنى ھىندى - ياۋروپا تىلى دەپ قارىسىمۇ، لېكىن زادى توخار تىلىغا ياكى ئىران تىلىغا مەنسۇپلۇقى ھەققىدە تالاش - تارتىش بار. مەلۇم بولغان بارلىق پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، ئىران تىلىغا يېقىن كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ.

جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ شىمالىدىكى رايونلار، يەنى كېيىنكى دەۋرلەردىكى جۇڭغارىيە رايونى، سىبىرىيەنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەڭ شەرقىي شىمالى قىسمىنىڭ

ئەينى چاغدىكى ئاھالىسىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا گۇمانلىق نۇقتىلار كۆپ. جۇڭگونىڭ خاتىرىلىرىگە ئاساسلانغاندا، بۇ رايونلارنىڭ ئاھالىسى ئىچىدە ئۈچ خىل خەلق بولۇپ، ئۇلار خاككاسلار، دىڭلىڭلار ۋە ئوغۇزلار ئىدى. ئالىملارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك خاككاسلارنىڭ قىرغىزلار ئىكەنلىكىگە، دىڭلىڭلار ۋە ئوغۇزلارنىڭ بولسا كېيىنكى دەۋرلەردىكى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ (回纥) ئەجدادى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ.

قىرغىزلار تارىخ سەھنىسىدە دائىم كۆرۈلۈپ تۇرغان بولۇپ، ھازىرغىچە مەۋجۇت. قەدىمكى ئۇيغۇرلار (回纥) گەرچە ھازىر مەۋجۇت بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار نۇرغۇن ئەسىرلەردە قىرغىزلاردىنمۇ مۇھىم رول ئوينىغان. قەدىمكى ئۇيغۇرلار بىلەن قىرغىزلار بەلكىم قېرىنداش مىللەت بولۇشى مۇمكىن. بىزنىڭ ھازىر بىلىدىغىنىمىز شۇكى، قىرغىزلار ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرلار تۈركىي تىلنى ئانا تىل قىلغان. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3 ـ ئەسىردە بۇ رايوننى تۇرانىئان تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ئىگىلىگەن.

لېكىن جۇڭگونىڭ خاتىرىلىرىگە ئاساسلانغاندا، بۇ قەدىمكى قىرغىزلار ئاق ئىرققا مەنسۇپ بولۇپ. جۇڭگولۇقلار ئۇلارنىڭ بويى ئېگىز، تېرىسى ئاق، چېچى قىزىل، كۆزى كۆك ئىكەنلىكىنى قەيت قىلغان. بەزى ئالىملار بۇنىڭغا ئاساسلىنىپ، قىرغىزلار تەكتىدىن ساپ ھىندى ـ ياۋروپالىقلارغا مەنسۇپ، ئۇلار ئۇزاق مەزگىل شەرقتىكى تۇرانىئانلار بىلەن ئالاقىدە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ قىياپىتىدە موڭغۇل ئىرقى ئالامەتلىرى كۆچىيىپ، تىلىمۇ تۈركىي تىلغا ئۆزگەرگەن، دەپ قارايدۇ. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان باشقا ئىككى خەلقنىڭ ئەھۋالىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بولۇشى مۇمكىن. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۈچ قەبىلە ئەسلىي ھىندى ـ ياۋروپا ئىرقىغا مەنسۇپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۇرانىئانلىشىشى ھۇن ئىمپېرىيەسى گۈللەنگەن دەۋرلەردە

باشلانغان. شۇڭا ئۇلارنى ھىندى ـ ياۋروپالىقلارغا مەنسۇپ قىلغاندىن كۆرە، تۇرانىئانلارغا مەنسۇپ قىلغان تۈزۈك ㉟.

ھۇنلار ئۆزلىرىنىڭ شەرق ۋە غەرب تەرەپتىكى قوشنىلىرى بىلەن نۇرغۇنلىغان ئۇرۇشلارنى قىلغان. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئەڭ جاپالىق ۋە ئەڭ مۇھىم بولغان ئۇرۇشى جەنۇبتىكى جۇڭگو بىلەن بولغان ئۇرۇشى ئىدى. ئەمدى بىز ھۇن ئىمپېرىيەسى باش كۆتۈرگەن چاغدىكى جۇڭگو ۋەزىيىتىنىڭ قانداقلىقىغا قاراپ باقايلى.

جۇڭگودا شەرقىي جۇ سۇلالىسى دەۋرىدە (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 770 ــ 256 ـ يىللار) بەگلىكلەر ئۆزئارا ئۇرۇشۇپ تۇردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە شىمالدىكى ھەرقايسى بەگلىكلەر موڭغۇلىيەدىكى ياۋايى قوۋملار (ھۇنلارنىڭ ئەجدادلىرى) بىلەن توختىماي ئۇرۇشۇپ تۇرغاچقا، ئۇلارنىڭ ھەربىي كۈچى ناھايىتى كۈچەيدى. غەربتىكى چىن بەگلىكى يېڭى ھەربىي تاكتىكىلارنى قوللىنىشقا باشلىدى، ئەينى چاغدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە جەنۇبتىكى ھەرقايسى بەگلىكلەرنىڭ ھەرىكەت سۈرئىتى ئاستا ئېغىر ساۋۇتلۇق لەشكەرلىرى چىن بەگلىكىنىڭ يېنىك ساۋۇتلۇق چەۋەندازلىرىنىڭ رەقىبى بولالمايتتى. شۇڭلاشقا چىن شىخۇاڭ (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 246 ــ 210 ـ يىللار) دەۋرىدە جۇڭگو بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ نەچچە قېتىم قوشۇن ئەۋەتىپ جازا يۈرۈش قىلىشى نەتىجىسىدە، ھۇنلار شىمالغا چېكىنىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن موڭغۇلىيەنىڭ جەنۇبى (ئىچكى موڭغۇلىيە) چىن سۇلالىسىنىڭ تېررىتورىيەسىگە قوشۇلدى. چىن شىخۇاڭ سەددىچىن سېپىلىنى ياساشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 214 ـ يىلى) چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملىدى.

بىزگە مەلۇمكى، بۇنىڭدىن بۇرۇن بىرنەچچىلىگەن فېئودال بەگلەر ئۆزلىرىنىڭ زېمىنىنىڭ شىمالىدا كۆلىمى كىچىكرەك بولغان سېپىللارنى ياساتقانىدى. چىن شىخۇاڭنىڭ ئاساسلىق

خىزمىتى بۇرۇن بار بولغان سىپىللارنى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ، بىرلىككە كەلگەن مۇداپىئە لىنىيەسى ھاسىل قىلىش بولدى. كېيىنكى سۇلالىلەرمۇ سەددىچىن سىپىلىنى بىرنەچچە قېتىم ئۆزگەرتىپ ياسىدى. شۇڭا، ھازىرقى سەددىچىن سىپىلىنى ھەرگىزمۇ بىرەر سۇلالە ياساتقان ئەمەس. لېكىن جۇڭگونىڭ شىمالىي چېگراسىدا شەرقىي بىلەن غەربىنىڭ ئارىلىقى 1500 ئىنگلىز مىلىدىن ئارتۇق كېلىدىغان بۇنداق بىر سىپىل بىنا قىلىش، ھەقىقەتەنمۇ «شەرقنىڭ ناپولېئونى» دەپ ئاتالغان بۇ ھۆكۈمدارنىڭ (چىن شىخۇاڭنىڭ) ئىجادىيىتى بولۇپ، بۇ تۆھپە ئۇنىڭغا مەنسۇپ بولۇشى كېرەك. شۇنىڭدىن كېيىن گەرچە شىمالدىكى تۇرانىيانلار دائىم دېگۈدەك سەددىچىندىن بۆسۈپ ئۆتۈپ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن سەددىچىن سىپىلىنىڭ ھېچقانداق رولى بولمىغان دېيىشكە بولمايدۇ. ئۇنىڭ جۇڭگونىڭ شىمالىي چېگراسىنى مۇداپىئە قىلىشتىكى تۆھپىسىنى ھەرگىز يوققا چىقىرىۋېتىشكە بولمايدۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ھۇنلارنىڭ تاجاۋۇزىدىن مۇداپىئە كۆرۈشتىكى قىممىتى ھەممىدىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

كېيىنچە، ھۇنلارنىڭ جۇڭگونى بويسۇندۇرۇش يولىدىكى ئۇرۇنۇشلىرى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، غەربكە كۆچۈپ گوتلارنى قوغلىۋېتىشى رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچتىكى يىمىرىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. شۇڭا بەزى ئالىملار جۇڭگونىڭ سەددىچىن سىپىلىنى ياسىشى، رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ ھالاكىتىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى، دەپ قارايدۇ ㊱.

چىن شىخۇاڭ ئۆلگەندىن كېيىن چىن سۇلالىسىمۇ ئۇزۇن ئۆتمەي يىمىرىلدى. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 202 ـ يىلىغا كەلگەندە، ليۇ باڭ مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، خەن سۇلالىسىنى قۇرۇپ چىقتى. خەن سۇلالىسى 400 يىلدىن ئارتۇق

(مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 202 ـ يىلىدىن مىلادىيە 220 ـ يىلىغىچە) ھۆكۈم سۈردى. ئۇنىڭ قۇرۇلغان ۋە ئاغدۇرۇلغان ۋاقتى ھۇن ئىمپېرىيەسى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، بۇ شۇنداقلا بىر ماس كېلىش قىلىشتۇر.

تەخمىنەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 215 ـ يىلىدىن كېيىنكى ھۇنلارنىڭ ئىچكى ئەھۋالى توغرۇلۇق بىز تەپسىلىي مەلۇماتلارغا ئېرىشەلەيمىز. بۇ چاغدا ھۇن قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تاشقى موڭغۇلىيەدە (بۇ يەر كېيىنكى دەۋرلەردىكى موڭغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ ماكانى) بولماستىن، بەلكى چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى ئىچكى موڭغۇلىيەدە بولۇپ، جۇڭگو بىلەن تۇتىشىپ تۇراتتى. بۇ چاغدىكى ھۇنلارنىڭ رەھبىرى تۇمەن ئىدى. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 214 ـ يىلى چىن سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى مېڭ تيەن شىمالغا يۈرۈش قىلغاندا، تۇمەن يېڭىلىپ شىمالغا كۆچۈپ تاشقى موڭغۇلىيەگە كەتتى. چىن سۇلالىسى يىمىرىلگەندىن كېيىن جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمى قالايمىقانلىشىپ كەتكەچكە، تۇمەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يەنە جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ، ئۆزىنى ئۆتمەيلا پۈتكۈل ئىچكى موڭغۇلىيەنى قايتۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ ئوردىسى ھازىرقى كۆكخوت شەھىرىنىڭ ئەتراپىدا بولۇپ، خېتاۋنىڭ شەرقىي شىمالىدا ئىدى. بۇ چاغدا ھۇنلار ئىتتىپاقلىشىپ كۈچەيگەن بولسىمۇ، لېكىن تېخى ئىمپېرىيە شەكىللەندۇرۇپ بولالمىغانىدى. چۈنكى، ئۇلار تېخى جەنۇبتىكى خەن سۇلالىسىگە بېسىپ كىرمىگەن، شەرقتىكى شەرقىي غۇزلار، غەربتىكى ئۈيسۈنلار ۋە ياۋچىلار ھەم شىمالدىكى باشقا خەلقلەرنى تېخى بويسۇندۇرۇپ بولالمىغانىدى. تۇمەن گەرچە ھۇنلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ بىر دۆلەت قۇرغان بولسىمۇ، بۇ دۆلەتنى بىر ئىمپېرىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش خىزمىتىنى ئۇنىڭ ئوغلى باتۇر ئورۇنلىدى ㊲.

تۇمەننىڭ تەقدىرى ناھايىتى ئېچىنىشلىق بولدى. ئۇنىڭ

ئەسلىدە باتۇر ئاتلىق بىر ۋەلىئەھدى بولۇپ، كېيىن ياخشى كۆرىدىغان ئالچىسى (خانىشى) كىچىك ئوغلىنى تۇغۇپ بەرگەچكە، ئۇنىڭدا باتۇرنى ۋەلىئەھدىلىكتىن قالدۇرۇپ، كىچىك ئوغلىنى تىكلەش ئىستىكى پەيدا بولدى ۋە باتۇرنى ياۋچىلارغا تۇرغاقلىققا ئەۋەتتى. باتۇر ياۋچىلاردا تۇرغاقلىقتا تۇرۇۋاتقاندا تۇمەن ياۋچىلارغا ھۇجۇم قىلدى، ياۋچىلار باتۇرنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، ئۇ ياۋچىلارنىڭ تۇلپارىنى ئوغرىلاپ قېچىپ قۇتۇلدى، تۇمەن ئۇنىڭ باتۇرلۇقىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇنى تۇمەن چەۋەندازغا باش قىلدى. لېكىن، باتۇر كۆڭلىدە ئاداۋەت ساقلاپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 209 ـ يىلى) ئاتىسى، ئۆگەي ئانىسى، ئىنىسى ھەم بۇيرۇققا بويسۇنمىغان ۋەزىرلەرنى ئېتىپ ئۆلتۈردى. باتۇر ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 209 — 174 ـ يىللار) ھۇنلارنىڭ كۈچى كۈنسېرى قۇدرەت تاپتى. ھۇنلار بۇرۇن ئۆز ئالدىغا جەڭ قىلىدىغان بولۇپ، باتۇر ئاۋازلىق ئوقيانى كەشىپ قىلغاندىن كېيىن قول ئاستىدىكىلەرگە بىردەك ھەرىكەتلىنىشنى ئۆگەتتى. «ئۇ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئاۋازلىق ئوقيا ئېتىلغان نىشانغا ئوق ئاتمىغۇچىلارنىڭ بىردەك كاللىسى ئېلىنىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. ئۆز ئالدىغا جەڭ قىلىش ئادىتى قېنىغا سىڭىپ كەتكەن بۇ بەدەۋى خەلقنى بىر قوماندانىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنىدىغان قىلىپ تەربىيەلەش، ھەقىقەتەنمۇ داھىيانە قابىلىيەت ۋە پولاتتەك ئىرادىگە موھتاج ئىدى». بۇنداق مۇھىم تاكتىكىنى باتۇر بەلكىم ئىرانئانلاردىن بولغان ياۋچىلاردىن ئۆگىنىۋالغان بولۇشى مۇمكىن.

باتۇرنىڭ ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈش خىزمىتى يالغۇز ھەربىي ئىشلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى يەنە سىياسىي تەشكىلگىمۇ چېتىلىدۇ. بىزنىڭ بىلىشىمىزچە، بۇرۇن ھۇنلاردا ئىنتايىن ئاددىي بولغان قەبىلە تەشكىلىلا بار ئىدى. باتۇر بولسا بىر مۇكەممەل ئەمەلدارلىق تۈزۈمىنى يولغا قويدى،

يەنى سول قول ۋە ئوڭ قول بىلىك خان، سول قول ۋە ئوڭ قول خان، سول قول ۋە ئوڭ قول ئۇلۇغ سەركەردە، سول قول ۋە ئوڭ قول ئۇلۇغ چېرىكچى، سول قول ۋە ئوڭ قول ئۇلۇغ ياساق بەگ، سول قول ۋە ئوڭ قول قۇتقۇ قاتارلىقلارنى تەسىس قىلدى. هۇنلار ئاقىل كىشىنى تۇغ دەپ ئاتايتتى، شۇڭا كۆپ هاللاردا سول قول تۇغ خانلىقىقا ۋەلىئەهد تەيىنلىنەتتى. سول قول ۋە ئوڭ قول بىلىك خانلاردىن تارتىپ ياساق بەگكىچە بولغان ئەمەلدارلار كۆپ بولغاندا بىر تۈمەندىن ئارتۇق ئاتلىق ئەسكەرگە قوماندانلىق قىلسا، ئاز بولغاندا بىرنەچچە مىڭ ئەسكەرگە قوماندانلىق قىلاتتى. ئومۇمەن ئەسكەرلەرگە باشچىلىق قىلىدىغان ھەربىي قوماندانلىق 24 ى بار ئىدى. چوڭ ئەمەلدارلارنىڭ قول ئاستىدا يەنە مىڭ بېشى، يۈز بېشى، ئون بېشى قاتارلىق ئەمەلدارلار بولۇپ، يەرلىك فېئودال خاراكتېرىگە ئىگە ئىدى. سول قول خانلار شەرقتە، ئوڭ قول خانلار غەربتە تۇراتتى، مەركىزىي قىسىمنى تەڭرىقۇت ئۆزى بىۋاسىتە باشقۇرىدىغان بولۇپ، سول قول، ئوڭ قول قۇتقۇلار ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ياردەملىشەتتى ㊳.

باتۇر تەختكە چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشلىرىنى باشلاپ ئۆزىنىڭ ئىمپېرىيەسىنى بەرپا قىلدى. ئۇ چاغدا شەرقىي غۇزلار كۈچلۈك بولغاچقا، باتۇر بىرقانچە قېتىم يول قويۇپ، ئاخىرىدا ئۇلارنى قاتتىق تارمار قىلدى ۋە خەلقىنى ئەسىر قىلىپ، مال - چارۋىلىرىنى ئولجا ئالدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرنەچچە قەبىلىلا، يەنى ئوغانلار ۋە سىيانپىلارلا ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىل ياكى يېرىم مۇستەقىل تەشكىلىنى ساقلاپ قالالىدى. باتۇر ئارقىدىنلا شىمال ۋە غەربىي شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، هۇنگىرلار، چۇشۇرلەر، دىڭلىڭلار، خاككاسلار ۋە شىنلىلەرنى بويسۇندۇرۇپ، ئورخۇن ۋە سېلىنگا دەرياسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل تاشقى موڭغۇلىيەنى ئىگىلىدى ۋە سىبىرىيەنىڭ جەنۇبىدىكى بايقال كۆلىنى مەركەز قىلغان كەڭ

رايونلارنى ھەم سىبىرىيەنىڭ غەربىي جەنۇبى، جۇڭغارىيەنىڭ شىمالى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىي شىمالىنى كونترول قىلدى. ئاندىن غەربتە جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىپ، ئاۋۋال جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ شەرقىدىكى ياۋچىلار ۋە ئۇيسۇنلارنى مەغلۇپ قىلىپ، كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭ تەۋەسىدىكى نۇرغۇن شەھەر دۆلەتلىرىنى، جۇملىدىن 26 ئەلنى بويسۇندۇردى. بۇ ئۇششاق شەھەر دۆلەتلىرىنىڭ ئاھالىلىرى ياۋچىلار ۋە ئۇيسۇنلارغا ئوخشاش ھىندى ـ ياۋروپا تىلىدا سۆزلىشەتتى. شۇڭا ھۇنلارنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشى ئەمەلىيەتتە ھىندى ـ ياۋروپا خەلقلىرىنىڭ تۇرانىئان خەلقلىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىشىنىڭ تۇنجى قېتىم تارىخىي خاتىرىلەردە كۆرۈلۈشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھۇنلار جەنۇبىي شىنجاڭنى بويسۇندۇرغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ ئىرقى ۋە تىلىدا زور ئۆزگىرىش يۈز بەرمىدى. ھۇنلار بۇ يېڭى بويسۇندۇرغان زېمىندا ھەم مۇستەملىكچىلىك قىلمىدى، ھەم ئاھالىلەرنى ھۇن تىلىنى ئىشلىتىشكە مەجبۇرلىمىدى. نەچچە ئون يىل جەريانىدا يەرلىك خەلقلەر يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى تۇرمۇش ئالاھىدىلىكلىرىنى ساقلاپ قالدى، ئەمما ئۇلار ھۇن ئوردىسىغا ئېغىر ئولپان تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولدى[39].

باتۇر جەنۇبتىكى خەن سۇلالىسى بىلەنمۇ ئۇرۇش قىلدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئىككى تەرەپ داۋاملىق ئۇرۇش قىلغان بولسىمۇ، لېكىن يەتمىش نەچچە يىل جەريانىدا ھېچقايسى تەرەپ مۇھىم غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرەلمىدى. ئالدى بىلەن خەن گاۋزۇ ليۇ باڭ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 202 ـ يىلى جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 200 ـ يىلى شەخسەن ئۆزى قوشۇن تارتىپ ھۇنلارغا يۈرۈش قىلدى، خەن گاۋزۇنىڭ قوشۇنى پىيادە ئەسكەرلەرنى ئاساس قىلغان بولسا، باتۇرنىڭ قوشۇنى ئاتلىق ئوقياچىلاردىن تەشكىل قىلىنغان بولۇپ، ھەرىكىتى ئىنتايىن جانلىق ئىدى. نەتىجىدە خەن گاۋزۇ

بەيدىڭ تىغىدا يەتتە كۆن قورشاۋدا قېلىپ، خەن سۇلالىسى قوشۇنى ھېچقانداق ياردەمگە ئېرىشەلمىدى. ئاخىرىدا خەن گاۋزۇ مەخپىي ئەلچى ئارقىلىق تەڭرىقۇتنىڭ ئالچىسىغا مول سوۋغا ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئالچى باتۇرغا: «ئىككى ھۆكۈمدار بوغۇشماسلىقى، بۈگۈن سىز خەن زېمىنىنى ئالسىڭىزمۇ، لېكىن بەرىبىر بۇ يەرنى ماكان تۇتۇپ تۇرالمايسىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە خەن خانىنىڭمۇ تەڭرىسى بار. ئېھتىيات قىلىڭ» دېدى. بۇ خىل خۇراپىي قاراش باتۇرغا تەسىر قىلغاچقا، ئۇ مۇھاسىرىنى بوشىتىپ خەن قوشۇنىنى قويۇۋەتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ ھۇنلار پۈتكۈل موڭغۇلىيە تەۋەسىدە خاتىرجەم ھۆكۈم سۈردى، خەن سۇلالىسى بولسا ئۇلارنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ خان جەمەتىدىن بولغان مەلىكىلەرنى تەڭرىقۇتقا ئالچىلىققا بەردى ھەم ھۇنلارغا ھەر يىلى نۇرغۇن مىقداردىكى تاۋار - دۇردۇن، مەي - شاراب، ئاشلىق - ئوزۇق بېرىپ، ئاغا - ئىنى بولۇشقا باشلىدى.

خەن گاۋزۇ ئۆلگەندىن كېيىن، لۇ خانىش ھاكىمىيەت باشقۇردى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 194 — 180 - يىللار)، بۇ چاغدا باتۇر تەكەببۇرلۇق بىلەن ئۇنىڭغا خەت يېزىپ، ئۇنى ئەمرىگە ئالماقچى بولغانلىقىنى ئاشكارىتىن بىلدۈردى. بۇنىڭدىن لۇ خانىش ئىنتايىن غەزەپلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ناھايىتى تۆۋەنچىلىك بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى، ئۇ خېتىدە ئۆزىنىڭ «قېرىپ ئاجىزلاپ، چاچ ۋە چىشلىرىنىڭ چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى، يول يۈرسىمۇ دېمى سىقىلىپ ھاسىراپ كېتىدىغانلىقىنى، تەڭرىقۇتقا زادىلا مۇناسىپ كەلمەيدىغانلىقىنى، شۇڭا تەڭرىقۇتنىڭ ئۆزىنى كەچۈرۈشىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن تەڭرىقۇتقا ئىككى دانە شاھانە ھارۋا، ئىككى ئات ئەۋەتكەنلىكىنى» يازغان. شۇنىڭ بىلەن باتۇر بۇنىڭدىن خىجىل بولۇپ، ئەلچى ئەۋەتىپ رەھمىتىنى بىلدۈردى ⑳.

مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 174 - يىلى باتۇر ئۆلگەندىن كېيىن ئورنىغا ئوغلى كىئوك چىقىپ، ئاغا تەڭرىقۇت دەپ ئاتالدى.

كىئوك تەڭرىقۇتلۇق تەختىدە ئولتۇرغان 16 يىل (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 174 ــ 160 ـ يىللار) جەريانىدا ھۇن ئىمپېرىيەسىنىڭ قۇدرەتلىك ئورنىنى ساقلىدى.

كىئوك تەختكە يېڭى چىققان چاغدىلا خەن ۋېندى مەلىكىلەرنى ئالچىلىققا ئەۋەتىپ، جۇڭ خاڭيۈنى بىللە بېرىشقا بەلگىلىدى. كېيىن جۇڭ خاڭيۈ ھۇنلارغا ئەل بولۇپ، ئۇلارغا خەن سۇلالىسىگە تاجاۋۇز قىلىشنىڭ يوللىرىنى ئۆگەتتى. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 166 ـ يىلى كىئوك شەخسەن ئۆزى 140 مىڭ چەۋەندازنى باشلاپ خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي شىمالىغا تاجاۋۇز قىلىپ، خەن سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەنگە بىۋاستە تەھدىت سالدى. خەن ۋېندى 1000 جەڭ ھارۋىسى ۋە يۈزمىڭ چەۋەنداز ئەۋەتىپ ھۇنلارنى قورۇلدىن قوغلاپ چىقارغان بولسىمۇ، لېكىن قوغلاپ زەربە بېرىشكە پېتىنالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ ئەھدىلىشىپ سۈلھى تۈزدى. نەتىجىدە، سەددىچىنىنىڭ شىمالى ئوقياچىلار دۆلىتى بولۇپ، تەڭرىقۇت باشقۇرۇش، سەددىچىنىنىڭ ئىچى ئوتۇغات ـ كەمەرلىكلەر دۆلىتى بولۇپ، خەن سۇلالىسى باشقۇرۇش بەلگىلەندى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ھۇنلار كېيىنكى دەۋرلەردىكى مانجۇرىيە، موڭغۇلىيە، جۇڭغارىيە ۋە جەنۇبىي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان، خەن سۇلالىسى بولسا جۇڭگونىڭ ئەسلىي زېمىنىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان بولدى. لېكىن، بۇ چاغدا جۇڭگونىڭ جەنۇبى مۇستەقىل بولۇپ، خەن سۇلالىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا ئەمەس ئىدى، شىنزاڭمۇ جۇڭگوغا ياكى ھۇنلارغا تەۋە ئەمەس ئىدى. شۇڭا تېررىتورىيە جەھەتتىن ھۇن ئىمپېرىيەسى خەن سۇلالىسىدىن 4 ـ 5 ھەسسە چوڭ ئىدى، بىراق خەن سۇلالىسى نوپۇس ۋە بايلىق جەھەتتە ھۇنلاردىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇراتتى [41].

كىئوك خەن سۇلالىسى بىلەن سۈلھى تۈزۈشكەندىن كېيىن دىققىتىنى غەربكە قارىتىپ، ياۋچىلارغا زەربە بېرىشنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنى غەربكە كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر قىلدى،

بۇنىڭ نەتىجىسىدە پۇتكۇل ھىندىستان ۋە يېقىن شەرقنىڭ تارىخى ئۆزگىرىپ، دۇنيا تارىخىغىمۇ زور تەسىر كۆرسەتتى.

ياۋچىلار ھىندى ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسىدا سۆزلىشىدىغان خەلق بولۇپ، ئەسلىدە جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالى (ھازىرقى گەنسۇ تەۋەسى) ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ شەرقىي شىمالىدا ئولتۇراقلاشقان ئىدى، ھۇنلار بىلەن ئەزەلدىنلا ئاداۋىتى بار ئىدى. تۇمەن تەڭرىقۇت ئۆز زامانىسىدا ئاز دېگەندە ياۋچىلارغا بىر قېتىم ھۇجۇم قىلغانىدى. باتۇر تەڭرىقۇت بولسا ئاز دېگەندە ئىككى قېتىم ھۇجۇم قىلغانىدى. باتۇر گەرچە ياۋچىلارنى مەغلۇپ قىلىپ بېقىندى ئورۇنغا چۈشورۇپ قويغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى ئۇزۇل ـ كېسىل تارمار قىلالمىغانىدى. تەخمىنەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 165 ـ يىلى (ئەپسۇسلىنارلىقى جۇڭگو تارىخنامىلىرىدە بۇ توغرىدا ئېنىق خاتىرە يوق) كىئوك تەڭرىقۇت زامانىدا، ياۋچىلار مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنغاندا، كىئوك ئۇلارنى تەلتۆكۈس تارمار قىلىپ، خانىنى ئۆلتۈرۈپ كاللىسىنى شاراب ئىچىدىغان جام قىلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئاز بىر قىسىم ياۋچىلار جەنۇبقا قېچىپ جەنۇبىي تاغقا كېلىپ، چياڭلارنىڭ ئارىسىدا پاناھلىنىپ، كىچىك ياۋچىلار دەپ ئاتالدى. كۆپ قىسىم ياۋچىلار بولسا غەربىي شىمالغا قېچىپ جۇڭغار ئويمانلىقىغا كىرىپ، ئىلى دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقى ۋە ئىسسىق كۆلنىڭ يېقىن ئەتراپىدا ئولتۇراقلاشتى. بۇ يەردە ئەسلىدە ساكلار ئولتۇرۇشلۇق بولۇپ، ياۋچىلار ساكلارنى قوغلىۋېتىپ يەرلىرىنى ئىگىلىۋالدى. ساكلارنىڭ بۇ يەردىن قوغلاپ چىقىرىلىشى زور ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. جۇڭگونىڭ تارىخىي ئەسەرلىرىدە خاتىرىلىنىشىچە، بۇ ساكلارنىڭ بىرقىسمى جەنۇبقا، يەنى ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىغا قېچىپ بېرىپ كەشمىر خانلىقىنى قۇرغان. ئەينى چاغدا تېخىمۇ كۆپ ساكلارنىڭ غەرب ۋە غەربىي جەنۇب تەرەپكە قاچقانلىقى ئېنىق. چۈنكى، كىلاسسىك ئاپتورلارنىڭ ئېيتىشىغا ئاساسلانغاندا،

تەخمىنەن مۇشۇ دەۋرلەردە سوغدىيانا ياكى ماۋرائۇننەھىر رايونىدىكى يۇنانلىقلارغا قارام يەرلەرگە نۇرغۇنلىغان ساك خەلقلىرى تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەنىدى [42].

لېكىن ياۋچىلار يېڭىدىن ئىگىلىگەن يەرلىرىدە ئۇزۇن تۇرالمىدى، چۈنكى، نەچچە يىلدىن كېيىن ئۇلار ئۇيسۇنلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. ئۇيسۇنلار ئەسلىدە ياۋچىلارنىڭ بۇرۇنقى قوشنىسى بولۇپ، ئۇيسۇن خانى ياۋچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن خەلقى ھۇنلارنىڭ يېنىغا كۆچۈپ بارغانىدى. ئۇيسۇنلارنىڭ بالا پاسىبانى ھۇن تەڭرىقۇتى (كىئوك)نىڭ غەمخورلۇقىغا ئېرىشىپ، ئۇنىڭ ياردىمىدە ئاتا قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن غەربكە يۈرۈش قىلىپ ياۋچىلارنى تارمار قىلدى، بۇ ۋەقە مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 160 ـ يىلى ئەتراپىدا يۈز بەرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيسۇنلار تاكى تارىخ سەھنىسىدىن يوقالغۇچە بولغان نەچچە ئەسىر جەريانىدا جۇڭغارىيەدە ئولتۇراقلاشتى.

جۇڭگونىڭ تارىخي ئەسەرلىرىدە خاتىرىلىنىشىچە، ياۋچىلار ئۇيسۇنلار تەرىپىدىن جۇڭغارىيەدىن قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، سوغدىيانا ۋە باكتېرىيەگە كۆچۈپ بارغان [43]. بۇ چاغدا يۇنانلىقلارنىڭ باكتېرىيە پادىشاھلىقى (ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى باكتېرىيەنى ۋە ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى سوغدىيانا ياكى ماۋرائۇننەھرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى) ياۋچىلار تەرىپىدىن ھەيدەلگەن ساكلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچراۋاتقان ئىدى، ئەمەلىيەتتە ئۇلار سوغدىيانانى ساكلارغا تاشلاپ بەرگەن بولۇپ، پەقەت ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى زېمىنىنىلا ساقلاپ قېلىشنى ئارزۇ قىلاتتى. كۈتۈلمىگەندە نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن ياۋچىلار ساكلارنىڭ كەينىدىنلا باستۇرۇپ كېلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسىي جۇغراپىيەسىدە تېخىمۇ زور ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. ياۋچىلارنىڭ تاجاۋۇز قىلىشى بىلەن ساكلار ئامالسىز چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. بۇ ساكلارنىڭ كۆپ

قىسمى قارشىلىق كۆرسىتىش كۈچى ئەڭ ئاجىز بولغان جاينى كۆزلەپ غەربىي جەنۇب تەرەپكە قاراپ كۆچۈپ، ئىران ئېگىزلىكىدىكى پارفىيە پادىشاھلىقىغا تاجاۋۇز قىلىپ، دىرانگىئانا (Drangiana) ئۆلكىسىدە ئولتۇراقلىشىپ قالدى، ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ يەرنىڭ نامى ساكىستان، يەنى «ساكلارنىڭ زېمىنى» دەپ ئاتالدى، بۇ هازىرقى سىيىستان ئۆلكىسىنى كۆرسىتىدۇ ㊹.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا ياۋچىلار ۋە ساكلار ئىران رايونىنىڭ تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتۇپلا قالماستىن، بەلكى ھىندىستان تارىخىدىمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتتى. بۇنىڭدىن كىئوك تەڭرىقۇتنىڭ ياۋچىلارنى قوغلاپ چىقارغانلىقىنىڭ تەسىرىنىڭ نەقەدەر زور بولغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. كىئوك مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 160 ـ يىلى ئۆلگەندىن كېيىن ئوغلى كۈنچىن تەختكە چىقىپ، تاكى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 126 ـ يىلىغىچە ھۇنلارغا 30 نەچچە يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. كۈنچىن تەختكە چىقىپ 3 ـ يىلى خەن جىڭدى خەن ۋېندىنىڭ ئورنىغا تەختكە چىقتى، بۇ چاغدا يەتتە بەگلىك توپىلىڭى يۈز بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما كۈنچىن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ خەن سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلمىدى، خەن جىڭدى ھۇنلار بىلەن بولغان قۇدىلىشىش سىياسىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، چېگرادا بازار ئېچىپ، تەڭرىقۇتقا سوۋغا ـ سالام ۋە مەلىكىلەرنى ئەۋەتىپ بېرىپ، كونا ئەھدە بويىچە ئىش كۆردى ㊺.

كۈنچىن تەڭرىقۇت زامانىدا، بۇرۇن ھۇنلارنى پاناھ تارتقان ئۇيسۇنلار قۇدرەت تاپقاچقا، بويسۇنماس بولۇۋالدى، ھۇنلار قوشۇن تارتىپ جازا يۈرۈشى قىلغان بولسىمۇ غەلىبە قىلالمىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ھۇنلارنىڭ ئۇيسۇنلارغا بولغان ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى ئاساسەن نامدىلا ساقلىنىپ قالدى ㊻. بۇنىڭدىن ھۇنلارنىڭ ئىچكى جەھەتتىن ئاجىزلاشقانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ، لېكىن تاكى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 140 ـ يىلىغىچە

ھۇنلار يەنىلا پۈتكۈل يىراق شەرق، ھەتتا پۈتكۈل ئاسىيا بويىچە ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ قۇدرەتلىك دۆلەت ئىدى.

## (3) ھۇنلار بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ زومىگەرلىك تالىشىشى

خەن جىڭدى ئۆلگەندىن كېيىن ئوغلى خەن ۋۇدى تەختكە چىقىپ جۇڭگوغا 53 يىلدىن كۆپرەك (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 140 ـ يىلدىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 87 ـ يىلغىچە) ۋاقىت ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇ ئىچكى جەھەتتە ھوقۇقنى مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈپ، فىرانسىيە پادىشاھى لۇئى XIV گە ئوخشاش پادىشاھلىق ھوقۇق مۇتلەق ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدىغان ھاكىمىيەت تىكلىدى. تاشقى جەھەتتە دۆلەت زېمىنىنى كېڭەيتىپ، ئاخىرىدا ھۇنلارنى مەغلۇپ قىلىپ ۋە بويسۇندۇرۇپ، ئۇلارنى چۆللۈكنىڭ شىمالىغا قوغلىۋەتتى [47].

خەن ۋۇدى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەسلەپكى يىللاردىلا شىمالغا جازا يۈرۈش قىلىش ئىرادىسىگە كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن كۈچلۈك دۈشمىنى بولغان ھۇنلارغا يالغۇز ھۇجۇم قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇ غەربتىكى ياۋچىلارنىڭ تەخمىنەن 30 نەچچە يىل بۇرۇن ھۇنلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئەلچى ئەۋەتىپ ياۋچىلار بىلەن بىرلىشىپ ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. بۇ ئەلچىلىككە جاڭ چيەن تاللاندى. جاڭ چيەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 138 ـ يىلى سەپەرگە ئاتلىنىپ، كېيىنچە جۇڭگودىكى ئەڭ داڭلىق ئېكسپېدىتسىيەچى ۋە دىپلوماتلارنىڭ بىرى ھەم كىتابلاردا كۆرۈلىدىغان غەربىي ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن بىۋاسىتە ئالاقىدە بولغان تۇنجى جۇڭگولۇق بولۇپ قالدى. بۇنىڭدىن بۇرۇن غەربىي ئاسىيا (پېرسىيە ۋە ھىندىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بىلەن شەرقىي ئاسىيا بىر ـ بىرىدىن پۈتۈنلەي ئايرىم تۇرىدىغان ئىككى دۇنيا ئىدى. بۇ ھالەتنى بۇزۇپ تاشلىغان كىشى جاڭ چيەن بولدى.

ھىندىستاننىڭ، پېرسىيەنىڭ، ھەتتا يۇنان ۋە لاتىن رايونىنىڭ تەسىرىنىڭ ئەزەلدىن يېگانە ھالدا تۇرغان جۇڭگوغا كىرىشىدە جاڭ چيەن يول ئاچقۇچىلىق رول ئوينىدى ⑱.

جاڭ چيەن بۇ سەپىرىدە ئىنتايىن ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدى. ئۇ سەپەرگە ئاتلانغان چاغدا يۈزدىن ئارتۇق كىشى بىلەن ماڭغان بولسىمۇ، قايتىپ كەلگەندە ئىككىلا ئادەم كەلدى. ئۇنىڭ ئەلچىلىك سەپىرى 13 يىلغا سوزۇلدى. بۇ جەرياندا ئۇ ياۋچىلارنىڭ قېشىغا بېرىشتا ھۇنلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغاچقا، ئون نەچچە يىل مەھبۇسلۇقتا تۇردى، بۇ ئارىلىقتا ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولۇپ، پەرزەنت كۆردى، لېكىن ئاخىر ھۇنلارنىڭ نەزەربەنتىدىن قۇتۇلۇپ غەربكە يۈرۈپ، نەچچە قېتىملىق تەۋەككۈلچىلىكتىن كېيىن ئاخىر ياۋچىلارنىڭ ئوردىسىغا يېتىپ باردى. بۇ چاغدا ياۋچىلار سوغدىيانانىڭ جەنۇبىدا، يەنى ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدا ئولتۇراقلاشقان ھەم ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى باكتېرىيەگە تاجاۋۇز قىلىشنى باشلىغانىدى. جاڭ چيەن ياۋچىلارنى خەن سۇلالىسى بىلەن بىرلىشىپ ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىشقا قايىل قىلىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ چاغدا ياۋچىلار يېڭى بىر زېمىننى بويسۇندۇرۇپ، خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىۋاتقاچقا، ھۇنلاردىن قىساس ئېلىش ئويى يوق ئىدى. جاڭ چيەن ياۋچىلارنىڭ يېرىدە بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت تۇرۇپ، ھېچقانداق نەتىجە قازىنالماي، جەنۇبىي تاغ ئارقىلىق چياڭلارنىڭ يېرى بىلەن خەن سۇلالىسىگە قايتماقچى بولغاندا يەنە ھۇنلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. بىراق، بۇ قېتىم بىر يىللا قاماقتا تۇردى، جۇملىدىن كۈنچىن تەڭرىقۇت مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 126 ـ يىلى ئۆلۈپ دۆلەت ئىچى قالايمىقانچىلىققا پېتىپ قالغاچقا، ئۇ يەنە بىر قېتىم قېچىپ قۇتۇلۇپ، خەن سۇلالىسىگە قايتىپ، خەن ۋۇدىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى ۋە كېڭەشبېگىلىككە تەيىنلىنىپ، بىلگە تۆرە مەرتىۋىسىگە نائىل بولدى. جاڭ چيەننىڭ بۇنداق يۇقىرى

ئەمەل - مەرتىۋىگە ئېرىشىشى خەن ۋۇدىنىڭ ئۇنىڭ غەربكە قىلغان سەپىرىنىڭ جۇڭگوغا بولغان زور قىممىتىنى تولۇق تونۇپ يەتكەنلىكىدىن ئىدى.

جاڭ چيەن جۇڭگوغا پەقەت ئۇزۇم ۋە بېدىگە ئائىت بىلىملەرنىلا ئېلىپ كېلىپ قالماستىن (شۇنىڭدىن كېيىن جۇڭگو يېقىن شەرق رايونىدىن نۇرغۇن يېزا ئىگىلىك تېخنىكىلىرىنى كىرگۈزدى)، يەنە تۇنجى قېتىم ھىندىستاننىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە ئورنىنى جۇڭگولۇقلارغا بىلدۈردى. ئۇنىڭ مەسلىھەتى بويىچە خەن سۇلالىسى غەربىي جەنۇبقا ئەلچى ئەۋەتىپ، ھىندىستان بىلەن ئالاقە قىلماقچى بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلگە ئاشمىدى، ئەمما بۇ ئارقىلىق يۈننەن ۋە ئەتراپىدىكى رايونلار جۇڭگولۇقلارغا مەلۇم بولۇپ، كېيىنچە بۇ رايونلار جۇڭگو تېررىتورىيەسىگە قوشۇۋېلىندى. تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى شۇكى، ئەينى چاغدىكى غەربىي يۇرتتا ياشايدىغان بارلىق خەلقلەرنىڭ ئەھۋالىنى جاڭ چيەن خەن سۇلالىسىگە بىلدۈردى. شۇڭا، شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر ئەسىردە خەن سۇلالىسى تەدرىجىي غەربكە كېڭىيىپ، يۇقىرىدا دېيىلگەن رايوننىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆز كونتروللۇقىغا ئالدى.

جاڭ چيەن غەربكە سەپەر قىلغان چاغدا، خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىدىن لوپنۇر رايونىغىچە بولغان جايلارنى بۇرۇن ياۋچىلار ۋە ئۇيسۇنلار ئىگىلىگەنىدى، بۇ ئىككى مىللەت بۇ يەردىن غەربكە كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن، بۇ يەرنى ھۇنلار ئىگىلەپ ئىككى - ئۈچ ئۇششاق بەگلىكنى تەسىس قىلغانىدى. بۇ يەرنىڭ نەق جەنۇب تەرىپىدە ئۇرۇشقا ماھىر بولغان كۆچمەن چارۋىچى چياڭلار ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇلار كېيىنكى زاڭزۇلارنىڭ ئەجدادى ئىدى. لوپنۇرنىڭ غەربىدە «36 بەگلىك»، يەنى نۇرغۇنلىغان شەھەر دۆلەتلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاھالىسىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ھىندى - ياۋروپا سىستېمىسىدىكى تىلدا سۆزلەشسىمۇ، لېكىن ئوخشاشلا ھىندى - ياۋروپا خەلقلىرىدىن

بولغان ئۇيسۇنلار ۋە ياۋچىلارغىمۇ، شۇنداقلا تۇرانىئانلاردىن بولغان هۇنلارغىمۇ ئوخشىمايتتى، چۈنكى ئۇلار دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، شەھەر - يېزىلاردا ئولتۇراتتى. هەر بىر شەھەر دۆلىتىنىڭ ئۆز هۆكۈمدارلىرى بولسىمۇ، لېكىن هەممىسى هۇنلارغا قارام ئىدى. هۇنلار ئاگنى (قارا شەھەر) قاتارلىق جايلاردا چاكارلار چېرىكچى بېگى تەسىس قىلىپ، ئۇلاردىن باج يىغىپ بايلىق توپلايتتى. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ شىمالىدا تەڭرى تېغى بولۇپ، تاغنىڭ شىمالىدا جۇڭغارىيە ۋە ئىلى دەريا ۋادىسى بار ئىدى، بۇ چاغدا بۇ يەردە ئۇيسۇنلار ئولتۇراقلاشقانىدى. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ غەربىدە كۆكئارت (پامىر) تاغ تىزمىسى بولۇپ، ئۇنىڭ سىرتىدا پەرغانە خانلىقى (بۇ كېيىنكى دەۋردىكى پەرغانە ياكى قوقاننى كۆرسىتىدۇ) بار ئىدى، بۇ خانلىق ياكسارت (سىر) دەرياسى ۋادىسىنى ئىگىلىگەنىدى. پەرغانىنىڭ ئاھالىسىمۇ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، شەھەرلەردە ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا 70 نەچچە شەھىرى بار ئىكەن. ئۇلار كۆچمەن چارۋىچى بولمىسىمۇ، بۇ يەردىن چىققىدىغان دۇلدۇللار ناھايىتى مەشھۇر ئىدى، لەشكەرلىرىمۇ ئات مىنىپ ئوقيا ئېتىشقا ئۇستا ئىدى. جاڭ چيەن غەربكە سەپەر قىلغان چاغدا پەرغانە پۈتۈنلەي مۇستەقىل هالەتتە تۇرۇۋاتاتتى. پەرغانىنىڭ غەربىدە ياۋچىلار ۋە كانگىيەدىن ئىبارەت ئىككى ئەل بار ئىدى. ياۋچىلار ئەسلىدە جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، كېيىن جۇڭغارىيە ئارقىلىق جەنۇبىي سوغدىياناغا، يەنى ماۋرائۇننەھرگە كۆچۈپ كەلگەنىدى. جاڭ چيەننىڭ بايانىغا ئاساسلانغاندا، بۇ چاغدا ياۋچىلار خانىنىڭ ئوردىسى يەنىلا ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدا بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى باكتېرىيەگە هۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى بويسۇندۇرۇشقا باشلىغانىدى. مۇشۇ ۋاقىتتا يۇنانلىقلارنىڭ باكتېرىيەدىكى هۆكۈمرانلىقىنىڭ بارلىق ئىزنالىرى يوقىلىشقا باشلىغان،

چۈنكى جاڭ چيەن يۇنانلىقلارنى تىلغا ئالمىغان بولۇپ، ئۇ پەقەت باكتېرىيەدىكى يەرلىك (ئىران سىستېمىسىدىكى) خەلقلەرنىڭ تېرىقچىلىق ۋە سودا ـ سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقى، ھەر بىر شەھەرنىڭ ئۆز ئالدىغا ھۆكۈمدارى بارلىقىنىلا بايان قىلغان. ئۇلار تېخى بىرلىككە كەلمىگەن بولۇپ، ئۇرۇش قىلىشنىمۇ خالىمايتتى، شۇڭا ياۋچىلار بويسۇندۇرغىلى كەلگەندە ھېچقانداق قىيىنچىلىققا ئۇچرىمىغانىدى. بۇ چاغدا ياۋچىلار كۆچمەن چارۋىچىلىق ئادىتىنى ساقلاپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن مۇقىم ئولتۇراقلىشىشقا باشلىغانلىقى ۋە ئاقسۆڭەك پومېشچىكلارغا ئايلانغانلىقى شۈبھىسىز. جاڭ چيەن بارغان چاغدا ياۋچىلارنىڭ ئورتاق بىر خانى بولسىمۇ، لېكىن بىرنەچچە يىللاردىن كېيىن ئۇلار پەيدىنپەي بەش بۆلەككە بۆلۈنۈپ كەتكەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم بىر قىسمىنى جۇڭگولۇقلار كۇشانلار دەپ ئاتىغان بولۇپ، كېيىنچە كۇشانلارنىڭ ھۆكۈمدارى پۈتكۈل شەرقىي ئىران ۋە شىمالىي ھىندىستاننى بويسۇندۇردى ھەم كۇشان ئىمپېرىيەسىنى قۇرۇپ چىقتى. كانگىيەنىڭ يېرىگە كەلسەك، ئۇ دەل ياۋچىلارنىڭ شىمالىدا بولۇپ، بۇ يەر دەل ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سوغدىيانانىڭ كۆپ قىسىم زېمىنى ئىدى. كېيىنكى دەۋرلەردىكى سەمەرقەنت ۋە بۇخارا قاتارلىق شەھەرلەر مۇشۇ يەردە ئىدى. جاڭ چيەن بارغان چاغلاردا كانگىيەلىكلەر سىر دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىنىڭ شىمالىدا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، كېيىن تاشكەنت شەھىرى قۇرۇلغان جايدىمۇ ئۇلارنىڭ ئىزلىرى قالغان. جاڭ چيەننىڭ بايانىغا ئاساسلانغاندا، كانگىيەلىكلەرمۇ كۆچمەن چارۋىچى بولۇپ، ئۆرپ ـ ئادىتى ياۋچىلار بىلەن ئوخشايدىكەن. كانگىيەنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى تارىخى توغرۇلۇق جاڭ چيەن بىرنېمە دېمىگەن بولسىمۇ، لېكىن بىز تۇرلۇك پاكىتلارغا ئاساسەن كانگىيەلىكلەرنىڭ قەدىمدىن تارتىپلا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىي شىمالىدا ئولتۇرۇشلۇق ئىكەنلىكىنى، كېيىن ياۋچىلار

باكتېرىيەگە تاجاۋۇز قىلغان چاغدا كانگىيەلىكلەرنىڭمۇ جەنۇبقا، يەنى سوغدىياناغا تاجاۋۇز قىلغانلىقىغا ئىشىنىشكە ھەقلىقمىز. كانگىيە كېيىنكى دەۋرلەردىكى تارىختا مۇھىم ئورۇن تۇتىمۇ، لېكىن جاڭ چيەن بارغان چاغدا «جەنۇبتا ياۋچىلار زومىگەرلىك قىلىۋاتقان، شەرقتە ھۇنلار دەۋران سۈرۈۋاتقان» بولغاچقا، ئانچە قۇدرەتلىك ئەمەس ئىدى. بۇ چاغدا كانگىيە بىرلىككە كەلگەن دۆلەت بولسىمۇ، لېكىن كېيىن بەش بۆلەككە پارچىلىنىپ كەتكەن.

جاڭ چيەننىڭ قەدەم باسقان يېرى ياۋچىلار ۋە كانگىيە بىلەن چەكلەنسىمۇ، لېكىن ئۇ تېخىمۇ غەربتىكى دۆلەتلەر توغرىسىدا ئانچە - مۇنچە خەۋەرلەرنى ئاڭلىغان. ئۇنىڭ بىلگىنىگە قارىغاندا، كانگىيەنىڭ غەربىي شىمالىدا (يەنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي شىمالىنى كۆرسىتىدۇ) كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئانسالار، ياۋچىلارنىڭ غەربىدە (يەنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي جەنۇبى ۋە ئىران ئېگىزلىكىنىڭ غەربى) مۇقىم ئولتۇراقلاشقان ئارساكلار بار ئىدى. ئانسالار شۈبھىسىزكى، غەربنىڭ كلاسسىك ئاپتورلىرى تەرىپىدىن ئائورسلار دەپ ئاتالغان خەلقنىڭ دەل ئۆزى شۇ. بۇ ئائورسلار ماساگېتلارنىڭ ئەۋلادى ياكى ھېچبولمىغاندىمۇ ماساگېتلاردىن كېيىنكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي شىمالىنىڭ غوجايىنلىرىدۇر. ئارساكلار بولسا دەل پارفىيەلىكلەرنىڭ ئۆزى شۇ. چۈنكى «ئارساك» دېگەن سۆز قەدىمكى تەلەپپۇز بويىچە «Ansak» دېيىلىدۇ، يەنە كېلىپ پارفىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ قۇرغۇچىسىنىڭ ئىسمى «Arsak» بولۇپ، ئىككى سۆزنىڭ تېگى بىر.

بىز ھەر خىل پاكىتلارغا ئاساسەن شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، بۇ دەۋردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تەۋەسىدىكى بارلىق مۇھىم ئاھالىلەرنىڭ ھەممىسى «ئاق تەنلىك» ئىرقىغا ياكى كاۋكاز ئىرقىغا، ئۇلارنىڭ تىلى ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىغا، بولۇپمۇ ئىران تىل تۈركۈمىگە تەۋە بولغان. جۇڭگونىڭ تارىخىي

ئەسەرلىرىدىمۇ بۇ توغرىدا ئانچە - مۇنچە پاكىتلار بار. ئۇلاردا: «پەرغانىنىڭ غەربىدىن ئارساكقىچە بولغان ئەللەرنىڭ تىلى سەل پەرقلەنسىمۇ، لېكىن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشايدۇ، بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئورا كۆز، بۇرۇت - ساقاللىق كېلىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ئاھالىلەر توغرىسىدا جاڭ چيەن بىرنېمە دېمىگەن بولسىمۇ، لېكىن بىز باشقا ماتېرىياللاردىن بۇ يەردە خاكاسلار، يەنى قىرغىزلار بىلەن سىرلىق دىڭلىڭلارنىڭ ئولتۇرۇشلۇق ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ ھۇنلارغا قارام ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز ㊾.

ئەمدى يەنە ھۇنلار بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتىگە قاراپ باقايلى. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 138 - يىلى خەن ۋۇدى جاڭ چيەننى غەربكە تۇنجى قېتىم ئەۋەتىپ، ياۋچىلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشنى ئويلاش بىلەن بىللە ھۇنلارغا قۇدىلىشىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، چېگرا بازىرى ئېچىپ، سوۋغا - سالام ئەۋەتىپ تۇردى. بەش يىلدىن كېيىن (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 133 - يىلى) جاڭ چيەندىن ھېچقانداق ئۇچۇر كەلمىگەچكە (بۇ چاغدا جاڭ چيەن ھۇنلارنىڭ قولىدا نەزەربەنتتە ئىدى)، خەن ۋۇدى ئامالسىز ئۆز ئالدىغا ھەرىكەت قىلىشقا مەجبۇر بولدى ۋە مايىغا پىستىرما قۇرۇپ ھۇنلارنىڭ كۈنچېن تەڭرىقۇتنى ئالداپ جايلىماقچى بولدى، كۈتمىگەندە ئىش ئاشكارىلىنىپ قېلىپ ھۇنلار چېكىنىپ كەتتى، شۇنىڭدىن كېيىن ئىككى دۆلەت ئادا - جۇدا بولۇپ، ئۇزۇن مەزگىللىك ئۇرۇشلارنى ئېلىپ باردى. لېكىن بىر مەھەل ئىككىلا تەرەپ ھەل قىلغۇچ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرەلمىدى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، خەن سۇلالىسى غەرب تەرەپتە نۇسرەت قازانغان بولسا، ھۇنلار شەرق تەرەپتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. غەرب تەرەپتە، خەن سۇلالىسى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 127 - يىلى خېتاۋ رايونىدىكى ئوردۇسنى ئىگىلەپ، چىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى كونا چېگرانى ئەسلىگە كەلتۈردى، لېكىن شەرق

تەرەپتە بولسا، شۇ يىلى خەن سۇلالىسى هازىرقى سەنشى ۋە خېبېينىڭ شىمالىنى هۇنلارغا تاشلاپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 123 ـ يىلى هۇنلار پايتەختى ۋە ھەربىي ئىشلار قوماندانلىق مەركىزىنى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئورخۇن ياكى سېلىنگا دەرياسىنىڭ ۋادىسىدىكى مەلۇم بىر جايغا يۆتكەپ كەتتى، بۇ يەر بەلكىم هازىرقى ئۇلانباتورنىڭ يېقىن ئەتراپىدا، يەنى كېيىنكى موڭغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ باش كۆتۈرگەن يېرىدە بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن بۇرۇن هۇنلارنىڭ هۆكۈمرانلىق مەركىزى ئىچكى موڭغۇلىيەدە بولۇپ، خەن سۇلالىسى زېمىنى بىلەن تۇتىشىپ تۇراتتى. گەرچە بۇ قېتىمقى شىمالغا كۆچۈشنى خەن سۇلالىسى قوشۇننى ئالداپ چۆللۈكتىن ئۆتكۈزۈپ، ئاندىن ئۇلارنىڭ هېرىپ ـ چارچىغان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ زەربە بېرىشكە ئۇرۇنۇش دەپ ئېيتساقمۇ، قانداقلا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ هۇنلارنىڭ ئاجىزلاشقانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىدى، چۈنكى ئۇلار ئەمدى هۇجۇم قىلىشتىن مۇداپىئە كۆرۈشكە ئۆتكەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن هۇنلار بىلەن خەن سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى كۈچ تەڭپۇڭلۇقى پەيدىنپەي بۇزۇلدى [50].

ئالدى بىلەن هۇنلارنىڭ ئاخىرقى ئۇلۇغ تەڭرىقۇتى كۈنچىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 126 ـ يىلى ئۆلۈپ، ئىنىسى سول قول خان ئىچىغسە ئۆزىنى تەڭرىقۇت دەپ ئېلان قىلىپ، كۈنچىننىڭ ئوغلى ۋەلىئەھد ئۇتاننى مەغلۇپ قىلدى. بۇ قېتىمقى سىياسىي ئۆزگىرىش هۇنلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا نۇرغۇن مالىمانچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. يەنە كېلىپ ئىچىغسە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى هۆكۈمدارلارنىڭ هەممىسى ئىقتىدارسىز ئىدى. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 140 ـ يىلىدىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 87 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا خەن سۇلالىسىگە پەقەت بىرلا پادىشاھ ـــ خەن ۋۇدى هۆكۈمرانلىق قىلغان بولسا، هۇنلاردا يەتتە تەڭرىقۇت ئالماشتى ـــ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كۈنچىن تەڭرىقۇتتىن باشقىلىرى ئالاهىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىمەيدۇ.

ھۇنلار بۇ يارامسىز تەڭرىقۇتلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا تۇرۇۋاتقان چاغدا، خەن سۇلالىسىدە يەنە نۇرغۇنلىغان داڭلىق سەركەردىلەر يېتىشىپ چىقتى، ئۇلاردىن ئەڭ مەشھۇرى ئىككى بولۇپ، بىرى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 124 ـ يىلىدىن كېيىن خەن سۇلالىسىنىڭ ئۇلۇغ سانغۇنى بولغان ۋېي چىڭ، يەنە بىرى بولسا ئۇنىڭ جىيەنى خو چۈبىڭ ئىدى. خو چۈبىڭ ئاتلىق ئوقيا ئېتىشقا ئىنتايىن ماھىر بولۇپ، تارىخىي ئەسەرلەردە: «ھېچقايسى سەركەردە ئاتلىق قوشۇن ئىشلىتىشتە خو چۈبىڭغا يەتمەيتتى، خو چۈبىڭ دۈشمەننىڭ ئىچىگە بۆسۈپ كىرىشكە ناھايىتى جۈرئەتلىك ئىدى، دائىم دېگۈدەك قاۋۇل چەۋەندازلارنى باشلاپ چوڭ قوشۇنغا ھۇجۇم قىلاتتى ـ دە، باشقا سەركەردىلەرگە تۆھپە كۆرسىتىش پۇرسىتى بەرمەيتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭدىن خو چۈبىڭنىڭ مۇۋەپپەقىيەتىنىڭ ئاساسەن دېگۈدەك جوڭگونىڭ بۇرۇنقى ئۇرۇش قىلىش ئىستراتېگىيەسىدىن تامامەن ۋاز كېچىپ، ھەرىكەتچان، تېز سۈرئەتلىك يېنىك چەۋەندازلارنى ھۇجۇمنىڭ ئاساسىي كۈچى قىلغانلىقىدىن كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بىز ئالدىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، چىن بەگلىكىنىڭ باشقا بەگلىكلەرنى (ھۇنلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) يېڭەلىشىدىكى سەۋەب ئاساسەن چىن قوشۇنىنىڭ تامامەن دېگۈدەك ئاتلىق قوشۇن ئىكەنلىكىدە ئىدى. چىن سۇلالىسى يوقالغاندىن كېيىن خەن سۇلالىسى قۇرۇلدى، ئەمما خەن سۇلالىسى چىن سۇلالىسىگە ئوخشاش تۇرانىئانلار ۋە ئىرانىئانلارنىڭ مەدەنىيەت تەسىرىنى تولۇق قوبۇل قىلمىغاچقا، ئاتلىق قوشۇنغا سەل قارىدى ھەم ئەسلىدىكى كالامپاي ھارۋىلىق ۋە ئېغىر ساۋۇتلۇق پىيادە ئەسكەرلەرنى ئاساسىي كۈچ قىلدى. شۇڭا خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى پادىشاھلار ھۇنلارنىڭ ئوقياچى چەۋەندازلىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ بولدى. خوچۈبىڭ بولسا چەبدەس يېنىك ئاتلىق قوشۇن تەشكىللىدى، يېڭىدىن تەشكىللەنگەن بۇ قوراللىق كۈچ كېيىن بىرىپ

ھۇنلارنى مۇداپىئەدە تۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى. خەن سۇلالىسىنىڭ ھۇنەر ـ سەنئەت تېخنىكىسى تەرەققىي قىلغاچقا، ياسىغان قورالى ھۇنلارنىڭكىدىن ئىلغار ئىدى. ھۇنلار بۇرۇن ھەربىكەت تېزلىكى جەھەتتە خەن سۇلالىسىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بولسا، خەن سۇلالىسى ئەمدى بۇ جەھەتتىمۇ ھۇنلار بىلەن تەڭ تۇرالايدىغان بولدى.

مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 121 ـ يىلى خۇ چۈبىڭ ئۆزىنىڭ يېڭى تاكتىكىسىنى ئىشلىتىپ، ھۇنلارنى تۇنجى قېتىم زور مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى، بۇ قېتىمقى جەڭگاھ خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا، يەنى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ شەرقى بىلەن ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ غەربىدە ئىدى. بۇ يەر ئەسلىدە ئۇيسۇنلار ۋە ياۋچىلارغا تەۋە بولسىمۇ، لېكىن ھۇنلار تارتىۋېلىپ بىرقانچە ئۇششاق بەگلىكلەرنى قۇرغانىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۇھىمراقى شۇتۇق خان بىلەن قۇنشار خانىنىڭ ئۇلۇسى ئىدى. شۇ يىلى خۇ چۈبىڭ بۇ يەرگە ئىككى قېتىم ھۇجۇم قىلىپ، ھېسابسىز ئادەملەرنى ئۆلتۈردى ۋە ئەسىرگە ئالدى ھەم شۇتۇق خانىنىڭ تېۋىنىدىغان «ئالتۇن بۇت»ىنى قولغا چۈشۈردى. بۇ بىزنىڭ ھۇنلارنىڭ بۇتى بارلىقىنى تۇنجى قېتىم ئاڭلىشىمىز. نۇرغۇنلىغان ئالىملار بۇنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ ياكى ئوتتۇرا ئاسىيادىن ھۇنلارنىڭ غەربىگە تارقىلىپ كىرگەنلىكىگە ئىشىنىدۇ، چۈنكى بۇددا دىنى بۇ چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيادا تېز سۈرئەت بىلەن تارقىلىۋاتاتتى. دەرۋەقە بۇ جۇڭگولۇقلارنىڭ بۇددا دىنى بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچرىشىشى بولۇپ ھېسابلانسىمۇ، ئەمما جۇڭگودا تۇنجى بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ ياسىلىشى بۇنىڭدىن تەخمىنەن ئىككى ئەسىر كېيىنكى ئىش ئىدى [51].

شۇ يىلى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 121 ـ يىلى)نىڭ ئاخىرىدا، ھۇن تەڭرىقۇتى قۇنشارخان ۋە شۇتۇق خانىنىڭ مەغلۇپ بولۇپ، خەن سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ نەچچە تۈمەن ئادەمنى ئۆلتۈرگەنلىكى ۋە ئەسىر ئالغانلىقىدىن غەزەپلىنىپ، ئۇلارنى

ئوردىغا چاقىرتتى. قۇنشارخان بىلەن شۇتۇق خان قورقۇپ خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولماقچى بولدى، كېيىن شۇتۇق خان بۇ قىلمىشىدىن پۇشايمان قىلىپ قالغاندا قۇنشارخان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ، قول ئاستىدىكى تۆت تۈمەندىن ئارتۇق ئادىمى خەن سۇلالىسىگە ئەل بولدى. خەن سۇلالىسى ئۇلارغا كاتتا ئىنئام بېرىپ، ئۇلارنى خېتاۋنىڭ ئەتراپىغا كۆچۈرۈپ كەلدى [52].
شۇنىڭدىن باشلاپ شۇتۇق خان بىلەن قۇنشارخاننىڭ كونا يېرىدە ئادەم قالماي، بۇ يەرنى خەن سۇلالىسى ئىگىلىۋالدى. نەتىجىدە شىمالدىكى ھۇنلار بىلەن جەنۇبتىكى چياڭلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۈزۈلۈپ قالدى. تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، خەن سۇلالىسى بۇ ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە غەربتىكى باشقا ئەللەر بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەت ئورنىتالايدىغان بولدى. بۇ ۋاقىتتا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى شەھەر دۆلەتلىرى يەنىلا ھۇنلارغا قارام بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تىلى ۋە ئۆرپ - ئادىتى ھۇنلار بىلەن ئوخشىمىغاچقا، ھۇنلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن خەن سۇلالىسى پۇرسەتتىن تولۇق پايدىلىنىپ غەربتىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن بىۋاسىتە ئالاقىلەشتى، لېكىن خەن سۇلالىسى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يەنىلا پۈتۈن كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ شىمالدىكى ھۇنلارغا تاقابىل تۇرمىسا بولمايتتى.

مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 119 - يىلى خەن ۋۇدى ئىككى يول قوشۇن چىقىرىپ ھۇنلارغا جازا يۈرۈشى قىلدى. بىر يول قوشۇنغا خۇ چۈبىڭ قوماندانلىق قىلىپ ھۇن ئىمپېرىيەسىنىڭ شەرقىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئىككى مىڭ چاقىرىمدىن ئارتۇق ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ھۇنلارنىڭ يەتتە تۈمەندىن ئارتۇق ئادىمىنى ئۆلتۈردى ۋە ئەسىرگە ئالدى؛ يەنە بىر يول قوشۇنغا ئۇلۇغ سانغۇن ۋېي چىڭ شەخسەن ئۆزى قوماندانلىق قىلىپ بىۋاسىتە شىمالغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. ھۇن تەڭرىقۇتى سەرخىل قوشۇننى توپلاپ، چۆللۈكنىڭ شىمالىدا كۈتۈپ تۇردى. خەن

سۇلالىسى قوشۇنى چۆللۈكتىن ئۆتكەندىن كېيىن هۇن قوشۇنىنىڭ سەپ تۈزۈپ كۈتۈپ تۇرۇشقانلىقىنى كۆردى، ۋېي چىڭ جەڭ ھارۋىسى ئەترىتىنى ھالقىسىمان سەپ تۈزۈشكە بۇيرۇپ، بەش مىڭ چەۋەندازنى ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى، ھۇنلارمۇ ئون مىڭ چەۋەندازنى جەڭگە چىقاردى. كەچ كىرگەندە بوران چىقىپ (بۇ موڭغۇلىيەدە دائىم كۆرۈلىدىغان قۇم بوران) قۇملار ھەر تەرەپكە ئۇچۇپ، ئىككى قوشۇن بىر - بىرىنى كۆرەلمىدى، خەن قوشۇنى ئوڭ، سول ئىككى تەرەپتىن تەگرىقۇتنى مۇھاسىرىگە ئالدى، تەگرىقۇت خەن لەشكەرلىرىنىڭ كۆپلۈكىنى ۋە باتۇرلۇقىنى كۆرۈپ، غەلىبە قىلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئالتە خېچىر قوشۇلغان جەڭ ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ مۇھاسىرىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، غەربىي شىمالغا قېچىپ كەتتى، خەن قوشۇنى يېنىك چەۋەندازلارنى ئەۋەتىپ كېچىلەپ قوغلىغان بولسىمۇ تۇتالمىدى ⑬.

بۇ قېتىمقى «قۇملۇق ئۇرۇشى» ھۇنلارغا نىسبەتەن قاتتىق زەربە بولدى، شۇنىڭدىن كېيىنكى نۇرغۇن يىللاردا ھۇنلار پەقەت تاشقى موڭغۇلىيە دائىرىسىدە ھەرىكەت قىلىش بىلەن چەكلەندى، لېكىن كۈچى تولۇق يوقالمىدى. ئەمما خەن سۇلالىسىمۇ بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا زور چىقىم تارتتى، خەن قوشۇنى يۇرۇشكە ئاتلانغاندا 140 مىڭ تۇياق ئېتى بولسىمۇ، قايتىپ كەلگەندە ئاران 30 مىڭ تۇياققىمۇ يەتمەيدىغان ئېتى قالدى، ئېتى ئاز بولغاچقا داۋاملىق يۇرۇش قىلالمىدى. ئۇرۇش ئاخىرلىشىپ ئىككى يىلدىن كېيىن، يەنى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 117 - يىلى خو چۈبىڭ كېسەل بولۇپ ئۆلدى. بۇ ياش قوماندانىنىڭ قەبرىسى ئالدىغا جۇڭگولۇقلار ئات دەسسەپ تۇرغان بىر ھۇنىنىڭ ھەيكىلىنى قاتۇرۇشتى. بۇ ھەيكەل نۇرغۇن ئەسىر يوقاپ كەتكەندى، يېقىندا فىرانسىيە ئارخېئولوگلىرى تەرىپىدىن بايقالدى، بۇ ھازىر جۇڭگودىكى ئات ھەيكەللىرى ئىچىدىكى ئەڭ قەدىمىيسىدۇر ⑭.

شۇنىڭدىن كېيىنكى تەخمىنەن 20 يىل جەريانىدا ھۇنلار بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتىدە ئانچە چوڭ ئۆزگىرىش بولمىدى. لېكىن، خەن ۋۇدى باشقا تەرەپلەردە زور ئىلگىرىلەشكە ئېرىشتى. ئۇ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 111 ـ يىلى جەنۇبىي يۆلەر (ئۇلارنىڭ تېررىتورىيەسى ھازىرقى گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى ئىدى) نى يوقاتتى. ئارقىدىنلا (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 110 ـــ 109 ـ يىللىرى) شەرقىي جەنۇبتىكى شەرقىي يۆلەر (ھازىرقى فۇجيەن تەۋەسىدە) ۋە غەربىي جەنۇبتىكى يۇننەن خانى (ھازىرقى يۇننەندە) خەن سۇلالىسىگە ئەل بولدى. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 108 ـ يىلى خەن سۇلالىسى يەنە چاۋشيەن پادىشاھلىقىنى بويسۇندۇردى، بۇ پادىشاھلىقنىڭ زېمىنى تەخمىنەن ھازىرقى چاۋشيەننىڭ غەربىي شىمالى ۋە مانجۇرىيەنىڭ شەرقىي جەنۇبىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇ رايون كېيىن يەنە جۇڭگودىن ئايرىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگونىڭ تەسىرى بۇ رايوندا ئۇزاققىچە ساقلىنىپ كەلدى. چاۋشيەننىڭ ئاھالىسى كۆچمەن چارۋىچى ھۇنلارغا ئوخشىمايدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى مۇقىم ئولتۇراقلاشقان بولغاچقا، جۇڭگو مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشنى خالايتتى. چاۋشيەننى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن خەن سۇلالىسىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئورنى زور دەرىجىدە كۈچىيىپ، ھۇنلارغا شەرق تەرەپتىنمۇ ھۇجۇم قىلالايدىغان بولدى ⑮.

تېخىمۇ مۇھىمى، بۇ چاغدا ھۇنلارنىڭ غەرب تەرىپىدە، ئېنىقراق ئېيتقاندا جۇڭغارىيە، جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تەۋەسىدە خەن سۇلالىسىنىڭ كۈچى ۋە ئابرۇيىمۇ زور دەرىجىدە ئاشتى.

خەن سۇلالىسىنىڭ غەربكە تەسىر كۈچىنى كېڭەيتىشتىكى بىرىنچى نىشانى جۇڭغارىيەنىڭ جەنۇبىدا تۇرۇشلۇق ئۇيسۇنلار ئىدى. خەن ۋۇدى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 115 ـ يىلى جاڭ چيەننى يەنە بىر قېتىم غەربكە سەپەر قىلىشقا ئەۋەتتى، ئۇ ئۇيسۇنلارنى زىيارەت قىلدى (كېيىن جاڭ چيەن يەنە ياردەمچى ئەلچىلەرنى

ھىندىستان، باكتىرىيە، پارفىيە، ياۋچىلار ۋە باشقا قوشنا دۆلەتلەرگە ئەۋەتتى). مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 105 ـ يىلىغا كەلگەندە خەن سۇلالىسى ئوردىسى جىياڭدۇ بېگى لىيۇجيەننىڭ قىزى شىجۈننى مەلىكە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ ئۇيسۇنلار كۈن بېگىگە ياتلىق قىلىپ، مول سوۋغا ـ سالام تەقدىم قىلدى. كۈن بەگ قېرى بولغاچقا ھەم تىل ئۇقمىغاچقا، مەلىكە كۈنبويى غەمگە چۆكۈپ:

ئۇزاتتى يىراققا مېنى تۇغقانلار،
ياتلىق قىلىشىپ ئۇيسۇن خانىغا.
ئۆيلىرى يۇمىلاق كىگىز ئوتاۋكەن،
ئۇلارغا گۆش ـ قېتىق تائام ـ ئوزۇقكەن.
ئۆرلەيدۇ پىغانىم يۇرتنى ئەسلىسەم،
قۇش بولۇپ يۇرتۇمغا ئۇچۇپلا كەتسەم.

دەپ شېئىر يازدى. خەن پادىشاھى بۇنى ئۇققاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ناھايىتى ئىچ ئاغرىتتى. شۇنىڭدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇيسۇن كۈن بېگى ياشىنىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئورنىنى نەۋرىسىگە ئۆتۈنۈپ بەردى ۋە مەلىكىنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلدى. مەلىكە ناھايىتى قورقۇپ خەن پادىشاھىغا مەكتۇپ يوللاپ ئەرزىنى بايان قىلغاندا، پادىشاھ ئۇنىڭغا ئۇيسۇنلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىگە بويسۇنۇپ كۈن بەگنىڭ نەۋرىسىگە ياتلىق بولۇش، بۇ ئارقىلىق ئۇيسۇنلارنىڭ خەن سۇلالىسى بىلەن بىرلىشىپ ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە پەرمان چۈشۈردى. مەلىكە پەرمان بويىچە ئىش قىلىپ بىر قىز تۇغقاندىن كېيىن ئۆلۈپ كەتتى. خەن سۇلالىسى ئوردىسى يەنە بىر مەلىكىنى (چۇ بېگى لىيۇۋۇنىڭ نەۋرە قىزى جيېيۇ) ئۇيسۇنلارغا ياتلىق قىلدى. بۇ يېڭى مەلىكە ناھايىتى ئۇزۇن ياشاپ، ئۇيسۇنلارنىڭ بىرنەچچە كۈن بېگىگە ياتلىق بولۇپ، بىرمۇنچە

بالا تۇغدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە خېلى كۆپى مەركىزىي ئاسىيانىڭ كېيىنكىرەك تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ خىل قۇدىلىشىش نەتىجىسىدە، خەن سۇلالىسىنىڭ ئۇيسۇنلار ئارىسىدىكى تەسىر كۈچى بارغانسېرى زورايدى. ئەمما ئۇيسۇنلارنىڭ زېمىنىنى خەن سۇلالىسى قوشۇۋالالمىدى ⑯.

خەن سۇلالىسى ئۇيسۇنلارنىڭ جەنۇبىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپتىمۇ جانلىق پائالىيەت قىلدى. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 111 ـ يىلى خەن سۇلالىسى لوپنۇرنىڭ شەرقىدە، يەنى ھۇنلارنىڭ شۇتۇق خان ۋە قۇنشار خانىنىڭ بۇرۇنقى يېرىدە تۆت ئايماق تەسىس قىلىپ، جۇڭگودىن ئاھالىلەرنى كۆچۈرۈپ كەلدى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى دۇنخۇاڭ ئايمىقى غەربكە ئىلگىرىلەشنىڭ بازىسى ئىدى ⑰. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دۇنخۇاڭ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك خىزمەتلەردىن بىز قەدىمكى زاماندا غەربىي يۇرتنى باشقۇرغان جۇڭگولۇق ئەمەلدارلارنىڭ تۇرمۇشى ھەققىدە بەزى نەرسىلەرنى بايقىدۇق. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇن نەرسىلەر بىز مۇھاكىمە قىلىۋاتقان بۇ دەۋردىن كېيىنكى دەۋرلەرگە تەئەللۇق. خەن سۇلالىسى دۇنخۇاڭنى تايانچ بازا قىلىپ نۇرغۇن ئەلچىلەرنى غەربىي يۇرتقا ئەۋەتتى. بەزى يىللىرى كۆپ بولغاندا ئوننەچچە قېتىم ئەلچى چىقاردى. ئۇلار ياكى كىروران (لوپنۇرنىڭ ئەتراپىدا) ئارقىلىق، ياكى قوش (هازىرقى تۇرپان) ئارقىلىق ماڭاتتى. بۇ چاغدا بۇ ئىككى ئەلنىڭ ھۆكۈمرانلىرى يەنىلا ھۇنلارنىڭ كونتروللۇقىدا بولۇپ، دائىم ھۇنلار ئۈچۈن كۆز ـ قۇلاق بولۇپ، خەن ئەلچىلىرىگە ھۇجۇم قىلاتتى. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 108 ـ يىلى خەن سۇلالىسى غەربكە يۈرۈش قىلىشقا قوشۇن ئەۋەتىپ، كىروران خانىنى ئەسىرگە ئېلىپ، قوشنىڭ قوشۇنىنى تارمار قىلدى. كىروران خانى گەرچە خەن سۇلالىسىگە ئەل بولۇپ ئولپان تاپشۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ھۇنلار بىلەن بولغان ئالاقىسىنى تولۇق ئۈزمىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن، بىر ئوغلىنى خەن

سۇلالىسىگە تۇرغاقلىققا ئەۋەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن، يەنە بىر ئوغلىنى ھۇنلارغا تۇرغاقلىققا ئەۋەتتى. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، خەن سۇلالىسىنىڭ غەرب تەرەپتىكى ئابرۇيى بۇ ئىككى قېتىملىق جەڭ ئارقىلىق تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى [58].

مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 104 — 102 - يىللار ئارىلىقىدا، خەن سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى لى گۇاڭلى پەرغانىگە يۈرۈش قىلىپ غەلىبە قىلدى، پەرغانە خانى ئۆلتۈرۈلۈپ، پەرغانىدىكى جۇڭگوپەرەس بىر ئاقسۆڭەك خانلىققا تىكلەندى. لى گۇاڭلى پەرغانىنىڭ دۆلدۈللىرىغا ئېرىشىپ قايتىپ كەلدى [59]. خەن سۇلالىسى پەرغانىدىكى غەلىبىسى ئارقىلىق غەربىي يۇرتتىكى ئۇششاق دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ئىناۋىتىنى تېخىمۇ ئۆستۈردى. بارلىق دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرى دىگۇدەك پەرزەنتلىرىنى خەن سۇلالىسىگە تۇرغاقلىققا ئەۋەتىپ، ئولپان تاپشۇردى. شۇنداق قىلىپ خەن سۇلالىسى ئۆزىنىڭ غەربتىكى ئورنىنى مۇستەھكەملەپ، دۇنخۇاڭ بىلەن لوپنۇر ئارىلىقىدا نۇرغۇنلىغان ھەربىي «تۇر»لارنى ياساتتى ھەم جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ شىمالىنىڭ مەركىزىدە، يەنى بۇگۇر، چېدىر قاتارلىق جايلاردا نەچچە يۈزلىگەن قوراللىق كۆچمەنلەرنى تۇرغۇزۇپ بوز يەر ئاچقۇزدى، ئۇلارغا چېرىكچى بەگ رەھبەرلىك قىلدى [60].

## (4) ھۇن ئىمپېرىيەسىنىڭ ئاجىزلىشىشى

مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 100 - يىلى خەن ۋۇدىنىڭ ئابرۇيى ئىنتايىن ئاشتى. خەن سۇلالىسىنىڭ پەرغانىنى بويسۇندۇرۇشى ھۇنلارنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. بۇ چاغدا ۋېيى لۇ ھۇنلاردا چوڭ ھوقۇقنى تۇتۇپ تۇرۇۋاتقانىدى. ھۇن تەڭرىقۇتى ۋېيى لۇنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 101 - يىلى خەن سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ يارىشىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ خېتىدە ناھايىتى كىچىك پېئىللىق بىلەن «مەن قانداقمۇ خەن

خانى بىلەن تەڭ تۇرالايمەن» دېگەنىدى. شۇڭا ھەممە ئىشلار ئوڭۇشلۇق بولدى. كېيىنكى يىلى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 100 - يىلى) خەن سۇلالىسىمۇ ئەمىر نۆكەر سۇ ۋۇ ئارقىلىق تەڭرىقۇتقا مول سوۋغا - سالام ئەۋەتتى. ئەمما سۇ ۋۇ ھۇنلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا يۈز بەرگەن ئاسىيلىق قىلمىشىغا چېتىلىپ قالغاچقا، ھۇنلار سۇ ۋۇنى تۇتۇپ قېلىپ، شىمالىي دېڭىز (بايقال كۆلى) بويىدىكى ئادەمسىز جايغا سۈرگۈن قىلىۋەتتى. بىراق، سۇ ۋۇ باشتىن - ئاخىر ئەل بولمىدى ⑥①. شۇنىڭدىن باشلاپ ھۇنلار بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ ئارىسى يەنە بۇزۇلۇپ ئۆزئارا ئۇرۇش باشلاندى، 14 يىلدىن كېيىن خەن ۋۇدى ئۆلگەن چاغدىمۇ ئۇرۇش يەنىلا توختىمىدى.

لېكىن بۇ يېڭى ئۇرۇشلارنىڭ خەن سۇلالىسىگە ھېچقانداق پايدىسى بولمىدى، بەلكى خەن سۇلالىسى ئىككى مەشھۇر سەركەردىسىدىن ئايرىلىپ قالدى. ئۇنىڭ بىرسى لى لىڭ بولۇپ، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 99 - يىلى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ ھۇنلارغا ئەل بولدى ⑥②؛ يەنە بىرسى لى گۇاڭلى بولۇپ، ئۇمۇ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 90 - يىلى ھۇنلارغا تەسلىم بولدى، تەڭرىقۇت ئۇنىڭ خەن سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر سەركەردىسى ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، ئۇنىڭغا قىزىنى بېرىپ ئەتىۋارلاپ، ۋېي لۈدىنمۇ يۇقىرى ئورۇنغا قويدى ⑥③. شۇڭا خەن ۋۇدى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 87 - يىلى ئۆلگەن چاغدا ھۇنلارنىڭ ھەيۋىسى يەنە كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. بۇ چاغدا گەرچە خەن سۇلالىسى شەرقتە مانجۇرىيەنىڭ جەنۇبىي قىسمىنى، غەربتە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسمىنى كونترول قىلىش ھوقۇقىنى تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن بىرنەچچە قېتىملىق ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغانلىقتىن، ھۇنلار مەركىزىي ئاسىيادا يەنە بۇرۇنقى ھەيۋىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالدى. تارىخىي ئەسەرلەردە ئېنىق قەيت قىلىنمىسىمۇ، ئەينى چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى ئەللەر ھۇنلار بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىلىرىگە قارىتا

ئالدىنقىسىنى ھۆرمەتلەپ، كېيىنكىسىگە پەرۋا قىلمىغان. يەنى، «ئۇيسۇننىڭ غەربىدىن ئارساكقىچە بولغان ئەللەرنىڭ ھەممىسى ھۇنپەرەس بولۇپ ... ھۇن ئەلچىلىرى تەڭرىقۇتنىڭ خېتىنى كۆتۈرۈپ بارسىلا، ئۇلارغا ئوزۇق ــ تۈلۈك بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىشىنى ئاقسىتىشقا جۈرئەت قىلالمىغان، خەن ئەلچىلىرى بارسا پۇل چىقارمىغۇچە ئوزۇق ــ تۈلۈككە ئېرىشەلمەيدىغان، بازاردىن سېتىۋالمىغۇچە مىنگۈدەك ئات ــ ئۇلاغ تاپالمايدىغان بولۇپ قالغان» [64].

لېكىن ھۇن ئىمپېرىيەسىنىڭ رەسمىي تۈردە ئاجىزلىشىشى خەن ۋۇدىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن باشلاندى. تارىخىي ئەسەرلەردە خاتىرىلىنىشىچە، لى گۇاڭلى ھۇنلارغا تەسلىم بولۇپ بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتكەندە، ۋېي لۈ ئۇنىڭ ئەتىۋارلىنىپ كېتىشىنى كۆرەلمەي، تۆھمەت چاپلاپ ئۇنى ئۆلتۈرگۈزۈۋەتكەن، لى گۇاڭلى ئۆلگەندىن كېيىن ھۇنلاردا «ئۇدا نەچچە ئاي قار ــ يامغۇر يېغىپ، چارۋىلار قىرىلىپ، ئادەملەردە كېسەل تارقالغان». ئەينى چاغدىكى كىشىلەر بۇنى لى گۇاڭلىنىڭ ئەرۋاھى كەلتۈرۈپ چىقارغان دەپ قاراشقان بولسىمۇ، بىز دەك ھازىرقى زامان كىشىلىرى چارۋا ۋە ئادەملەرنىڭ بۇنداق كۆپلەپ ئۆلۈپ كېتىشىنى ھۇنلارنىڭ 50 يىلدىن بۇيان خەن سۇلالىسى بىلەن توختىماي ئۇرۇش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى دەپ چۈشەندۈرىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 85 ــ يىلى ھۇنلاردا يەنە تەڭرىقۇتلۇق تەختىنى تالىشىش كۈرىشى يۈز بەرگەچكە ئەل قالايمىقانلىشىپ كەتتى، شۇڭلاشقا ھۇنلار خەن سۇلالىسى بىلەن يارىشىپ قېلىش ئۈچۈن، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 81 ــ يىلى سۇ ۋۇنى قويۇۋېتىپ خەن سۇلالىسىگە قايتۇردى [65]. لېكىن، خەن سۇلالىسىدىكىلەر بۇ ئىشقا سوغۇق پوزىتسىيە تۇتقاچقا، كېيىنكى يىلى ھۇنلار يەنە خەن سۇلالىسىنىڭ شىمالىي چېگراسىغا باستۇرۇپ باردى، ئەمما غەلىبە قىلالمىدى، شۇنىڭ بىلەن خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلارنىڭ مۇناسىۋىتى يەنە قاتمال

ھالغا چۈشۈپ قالدى.

دەل مۇشۇ چاغدا ھۇنلار پەيدىنپەي غەربكە كۆچۈشكە باشلىدى، بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈش ئانچە تەس ئەمەس. چۈنكى، ھۇنلارنىڭ زېمىنىنىڭ شىمالىدا قويۇق ئورمانلىق بىلەن قاپلانغان سىبىرىيە، جەنۇبىدا بولسا قۇدرەتلىك خەن سۇلالىسى بولغاچقا، ھۇنلار سىرتقا كېڭەيمەكچى بولسا، پەقەت شەرقتىكى مانجۇرىيە ياكى غەربتىكى ئوتتۇرا ئاسىياغىلا بارالايتتى. ھۇنلارنىڭ شەرققە كۆچمەي غەربكە كۆچۈشى بەلكىم بۇ چاغدا ئوغانلار ۋە سىيانپىلارنىڭ تەدرىجىي كۈچىيىپ كەتكەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. ئوغانلار ۋە سىيانپىلار بۇرۇن ھۇنلار تەرىپىدىن تارمار قىلىنغان شەرقىي غۇزلارنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، ئۇلار ھۇنلار خەن سۇلالىسى بىلەن ئۇرۇش قىلىش ھەلەكچىلىكىدە قالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مۇستەقىل بولۇۋالغان ھەم ھۇنلارنىڭ تېررىتورىيەسىنىڭ شەرقىگە ھۇجۇم قىلىشقا باشلىغانىدى. مەسىلەن، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 78 ـ يىلى ئوغانلار ھۇنلارنىڭ زېمىنىغا بېسىپ كىرىپ، ھۇن تەڭرىقۇتىنىڭ قەبرىگاھىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغانىدى ⑯.

ھۇنلار غەربكە يۆتكىلىش نەتىجىسىدە جۇڭغارىيەگە كىرىپ، ئۇيسۇنلار بىلەن توقۇنۇشۇپ قالدى. ئۇيسۇنلار نەچچە قېتىم مەكتۇپ يوللاپ خەن سۇلالىسىدىن ياردەم تەلەپ قىلدى، شۇ سەۋەبتىن خەن سۇلالىسى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 72 ـ يىلى زور قوشۇن چىقىرىپ ھۇنلارغا جازا يۈرۈشى قىلدى، بۇ لى گۇاڭلى ھۇنلارغا تەسلىم بولغان 18 يىلدىن بۇيان خەن سۇلالىسىنىڭ تۇنجى قېتىم ھۇنلارغا كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغىشى ئىدى. خەن سۇلالىسى جەمئىي 160 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى بەش يولغا بۆلۈپ ھۇجۇمغا ئاتلاندۇردى ۋە چاڭ خۇينى ئۇيسۇنلار بىلەن ئالاقە قىلىشقا ئەۋەتتى. كېيىنكى يىلى ھۇنلار ئۇيسۇنلار بىلەن خەن سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ قىسىپ زەربە بېرىشى ئارقىسىدا

مەغلۇپ بولدى. ھۇن تەڭرىقۇتى ئۇيسۇنلاردىن ناھايىتى غەزەپلىنىپ، شۇ يىلى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 71 ـ يىلى) قىشتا يەنە قوشۇن باشلاپ ئالتاي تېغىدىن ئۆتۈپ جۇڭغارىيەگە بېسىپ كىرىپ ئۇيسۇنلارغا ھۇجۇم قىلدى، دەسلەپتە ئازراق غەلىبىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن قايتىشىدا چوڭ قارغا دۇچ كېلىپ ئەسكەر ۋە ئاتلىرىنىڭ كۆپ قىسمى توڭلاپ ئۆلدى، پەقەت ئوندىن بىر قىسمىلا ئامان ـ ئېسەن قايتالىدى. بۇ خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن، ھەرقايسى جايلاردىكى ھۇنلار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان خەلقلەر بەس ـ بەس بىلەن قىساس ئېلىشقا كىرىشتى، دىڭلىڭلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھۇنلارنىڭ شىمالىدىن ھۇجۇم قىلسا، ئوغانلار شەرقتىن ھۇجۇم قىلدى، ئۇيسۇنلار بولسا غەربتىن بېسىپ كەلدى. جەنۇبتىكى خەن سۇلالىسىمۇ قوشۇن تارتىپ ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ نەچچە مىڭ ئادەمنى ئۆلتۈردى. بۇ چاغدا پۈتكۈل ھۇنلار زېمىنىدا قەھەتچىلىك بولۇپ، خەلقنىڭ 10دىن 3ى، چارۋىلارنىڭ 10دىن 5ى ئۆلۈپ، ئەلنىڭ كۈچى ئىنتايىن ئاجىزلىشىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن ھۇنلار قۇدرىتىنى ئارقىلىق دېمىنى ئېلىۋېلىشقا ئالدىراشقا باشلىدى ⑰.

لېكىن ھۇنلار سىرتقى ئاپەتتىن ئەمدىلا قۇتۇلۇپ تۇرغاندا، ئىچكى قىسمىدا يەنە مالىمانچىلىق كۆتۈرۈلدى. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 58 ـ يىلى قوغۇشار تەڭرىقۇت تەختكە چىققاندا، بەش تەڭرىقۇتنىڭ تەخت تالىشىش ۋەقەسى يۈز بېرىپ، ئۇلار ئۆزئارا قانلىق جەڭلەرنى قىلىشتى. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 54 ـ يىلىغا كەلگەندە پەيدىنپەي قوغۇشار ۋە قۇتىئۇشتىن ئىبارەت ئىككى تەڭرىقۇتنىڭ تىركىشىپ تۇرۇش ۋەزىيىتى شەكىللەندى، شۇنىڭ بىلەن ھۇنلار جەنۇب ۋە شىمالدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا پارچىلىنىپ كەتتى، قوغۇشار جەنۇبقا (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلىيە)، قۇتىئۇش بولسا شىمالغا (كېيىنكى تاشقى موڭغۇلىيە) ئورۇنلاشتى. كېيىنكى يىلى قوغۇشار تەڭرىقۇت

ئاكسى قۇتىئۇش تەگرىقۇتنىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، خەن سۇلالىسىگە بەيئەت قىلدى ۋە مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 51 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئوردىغا كىرىپ خەن پادىشاھى بىلەن كۆرۈشتى ⑱.

مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 100 ــ 51 ـ يىللار ئارىلىقىدىكى مۇشۇ بىر مەزگىل ئىچىدە خەن سۇلالىسىمۇ غەربىي يۇرت تەرەپتە ناھايىتى ئاكتىپ ھەرىكەت قىلدى. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 77 ـ يىلى خەن سۇلالىسى ئەلچىسى پۇ جيېزى كىروران خانىنى ئۆلتۈردى، كىروران ئەسلىي ھۇنلار بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ ئارىلىقىدا بولۇپ، خەن سۇلالىسى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغاندىن كېيىن نامىنى پىشامشانغا ئۆزگەرتتى ھەم خەن لەشكەرلىرىنى ئۆز تەۋەسىدىكى مىرەن شەھىرىدە تۇرغۇزدى ⑲. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 71 ـ يىلى كۇسەنمۇ خەن سۇلالىسى ئەلچىسى چاڭ خۇي تەرىپىدىن تىنچىتىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي كۇسەن خانى ئۇيسۇن مەلىكىسىنى ئەمرىگە ئالدى، ئۇيسۇن مەلىكىسى خەن خاندانىنىڭ نەۋرە قىزى بولغاچقا، كۇسەن خانى خەن سۇلالىسىگە يېقىنلىشىشقا باشلىدى ۋە مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 65 ـ يىلى ئايالىنى ئېلىپ ئوردىغا بېرىپ خەن پادىشاھى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ ئىلتىپاتىغا سازاۋەر بولدى، دۆلىتىگە قايتقاندىن كېيىن خەن سۇلالىسىنى دوراپ ئوردىدا نۆكەر ـ ياساۋۇل تەيىنلەپ، يوللارغا جىسەكچى ـ كۆزەتچىلەرنى قويۇپ، ئوردىغا كىرىپ ـ چىقىشتا ھۆدەيچى تەسىس قىلىپ، دۇمباق ـ قوڭغۇراق چالغۇزۇپ، ھەممىدە خەن سۇلالىسىنىڭ يوسۇنى بويىچە ئىش كۆردى. شۇڭا قوشنا ئەللەردىكىلەر كۇلۇشۇپ «كۇسەن خانى ئېشەك دېسە ئېشەك ئەمەس، ئات دېسە ئات ئەمەس، بەئەينى خېچىرنىڭ ئۆزى بولۇپتۇ» دەپ زاڭلىق قىلىشقانىدى ⑳. بۇ چاغدا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى ساكارا ئۇلىنىڭ (يەركەننىڭ) كۇچى ھەممىدىن زور ئىدى، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 65 ـ يىلى ساكارائول باشقا ئەللەر بىلەن بىرلىشىپ خەن سۇلالىسىگە ئاسيىلىق قىلغاندا، خەن سۇلالىسى سەركەردىسى

فېلى فېڭشى تەرىپىدىن تىنجىتىلدى [71]. شۇنىڭ بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالى پۈتۈنلەي تىنجىتىلىپ، خەن سۇلالىسى ئارقىدىن قوشنى بويسۇندۇرۇشقا باشلىدى. قوش تۇرپان ئويمانلىقىغا جايلاشقان بولۇپ، خەن سۇلالىسى، ھۇنلار ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئارىلىقىدا بولغاچقا، ئورنى ئىنتايىن مۇھىم ئىدى، شۇڭا خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلار پۈتۈن كۈچى بىلەن بۇ رايوننى تالىشىپ، نەچچە ئون يىل جەريانىدا ھەر ئىككى تەرەپ بەزىدە يېڭىپ، بەزىدە يېڭىلىپ تۇرغانىدى. دەسلەپتە ھۇنلار باتىس خان تەسىس قىلىپ غەربىي يۇرتنى كونترول قىلغانىدى. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 60 ـ يىلى ھۇنلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا قالايمىقانچىلىق يۈز بەرگەندە، باتىس خان خەن سۇلالىسىگە ئەل بولدى، خەن سۇلالىسى سەركەردىسى جېڭ جى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قوشنى بويسۇندۇرۇپ، ئالدى ـ ئارقا قوش ئېلى ۋە تاغنىڭ شىمالىدىكى ئالتە خانلىقنى بۆلۈپ باشقۇردى. شۇنىڭ بىلەن خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرت قورۇقچى بېگى تەسىس قىلىپ، جېڭ جىنى قورۇقچى بەگلىككە تەيىنلەپ چېدىردا تۇرغۇزدى [72]. قورۇقچى بەگنىڭ تەسىس قىلىنىشى خەن سۇلالىسى بىلەن غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى يېڭى بىر باسقۇچقا كۆتۈردى، يەنى شۇنىڭدىن باشلاپ غەربىي يۇرت ئەمەلىيەتتە خەن سۇلالىسىنىڭ تېررىتورىيەسىگە قوشۇلدى.

ئەمما، مۇشۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ شىمالىدىكى ئۈيسۇنلاردا يەنە مالىمانچىلىق تۇغۇلدى. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 53 ـ يىلى ئۈيسۇنلارغا ياتلىق قىلىنغان خەن مەلىكىسى جيېيۇ ئېرى ـــ ئۈيسۇن كۈن بېگى (لەقىمى قۇتراش خان) بىلەن ئىناق ئۆتەلمىگەچكە، كۈن بەگ ۋېي خېيى، رېن چاڭ تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى، كېيىن ئۈيسۇنلار ئىككىگە بۆلۈنۈپ كېتىپ، چوڭ كۈن بەگ ئالتە تۇمەن تۈتۈندىن ئارتۇق ئائىلىگە، كىچىك كۈن بەگ بولسا تۆت تۇمەن تۈتۈندىن ئارتۇق ئائىلىگە

ئىگە بولدى. خەن سۇلالىسى ئۇيسۇنلارنىڭ ئىشىنى ھەل قىلىش جەريانىدا ئۆزىگە بەك باش ئاغرىقى تېپىۋالدى [73].

بۇ چاغدا شىمالدىكى چياڭلار شىمالنىڭ شەرقىدىن خەن سۇلالىسىنىڭ چېگرالىرىغا تاجاۋۇز قىلدى. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 63 - يىلى چياڭلار ھۇنلارنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن ئۇلار بىلەن بىرلىشىپ خەن سۇلالىسىگە تەھدىت سالدى. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 61 - يىلى خەن سۇلالىسى سەركەردىسى جاۋ چۇڭگو چياڭلارنى تارمار قىلىپ، چىڭخەينىڭ ئەتراپىدا بوز يەر ئۆزلەشتۈردى، كېيىنكى يىلى جىنچېڭ شەھىرىنى قۇرۇپ، ئەل بولغان چياڭلارنى ئورۇنلاشتۇردى [74].

## (5) ھۇنلارنىڭ خەن سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىشى

ھۇنلاردىن قوغۇشار تەڭرىقۇت خەن سۇلالىسىگە ئەل بولغاندىن كېيىن، ئۆز قوۋمىنى باشلاپ سەددىچىننىڭ ئەتراپىدا ئولتۇراقلاشتى. ئۇنىڭ ئاكىسى قۇتىئۇش تەڭرىقۇتمۇ بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئەنسىرەپ، ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇرۇپ، بىر ئوغلىنى تۇرغاقلىققا بەردى. خەن سۇلالىسى ئەلۋەتتە قوغۇشارنى يېقىن كۆرەتتى، بۇنىڭ بىلەن قۇتىئۇش غەربكە قاراپ كېڭىيىشنى ئويلىدى، ئۇ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 49 - يىلى ئاۋۋال موڭغۇلىيەنىڭ غەربىنى تىنچىتتى، ئارقىدىنلا ئۇيسۇنلارنى مەغلۇپ قىلىپ، ئوغۇزلار (ئۇيسۇنلارنىڭ شىمالىدا)، خاككاسلار (ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىي شىمالىدا)، دىڭلىڭلار (ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىي شىمالى، سىبىرىيەنىڭ غەربىي جەنۇبىدا) قاتارلىق ئۈچ ئەلنى قوشۇۋالدى ۋە بۇ رايونلارنى ئىمپېرىيەنىڭ مەركىزىي رايونى قىلىپ، ئوردىسىنى خاككاسلارنىڭ زېمىنىغا يۆتكەپ، شىمالىي موڭغۇلىيەدىن ۋاز كەچتى. ئۇيسۇنلار قۇتىئۇشنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن قۇتىئۇش ئۇلارنى قوشۇۋالالمىدى.

قۇتىبۇش غەربكە كۆچكەندىن كېيىن قوغۇشار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 43 ـ يىلى شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، شىمالىي موڭغۇلىيەنى ئىگىلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن قۇتىبۇش ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان شىمالىي ھۇنلار ئەمەلىيەتتە غەربىي ھۇنلار بولۇپ قالدى ھەم جۇڭغارىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا ئورۇنلاشتى. قوغۇشار ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان جەنۇبىي ھۇنلار بولسا شەرقىي ھۇنلار بولۇپ، پۈتكۈل موڭغۇلىيەگە جايلاشتى. بۇ ئۆزگىرىش دۇنيا تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇنىڭدىن بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىيا پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئىرانىيان خەلقلىرىنىڭ تەسىر دائىرىسىدە بولۇپ، تۇرانىئان خەلقلىرىنىڭ تەسىر دائىرىسى موڭغۇلىيە ۋە مانجۇرىيە بىلەنلا چەكلىنەتتى. قۇتىبۇش تەڭرىقۇت ئۆزىنىڭ يېڭى ھاكىمىيىتىنى ئوتتۇرا ئاسىيا تەۋەسىدە قۇرغاندىن باشلاپ، تۇرانىئان خەلقلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا بىر مۇقىم تايانچ بازىغا ئېرىشتى. كېيىن بارلىق ئىرانىيان خەلقلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىن قوغلاپ چىقىرىلىپ، تۇرانىئان خەلقلىرىدىن بولغان تۈركلەرنىڭ ئۇلارنىڭ ئورنىنى ئېلىشى مۇشۇ ۋاقىتتىن باشلاندى. يەنە كېلىپ بۇ چاغدا تۇرانىئانلار پەيدىنپەي كېيىنكى دەۋرلەردىكى رۇسىيە چېگراسىغا يېقىنلاشتى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ تۇرانىئانلارنى ئاساس قىلغان ئاسىيالىقلارنىڭ ياۋروپاغا تاجاۋۇز قىلىشىغا يول ئاچتى.

ئۇيسۇنلار ئەسلىدە خەن سۇلالىسىنىڭ ئىتتىپاقچىسى بولغاچقا، قۇتىبۇشنىڭ ئۇيسۇنلارغا تاجاۋۇز قىلىشى، ئەلۋەتتە خەن سۇلالىسىنىڭ غەزىپىنى قوزغايتتى. يەنە كېلىپ خەن سۇلالىسى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 44 ـ يىلى ئەلچى ئارقىلىق قۇتىبۇشنىڭ تۇرغاقلىقتا تۇرۇۋاتقان ئوغلىنى ئېلىپ قايتۇرغاندا، ئەلچى قۇتىبۇش تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى، شۇنىڭ بىلەن خەن سۇلالىسى بىلەن قۇتىبۇشنىڭ مۇناسىۋىتى يىرىكلىشىپ كەتتى ⑮. بۇ چاغدا ئىرانىيانلاردىن بولغان كۆچمەن

چارۋىچى كانگىيەلىكلەر ياكسارت دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى، يەنى ماۋرائۇننەھىرنىڭ كۆپ قىسىم زېمىنىغا ئىگىدارچىلىق قىلىپ تۇرۇۋاتقان بولۇپ، شەرقتە ئۇيسۇنلار بىلەن، شەرقىي شىمالدا خاككاسلار بىلەن تۇتىشىپ تۇراتتى، خاككاسلارنىڭ يېرىدە قۇتىئۇشىنىڭ ئوردىسى بار ئىدى. كانگىيە خانى نەچچە قېتىم ئۇيسۇنلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچرىغاچقا، قۇتىئۇشقا ئەلچى ئەۋەتىپ بىرلىشىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى، قۇتىئۇش بۇنىڭدىن ناھايىتى خوشال بولۇپ، شەخسەن ئۆزى كانگىيەگە باردى، كانگىيە خانى قىزىنى قۇتىئۇشقا بەردى، قۇتىئۇشمۇ قىزىنى كانگىيە خانىغا ياتلىق قىلدى. كانگىيەلىكلەر قۇتىئۇشقا زور ھۆرمەت كۆرسىتىپ، ئۇ ئارقىلىق ئەتراپتىكى ھەرقايسى ئەللەرگە ھەيۋە كۆرسەتمەكچى بولدى، قۇتىئۇش نەچچە قېتىم ئۇلاردىن قوشۇن ئارىيەت ئېلىپ ئۇيسۇنلارنىڭ پايتەختى قىزىل قورغان شەھىرىگىچە (ئورنى بەلكىم ياكسارت دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا، يەنى نارىن جىلغىسىدا بولۇشى مۇمكىن) باستۇرۇپ بېرىپ، خەلقنى قىرغىن قىلىپ، مال ـ چارۋىلارنى ھەيدەپ كەتتى، ئۇيسۇنلار قوغلاشقا جۈرئەت قىلالمىغاچقا، غەرب تەرىپى بوش قېلىپ، ئادىمىزاتسىز رايون بەش مىڭ چاقىرىمغا يەتتى. بۇ ۋاقىت قۇتىئۇشنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن مەزگىلى بولۇپ، ئۇ خەلقنى سەپەرۋەر قىلىپ كۈندە بەش يۈز ئادەمنى ئىشلىتىش ئارقىلىق ئىككى ئايدا شەھەر ياساپ پۈتكۈزۈپ بولدى. بۇ ھۇنلارنىڭ شەھەر سېلىپ ئولتۇراقلىششى توغرىسىدىكى بىز بىلىدىغان تۇنجى خاتىرە، بۇ يېڭى شەھەرنىڭ ئورنى ئېھتىمال ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى تالاس دەرياسىنىڭ ئەتراپىدا بولۇشى مۇمكىن [76]. قۇتىئۇش يەنە ئەلچى ئەۋەتىپ جەنۇبتىكى پەرغانە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئائۇرسلاردىن ھەر يىلى ئولپان تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى، بۇ ئىككى ئەل رەت قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قۇتىئۇش ياۋچىلار ۋە ئارساكقا ھۇجۇم

قىلىشنى پائال پىلانلىدى [77]. لېكىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 36 ـ يىلى قۇتىئۇش خەن سۇلالىسى سەركەردىلىرى گەن يەنشۇ ۋە چېن تاڭ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. تارىخىي ئەسەرلەردە ئېيتىلىشىچە، خەن قوشۇنى جەڭ قىلغان چاغدا داقا ـ دۇمباق ساداسى ئالەمنى بىر ئالغانىكەن. قەدىمكى زاماندىكى جۇڭگونىڭ ھەربىي قوشۇنى ئىچىدە ئوركېستىر ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان بولۇپ، كېيىنچە مەركىزىي ئاسىيا ئارقىلىق غەربتىكى ياۋروپاغا تارقالغان بولۇشى مۇمكىن. ئەسلىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۇرانىئان خەلقلىرى جۇڭگو بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرغانلىقتىن، ناھايىتى بۇرۇنلا ئوركېستىر تەشكىللەشنى بىلىۋالغان بولۇپ، ھازىرقى زاماندىكى ياۋروپا دۆلەتلىرىمۇ ھەربىي ئوركېستىر قۇرۇشنى ئوسمان تۈركلىرىدىن ئۆگىنىۋالغان. قۇتىئۇش ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن غەربىي ھۇن ھاكىمىيىتى يىمىرىلدى، ئۇنىڭ يەرلىرىنى قوغۇشار قوشۇۋالغان بولۇشىمۇ ياكى قۇتىئۇشنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى ۋەياكى ئەۋلادلىرى بۆلۈۋالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. بىزنىڭ بىلىشىمىزچە، قۇتىئۇشنىڭ خوتۇنى كۆپ بولغاچقا (جۇڭگونىڭ تارىخىي ئەسەرلىرىگە ئاساسلانغاندا، قۇتىئۇشنىڭ ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ ئون خوتۇنى بار ئىكەن)، پەرزەنتلىرىمۇ كۆپ بولۇشى چوقۇم. بەزى ئالىملار، مەسىلەن، ھېرد قاتارلىقلار كېيىن ياۋروپاغا بېسىپ كىرگەن ھۇنلارنىڭ رەھبىرى ئاتتىلا قۇتىئۇشنىڭ ئەۋلادى دېگەننى تەشەببۇس قىلىدۇ، بۇ گەرچە تېخى ئىسپاتلانمىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنداق مۇمكىنچىلىكمۇ يوق ئەمەس [78].

قۇتىئۇش ئۆلگەندىن كېيىن قوغۇشار خەن سۇلالىسىگە تېخىمۇ بەك يېقىنچىلىق قىلدى. ئۇ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 31 ـ يىلى ئۆلدى، شۇنىڭدىن كېيىنكى 76 يىل جەريانىدا (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 31 ـ يىلىدىن مىلادىيە 45 ـ يىلىغىچە) ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى تەخىرىقۇتلۇق تەختىدە نۆۋەت بىلەن ئولتۇردى. دەسلەپكى 40 يىل جەريانىدا ھۇنلار بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ

مۇناسىۋىتىدە ئانچە چوڭ ئۆزگىرىش بولمىدى، هۇنلار خەن سۇلالىسىگە ئەل بولغاندىن كېيىن خەن سۇلالىسىمۇ ئۇلارغا ئوبدان مۇئامىلە قىلدى ⑲.

مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 50 - يىلىدىن مىلادىيە 8 - يىلىغىچە بولغان بۇ بىر مەزگىلدە خەن سۇلالىسى هۇنلارنى بويسۇندۇرغانلىقتىن، غەربىي يۇرتنى كونترول قىلىش هوقۇقى زور دەرىجىدە كۈچەيدى. ئىپتىشلارغا قارىغاندا، ئەينى چاغدا غەربىي يۇرتتىكى هەرقايسى ئەل ئەمەلدارلىرى ئىچىدە خەن سۇلالىسى تەرىپىدىن تامغا - مۆھۈر ئىنئام قىلىنغانلار 376 ئادەمگە يەتكەن. پۈتكۈل غەربىي يۇرت تەۋەسىدە ئەسلىدە 36 ئەل بولۇپ، كېيىن 50 نەچچىگە كۆپەيگەن، ئەللەر قانچە بۆلۈنگەنسېرى خەن سۇلالىسىنىڭ هۆكۈمرانلىق قىلىشىغا شۇنچە پايدىلىق بولاتتى، ئەلۋەتتە ⑳.

جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ شىمالىدا ئۇيسۇنلار چوڭ كۈن بەگنىڭ ئۇلۇسى ۋە كىچىك كۈن بەگنىڭ ئۇلۇسى دەپ ئىككىگە پارچىلىنىپ كەتكەندىن كېيىن دائىم ئىچكى مالىمانچىلىق يۈز بېرىپ، خەن سۇلالىسى ناهايىتى زور ئاۋارىگەرچىلىك تارتتى. لېكىن ئۇيسۇنلارنىڭ تۇرۇۋاتقان ئورنى ناهايىتى مۇهىم بولغاچقا، خەن سۇلالىسىنىڭ ئۇلار بىلەن كارى بولمىسا بولمايتتى ㉑. كانگيىه خانىمۇ قۇتىئۇش ئۆلگەندىن كېيىنلا خەن سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئوليان تاپشۇرۇپ، ئوغلىنى تۇرغاقلىققا ئەۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا هاكاۋۇرلارچە پوزىتسىيە تۇتتى. خەن سۇلالىسىمۇ ئۇلار بىلەن يېقىندىن مۇناسىۋەت ئورناتقاچقا ۋە ئۇلار يىراقتا بولغاچقا، باشتىن - ئاخىر ئۇلارنى تىزگىنلىيەلمىدى.

بۇ دەۋردىكى ياۋچىلارنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا جۇڭگونىڭ تارىخىي ئەسەرلىرىدە مەلۇماتلار بەك ئاز، لېكىن بىز كېيىنكى دەۋرلەردە يۈز بەرگەن ئىشلاردىن تەخمىنلەش ئارقىلىق بۇ دەۋردە ياۋچىلارنىڭ پەيدىنپەي كۈچەيگەن چارۋىچىلىق ئادىتىنى تاشلاپ،

باكتىرىيە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردا ئولتۇراق تۇرمۇشقا كۆچۈپ، ھۆكۈمران سىنىپتىكى ئاقسۆڭەكلەردىن بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. بۇ دەۋردە ئۇلار تەدرىجىي كۆچمىسپ، ئاھالىسىمۇ پەيدىنپەي كۆپىيىپ، جۇڭگو بىلەن ئەلچى ئەۋەتىشىپ تۇرغان، ئۇزۇن ئۆتمەي دۇنيا تارىخىدا ئۆزىنىڭ كارامىتىنى كۆرسەتكەن.

خەن ۋۇدى ئۆز زامانىدا كەشمىر خانلىقىغا ئەلچى ئەۋەتكەنىدى. كەشمىر دەل ياۋچىلار تەرىپىدىن جۇڭغارىيەدىن قوغلاپ چىقىرىلغان ساكلار ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىدا قۇرغان خانلىق ئىدى. كەشمىر خانلىقى خەن سۇلالىسىدىن يىراقتا بولغاچقا، نەچچە قېتىم خەن ئەلچىلىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئىدى. لېكىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 25 ـ يىلى كەشمىر خانلىقى ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۆلپان تاپشۇرۇپ خەن سۇلالىسىدىن گۇناھىنى تىلىدى. خەن سۇلالىسىمۇ ئۆتكەن ئىشلارنى سۈرۈشتۈرمىدى، بۇ ئەلۋەتتە ئىككى تەرەپنىڭ ئارىلىقىنىڭ زىيادە يىراقلىقى، قاتناشنىڭ قىيىنلىقى، شۇنىڭ بىلەن بىللە خەن سۇلالىسىنىڭ تەدرىجىي ئاجىزلىشىپ، بۇرۇنقىدەك ئۇنداق چەكلىمىسىز ھالدا سىرتقا كېڭەيمىچىلىك قىلالمايدىغان بولۇپ قالغانلىقىدىن ئىدى [82].

بۇنىڭدىن باشقا، چاۋشيەننىڭ شىمالىدىكى گاۋگۇلىنىڭ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 37 ـ يىلى مۇستەقىللىققا ئېرىشىشىمۇ خەن سۇلالىسى ئۈچۈن بىر زىيان بولدى (گاۋگۇلى مىلادىيە 668 ـ يىلى يىمىرىلدى). يەنە غەربتىكى چياڭلارمۇ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 42 ـ يىلىلا خەن سۇلالىسىگە ئاسىيلىق قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا خەن سۇلالىسى سەركەردىسى فېڭ فېڭشى تەرىپىدىن تىنچىتىلدى [83].

ئىزاھات:

1. موڭغۇلىيەنىڭ قەدىمكى ئاھالىلىرى

بۇ چاغدىكى ۋەزىيەت توغرىسىدا «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار»نىڭ مۇقەددىمىسى ھەمدە 1 ـ جىلدىغا، تەپسىلىي مەلۇماتلار ئۈچۈن «تارىخىي خاتىرىلەر»گە، بولۇپمۇ 1 ـ جىلد «بەش چوڭ ئاقساقال تەزكىرىسى»، 2 ـ جىلد «شيا خانلىرى تەزكىرىسى»، 3 ـ جىلد «يىن خانلىرى تەزكىرىسى»، 4 ـ جىلد «جۇ خانلىرى تەزكىرىسى»، 39 ـ جىلد «جىن بېگى خانىدانى تەزكىرىسى» 43 ـ جىلد «جاۋ بېگى خانىدانى تەزكىرىسى» 44 ـ جىلد «ۋېي بېگى خانىدانى تەزكىرىسى»، 45 ـ جىلد «خەن بېگى خانىدانى تەزكىرىسى»، 46 ـ جىلد «يەن بېگى خانىدانى تەزكىرىسى»، 110 ـ جىلد «ھۇنلار تەزكىرىسى»، 123 ـ جىلد «پەرغانە تەزكىرىسى» گە قاراڭ. بۇلاردىن سىرت يەنە «زۇچيۇمىڭ تەپسىرى»، «پالنامە»، »نەسرنامە»، «نەزمىنامە»، «يۇسۇننامە» ۋە «مېڭزى» قاتارلىق ئەسەرلەرگە قاراڭ.

① ئەمما جۇڭگودا ئىشەنچلىك يىلنامە مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 841 ـ يىلى باشلانغان. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئىككى يىلنامە بولغان. بۇنىڭ بىرى، تارشا پۈتۈك يىلنامىسى، يەنە بىرى ئەنئەنىۋى يىلنامىدۇر. مەسىلەن، «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار» دېگەندەك. مەزكۇر كىتابتا كېيىنكى يىلنامە ئاساس قىلىندى. بىراق ئۇنىڭ توغرىلىقى ھەققىدە كۆپ گۇمان بار.

② «تارىخىي خاتىرىلەر» نىڭ 110 ـ جىلدىغا قاراڭ.

③ «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار» نىڭ مۇقەددىمىسىگە ۋە «تارىخىي خاتىرىلەر» نىڭ 1 ـ جىلدىغا قاراڭ.

④ «تارىخىي خاتىرىلەر» نىڭ 110 ـ جىلدىغا قاراڭ.

⑤ جۇلۇقلار ھەققىدە «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار» «تارىخىي خاتىرىلەر» نىڭ 4 ـ جىلدىغا قاراڭ. يەنە تۆۋەندىكى مەنبەگە قاراڭ:

R. Wihelm, Short History of Chinese Civilization, p. 98.

⑥ «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار»نىڭ مۇقەددىمىسىگە، بۇنىڭدىن سىرت «تارىخىي خاتىرىلەر» نىڭ 4 ـ، 110 ـ جىلدىغا قاراڭ.

⑦ «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار» نىڭ مۇقەددىمىسىگە يەنە «تارىخىي خاتىرىلەر» نىڭ 4 ـ، 110 ـ جىلدىغا قاراڭ. بۇنىڭدىن

سىرت تۆۋەندىكى مەنبەگە قاراڭ:

Weiger, Textes Historiques, p. 66.

⑧ شىمالدىكى بەدەۋىلەرنىڭ جوڭگوغا باستۇرۇپ كىرىشى جۇ مۇۋاڭ دەۋرىدىن باشلانغان دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ، بۇ ھەقتە «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار» نىڭ مۇقەددىمىسىگە، يەنە «تارىخىي خاتىرىلەر» نىڭ 4 ـ، 110 ـ جىلدىغا قاراڭ. جۇمۇۋاڭ غەربىي يۇرتقىچە كەلگەن دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ، بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى مەنبەگە قاراڭ:

F. Hirth, The Ancient History of China, pp. 145 ff.

⑨ «نەزمىنامە»گە قاراڭ.

⑩ «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار» نىڭ مۇقەددىمىسىگە «تارىخىي خاتىرىلەر» نىڭ 4 ـ، 11 ـ جىلدىغا قاراڭ.

⑪ «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار»نىڭ مۇقەددىمىسىگە ھەمدە «تارىخىي خاتىرىلەر» نىڭ 4 ـ جىلدىغا قاراڭ.

⑫ «تارىخىي خاتىرىلەر» نىڭ 110 ـ، 5 ـ، 39 ـ، 43 ـ، 44 ـ، 45 ـ، 34 ـ جىلدلىرىغا قاراڭ.

⑬ جۇڭگولۇقلارنىڭ شىمالدىكى بەدەۋىلەردىن موڭغۇل ئىرقىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى قوبۇل قىلغانلىقى توغرىسىدىكى قاراش ھەققىدە تۆۋەندىكى مەنبەگە قاراڭ:

H. J. Fleure, The Races of Mankind, P. 46.

سىبىرىيەنىڭ جەنۇبىدىكى قەدىمكى خەلقلەرنىڭ موڭغۇل ئىرقىغا كىرمەيدىغانلىقى توغرىسىدىكى قاراش ھەققىدە تۆۋەندىكى مەنبەگە قاراڭ:

A. h. Keane, Man, Past and Present, p. 270.

يەنە «يېڭى تاڭنامە» نىڭ 217 ـ جىلدىغا، شۇنداقلا تۆۋەندىكى مەنبەگە قاراڭ:

W. Schott, "Uber den Achten Kirgisen", Abhandlungen der koniglichen Preussischen Akadamie der Wissenschaft zu Berlin, 1864, pp. 429 ff.; W. Barthold, "Der Heutige Stand und die Nachsten Aufgaben der Geschichtlichen Forschungenderder Turk volker", Zeitschrift der Deutschen Morgenlandischen Gessellschaft, 1929, p. 126.

⑭ پىروفېسسور شمىسىنىڭ سۆزى ھەققىدە تۆۋەندىكى مەنبەگە قاراڭ:

Homan History,p. 131 ;Eickstedt,op. cit, PP. 169 ff.

ھۇنلارنىڭ قاڭشارلىق ۋە بۇرۇت ـ ساقاللىق ئىكەنلىكى ھەققىدە «جىننامە»نىڭ 107 ـ جىلدىغا ۋە مەزكۇر كىتابنىڭ قوشۇمچىسىغا قاراڭ.

⑮ كېيىنكى دەۋرلەردىكى ھۇنلاردا موڭغۇل ئىرقىنىڭ ئالاھىدىلىكىنىڭ كۆپلىكى توغرىسىدىكى قاراش ھەققىدە تۆۋەندىكى مەنبەگە قاراڭ:

Ammianus Marcellinus,op. cit, 2,1; L. Bartuc,Uber die Anthropologischen Ergebnisse der Ausgrabungen von Mononzentjanos.

⑯ ئورال ـ ئالتاي تىللىرى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

H. Winkler,Der Uralaltaische Sprachstamm.

⑰ تۆۋەندىكى مەنبەگە قاراڭ:

W. Schmidt,Sprachfamilien und Sprachkresen der Erde, p. 56.

⑱ مەزكۇر كىتابنىڭ قوشۇمچىسىغا قاراڭ.

⑲ «يۇسۇننامە» گە قاراڭ.

⑳ «زۇچيۇمىڭ تەپسىرى» گە قاراڭ.

㉑ ھۇنلاردا ۋە تۈركلەردە دېھقانچىلىقنىڭ بولغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ بۇنى بىلگەنلىكى ھەققىدىكى مەلۇماتنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

A. Vambery,Die Primitive. Cultur des Turko Tartarischen Volkes,p. 101.

㉒ «تارىخىي خاتىرىلەر» نىڭ 123 ـ جىلدىغا قاراڭ.

㉓ موڭغۇلىيەدىكى ئارخېئولوگىيەلىك بايقاشلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

W.P. Yetts, «Discoveries of the Kozlov Expedition», Purlington Magazine,April,1926.

㉔ جاۋ بېگى ۋۇلىڭۋاڭ ھەققىدە «تارىخىي خاتىرىلەر» نىڭ 43 ـ، 110 ـ جىلدىغا قاراڭ. يەنە تۆۋەندىكى مەنبەگە قاراڭ:

Pelliot, Haute Asie,p.7.

㉕ «تارىخىي خاتىرىلەر» نىڭ 110 ـ جىلدىغا قاراڭ.

㉖ «تارىخىي خاتىرىلەر» نىڭ 110 ـ جىلدىغا قاراڭ. تىككۈچىلىك ھەققىدە (ھېچبولمىغاندا شەرقىي غۇزلاردا مۇشۇنداق بولغان) تۆۋەندىكى مەنبەگە قاراڭ:

K.Torii, «Populations Primitives de la Mongolie» Orientale' ,Journal of the College of Science of Tokyo University(1914),p.11.

㉗ تۆۋەندىكى مەنبەگە قاراڭ:

Weiger, Textes Historiques, p.286; Laufer, "Chinese Clay Figures,–Prolegomena on the History of Defensive Armor" , Publications of the Field Museum, 177 (1914), p. 223.

㉘ «تارىخىي خاتىرىلەر» نىڭ 110 ـ جىلدىدا ھۇنلاردا تېرىقچىلىق بولمىغان دېيىلگەن، ئەمما «خەننامە» نىڭ 94 ـ جىلدىدا «ئۇلاردا دانلىق زىرائەتلەر تېخى پىشمىدى» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ دېھقانچىلىقنى بىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. قىرغىزلارنىڭ تېرىقچىلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

M.A.Czapliza, The Turks of Central Asia in History and at the Present Day,p.48.

شەرقىي غۇزلار ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Torii,op.cit.,p,12.

㉙ موڭغۇلىيەدىكىلەرنىڭ بېلىق تۇتۇشنى بىلمەيدىغانلىقى ھەققىدە «كېيىنكى خەننامە» نىڭ 120 ـ جىلدىغا، چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق ۋە قىمىز ھەققىدە «تارىخىي خاتىرىلەر» نىڭ 110 ـ جىلدىغا قاراڭ.

㉚ شەرقىي غۇلارنىڭ ساپال بويۇملارنى ئىشلەتكەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ مېتال ئېرىتىشنى بىلگەنلىكى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Torii,op.cit,p.49;ibid.pp.69 ff.

سىبىرىيە ئاھالىلىرىنىڭ مېتال ئېرىتىشى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Merhardt,Bronzezeit,p.16.

㉛ ھۇنلارنىڭ سىياسىي تەشكىلى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى «تارىخىي خاتىرىلەر» نىڭ 110 ـ جىلدىدىن، «كېيىنكى خەننامە» نىڭ 119 ـ جىلدىدىن، «جىننامە» نىڭ 97 ـ جىلدىدىن كۆرۈڭ.

㉜ ھۇنلارنىڭ دىنىي مۇراسىملىرى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى «تارىخىي خاتىرىلەر» نىڭ 110 ـ جىلدىدىن، شامان ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى «خەننامە» نىڭ 94 ـ جىلدىدىن، قان بىلەن ئەھدىلىشىش ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى «خەننامە» نىڭ 94 ـ جىلدىدىن كۆرۈڭ.

㉝ «تارىخىي خاتىرىلەر» نىڭ 110 ـ جىلدىغا قاراڭ.

㉞ «تارىخىي خاتىرىلەر» نىڭ 110 ـ جىلدىغا قاراڭ.

2. ھۇن ئىمپېرىيەسىنىڭ باش كۆتۈرۈشى

بۇ چاغدىكى ۋەزىيەت توغرىسىدا «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار»نىڭ 2 ـ، 4 ـ جىلدىغا، چىن سۇلالىسىنىڭ باش كۆتۈرۈشى ھەمدە ھۇنلارغا جازا يۈرۈش قىلىشى ھەققىدىكى مەلۇماتلار ئۈچۈن «خەننامە»گە، بولۇپمۇ 5 ـ جىلد «چىن خانلىرى تەزكىرىسى»، 6 ـ جىلد «چىن شىخۇاڭ ھەققىدە خاتىرە»، 88 ـ جىلد «مېڭ تيەننىڭ تەرجىمىھالى»غا قاراڭ. خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇن ئىمپېرىيەسىنىڭ باش كۆتۈرۈشى ھەققىدىكى مەلۇماتلار ئۈچۈن «خەننامە»گە، بولۇپمۇ 1 ـ جىلد «خەن گاۋدى ھەققىدە خاتىرە»، 2 ـ جىلد «خەن خۇيدى ھەققىدە خاتىرە»، 3 ـ جىلد «خەن گاۋدىنىڭ خانىكىسى ھەققىدە خاتىرە»، 4 ـ جىلد «خەن ۋېندى ھەققىدە خاتىرە»، 5 ـ جىلد خەن جىڭدى ھەققىدە خاتىرە»، 33 ـ جىلد «خەن بېگى شىننىڭ تەرجىمىھالى»، 37 ـ جىلد «جى بۇنىڭ تەرجىمىھالى»، 40 ـ جىلد «چېن پىڭ، جۇ يافۇلارنىڭ تەرجىمىھالى»، 43 ـ جىلد «لۇ جىڭنىڭ تەرجىمىھالى»، 61 ـ جىلد «جاڭ چيەننىڭ تەرجىمىھالى»، 94 ـ جىلد «ھۇنلار تەزكىرىسى»، 96 ـ جىلد «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»گە قاراڭ. بۇلاردىن سىرت، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھۇنلاردىن باشقا ئاھالىلەر ھەققىدە «تارىخىي خاتىرىلەر» 123 ـ جىلد، «كېيىنكى خەننامە» 115 ـ، 120 ـ جىلد، «ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى» 30 ـ جىلد، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 97 ـ جىلد، «يېڭى تاڭنامە» 217 ـ جىلدقا قاراڭ.

㉟ شەرقىي غۇزلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان ئوغانلار ھەم سىيانپىلار ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى «كېيىنكى خەننامە» نىڭ 120 ـ

جىلدىدىن، شەرقىي مانجۇرىيەدىكى قەدىمكى ئاھالىلەر ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى «كېيىنكى خەننامە» نىڭ 115 ـ جىلدىدىن، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قەدىمكى ئاھالىلىرى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى «خەننامە» نىڭ 96 ـ جىلدىدىن، ئۇيسۇنلار ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى «خەننامە» نىڭ 61 ـ، 96 ـ جىلدىدىن، توخرىلار ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى «خەننامە» نىڭ 61 ـ، 96 ـ جىلدىدىن، قىرغىزلار ۋە دىڭلىڭلار ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى «تارىخىي خاتىرىلەر» نىڭ 110 ـ جىلدىدىن، «خەننامە» نىڭ 94 ـ جىلدىدىن ھەم «ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى» نىڭ 30 ـ جىلدىدىن كۆرۈڭ. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بارلىق خەلقلەرنىڭ ئىرقى ۋە تىلى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى مەزكۇر كىتابنىڭ قوشۇمچىسىدىن كۆرۈڭ.

㊱ چىن سۇلالىسى ۋە سەددىچىن سېپىلىنىڭ ياسىلىشى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار»نىڭ 2 ـ جىلدىدىن ۋە «تارىخىي خاتىرىلەر» نىڭ 5 ـ، 6 ـ، 88 ـ جىلدلىرىدىن، «خەننامە» نىڭ 94 ـ جىلدىدىن كۆرۈڭ. يەنە تۆۋەندىكى مەنبەگە قاراڭ:

A. C. Haddon, The Wanderings of peoples, p. 7.

㊲ ھۇن ئىمپېرىيەسىنىڭ باش كۆتۈرۈشى ھەققىدە «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار»غا، «خەننامە» نىڭ 94 ـ جىلدىغا قاراڭ. ھۇن تەڭرىقۇتلىرىنىڭ ناملىرىنى مەزكۇر كىتابنىڭ قوشۇمچىسىدىن كۆرۈڭ.

㊳ باتۇر تەڭرىقۇت ھەققىدە «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار»غا، «خەننامە» نىڭ 94 ـ جىلدىغا قاراڭ.

ئاۋازلىق ئوقيا ھەققىدە تۆۋەندىكى مەنبەگە قاراڭ:

Laufer, «Chinese Clay Figures, Prolegomena on the Historyof Defensive Armor», Pubilcations of the Field Museun, 177 (1914), P. 277

ھۇنلارنىڭ تەشكىلى ھەققىدە «خەننامە» نىڭ 94 ـ جىلدىغا قاراڭ.

㊴ بۇ بۆلۈمدە باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ تۆھپىلىرىنى بايان قىلىشتا رايون ئۆلچەم قىلىندى، ۋاقىت تەرتىپىگە كەسكىن چەك قويۇلمىدى. تەپسىلىي مەلۇماتلارنى «خەننامە» نىڭ 94 ـ، 96 ـ جىلدلىرىدىن كۆرۈڭ.

㊵ بۇ مەزگىلدىكى خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلارنىڭ مۇناسىۋىتى

ھەققىدە «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار»غا، «خەننامە»نىڭ 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ، 33 ـ، 37 ـ، 40 ـ، 43 ـ، 96 ـ جىلدلىرىغا قاراڭ.

㊶ «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار»غا، «خەننامە» نىڭ 4 ـ، 94 ـ جىلدىغا قاراڭ.

㊷ كىئوكنىڭ توخرىلارنى مەغلۇپ قىلغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار»دىن، «خەننامە» نىڭ 61 ـ، 94 ـ جىلدىدىن كۆرۈڭ. بۇ ئىككى كىتابتا كىئوكنىڭ توخرىلارنى مەغلۇپ قىلغان ۋاقتى ھەققىدە بىر نېمە دېيىلمىگەن. ئەمما بۇ ۋاقىت مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 174 ــ 161 ـ يىللار ئارىلىقىدا بولۇشى كېرەك. ساكلار ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى «خەننامە» نىڭ 96 ـ جىلدىدىن كۆرۈڭ، ئۇلارنىڭ سوغدىيانا ۋە باكتېرىيەگە باستۇرۇپ كىرگەنلىكىنى غەرب كلاسسىك ئاپتورلىرىمۇ تىلغا ئالغان. بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى مەنبەگە قاراڭ:

Strabo, op. cit., 11,8,2; Trogus, Prologi, 41

㊸ ئۇيسۇنلار بىلەن توخرىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشلار ھەمدە توخرىلارنىڭ سوغدىيانا ۋە باكتېرىيەگە قوغلانغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى «خەننامە» نىڭ 61 ـ، 96 ـ جىلدىدىن كۆرۈڭ. نۇرغۇنلىغان ئالىملار توخرىلارنى ستىرابو ۋە تروگۇس ئۆز ئەسەرلىرىدە تىلغا ئالغان «Asii»، «Asiani» ۋە Tochari لار نىڭ ئۆزىدۇر دەپ قارايدۇ. بۇ ھەقتە يەنە بۇ كىتابنىڭ قوشۇمچىسىغا قاراڭ.

㊹ ساكلارنىڭ باكتېرىيە ۋە سوغدىيانادىن قوغلىنىپ ئىران ئېگىزلىكىگە كەلگەنلىكى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Justin, op. cit., 42,1,2; Isodorus Characenus, "Mansions Parthicae", chap. 18, Geographi Graeci Minores.

㊺ كۇنچىن ۋە خەن جەڭدى توغرىسىدىكى مەلۇماتلارنى «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار» دىن ھەم «خەننامە» نىڭ 5 ـ، 94 ـ جىلدىدىن كۆرۈڭ.

㊻ «خەننامە» نىڭ 61 ـ جىلدىغا قاراڭ.

3. ھۇنلار بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ زومىگەرلىك تالىشىشى

بۇ ۋاقىتتىكى ۋەزىيەت توغرىسىدا «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم

بايانلار»نىڭ 4 ـ، 5 ـ جىلدىغا، تەپسىلىي مەلۇماتلار ئۇچۇن «خەننامە»گە، بولۇپمۇ 6 ـ جىلد «خەن ۋۇدى ھەققىدە خاتىرە»، 52 ـ جىلد «خەن ئەنگونىڭ تەرجىمىھالى»، 54 ـ جىلد «لى گۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى»، 55 ـ جىلد «ۋېي چىڭ، خۇ چۈبىڭنىڭ تەرجىمىھالى»، 61 ـ جىلد «جاڭ چيەن، لى گۇاڭلىنىڭ تەرجىمىھالى»، 64 ـ جىلد «جۇ فۇيەننىڭ تەرجىمىھالى»، 68 ـ جىلد «جىن مىتىننىڭ تەرجىمىھالى»، 94 ـ جىلد «ھۇنلار تەزكىرىسى»، 95 ـ جىلد «غەربىي جەنۇبىي يىلار تەزكىرىسى»، 96 ـ جىلد «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»گە قاراڭ. بۇلاردىن باشقا يەنە «تارىخىي خاتىرىلەر» 123 ـ جىلد، «كېيىنكى خەننامە» 120 ـ جىلد، «ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى» 30 ـ جىلدقا قاراڭ.

⑰ خەن ۋۇدى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار»دىن، «خەننامە» نىڭ 6 ـ جىلدىدىن كۆرۈڭ، يەنە تۆۋەندىكى مەنبەگە قاراڭ:

E. Chavannes,Memoires Historiques, de Se-Ma Ts' ien, pp,38 ff.

⑱ جاڭ چيەن ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار» دىن، «تارىخىي خاتىرىلەر» نىڭ 123 ـ جىلدىدىن، «خەننامە» نىڭ 61 ـ، 96 ـ جىلدىدىن كۆرۈڭ، يەنە تۆۋەندىكى مەنبەگە قاراڭ:

F. Hirth, "Story of Chang K' ien", Journal of the American Oriental Society, 37(1917), 89 ff.; A. Herrmann, Die Alten Seidenstrassen zwischen China und Syrien.

يەنە مەزكۇر كىتابنىڭ قوشۇمچىسىغا قاراڭ.

⑲ ئۇزۇم ۋە بېدە ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

B. Laufer, "Sino-Iranica", Publication of the Field Museum, 201(1919),pp. 185.

پەرغانە ۋە سوغدىيانادىكى خەلقلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىرقى، تىلى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى مەزكۇر كىتابنىڭ قوشۇمچىسىدىن كۆرۈڭ.

⑳ بۇ مەزگىلدىكى ھۇنلار بىلەن خەن سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش ھەققىدە «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار»غا، «خەننامە» نىڭ 6 ـ، 52 ـ، 54 ـ، 55 ـ، 64 ـ، 94 ـ جىلدلىرىغا قاراڭ.

⑤① خۇ چۇبىڭ ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار» دىن، «خەننامە»نىڭ 55 ـ، 94 ـ جىلدىدىن كۆرۈڭ، يەنە تۆۋەندىكى مەنبەگە قاراڭ:

Chavannes, Memoires Historiques de Se-Ma Ts'ien, vol. LXVII; Franke Geschichte des Chinesischen Reiches, I, 343; K. Shiratori, "On the Territory of the Hsiung-nu Prince Hsiu-t'u Vang and His Metal Statues for Heaven Worship", in Memoirs of the Research Department of the Toyo Bunko, vol. V (1926).

⑤② «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار»غا، «خەننامە» نىڭ 55 ـ، 50 ـ، 68 ـ، 94 ـ جىلدلىرىغا قاراڭ.

⑤③ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 119 ـ يىلىدىكى ئۇرۇش ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار»دىن ۋە «خەننامە» نىڭ 55 ـ، 94 ـ جىلدىدىن كۆرۈڭ.

⑤④ «خەننامە» نىڭ 55 ـ، 94 ـ جىلدىغا قاراڭ.

⑤⑤ بۇ مەزگىلدىكى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 118 ـ يىلىدىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 101 ـ يىلىغىچە) خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلارنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار»غا، «خەننامە» نىڭ 6 ـ، 94 ـ جىلدىغا قاراڭ. خەن سۇلالىسىنىڭ باشقا جايلاردىكى تەسىرى ھەققىدە «خەننامە» نىڭ 95 ـ جىلدى، «كېيىنكى خەننامە» نىڭ 120 ـ جىلدىغا قاراڭ.

⑤⑥ «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار»غا، «خەننامە» نىڭ 61 ـ، 94 ـ جىلدىغا قاراڭ.

⑤⑦ «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار»غا، «خەننامە» نىڭ 96 ـ جىلدىغا قاراڭ. يەنە تۆۋەندىكى مەنبەگە قاراڭ:

Chavannes, Documents Chinois decouvent par A. Stein dans les Sables du Turkestan Oriental, p. v.

⑤⑧ «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار»غا، «خەننامە» نىڭ 61 ـ، 55 ـ، 96 ـ جىلدلىرىغا قاراڭ.

⑤⑨ «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار»غا «خەننامە» نىڭ 6 ـ، 61 ـ، 96 ـ جىلدلىرىغا قاراڭ.

⑥⓪ خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھەيۋىسىنىڭ ئېشىشى

ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار» دىن، «تارىخىي خاتىرىلەر» نىڭ 123 ـ جىلدى، «خەننامە»نىڭ 61 ـ، 96 ـ جىلدلىرىدىن، بۇ مەزگىلدىكى قوش ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى «خەننامە» نىڭ 96 ـ جىلدىدىن، كىروران ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى «خەننامە» نىڭ 96 ـ جىلدىدىن كۆرۈڭ.

4. ھۇن ئىمپېرىيەسىنىڭ ئاجىزلىشىشى

بۇ چاغدىكى ۋەزىيەت توغرىسىدا «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار»نىڭ 5 ـ، 6 ـ جىلدىغا، تەپسىلىي مەلۇماتلار ئۈچۈن «خەننامە»گە، بولۇپمۇ 6 ـ جىلد «خەن ۋۇدى ھەققىدىكى خاتىرە»، 7 ـ جىلد «خەن جاۋدى ھەققىدە خاتىرە»، 8 ـ جىلد «خەن شۈەندى ھەققىدە خاتىرە»، 54 ـ جىلد «لى لىڭ، سۇ ۋۇنىڭ تەرجىمىھالى»، 62 ـ جىلد «سى ماچيەنىنىڭ تەرجىمىھالى»، 66 ـ جىلد «ليۇ چۇماۋنىڭ تەرجىمىھالى»، 69 ـ جىلد «جاۋ چۇڭگونىڭ تەرجىمىھالى»، 70 ـ جىلد «چاڭ خۇي، جېڭ جى، فۇ جيزىنىڭ تەرجىمىھالى»، 78 ـ جىلد «شاۋ ۋاڭجىنىڭ تەرجىمىھالى»، 79 ـ جىلد «فېڭ فېڭشىنىڭ تەرجىمىھالى»، 90 ـ جىلد «تيەن گۇاڭمىڭ قاتارلىقلارنىڭ تەرجىمىھالى»، 94 ـ جىلد «ھۇنلار تەزكىرىسى»، 96 ـ جىلد «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»گە قاراڭ. بۇلاردىن باشقا يەنە «كېيىنكى خەننامە»نىڭ 115 ـ، 117 ـ، 120 ـ جىلدلىرىغا قاراڭ.

⑥① يۇقىرىقى ۋەقەلەر ھەققىدە «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار»غا، «خەننامە» نىڭ 6 ـ، 54 ـ، 94 ـ جىلدلىرىغا قاراڭ.

⑥② «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار»غا، «خەننامە» نىڭ 6 ـ، 54 ـ، 94 ـ، 62 ـ جىلدلىرىغا قاراڭ.

⑥③ «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار»غا، «خەننامە» نىڭ 6 ـ، 61 ـ، 66 ـ، 94 ـ جىلدلىرىدىن كۆرۈڭ.

⑥④ «خەننامە»نىڭ 96 ـ جىلدىغا قاراڭ.

⑥⑤ خەن جاۋدى ۋە خەن شۈەندى دەۋرىدىكى خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلارنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە ھۇنلارنىڭ ئاجىزلىشىشى ھەققىدە «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار»غا، «خەننامە»نىڭ 7 ـ، 8 ـ 94 ـ جىلدلىرىغا قاراڭ. سۇۋۇنىڭ قايتىشى ھەققىدە «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار»غا، «خەننامە» نىڭ 45 ـ، 49 ـ جىلدىغا قاراڭ.

⑯ هۇنلارنىڭ بارا ـ بارا غەربكە كۆچۈشى ھەققىدە «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار»غا، «خەننامە» نىڭ 94 ـ جىلدىغا قاراڭ. هۇنلار بىلەن ئوغانلار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش ھەققىدە «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار»غا، «خەننامە» نىڭ 94 ـ جىلدىغا قاراڭ.

⑰ «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار»غا، «خەننامە» نىڭ 70 ـ، 90 ـ، 94 ـ، 96 ـ جىلدلىرىغا قاراڭ.

⑱ «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار»غا، «خەننامە» نىڭ 8 ـ، 78 ـ 94 ـ جىلدلىرىغا قاراڭ.

⑲ «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار»غا، «خەننامە» نىڭ 7 ـ، 70 ـ، 96 ـ جىلدلىرىغا قاراڭ.

⑳ «خەننامە» نىڭ 70 ـ، 96 ـ جىلدىغا قاراڭ.

㉑ «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار»غا، «خەننامە» نىڭ 79 ـ، 96 ـ جىلدىغا قاراڭ..

㉒ «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار»غا، «خەننامە» نىڭ 70 ـ 96 ـ جىلدىغا قاراڭ.

㉓ «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار»غا، «خەننامە» نىڭ 70 ـ 96 ـ جىلدىغا قاراڭ.

㉔ «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار»غا، «خەننامە» نىڭ 8 ـ، 69 ـ جىلدى، «كېيىنكى خەننامە» نىڭ 177 ـ جىلدىغا قاراڭ.

5. هۇنلارنىڭ خەن سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىشى

بۇ چاغدىكى ۋەزىيەت توغرىسىدا «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار»نىڭ 6 ـ، 8 ـ جىلدىغا، تەپسىلىي مەلۇماتلار ئۈچۈن «خەننامە»گە، بولۇپمۇ 8 ـ جىلد «خەن شۈەندى ھەققىدە خاتىرە»، 9 ـ جىلد «خەن يۈەندى ھەققىدە خاتىرە»، 10 ـ جىلد «خەن چېڭدى ھەققىدە خاتىرە»، 11 ـ جىلد «خەن يۈەندى ھەققىدە خاتىرە»، 12 ـ جىلد «خەن پىڭدى ھەققىدە خاتىرە»، 70 ـ جىلد «گەن يەنشو، چېن تاڭ، دۈەن خۇيزوڭنىڭ تەرجىمىھالى»، 79 ـ جىلد «فېڭ فېڭشىنىڭ تەرجىمىھالى»، 94 ـ جىلد «هۇنلار تەزكىرىسى»، 96 ـ جىلد «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» گە قاراڭ. بۇلاردىن باشقا يەنە «كېيىنكى خەننامە»نىڭ 117 ـ، 120 ـ جىلدىغا قاراڭ.

㉕ قوغۇشار تەڭرىقۇت ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى «ئومۇمىي

ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار»دىن ۋە «خەننامە» نىڭ 8 ـ، 94 ـ جىلدىدىن، قۇتئۇش تەڭرىقۇت ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار»دىن ۋە «خەننامە» نىڭ 9 ـ، 94 ـ جىلدىدىن كۆرۈڭ.

⑯ قۇتئۇش تەڭرىقۇت بىلەن كانگىيەنىڭ مۇناسىۋىتىنى ۋە ئۇنىڭ ئاخىرقى مەغلۇبىيىتى ھەققىدە «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار»غا، «خەننامە» نىڭ 9 ـ، 70 ـ، 94 ـ جىلدلىرىغا قاراڭ.

⑰ «خەننامە»دە ئائۇرسى(奄蔡)لار (خېسۇ) 阖苏 دېيىلگەن، دې گېروت ئۆز كىتابىدا 阖苏 بولسا aorsi نىڭ خەنزۇچە تەلەپپۇزىدۇر، aorsi بولسا سترابو ۋە پلىنى تىلغا ئالغان سارماتئىئانلارنىڭ بىر قەبىلىسىدۇر، دەپ قارىغان. بۇنىڭدىن باشقا تۆۋەندىكى مەنبەگە قاراڭ (بۇ بۇنىڭدا قۇتئۇش تەڭرىقۇتنىڭ مەركىزىي ئاسىياغا ھوجۇم قىلىشى ھەمدە ئالانلارنىڭ رۇسىيەنىڭ جەنۇبىغا كىرىشى ھەققىدە قىزىقارلىق مەلۇماتلار بار):

Kiessling "Hunni" ,Pauly Wissowa Relencyclopaedie des Classischen Altertums, col . 2590 .

⑱ «خەننامە» نىڭ 70 ـ جىلدىغا، يەنە تۆۋەندىكى مەنبەگە قاراڭ:

F . Hirth, «Die Ahnentafel Attilas», Bulletin de I' Academie Imperiale des Sciences de St . Petersbourg,p . 238 .

⑲ «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار»غا ھەم «خەننامە» نىڭ 9 ـ، 11 ـ، 94 ـ جىلدلىرىغا قاراڭ.

⑳ «خەننامە» نىڭ 96 ـ جىلدىغا قاراڭ.

㉑ «خەننامە» نىڭ 70 ـ، 96 ـ جىلدىغا قاراڭ.

㉒ «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار»غا، «خەننامە» نىڭ 96 ـ جىلدىغا ھەم مەزكۇر كىتابنىڭ قوشۇمچىسىغا قاراڭ

㉓ «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار»غا، «خەننامە» نىڭ 9 ـ، 79 ـ جىلدىغا، «كېيىنكى خەننامە» نىڭ 117 ـ جىلدىغا قاراڭ.

# 5 ـ باب  هۇن ئىمپېرىيەسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى

هۇن ئىمپېرىيەسىنىڭ قايتىدىن قۇرۇلۇشى (مىلادىيە 9 ـــ 46 ـ يىللار) ـــ هۇن ئىمپېرىيەسىدىكى ئۆزگىرىش ـــ (مىلادىيە 46 ـــ 73 ـ يىللار) ـــ هۇنلار بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ يەنە تىركىشىشى (مىلادىيە 73 ـــ 88 ـ يىللار) ـــ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتى (مىلادىيە 88 ـــ 106 ـ يىللار) ـــ هۇن ئىمپېرىيەسىنىڭ ئاخىرقى هالاكىتى (مىلادىيە 106 ـــ 166 ـ يىللار) ـــ جەنۇبىي هۇنلارنىڭ قالدۇقلىرى

## (1) هۇن ئىمپېرىيەسىنىڭ قايتىدىن قۇرۇلۇشى

مىلادىيە 9 ـ يىلى ۋاڭ ماڭ خەن سۇلالىسىنىڭ هاكىمىيىتىنى تارتىۋالدى، بۇ ئىش موڭغۇلىيە ۋە غەربىي يۇرتنىڭ تارىخىغا زور تەسىر كۆرسەتتى. ۋاڭ ماڭ هاكىمىيەتنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن مەجبۇرىي هالدا «هۇن تەڭرىقۇتىنىڭ مۆهۆرى»نى «شىن سۇلالىسى هۇن تەڭرىقۇتىنىڭ مۆهۆرى» گە ئۆزگەرتتى، يەنە بىر تەرەپتىن هۇنلارنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشتى، شۇنىڭ بىلەن هۇنلار ئىسيان كۆتۈردى ①، شەرقىي شىمالدىكى ئوغانلارمۇ هۇنلارغا ئاۋاز قوشتى ②. غەربىي يۇرت تەرەپتىمۇ قالايمىقانچىلىق يۈز بەردى. ئارقا قوش خانى شۇجەل مىلادىيە 10 ـ يىلى خەن سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرۈپ هۇنلارغا ئەل بولماقچى بولدى، ئۇ گەرچە غەربىي يۇرت قورۇقچى بېگى دەن چىن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ

ئاكسى قۇلانجى ئاخىر ئەلنى يېتەكلەپ ھۇنلارغا ئەل بولدى [3]. غەربىي يۇرتتا تۇرۇشلۇق بىر تۈركۈم جۇڭگو ئەمەلدارلىرىدىنمۇ ھۇنلارغا تەسلىم بولىدىغانلار چىقىشقا باشلىدى، بۇ ئىشلار ۋاڭ ماڭنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى [4]. شۇنىڭدىن كېيىن ۋاڭ ماڭ ھۇنلارغا قارىتا تەھدىت سېلىش، ئۆزگە تارتىش تەدبىرىنى قوللانغان بولسىمۇ، لېكىن ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى [5]. ئۇزۇن ئۆتمەي غەربىي يۇرت قورۇقچى بېگى دەن چىنمۇ ئاگىنلىقلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى، شۇنىڭ بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرى جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ، ھۇنلارغا بويسۇندى، پەقەت ساكارائۇللا جۇڭگوغا سادىق بولۇپ، ئەتراپىدىكى ئۇششاق بەگلىكلەر بىلەن بىرلىشىپ ھۇنلارغا قارشى تۇردى [6].

ۋاڭ ماڭ ئۆلگەندىن كېيىن (مىلادىيە 23 ـ يىلى) جۇڭگو قالايمىقانچىلىققا پېتىپ قالدى، ھۇنلارمۇ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ پۈتۈنلەي مۇستەقىل بولغان بىر يېڭى ئىمپېرىيەنى قۇرىۋالدى. مىلادىيە 24 ـ يىلى جۇڭگو ھۇنلارغا ئەلچى ئەۋەتتى، ھۇن تەڭرىقۇتى «ھۇنلار بىلەن خەنلەر ئەسلىدە قېرىنداشلاردىن ئىدى، ھۇنلاردا قالايمىقانچىلىق يۈز بەرگەندە، شۆەندى خان قوغۇشارنىڭ تەڭرىقۇت بولۇشىغا ياردەم بەرگەچكە، ھۇنلار خەنلەرگە ئىتائەت قىلىپ ھۆرمەت بىلدۈردى. مانا ئەمدى خەنلەردىمۇ چوڭ قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىپ ۋاڭ ماڭ ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغاندا، ھۇنلارمۇ قوشۇن چىقىرىپ ۋاڭ ماڭغا ھۇجۇم قىلىپ، چېگرانىڭ ئامانلىقىنى ساقلىدى، ۋاڭ ماڭنىڭ يوقىلىپ خەن سۇلالىسىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىدە بىزمۇ زور كۈچ چىقاردۇق، شۇڭا بىز ھۆرمەت قىلىنىشىمىز كېرەك» دەپ تۇرۇۋالدى. كېيىنكى يىلى لىيۇ شيۇ تەختكە چىقتى، ئۇ كېيىنكى خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى گۇاڭ ۋۇدىدۇر. گۇاڭ ۋۇدى مىلادىيە 30 ـ يىلى ھۇنلارغا يەنە ئەلچى ئەۋەتتى، ھۇن تەڭرىقۇتى تەكەببۇرلۇق بىلەن ئۆزىنى باتۇر تەڭرىقۇتقا

تەڭلەشتۇرۇپ، ئەلچىلەرگە قاتتىق گەپلەرنى قىلغان بولسىمۇ، خەن سۇلالىسى ھېچنېمە قىلالمىدى [7]. شۇنىڭ بىلەن بىللە ھۇنلار مىلادىيە 42 ـ يىلىدىن باشلاپ لۇ فاڭنىڭ خەن سۇلالىسىنىڭ شىمالىي چېگراسىنى پاراكەندە قىلىشىغا ياردەم بەردى [8] ھەم مىلادىيە 44 ـــ 45 ـ يىللىرى زور قوشۇن بىلەن خەن سۇلالىسىگە بېسىپ كىردى، ئوغانلار ۋە سيانپىلارمۇ ھۇنلارغا ئەگىشىپ تاجاۋۇز قىلدى. بۇنىڭدىن مىلادىيە 23 ـ يىلىدىن مىلادىيە 46 ـ يىلىغىچە بولغان بۇ بىر مەزگىل ئىچىدە ھۇنلارنىڭ سىيانپىلار بىلەن ئوغانلارنى يەنە بويسۇندۇرۇۋالغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ [9].

ۋاڭ ماڭ ئۆلگەندىن كېيىن غەربىي يۇرتتىكى ئەللەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ھۇنلارنىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتتى، پەقەت ساكارائۇل (ياركەنت) خانى كاڭلا مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالدى ۋە خەن سۇلالىسىگە تېخىمۇ يېقىنچىلىق قىلدى. مىلادىيە 29 ـ يىلى خېشى ئۇلۇغ سانغۇنى دۇ رۇڭ ئوردىغا كاڭنى خەن سۇلالىسىنىڭ ساكارا ئۇلدىكى تۆھپىكار دىيانەتلىك بېگى، غەربىي يۇرت ئۇلۇغ چېرىكچى بېگى قىلىپ تەيىنلەپ، غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى ئەللەرنى يېتەكلەشكە قويۇش ھەققىدە مەكتۇپ يوللىدى. كاڭ مىلادىيە 33 ـ يىلى ئۆلگەندىن كېيىن، ئورنىغا ئىنىسى شيەن چىقتى ۋە تېز سۈرئەتتە كۈچىنى ئاشۇرۇپ، ئەتراپتىكى قوشنا ئەللەرگە تاجاۋۇز قىلىشقا باشلىدى. مىلادىيە 38 ـ يىلى شيەن خەن سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغا تەقدىم قىلدى. تارىخىي ئەسەرلەردە يېزىلىشىچە، شۇ ۋاقىتتا «كۆكئارتنىڭ شەرقىدىكى ئەللەرنىڭ ھەممىسى شيەنگە بويسۇنغانىكەن». ئۈچ يىلدىن كېيىن شيەن يەنە ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغا تەقدىم قىلدى ۋە خەن پادىشاھىنىڭ ئۆزىنى قورۇقچى بەگلىككە تەيىنلىشىنى تەلەپ قىلدى. خەن پادىشاھى دەسلەپتە قوشۇلۇپ ئۇنىڭغا «غەربىي يۇرت قورۇقچى بېگى» مۆھۈرىنى بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن كېيىن پۇشايمان قىلىپ،

پەرمان چۈشۈرۈپ مۆھۈرنى قايتۇرۇۋالدى ھەم ئۇنىڭغا باشقىدىن «خەن سۇلالىسىنىڭ ئۇلۇغ سانغۇنى» مۆھۈرىنى بەردى. شىيەن شۇنىڭدىن باشلاپ خەن سۇلالىسىگە قېيىداپ قالدى، لېكىن يەنىلا ئۆزىنى ئۇلۇغ قورۇقچى بەگ دەپ ئاتاپ، ھەرقايسى ئەللەرگە خەت ئەۋەتتى، بۇ ئەللەر ئۇنىڭغا بېقىندى ۋە ئۇنى تەڭرىقۇت دەپ ئاتاشتى. شۇنىڭ بىلەن شىيەن بارا ـ بارا تەكەببۇرلىشىپ زوراۋان بولۇۋالدى ۋە غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى ئەللەرنى ئېغىر باج ـ سېلىق تاپشۇرۇشقا مەجبۇرلىدى. مىلادىيە 45 ـ يىلى غەربىي يۇرتتىكى ئالدى قوش، پىشامشان، ئاگنى قاتارلىق 18 ئەل خەن سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، خەن پادىشاھىدىن باشقا قورۇقچى بەگ ئەۋەتىپ ئۆزلىرىنى قوغداشنى تەلەپ قىلدى. خەن سۇلالىسى جۇڭگو ئەمدىلا تىنچلانغانلىقى، شىمالدا تېخى ئىش تۈگىمىگەنلىكى ئۈچۈن غەربكە كۆڭۈل بۆلەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن شىيەن تېخىمۇ بەك ھەددىدىن ئاشتى. كېيىنكى يىلى ئۇ خەن سۇلالىسىگە يېقىنچىلىق قىلغان پىشامشان ئېلىگە ھۇجۇم قىلدى ھەم كۇسەن خانىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئېلىنى قوشۇۋالدى [10].

## (2) ھۇن ئىمپېرىيەسىدىكى ئۆزگىرىش

يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپىدە ھۇنلار يېگىباشتىن مۇستەقىللىققا ئېرىشتى ھەم ئۆزىنىڭ موڭغۇلىيە ۋە مانجۇرىيەدىكى زېمىنگەرلىك ئورنىنى قايتا تىكلىدى، غەربىي يۇرت بولسا بىر مەھەل ھۇنلارغا بويسۇنغاندىن كېيىن، يەنە ساكارائۇل خانىنىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتتى. مىلادىيە 46 — 73 ـ يىللار ئارىلىقىدا، يېڭىدىن قۇرۇلغان ھۇن ئىمپېرىيەسىدە زور ئۆزگىرىش بولۇپ، پۈتكۈل مەركىزىي ئاسىيانىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتتى. بۇ ئۆزگىرىش خاراكتېر جەھەتتىن جۇغراپىيەلىك

ئۆزگىرىش بولۇپ، ئېنىقراق ئېيتقاندا، ئۇ ھۇن ئىمپېرىيەسىنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزىنىڭ غەربكە مىلىك ئىنىگىلىز چاقىرىمدىن ئارتۇق سۈرۈلگەنلىكى ئىدى، بۇ ۋاستىلىك ھالدا ھۇنلارنىڭ كېيىن ياۋروپاغا بېسىپ كىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

مىلادىيە 46 ـ يىلى ھۇن تەڭرىقۇتى يۇ ئۆلۈپ، ئورنىغا ئوغلى ۋارىسلىق قىلدى. بۇ چاغدا ھۇنلار يېرىدە ئۇدا نەچچە يىل چېكەتكە ئاپىتى يۈز بەرگەچكە، ئوت ـ چۆپلەر قۇرۇپ، ئاھالىلەر ۋە چارۋىلار ئاچلىقتا قېلىپ كېسەلگە دۇچار بولۇپ، يېرىمىدىن كۆپرەكى ئۆلۈپ كەتتى. يۇنىڭ جىيەنى بى مىلادىيە 48 ـ يىلى ئۆزىنى قوغۇشار تەڭرىقۇت دەپ ئاتاپ، شەرقىي خەن سۇلالىسىگە بەيئەت قىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ھۇنلار ئىككى بۆلەككە مەڭگۈلۈك بۆلۈنۈپ كەتتى. بىرى، تەڭرىقۇت بى ھۆكۈمرانلىقىدىكى جەنۇبىي ھۇنلار بولۇپ، ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلىيەنى كونترول قىلىپ تۇردى؛ يەنە بىرى، تەڭرىقۇت يۇنىڭ ئوغلى پانۇ ھۆكۈمرانلىقىدىكى شىمالىي ھۇنلار بولۇپ، كېيىنكى دەۋرلەردىكى تاشقى موڭغۇلىيەنى كونترول قىلدى. جەنۇبىي ھۇنلار خەن سۇلالىسىگە ئەل بولغاندىن كېيىن، شىمالىي ھۇنلار ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالماي، يەنە ئاكتىپلىق بىلەن سىبىرىيەنىڭ جەنۇبى، جۇڭغارىيە، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپلەرگە كېڭەيدى ⑪.

جەنۇبىي ھۇنلار خەن سۇلالىسىگە ئەل بولغاندىن كېيىن توختىماستىن شىمالىي ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ تۇردى ⑫، بولۇپمۇ مىلادىيە 49 ـ يىلىدىن كېيىن شەرقىي شىمال تەرەپتىكى ئوغانلار ۋە سىيانپېلارمۇ خەن سۇلالىسىنىڭ تىزگىنلىشى بىلەن شىمالىي ھۇنلارنىڭ شەرقىي قىسمىغا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن شىمالىي ھۇنلار ئامالسىز موڭغۇلىيەنىڭ شەرقىي ۋە شەرقىي شىمالى قىسمىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولدى، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلار موڭغۇلىيەنىڭ

غەربىي قىسمىنى ساقلاپ قېلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالدى [13].

شىمالىي ھۇنلار شەرقتە ئوگۇشسىزلىققا ئۇچرىغاچقا، نىشانىنى غەربكە ۋە غەربىي جەنۇبتىكى جەنۇبىي شىنجاڭغا قارىتىپ، بۇ يەرلەرگە كېڭەيمەكچى بولدى. مىلادىيە 46 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە غەربىي يۇرت پۈتۈنلەي دېگۈدەك ساكارائۇل خانى شيەننىڭ كونتروللۇقىدا ئىدى، لېكىن شيەن تەكەببۇر، زوراۋان بولغاچقا، غەربىي يۇرتتىكى ھەر قايسى كىچىك ئەللەر ئۇنىڭدىن بىزار بولغان بولسىمۇ، لېكىن خەن سۇلالىسىنىڭ ئۇنىڭغا ئارىلاشقۇدەك كۈچى يوق ئىدى، شۇڭا مىلادىيە 46 ـ يىلىدىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەيلا پىشامشان، قوش، كۇسەن قاتارلىق ئەللەر ئارقا ـ ئارقىدىن شيەندىن يۈز ئۆرۈپ ھۇنلارغا ئەل بولدى. بۇ چاغدا شيەن غەربكە يۈرۈش قىلىپ پەرغانىنى بويسۇندۇرغان بولسىمۇ، لېكىن مىلادىيە 61 ـ يىلى ئۇ ئۇدۇن خانى گۇاڭدې تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. بۇ چاغدىكى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بارلىق ئاھالىسىنىڭ ھىندى ـ ياۋروپالىقلارغا مەنسۇپ ئىكەنلىكى بىزگە ئايان، ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلاردىن قارىغاندىمۇ ئۇلار يۈكسەك مەدەنىيەتكە ئىگە بولغان. لېكىن، ئۇلار قەدىمكى يۇنانلىقلارغا ئوخشاش ھەسەتخور بولغاچقا، بىرلىككە كەلگەن بىر سىياسىي تەشكىلات بەرپا قىلالمىغان، شۇڭلاشقا ناھايىتى ئاسانلا شىمالدىكى تۇرانىيانلاردىن بولغان ھۇنلارنىڭ ۋە شەرقتىكى خەنزۇلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان. ساكارائۇل خانى شيەن گەرچە زوراۋان بولسىمۇ، لېكىن تارىختا تارىم دەرياسى ۋادىسىدىكى ئۇششاق ئەللەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ بىر چوڭ ئىمپېرىيە قۇرغان بىردىنبىر «ئارىيان» ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولمىدى. شيەن ئۆلگەندىن كېيىن شىمالىي ھۇنلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ باستۇرۇپ كىردى، ئۇدۇن ئۇلارغا ئەل بولدى. پۈتكۈل جەنۇبىي شىنجاڭ بىر مەھەل شىمالىي ھۇنلارغا تەۋە بولدى، شۇنىڭ بىلەن شىمالىي ھۇن ئىمپېرىيەسىنىڭ

جۇغراپىيەلىك مەركىزىمۇ بۇنىڭغا ئەگىشىپ موڭغۇلىيەدىن جۇڭغارىيەنىڭ شەرقىگە يۆتكەلدى. بۇ مەركەز تەخمىنەن بارىكۆلنىڭ يېقىن ئەتراپىدا بولۇشى مۇمكىن [14].

بۇ چاغدىكى شىمالىي ھۇنلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تەۋەسىدىكى خەلقلەرنى كونترول قىلىش كۈچىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى تارىخنامىلەردە ئانچە تەپسىلىي خاتىرىلەنمىگەن. لېكىن بىزنىڭ بىلىشىمىزچە، بۇ چاغدا يەنىلا سىبىرىيەنىڭ غەربىي جەنۇبى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىي شىمالىدا تۇرۇۋاتقان دىڭلىڭلار ۋە خاككاسلار (قىرغىزلار) ھۇنلارنىڭ كۆچى غەربكە يۆتكەلگەندىن كېيىن يەنە ئۇلارغا قارام بولغان. ئېھتىمال ھۇنلار بىۋاستە باشقۇرغان ئوتتۇرا ئاسىيا ئاھالىلىرىمۇ دىڭلىڭلار ۋە خاككاسلار بىلەنلا چەكلەنگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ چاغدا ئۇيسۇنلار يەنىلا جۇڭغارىيەنىڭ غەربىي جەنۇبىدا بولۇپ، ھۇنلار بىلەن قوشنا ئىدى. ئۇلار گەرچە ئىككى ئۇلۇسقا بۆلۈنۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ساقلاشقا قۇربى يېتەتتى [15]. ياكسارت دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا جايلاشقان، جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدىغان پەرغانە بولسا داۋاملىق تۇردە غەربتىكى قوشنىسى كانگيەنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ تۇراتتى، پەرغانە بىرمەھەل ساكارائۇل خانى شيەن تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان بولۇپ، شيەن ئۆلگەندىن كېيىن ھۇنلارمۇ ئۆزىنىڭ كۆچىنى پەرغانىگىچە كېڭەيتىشكە ئۇرۇنغان بولسا كېرەك.

بىز تۇرلۇك پاكىتلارغا ئاساسەن بۇ چاغدا كانگيەنىڭ ھۇنلارنىڭ كونتروللۇقىدا ئەمەسلىكىگە ئىشىنىمىز. كانگيەلىكلەر دەل سوغدىيانانىڭ شىمالى ۋە ياكسارت دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىدىغان ئىرانىيانلاردۇر. بۇ ۋاقىت كانگيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك گۈللەنگەن ۋاقتى بولۇپ، ئۇلار دائىم شەرقتىكى پەرغانىگە ھۇجۇم قوزغاپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىدىكى كۆپىنچە

قەبىلىلەرگىمۇ ھۇجۇم قىلغان.

جۇڭگونىڭ تارىخىي ئەسەرلىرىدە يەنە بۇرۇن ئائۇرسى دەپ ئاتالغان خەلقلەرنىڭ بۇ چاغدا ئالانلار دەپ ئاتالغانلىقى قەيت قىلىنغان. قەدىمكى يۇنان ئاپتورلىرىمۇ بىزگە دەل مۇشۇ چاغدا (مىلادىيە 1 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى) رۇسىيەنىڭ جەنۇبىي قىسمىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن خەلقلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا ئۇچرىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئالانلار دەپ ئاتىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. بىز بۇ ئىككى مەلۇماتنى سېلىشتۇرۇپ قارىساق، مىلادىيە يىلى باشلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىي قىسمىدا ياشىغان ئىرانىيانلارنىڭ، يەنى بۇرۇن ئائۇرسى دەپ ئاتالغانلارنىڭ بۇ چاغدا ئالان دەپ ئاتالغانلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالايمىز، ئۇلارنىڭ نامىنىڭ ئۆزگىرىشىدىكى سەۋەب، بەلكىم ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئالان ئاتلىق بىرەر قەبىلىنىڭ تۇيۇقسىز كۈچىيىپ، باشقا قەبىلىلەرنى بويسۇندۇرغانلىقىدىن بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا كانگىيەنىڭ تەدرىجىي كېڭەيمىچىلىك قىلىشى نەتىجىسىدە، ئالانلارنىڭ نۇرغۇنلىغان قەبىلىلىرى ۋولگا دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا كېتىشكە مەجبۇر بولغان. جۇڭگونىڭ تارىخىي ئەسەرلىرىگە قارىساق، ئۇلاردىن كەتكەنلەرنىڭ ئىنتايىن ئاز سانلىق ئىكەنلىكىنى، قېلىپ قالغان كۆپ سانلىق ئالانلارنىڭ يەنىلا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي شىمالىدا قېلىپ كانگىيەگە قارام بولغانلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالايمىز.

مىلادىيە 1 ـ ئەسىردە ئالانلارنىڭ جەنۇبىي رۇسىيەگە بېسىپ كىرىشى ئاساسەن كانگىيەنىڭ بېسىمىغا ئۇچرىغانلىقىدىن بولغان بولۇپ، ھۇنلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. ھېردىنىڭ پىكرىگە ئاساسلانغاندا، ھۇنلارنىڭ قۇتىئۇش تەڭرىقۇتىنىڭ ئەۋلادلىرى بۇ چاغدا يەنىلا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىدا تۇرۇشلۇق بولۇپ، ئۇلار ئالانلارنىڭ غەربكە

كۆچۈشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئامىللارنىڭ بىرسى بولۇشى مۇمكىن. غەربكە كۆچكەن ئالانلارنىڭ بىر قىسمى كېيىن ۋېنگىرىيەگە ، تېخىمۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئىسپانىيە ۋە ئافرىقىغا بېسىپ كىردى. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق قىسمى كاۋكاز تاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى يايلاقلا ماكانلاشتى. هازىرقى ئوسسېتىيلار ئۇلارنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، هازىرمۇ ئىرانىيان تىلىدا سۆزلىشىدۇ.

مىلادىيە 1 ـ ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي جەنۇبى يەنىلا پارفىيەنىڭ هۆكۈمرانلىقىدا ئىدى. پارفىيەلىكلەر ئىران ئېگىزلىكىنى كونترول قىلغان بولۇپ، توختىماستىن غەربتىكى رىملىقلار ۋە شەرقتىكى ياۋچىلار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ تۇراتتى، گەرچە يېڭىش، يېڭىلىش تەكرارلىنىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى ساقلاپ تۇرۇۋاتاتتى [16].

مۇشۇ ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىي جەنۇبىغا هۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ياۋچىلارنىڭ تەسىر كۈچىمۇ كۈنسېرى ئېشىپ باردى ۋە مىلادىيە 1 ـ ئەسىردە چوڭ ئىمپېرىيە قۇرۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئەتراپتىكى هەرقايسى رايونلارنىڭ سىياسىي تارىخى ۋە مەدەنىيەت تارىخىغا زور تەسىر كۆرسەتتى. ياۋچىلارمۇ پارفىيەلىكلەرگە ئوخشاش ئۆزىدىن هېچقانداق بىر تارىخىي ماتېرىيال قالدۇرمىغان. ئەمما پارفىيەلىكلەر يۇنانلىقلار ۋە رىملىقلار بىلەن بىۋاسىتە ئالاقىدە بولغانلىقى ئۈچۈن، دائىم قەدىمكى ئەسەرلەردە كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. لېكىن، ياۋچىلار ئالاقە قىلغان ئاساسلىق قوشنا مىللەت دۇنيا بويىچە تارىخ ئېڭى ئەڭ تۆۋەن بولغان هىندىلار ئىدى. شۇڭا ياۋچىلار هەققىدە هازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان تارىخىي ماتېرىياللار پەقەت ئىنتايىن ئاز ساندىكى پۇللار، تاش ئابىدىلەر (كۆپ قىسمىدا ئېنىق يىل دەۋرى خاتىرىلەنمىگەن) ۋە رىملىقلارنىڭ پارفىيەنىڭ شەرقى هەققىدىكى خاتىرىلىرىدۇر. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، تارىخ ئېڭى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان جۇڭگولۇقلار بۇ چاغدا ياۋچىلار بىلەن ئىنتايىن

ئاز ئالاقە قىلغاچقا، ئۇلارنىڭمۇ ياۋچىلارنىڭ تارىخى ھەققىدىكى خاتىرىلىرى ئىنتايىن ئاددىي. لېكىن جۇڭگونىڭ ياۋچىلار ھەققىدىكى بۇ ئاددىي خاتىرىلىرى يەنىلا مۇھىم قىممەتكە ئىگە، بۇنىڭغا ياۋروپا ئارخېئولوگلىرىنىڭ ئېرىشكەن نەتىجىلىرىنى قوشساق، ياۋچىلارنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردىكى تارىخى تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى خېلى ئېنىق چۈشىنەلەيمىز.

ياۋچىلار باكتېرىيەدە ئولتۇراقلىشىپ (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 130 ـ يىلى) ئۇزۇن ئۆتمەيلا بەش يابغۇلۇققا بۆلۈنۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كۇشان يابغۇلۇقى مىلادىيە 1 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا (مىلادىيە 25 ـــ 40 ـ يىللار) باشقا تۆت يابغۇلۇقنى يوقاتتى. بۇ كۇشان ئىمپېرىيەسىنىڭ قۇرغۇچىسىنىڭ ئىسمى قۇجۇلا قادفىس (Kujula Kadphises) ئىدى. ئۇ قۇيدۇرغان پۇللار يېقىنقى يىللاردا كۆپ بايقالغان بولۇپ، ئەينى چاغدىكى رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ پۇللىرىغا ئىنتايىن ئوخشايدۇ. قۇجۇلا تەختكە چىققان دەسلەپكى مەزگىللەردە ياۋچىلار باكتېرىيەنى ئىگىلەپ بولۇپ، شىمالدا ئامۇ دەرياسىدىن جەنۇبتا ھىندىقۇش تاغلىرىغىچە بولغان رايونلارنىڭ ھەممىسى شۇلارغا قارايتتى. قۇجۇلا بۇ رايونلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈپلا قالماستىن، يەنە تۆت-تەرەپكە كېڭەيمىچىلىك قىلدى ⑰.

بىز ئالدى بىلەن كۇشان ئىمپېرىيەسىنىڭ شىمالىي چېگراسىغا قاراپ باقايلى. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 128 ـ يىلى جاڭ چيەن ياۋچىلارنىڭ يېنىغا بارغاندا، ياۋچىلارنىڭ كۆپ قىسمى ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى سوغدىيانادا ياشاۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى باكتېرىيەدە ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلەپ بولغانىدى. كېيىن ياۋچىلار بەش يابغۇلۇققا بۆلۈنگەندىن كېيىنمۇ، بۇ بەش يابغۇلۇقنىڭ ئورنى سوغدىيانادا بولماي، باكتېرىيەدە بولدى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ چاغدا ياۋچىلار ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى

يەرلەردىن پۈتۈنلەي ۋاز كەچكەن. باشقا تەرەپلەردىن قارىغاندىمۇ، بۇ چاغدىكى سوغدىيانا رايونىنىڭ كانگىيەلىكلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ياۋچىلارنىڭ سوغدىيانادىن ۋاز كېچىشى كانگىيەلىكلەرنىڭ مەجبۇرلىشىدىن بولغان بولۇشىمۇ، ياكى تېخىمۇ مۇھىمى ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى مۇنبەت رايونلارنىڭ ئۇلارنى جەلپ قىلغانلىقىدىن بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. كانگىيەلىكلەر ياۋچىلارنىڭ بۇرۇنقى زېمىنىنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، ئەمما ياۋچىلار كانگىيەگە داۋاملىق تەسىرىنى كۆرسەتكەن. بۇ ئەھۋال قۇجۇلانىڭ زامانىدا ئالاھىدە كۆرۈلىدۇ، يەنى مىلادىيە 84 - يىلى جۇڭگو بىلەن كانگىيە ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈز بەرگەندە، جۇڭگولۇقلار ياۋچىلاردىن ياردەم تەلەپ قىلغان. ياۋچىلار ئارىغا كىرگەندىن كېيىن كانگىيەلىكلەر قوشۇنىنى دەرھال چېكىندۈرۈپ كەتكەن. نەچچە ئەسىردىن كېيىن جۇڭگو بىلەن كانگىيە يەنە ئۇزۇككىسىز تۇتۇشقان، بۇ چاغدىكى كانگىيە خانى ياۋچىلاردىن بولۇپ، ئۆزىنى ناھايىتى چوڭ تۇتقان. بۇنىڭدىن قارىغاندا، كۇشان ئىمپېرىيەسى كۈچەيگەن چاغلاردا كانگىيەنىڭ كۇشان ئىمپېرىيەسىنىڭ دائىرىسىدە ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. بۇ چاغدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىدىكى ئالانلارمۇ كانگىيەنىڭ كونتروللۇقىدا بولۇپ، ۋاستىلىك ھالدا كۇشان ئىمپېرىيەسىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولغان. يىغىپ ئېيتقاندا، كۇشان ئىمپېرىيەسىنىڭ تەسىر كۈچى بۇ چاغدا پۈتكۈل مەركىزىي ئاسىيانى قاپلىغان بولۇپ، شەرقىي جەنۇبتا باكتېرىيەدىن غەربىي شىمالدا كاسپى دېڭىزىغىچە يەتكەن [18].

ياۋچىلارنىڭ جەنۇب تەرەپتىكى چېگراسى ئەسلىدە ھىندىقۇش تاغلىرى بىلەن چەكلىنەتتى، لېكىن قۇجۇلا بۇ تاغدىن ھالقىپ ئۆتۈپ كابۇلنى بويسۇندۇرۇپ، ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرىنى ئىگىلىۋالدى. ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي،

ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى كەشمىر خانلىقىنى يوقىتىپ، زېمىننى قوشۇۋالدى. ئۇ 80 ياشتىن ئاشقاندا ئۆلدى، ئورنىغا ئوغلى ۋىما قادفىس (Wima Kadphises) چىقىپ يەنە پۈتكۈل ھىندى دەرياسى ۋادىسىنى بويسۇندۇردى. بۇ يەردە ساكلارنىڭ نۇرغۇن ئۇششاق خانلىقلىرى بولۇپ، كۆپىنچىسى نامدا پارفىيەگە تەۋە ئىدى، بۇلارنى يوقاتقاندىن كېيىن ۋىما قادفىس بىر كىشىنى نازارەتچىلىككە قويۇپ، ئۆزى يەنىلا باكتىرىيەدە تۇردى.

كۇشان ئىمپېرىيەسىنىڭ 3 ـ ھۆكۈمدارى قەنشىقا (Kanishka) تېخىمۇ مۇھىمدۇر. ئۇ ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى ئىككى ھۆكۈمدار ئوخشاشلا كۇشانلارغا تەۋە بولسىمۇ، لېكىن بىۋاستە مۇناسىۋىتى يوقتەك قىلىدۇ. ئۇ تەختتىكى چاغدا، زېمىنىنى تېخىمۇ شەرققە ۋە غەربكە كېڭەيتىپ، گانگ دەرياسى ۋادىسىدىكى يەرلەرنىمۇ يۇتۇۋېلىپ، بىۋاستە بىنارىسقا يېتىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن ھىندىستاننىڭ پۈتكۈل شىمالىي قىسمى كۇشان ئىمپېرىيەسىنىڭ تېررىتورىيەسىگە كىردى. قەنشىقا ھەر يىلى مەلۇم مەزگىل ھىندىستاندا تۇرۇپ، ئۆزى بىۋاستە باشقۇردى. ئەينى چاغدا كۇشان ئىمپېرىيەسىنىڭ مەركىزى ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى قەندىھاردا ئىدى. شۇڭا قەنشىقانىڭ ئىمپېرىيەسى يەنە قەندىھار ئىمپېرىيەسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئىتى ئىنتايىن مەشھۇر بولۇپ، كېيىن غەربىي شىمالىي ھىندىستاندىن ئاسىيانىڭ باشقا جايلىرىغا ئۇزۇكسىز تارقالدى.

قەنشىقا ئەلەمگە پىشقان ھۆكۈمدار بولۇپلا قالماستىن، يەنە مەدەنىيەت ـ سەنئەتكىمۇ ھەۋەس قىلاتتى، شۇڭا ئۇنىڭ پايتەختى بولغان قەندىھار مەدەنىيەت ـ سەنئەت مەركىزى بولۇپ قالغانىدى. ئۇ بۇددا دىنىنىمۇ ئىنتايىن ھىمايە قىلاتتى. ئەينى چاغدا شىمالدىكى بۇددىستلار قەنشىقانى خۇددى خىرىستىيانلار ئىمپېراتور كونىستانتىننى چوڭ كۆرگەندەك چوڭ كۆرەتتى،

ھازىر ساقلىنىپ قالغان نۇرغۇنلىغان ئابىدىلەر ۋە پۇللار قەنىشقا دەۋرىگە مەنسۇپ. لېكىن ھىندىستانلىقلارنىڭ تارىخ ئېڭى ھەقىقەتەن تۆۋەن بولغاچقا، قەنىشقا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرنىڭ زادى قايسى يىللار ئىكەنلىكىنى بىز ھازىرغىچە ئېنىق بىلەلمىدۇق. ئەڭ ئەپسۇسلىنارلىقى، ئەينى چاغدىكى جۇڭگونىڭ تارىخىي ئەسەرلىرىدە قەنىشقا تىلغا ئېلىنمىغان. سەل كېيىنكى ۋاقىتتىكى جۇڭگونىڭ بۇددىزم ئەسەرلىرىدە قەنىشقا دائىم تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار كۆپىنچە ھىندىستاندىن كەلتۈرۈلگەنلىكتىن، يىل دەۋرى مەسىلىسىدە ھېچقانداق مەلۇمات يوق. بىراق ياۋروپا ئارخېئولوگلىرىنىڭ تەتقىقات نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا، قەنىشقانىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرىنى تەخمىنەن مىلادىيە 1 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى دەپ بېكىتىشكە بولىدۇ [19].

ئارخېئولوگىيەلىك بايقاشلارغا قارىغاندا، ياۋچىلار ياكى كۇشانلار باكتېرىيەدە تۇرۇۋاتقان چاغلاردا، مەيلى ئىرق، تىل، كىيىم ـ كېچەك جەھەتتىن بولسۇن، يەنىلا شىمالدىكى دەسلەپكى مەزگىلدىكى كۆچمەن چارۋىچى ئىرانىيانلارغا ئوخشايدىغان نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلەرنى ساقلاپ قالغان. بىز دەسلەپكى مەزگىلدىكى كۇشان ھۆكۈمدارلىرىنىڭ پۇللىرىدىن ئۇلارنىڭ سوقىباش، قاڭشارلىق، بۇرۇت ـ ساقاللىق ئىكەنلىكىنى، تۇرقىنىڭ جەنۇبىي سىبىرىيەدىن بايقالغان قەدىمكى «سىكتىئانلار»غا ئوخشايدىغانلىقىنى، ئۇلاردا موڭغۇل ئىرقىنىڭ ھېچقانداق ئالامەتلىرى يوق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالايمىز. يەنە بۇ پۇللاردىكى بارلىق ئادەم ئىسىملىرى ۋە ئەمەلناملىرىدىن ئۇلارنىڭ بىر خىل ھىندى ـ ياۋروپا تىلى ياكى ئىرانىيان تىلىنى قوللانغانلىقىنى، بىراق ئۇنىڭ ئۆلچەملىك پارس تىلى بىلەن كۆپ پەرقلىنىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز. ساك تىلى بىلەن پارس تىلى ناھايىتى ئوخشايدىغان بولۇپ، كۇشان تىلى ئۇلار بىلەن ئوخشاش بىر تىل گۇرۇپپىسىغا تەۋە بولسىمۇ، لېكىن ئايرىم بىر خىل شېۋىنى شەكىللەندۈرگەن.

بۇ پۇللاردا كۆرۈلىدىغان كىيىم ـ كېچەكلەر ئەينى چاغدا يۇنان،

پېرسىيە، ھىندىستان ۋە جۇڭگودا كەڭ تارقالغان كېيىم - كېچەكلەر بىلەن خېلى بەك پەرقلىنىدۇ. ئېگىز ھەم ئۇچلۇق قالپاقلار، قوپال ئۆتۈكلەر ۋە ئۇزۇن تونلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كۆچمەن چارۋىچى ئىرانىيانلارنىڭ قەدىمكى كىيىملىرىگە ئىنتايىن ئوخشايدۇ. ئۇزۇن تونىنىڭ ئاستىدا يەنە ئىشتان بولۇپ، بۇمۇ قەدىمكى كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ كىيىمىدۇر. بىراق، كۇشانلار ئۆزلىرى بويسۇندۇرغان خەلقلەرنى ئۆزلىرىگە ئوخشاش بولۇشقا مەجبۇرلىماي، ئەكسىچە ئۆزلىرى قوشنا مىللەتلەرنىڭ بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغان.

بۇ چاغدا كابۇل ۋە ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىدا يەنىلا يۇناننىڭ كۈچلۈك تەسىرى مەۋجۇت ئىدى. شۇڭا كۇشان ھۆكۈمدارلىرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى پۇللىرىدا ئۇلار يۇنانچە «Basileos» دەپمۇ ئاتالغان. كېيىنكى مەزگىللەردە بۇ خىل يۇنانچە ئاتالغۇ قايتا كۆرۈلمىسىمۇ، لېكىن پۇللاردا يەنىلا گىرېك يېزىقى قوللىنىلغان. يەنە كېلىپ مەيلى دەسلەپكى مەزگىلدىكى ياكى كېيىنكى مەزگىلدىكى پۇللار بولسۇن، ئۇلاردىن كۇشان ھۆكۈمرانلىرىنىڭ Herakles (ھېراكلېس)، Helios (قۇياش ئىلاھى)، Selene (ئاي ئىلاھى)غا چوقۇنىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. يۇناننى مەنبە قىلغان قەندىھار ئۇسلۇبىدىكى سەنئەتمۇ كۇشان ئىمپېرىيەسى دەۋرىدە پىشىپ يېتىلىش باسقۇچىغا كىرگەن.

لېكىن يۇنان بىلەن ھىندىستاننىڭ شىمالىي قىسمى ئوتتۇرىسىدىكى بارلىق بىۋاسىتە قاتناشنى پارفىيە ئۈزۈۋەتكەچكە، كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە يۇناننىڭ تەسىرى تەبىئىي ھالدىلا ئازايدى، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ پېرسىيەنىڭ تەسىرى كۈنسېرى كۈچىيىشكە باشلىدى. شۇڭا، كېيىنكى مەزگىللەردىكى كۇشان پۇللىرىدا پارسچە «شاھىنشاھ» دېگەن ئاتالغۇ يۇنانچە «Basileos» دېگەن ئاتالغۇنىڭ ئورنىنى ئالدى ھەم يۇناننىڭ «Herakles» قاتارلىق ئىلاھلىرىنىڭ ئورنىنى پېرسىيەنىڭ

«Mithra» (مىترا)، «Anahita» (ئاناختا) قاتارلىق ئىلاھلىرى ۋە ئاتەشپەرەسلىك دىنىنىڭ ئىلاھلىرى ئىگىلىدى.

ھىندىستاننىڭ تەسىرى تېخىمۇ زور بولدى. كۇشان ئىمپېرىيەسىنىڭ ھەرقايسى خانلىرى ھىندىستانغا ئىچكىرىلەپ كىرگەچكە، ھىندىستاننىڭ تەسىرىگە تېخىمۇ بەك ئۇچرىدى. نۇرغۇن كۇشان پۇللىرىنىڭ بىر تەرىپىگە گىرېك يېزىقى چۈشۈرۈلگەن بولسا، يەنە بىر تەرىپىگە قارۇشتى يېزىقى چۈشۈرۈلگەن. كۇشان خانلىرىمۇ ئۆزلىرىنى «Maharaja» دەپ ئاتاشقان، بۇ بىر خىل ھىندىچە نام ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ھىندىستاننىڭ «Siva» (سىۋا) قاتارلىق ئىلاھلىرىمۇ كۇشان پۇللىرىدا كۆرۈلۈشكە باشلىدى.

ھىندىستاننىڭ بۇددا دىنى كۇشان ئىمپېرىيەسىدە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بۇددىزم رىۋايەتلىرىگە ئاساسلانغاندا، قەنشىقا بىر بۇددا دىنى مۇرىتى بولۇپلا قالماي، يەنە بۇددا دىنىنى تارقىتىشقا ئالاھىدە تۆھپە قوشقان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇددىستلارنىڭ بىر قېتىملىق چوڭ يىغىلىشى قەنشىقانىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ئۆتكۈزۈلگەنىكەن. ئەمما بىر قانچىلىغان ئالىملارنىڭ بۇنىڭغا گۇمانىي قارىشى بار. ۋاھالەنكى، قەنشىقا قۇيدۇرغان پۇللارغا بۇتنىڭ سۈرىتىدىن باشقا يەنە پېرسىيە ۋە ھىندىستاننىڭ ئىلاھلىرىنىڭ سۈرىتىمۇ چۈشۈرۈلگەن. شۇنداقتىمۇ، قەنشىقا ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى دەۋرىدە، بۇددا دىنى پۈتكۈل كۇشان ئىمپېرىيەسى تەۋەسىدە ئەڭ ئاساسلىق دىن بولۇپ قالغان، ھىندىستاندىلا ئەمەس، ھەتتا ئافغانىستان ۋە باكتېرىيەنىمۇ بۇددا دىنى مۇرىتلىرى ۋە بۇتخانىلار قاپلاپ كەتكەن. كۇشان ئىمپېرىيەسى دەۋرىدە بۇددا دىنى يەنە سوغدىيانا (بۇ چاغدا كانگىيەلىكلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى) ۋە جەنۇبىي شىنجاڭغىمۇ تارقىلىپ كىرگەن. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ زادى قاچان بۇددىستلاشقانلىقىنى بىز تېخى بىلمىسەكمۇ، لېكىن بۇددا دىنىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ئەللەرگە تارقىلىشى،

بەلكىم ساكارائۇل خانى شىيەننىڭ قىسقىغىنە ھۆكۈم سۈرگەن ئىمپېرىيەسى دەۋرىدە بولغان بولۇشى مۇمكىن. كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭ ھۇنلارغا بويسۇنغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ بۇددا دىنىنىڭ تارىم دەرياسى ۋادىسىغا تېزلىكتە تارقىلىشىغا تەسىر كۆرسەتەلمىگەن.

بۇددا دىنىنىڭ مەنبەسى گەرچە ھىندىستان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كۇشان ئىمپېرىيەسى تەۋەسىدە تەرەققىياتقا ئېرىشتى، شۇڭا مەركىزىي ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقىلىپ كىرگەن بۇددا دىنى ئەسلىدىكى بۇددا دىنى ئەمەس ئىدى. كېيىنچە يىراق شەرقتە ئاساسلىق ئورۇنغا ئۆتكەن ماھايانا مەزھىپىمۇ كۇشان ئىمپېرىيەسى دەۋرىدە ۋە كۇشان ئىمپېرىيەسى تەۋەسىدە پىشىپ يېتىلگەندى. بىز بىلىمىزكى، كۇشان ئىمپېرىيەسىنىڭ زېمىنى ھەر خىل ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەتلەرنىڭ قوشۇلۇش ئورنى بولۇپ، بۇلارنىڭ خېلى كۆپى ھىندىستاندا مەيدانغا كەلمىگەن، شۇڭا ماھايانا مەزھىپىمۇ ھىندى مەدەنىيىتىدىن باشقا مەدەنىيەتلەرنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇشى مۇمكىن. بولۇپمۇ غەربىي شىمالى ھىندىستاندا مەيدانغا كېلىپ، كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ باشقا جايلىرىغا تارقالغان بۇددىزم سەنئىتى ۋە بىناكارلىقى پېرسىيەنىڭ، بولۇپمۇ يۇناننىڭ تەسىرىگە ئىنتايىن ئۇچرىغان. قەندەھار ئۇسلۇبىدىكى بۇددىزم ھەيكەلتىراشلىقى كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە يىراق شەرقتىكى بۇددىزم سەنئىتىنىڭ ئاساسى بولۇپ، ئۇنىڭدىكى كۈچلۈك يۇنان ئۇسلۇبىدىن كىشى بۇنىڭ ئەڭ دەسلەپتە يۇنان ئۇستىلىرىنىڭ ئىجادىيىتىدىن كەلگەنلىكىگە ئىشەنمەي قالمايدۇ[20].

## (3) ھۇنلار بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ يەنە تىركىشىشى

ھۇنلار جەنۇب ـ شىمال ئىككى بۆلەككە پارچىلانغاندىن كېيىن، شەرقىي خەن سۇلالىسى جەنۇبىي ھۇنلارنى ئاكتىپ

قوللاپ قالماستىن، يەنە شىمالىي ھۇنلارنى چەكلەش مەقسىتىدە ئوغانلار ۋە سىيانپىلارنى موڭغۇلىيەنىڭ شەرقىي قىسمىغا ھۇجۇم قىلىشقا كۈشكۈرتتى. دەسلەپتە شىمالىي ھۇنلار شەرقىي خەن سۇلالىسىگە ئىتائەت قىلىپ كەلگەنىدى، لېكىن مىلادىيە 61 ـ يىلى جەنۇبىي شىنجاڭنى پۈتۈنلەي كونترول قىلىپ بولغاندىن كېيىن، خەن سۇلالىسىگە قاتتىق پوزىتسىيە تۇتۇشقا باشلىدى، تارىخىي ئەسەرلەردە خاتىرىلىنىشىچە، ئەينى چاغدا ھۇنلار جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ئەللەرنى مەجبۇرلاپ، خېشىدىكى ئايماقلارغا باستۇرۇپ كىرگەچكە، شەھەر قۇۋۇقلىرى كۈندۈزىمۇ تاقاپ قويۇلغان ㉑.

بۇ چاغدا شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ مۇتەئەسسىپ، ئېھتىياتچان پادىشاھى گۇاڭ ۋۇدى مىلادىيە 57 ـ يىلى ئۆلۈپ، ئورنىغا ئوغلى مىڭدى چىقتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇددا دىنى مىڭدى دەۋرىدە جۇڭگوغا رەسمىي تارقىلىپ كىرگەنىكەن㉒. بۇ چاغدا بۇددا راھىبلىرى جۇڭگوغا جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئۆتۈپ باراتتى، بەلكى مۇشۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، مىڭدى غەربكە يۈرۈش قىلىشقا ئاكتىپلىق بىلەن ئاتلاندى.

ئومۇمەن شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە جۇڭگولۇقلار بىلەن شىمالىي ھۇنلار ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ زومىگەرلىك ھوقۇقىنى تالىشىپ، جەمئىي ئۈچ قېتىم چوڭ ئۇرۇش قىلدى. بۇنىڭ بىرىنچى قېتىملىقى مىلادىيە 73 ــ 74 ـ يىللىرى، ئىككىنچى قېتىملىقى مىلادىيە 89 ــ 91 ـ يىللىرى، ئۈچىنچى قېتىملىقى مىلادىيە 119 ــ 127 ـ يىللىرى بولدى. جۇڭگو ھەر قېتىملىق ئۇرۇشتا غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن غەلىبە مېۋىسىنى ئۇزاققىچە قوغداپ قالالمىدى. ئەڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، شىمالىي ھۇنلار غەربكە كۆچۈپ، يىراق شەرقتىكى ئىمپېرىيەسىنى مەڭگۈ ئەسلىگە كەلتۈرەلمىدى، لېكىن بۇ چاغدا نەپكە ئېرىشكەنلەر خەن سۇلالىسى بولماستىن، بەلكى سىيانپىلار بولدى.

ئەمدى بىز شەرقىي خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى بىرىنچى قېتىملىق ئۇرۇشقا قاراپ باقايلى. مىلادىيە 73 ـ يىلى ئەتىيازدا، خەن سۇلالىسى قوشۇنى ئوغانلار، سىيانپىلار ۋە چياڭلارنىڭ ياردەمچى قوشۇنلىرى بىلەن بىللە تۆت يولغا بۆلۈنۈپ شىمالىي ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلدى. خەن سۇلالىسى قوشۇنى بارلىق جەڭلەردە غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى، بولۇپمۇ دۇ گۇ قوماندانلىق قىلغان بىر قوشۇن غەربىي شىمالغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئۇدۇل تەڭرىتاغقا يېتىپ بېرىپ، ھۇنلارنىڭ قۇيان خانىغا ھۇجۇم قىلدى. لېكىن، ھۇنلارنىڭ دەسلەپكى تارىخىدا قۇيان خان دېگەن بۇنداق نام يوق، بۇ ئەمەل ئېھتىمال مىلادىيە 1 ـ ئەسىردە ھۇنلار غەربكە يۆتكەلگەندە تەسىس قىلىنغان بولسا كېرەك. لېكىن شۇنىڭدىن كېيىن ھۇنلارنىڭ سىياسىي تەشكىلىدە قۇيان خان بارغانسېرى مۇھىم ئورۇن تۇتۇشقا باشلىغان، بۇ چاغدىكى جۇڭگونىڭ تارىخىي ئەسەرلىرىدىمۇ قۇيان خان كۆپرەك تىلغا ئېلىنىپ، شىمالىي ھۇن تەڭرىقۇتى ئانچە كۆپ تىلغا ئېلىنمىغان. قۇيان ئەسلىي ھۇنلارنىڭ ئۇرۇقىنىڭ نامى بولۇپ، قۇيان خان بەلكىم مۇشۇ ئۇرۇقنىڭ رەھبىرى بولۇشى، بۇ مەزگىلدە تەڭرىقۇت جەمەتى ئاجىزلىشىپ كەتكەچكە، ئۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ باش كۆتۈرۈپ چىققان بولۇشى مۇمكىن. دۇ گۇ قۇيان خانىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇنىڭ مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنى ئۆلتۈرۈپ تاكى بارىكۆلگىچە قوغلاپ باردى، بۇ يەر شۇ چاغدا ھۇن ئىمپېرىيەسىنىڭ مەركىزى ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي دۇگۇ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا قايتىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن تېرىقچىلىق كاھېپىگى تەسىس قىلىپ، ئېۋىرغولدا، يەنى هازىرقى قۇمۇلدا تۇرغۇزدى. ئېۋىرغول جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ شەرقىي شىمالىدا بولۇپ، ئورنى ئىنتايىن مۇھىم ئىدى، شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو غەربتە بىر تايانچ بازىغا ئىگە بولۇۋېلىپ، كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭنى بويسۇندۇرۇشقا ئاساس سېلىنۋالدى ㉓.

كېيىنكى يىلى (مىلادىيە 74 ـ يىلى) خەن سۇلالىسى سەركەردىلىرىدىن دۇ گۇ، گېڭ بىڭ قاتارلىقلار يەنە قوشۇنى بويسۇندۇردى ㉔. شۇ يىلى خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرت قورۇقچى بېگىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ھەرقايسى ئەللەرنى كونترول قىلدى. غەربىي يۇرت قورۇقچى بېگىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشى، ئەلۋەتتە دۇ گۇنىڭ غەلىبىسى ئارقىسىدا بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭدا بەن چاۋنىڭ تۆھپىسى تېخىمۇ زور. بەن چاۋ مەشھۇر ئائىلىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، مىلادىيە 73 ـ يىلى 36 نەپەر ئادەم بىلەن ئۇدۇن ۋە پىشامشاننى بويسۇندۇرۇپ، ھۇنلارنىڭ بۇ جايلاردىكى تەسىر كۈچىنى يوقاتتى. كېيىنكى يىلى سۇلېنى (قەشقەرنى) تىنچلاندۇردى ㉕. شۇنىڭ بىلەن خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتىكى ھەيۋىسىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇپ، غەربىي يۇرت قورۇقچى بېگىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالالىدى.

مىلادىيە 75 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا، خەن سۇلالىسىنىڭ مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىدىكى ئابرۇيى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بۇ چاغدا مانجۇرىيەنىڭ غەربىي ۋە موڭغۇلىيەنىڭ شەرقىي ھەم جەنۇبىي قىسمىدىكى ئوغانلار، سيانپىلار ۋە جەنۇبىي ھۇنلارنىڭ ھەممىسى خەن سۇلالىسىگە ئىتائەت قىلغان، يەنە كېلىپ خەن سۇلالىسى شىمالىي ھۇنلارنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنى كونترول قىلىش ھوقۇقىنى تارتىۋالغانىدى. ئۇيسۇنلار غەربىي خەن سۇلالىسى يىمىرىلگەندىن باشلاپلا جۇڭگو بىلەن ئالاقە قىلمىغان بولسىمۇ، مىلادىيە 74 ـ يىلى يەنە ئات سوۋغا قىلىپ، شاھزادىسىنى تۇرغاقلىققا ئەۋەتتى.

لېكىن شىمالىي ھۇنلارمۇ بوش كەلمىدى. دەل مۇشۇ يىلى (مىلادىيە 75 ـ يىلى) ئۇلار قوشقا يەنە ھۇجۇم قىلدى ۋە ئاگنى، كۇسەن قاتارلىق ئەللەرنى خەن سۇلالىسى ئەۋەتكەن غەربىي يۇرت قورۇقچى بېگىنى ئۆلتۈرۈشكە كۇشكۇرتتى. بۇ چاغدا خەن مىڭدى ئۆلۈپ ئورنىغا ئوغلى جاڭدى چىققانىدى. جاڭدى «يات قوۋملارنىڭ ئىشىنى دەپ ئەلنىڭ يۈكىنى ئېغىرلىتىشنى

خالىمىغان» لىقتىن، مىلادىيە 76 ـ يىلى غەربىي يۇرت قورۇقچى بېگىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، قوشتا تۇرۇۋاتقان قوشۇننى چېكىندۇرۇپ كەتتى، كېيىنكى يىلى يەنە ئېۋۇرغولدىكى تېرىقچى لەشكەرلەرنىمۇ قايتۇرۇپ كەتتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ شىمالىنى يەنە ھۇنلارغا تاشلاپ بەردى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ غەربىي جەنۇبىدا تۇرۇۋاتقان بەن چاۋغا دەرھال دۆلەتكە قايتىش ھەققىدە پەرمان چۈشۈردى ㉖.

لېكىن بۇ چاغدىكى شىمالىي ھۇنلار كۆرۈنۈشتە قۇدرەتلىك، ئەمەلىيەتتە ئاجىز ئىدى. تارىخىي ئەسەرلەردە خاتىرىلىنىشچە، مىلادىيە 85 ـ يىلىغا كەلگەندە، «شىمالىي ھۇنلار ئىنتايىن ئاجىزلىشىپ، قوۋملار يۈز ئۆرۈشكە باشلىغان، جەنۇبىي ھۇنلار ئالدى تەرەپتىن، دىڭلىڭلار ئارقا تەرەپتىن، سيانپىلار سول تەرەپتىن، غەربىي يۇرتتىكىلەر ئوڭ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلغان». ئىككى يىلدىن كېيىن (مىلادىيە 87 ـ يىلى) سيانپىلار شىمالىي ھۇنلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ، تەڭرىقۇتىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنى تالان- تاراج قىلىپ قايتتى ㉗.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بەن چاۋمۇ مىلادىيە 78 ـ يىلى خەن جاڭدىدىن رۇخسەت سوراپ جەنۇبىي شىنجاڭدا قالغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئون يىل جەريانىدا، ئۇنىڭ ئاكتىپلىق بىلەن ھەرىكەتلىنىشى نەتىجىسىدە سۇلې، ساكارائۇل قاتارلىق ئەللەر تىنچىتىلىپ، خەن سۇلالىسى تارىم دەرياسى ۋادىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمى ۋە غەربىي قىسمىنى كونترول قىلىش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈۋالدى ㉘.

### (4) ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتى

مىلادىيە 88 ـ يىلى مۇتەئەسسىپ، تىنچلىقپەرۋەر خەن جاڭدى ئۆلۈپ ئورنىغا ئوغلى خېدى چىقتى، بۇ چاغدا ئۇ ئون ياشتا بولغاچقا، ھاكىمىيەتنى دۇ خانىش باشقۇردى، ئۇنىڭ

ئىنىسى دۇ شيەن جىنايەت سادىر قىلغاچقا، شىمالىي ھۇنلارغا جازا يۈرۈشى قىلىپ، گۇناھىنى يۇيۇشنى تەلەپ قىلدى ㉙. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش مىلادىيە 89 ـ يىلى باشلىنىپ، ئۈچ يىلغا سوزۇلۇپ، جۇڭگو يەنىلا غەلىبە قىلدى. ئۇرۇش باشلانغان چاغدا دۇ شيەن جەنۇبىي ھۇنلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ، شىمالىي ھۇنلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ، قورۇلدىن ئۈچ مىڭ چاقىرىمدىن ئارتۇق ئۇزاپ موڭغۇلىيەگە ئىچكىرىلەپ كىردى، ئۇ تۆھپىلىرىنى تاشقا ئويدۇرۇپ خاتىرىلەپ قايتتى. شىمالىي ھۇن تەڭرىقۇتى بىر مەھەل خەن سۇلالىسىگە ئەل بولۇشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن سۆھبەت نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. كېيىنكى يىلى (مىلادىيە 90 ـ يىلى) دۇ شيەن لياڭجۇ ئايمىقىدىن قوشۇن باشلاپ چىقىپ، شىمالىي ھۇنلارنىڭ ئېۋىرغولنى ساقلاۋاتقان قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلىپ، بۇ يەرنى قولغا كىرگۈزدى. ئۇزاق ئۆتمەي، ئالدى ـ ئارقا قوش ئەللىرىمۇ ھۇنلارغا ئاسىيلىق قىلىپ، خەن سۇلالىسىگە ئىتائەت قىلدى. بۇ چاغدا دۇ شيەن شىمالىي ھۇنلارنى ئەل قىلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن جەنۇبىي ھۇنلارنىڭ توسقۇنلۇقى تۈپەيلىدىن پىلاننى ئىشقا ئاشۇرالمىدى. كېيىنكى يىلى (مىلادىيە 91 ـ يىلى) دۇ شيەن يەنە قوشۇن ئەۋەتىپ شىمالىي ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىپ، نۇرغۇن ئادەمنى ئۆلتۈردى، شىمالىي ھۇن تەڭرىقۇتىنىڭ قاياققا قېچىپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولمىدى، خەن سۇلالىسى قوشۇنى قورۇلدىن بەش مىڭ چاقىرىم يىراقلىققىچە بېرىپ قايتىپ كەلدى.

شىمالىي ھۇن تەڭرىقۇتىنىڭ يىراققا قېچىپ كەتكەنلىكى، شىمالىي ھۇن ئىمپېرىيەسىنىڭ يىمىرىلىشكە باشلىنىشى ئىدى. بۇ چاغدا جەنۇبىي ھۇنلار شىمالىي ھۇنلارنىڭ زېمىنىغا ۋە خەلقىگە ئىگە بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى، لېكىن دۇ شيەن بارلىق ھۇنلارنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ يېڭىدىن بىر چوڭ ئىمپېرىيە قۇرۇشىغا قارشى ئىدى. شۇڭا ئۇ مىلادىيە 92 ـ يىلى شىمالىي

ھۇن تەڭرىقۇتىنىڭ ئىنىسى يۇرتجانىنى تەڭرىقۇتلۇققا كۆتۈرۈپ، بارىكۆلنىڭ ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇردى. شىمالىي ھۇنلار جەنۇبىي ھۇنلار بىلەن بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، ئوخشاشلا خەن سۇلالىسىگە بەيئەت قىلدى. ۋاھالەنكى، كېيىن دۆشيەن ئۆلتۈرۈلۈپ، يۇرتجان خەن سۇلالىسىگە ئاسىيلىق قىلدى ھەم كېيىنكى يىلى (مىلادىيە 93 ـ يىلى) خەن سۇلالىسى قوشۇنى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. شۇنىڭدىن كېيىن جۇڭگونىڭ تارىخىي ئەسەرلىرىدە شىمالىي ھۇنلارنىڭ تارىخىي ئىنتايىن ئاز خاتىرىلەنگەن. لېكىن بىز بەزى پارچە ـ پۇرات تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىساق، ئۇزۇن ئۆتمەيلا شىمالىي ھۇنلارنىڭ يېڭىباشتىن ئىتتىپاقلىشىپ يېڭى تەڭرىقۇت تىكلىگەنلىكى، خەن سۇلالىسىگە قارىتا مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئىتائەتچان پوزىتسىيە تۇتقانلىقى ۋە ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغا تەقدىم قىلغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز[30].

بۇ چاغدىكى شىمالىي ھۇنلارنىڭ كۈچى ئىنتايىن ئاجىزلاپ كەتكەن بولۇپ، زېمىنى جۇڭغارىيە بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان ھەم موڭغۇلىيەدە پۇت تىرەپ تۇرۇش ئىمكانىيىتى قالمىغاندى. جەنۇبىي ھۇنلار بولسا يەنىلا موڭغۇلىيەنىڭ جەنۇبىنى ئىگىلىگەنىدى. موڭغۇلىيەنىڭ شىمالىنى بولسا سىيانپىلار ئىگىلىۋالغانىدى. ۋاھالەنكى، موڭغۇلىيەنىڭ شىمالىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلارنىڭ ھۇنلاردىن سىيانپىلارغا ئالمىشىشىنىڭ تەسىرى، ئىرقىي جەھەتكە قارىغاندا سىياسىي جەھەتتە كۆپرەك بولدى. ھۇنلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا تۇرغان نۇرغۇنلىغان قەبىلىلەر سىيانپىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتۈپ سىيانپى دەپ ئاتالدى. سىيانپىلارنىڭ ئەسلىدىكى تايانچ بازىسى موڭغۇلىيەنىڭ شەرقىي شىمالى ۋە مانجۇرىيەنىڭ غەربى بىلەنلا چەكلىنەتتى، ئۇلار موڭغۇلىيەنىڭ شىمالىنىمۇ قوشۇۋالغاندىن كېيىن قۇدرەتلىك بىر چوڭ ئەلگە ئايلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئاتاقتا جۇڭگوغا قارام ئىدى. جەنۇبىي ھۇنلارغا كەلسەك، ئۇلار

ئىنتايىن ئاجىزلىشىپ كەتكەن بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىنكى نەچچە ئون يىل ئىچىدە ئۇلاردا مالىمانچىلىق ئۇزۇلمىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ سىيانپىلارنى قوغلاپ چىقىرىپ، موڭغۇلىيەنىڭ شىمالىدىكى زېمىنلىرىنى قايتۇرۇۋالىغۇدەك مادارى يوق ئىدى ㉛.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، شەرقىي خەن سۇلالىسى پادىشاھى خېدى دەۋرىدە (مىلادىيە 89 ـــ 105 ـ يىللار) جۇڭگونىڭ شىمالىدا جەنۇبىي ھۇنلار، سىيانپىلار ۋە شىمالىي ھۇنلاردىن ئىبارەت ئۈچ كۈچ تىركىشىپ تۇردى، لېكىن ھېچقايسىسى خەن سۇلالىسىگە تەھدىت كەلتۈرەلمىدى.

جۇڭگونىڭ غەربىنىڭ ۋەزىيىتىگە كەلسەك، مىلادىيە 88 ـ يىلى بەن چاۋ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ جەنۇبى ۋە غەربىنى كونترول قىلىش ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن شىمالدىكى ھەرقايسى ئەللەر يەنىلا مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ تۇرۇۋاتاتتى. مىلادىيە 90 ـ يىلى ياۋچىلار، يەنى كۇشانلارنىڭ خەن مەلىكىسىگە ئۆيلىنىش تەلىپى رەت قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇلار قوشۇن ئەۋەتىپ بەن چاۋغا ھۇجۇم قىلغاندا، بەن چاۋ تەرىپىدىن چېكىندۈرۈلدى. بۇ چاغدا شىمالىي ھۇنلارمۇ دۆ شيەن تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغانىدى. شۇڭا خەن سۇلالىسىنىڭ غەربتىكى ھەيۋىسى زور دەرىجىدە ئاشتى. كېيىنكى يىلى (مىلادىيە 91 ـ يىلى) جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ شىمالىدىكى كۇسەن قاتارلىق ئەللەرمۇ خەن سۇلالىسىگە ئەل بولدى. خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرت قورۇقچى بېگىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، بەن چاۋنى قورۇقچى بەگلىككە تەيىنلەپ، كۇسەندە تۇرغۇزدى، يەنە شۇ گەننى دورغاپلىققا تەيىنلەپ سۇلېدا بوز يەر ئېچىشقا قويدى. مىلادىيە 94 ـ يىلى بەن چاۋ يەنە ئاگنىنى مەغلۇپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن غەربىي يۇرتتىكى 50 نەچچە ئەلنىڭ ھەممىسى

خەن سۇلالىسىگە ئىتائەت قىلىپ، ئولپان تاپشۇردى.
ئىراق بەن چاۋنىڭ ئەمەلىي ھۆكۈمرانلىقى پامىرنىڭ غەربىگە يېتىپ بارمىغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، بۇ چاغدا قۇدرەتلىك ياۋچىلار ۋە كانگىيەلىكلەر ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كۆپ قىسمىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ بۇ چاغدا جۇڭگو ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر، مەسىلەن، كۇشان (ياۋچى) ۋە ئارساك (پارفىيە) بىلەن بەزىدە ئەلچى ئەۋەتىشىپ تۇرغان. بۇنىڭدا ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى گەن يىڭدۇر. گەن يىڭ مىلادىيە 97 ـ يىلى بەن چاۋنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن جەنۇبىي شىنجاڭدىن چىقىپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى مەركىزىي شەھەر مەرۋىدىن ئۆتۈپ، ھېكاتومپىلوس (Hekatompylos) قا يېتىپ بارغان، ھېكاتومپىلوس ئىران ئېگىزلىكىگە جايلاشقان بولۇپ، شۇ چاغدا ئارساك ئىمپېرىيەسىنىڭ پايتەختى ئىدى. گەن يىڭ تېخىمۇ غەربتىكى مېسوپوتامىيە (بۇ چاغدا ئارساك ئىمپېرىيەسىنىڭ بىر ئۆلكىسى ئىدى)گىچە يېتىپ بېرىپ، داكچىنغا (رىم ئىمپېرىيەسى) بېرىشنى ئويلىغان. لېكىن، ئۇ قۇرۇقلۇق يولى بىلەن ماڭغاندا، قۇملۇقتىن ئۆتۈپ ئاندىن سۇرىيەگە (ئۇ چاغدا رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ زېمىنى ئىدى) بارغىلى بولىدىغانلىقىنى، دېڭىز يولى بىلەن ماڭغاندا پارس قولتۇقىدىن ئۆتۈپ، قىزىل دېڭىزنى بويلاپ ئاندىن غەربكە بارغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارساكلىق كېمىچىلەر ئۇنىڭغا: «دېڭىز بەك كەڭ، سەپەردە شامال ئوڭ كەلسە، ئۈچ ئايدا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ، شامال تەتۈر كېلىپ قالسا، ئىككى يىلدىمۇ بارغىلى بولمايدۇ، شۇڭا كېمىدە سەپەر قىلغۇچىلار ئۈچ يىللىق ئوزۇق ـ تۈلۈكنى ئېلىپ مېڭىشى كېرەك، دېڭىزدا يۇرتنى سېغىنىپ ئۆلۈپ كېتىدىغانلارمۇ جىق» دېگەچكە، ئۇ توختاپ قالغان. شۇڭلاشقا غەرب، شەرقتىكى ئىككى چوڭ ئىمپېرىيە (خەن سۇلالىسى بىلەن رىم ئىمپېرىيەسى) نىڭ بىۋاستە قاتناش

ئالاقىسى شەكىللىنەلمىگەن، بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش ئىدى ㉝.

مىلادىيە 102 ـ يىلى بەن چاۋ ياشىنىپ قالغانلىقتىن يۇرتىغا قايتىپ، لوياڭدا ئۆلدى. مىلادىيە 105 ـ يىلى خەن خېدىمۇ ئۆلدى، بۇنىڭ بىلەن جۇڭگونىڭ ئىچكى سىياسىتى قالايمىقانلىشىپ كەتتى. مۇشۇ سەۋەبتىن كېيىنكى يىلى خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھۆكۈمرانلىقى يەنە تەۋرىنىپ قالدى.

## (5) ھۇن ئىمپېرىيەسىنىڭ ئاخىرقى ھالاكىتى

ئەسلىدە بەن چاۋ دۆلىتىگە قايتىپ كەتكەندىن كېيىن رېن شاڭ غەربىي يۇرت قورۇقچى بەگلىكىگە تەيىنلەنگەنىدى، خەن خېدى ئۆلگەندىن كېيىن غەربىي يۇرتتىكىلەر يەنە يۈز ئۆرۈپ سۇلىپ، كۇسەن قاتارلىق جايلاردا ئارقا ـ ئارقىدىن قالايمىقانچىلىق يۈز بەردى. مىلادىيە 107 ـ يىلىغا كەلگەندە خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرت قورۇقچى بېگىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، غەربىي يۇرتتىن يەنە ۋاز كەچتى ㉝. شۇ يىلى چياڭلارمۇ خەن سۇلالىسىگە ئاسىيلىق قىلىپ، جۇڭگوغا ئېغىر ئاپەت ئېلىپ كەلدى، تاكى مىلادىيە 118 ـ يىلىغا كەلگەندىلا ئاندىن تىنچىتىلدى ㉞. جەنۇبىي ھۇنلارمۇ خەن سۇلالىسىنىڭ غەربتىكى ئىشلارنىڭ ھەلەكچىلىكىدە قالغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، مىلادىيە 109 ـ يىلى ئۇغانلار، سيانپىلار بىلەن بىرلىشىپ خەن سۇلالىسىنىڭ شىمالىي چېگراسىغا بېسىپ كىردى. كېيىنكى يىلى جەنۇبىي ھۇنلار بىلەن ئۇغانلار ئەل بولغان بولسىمۇ، لېكىن سيانپىلار موڭغۇلىيەنىڭ شىمالىنى ئىگىلەپ تۇرىۋەردى ㉟.

مىلادىيە 107 ـ يىلىدىن كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ئەللەر، بولۇپمۇ تارىم دەرياسى ۋادىسىنىڭ شىمالىدىكى ھەرقايسى ئەللەر يەنە شىمالىي ھۇنلارغا تەۋە بولدى. خەن سۇلالىسى چياڭلارنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتىپ بولغاندىن كېيىن

يەنە غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىشقا تۇتۇش قىلدى ۋە مىلادىيە 119 ـ يىلى ئىپۇرغولنى تارتىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن ئالدى قوش خانى ۋە پىشامشان خانى خەن سۇلالىسىگە ئەل بولدى. كېيىنكى يىلى (مىلادىيە 120 ـ يىلى) شىمالىي هۇنلار ئارقا قوش ئېلىدىكىلەرنى باشلاپ هۇجۇمغا ئۆتۈپ غەلىبە قازانغاچقا، خەن سۇلالىسى قوشۇنى دۇنخۇاڭغا چېكىنىپ مۇداپىئە كۆرۈشكە مەجبۇر بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن شىمالىي هۇنلار يەنە نەچچە قېتىم ئارقا قوش ئېلى بىلەن بىرلىشىپ هۇجۇم قىلغاچقا، خېشى رايونى ئۇلارنىڭ زىيىنىغا قاتتىق ئۇچرىدى [36]. مىلادىيە 123 ـ يىلى خەن سۇلالىسى بەن چاۋنىڭ ئوغلى بەن يۇڭنى غەربىي يۇرت دورغاپى قىلىپ تەيىنلىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى بەش يىل ئىچىدە (مىلادىيە 123 ــ 127 ـ يىللار) بەن يۇڭ شىمالىي هۇنلارنى مەغلۇپ قىلىپلا قالماستىن، يەنە خەن سۇلالىسىنىڭ هۆكۈمرانلىق هوقۇقىنى پۈتكۈل جەنۇبىي شىنجاڭدا قايتا تىكلىدى [37]. لېكىن ئۈيسۇنلار ۋە كۆكئارتنىڭ (پامىرنىڭ) غەربىدىكى دۆلەتلەر خەن سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزدى.

بەن يۇڭ مىلادىيە 127 ـ يىلى دۆلىتىگە قايتۇرۇپ كېتىلدى، شۇنىڭدىن كېيىنكى يىگىرمە نەچچە يىل جەريانىدا، خەن سۇلالىسى غەربتىكى هەيۋىسىنى يەنىلا ساقلاپ كەلدى. لېكىن، مىلادىيە 150 ـ يىلدىن كېيىن خەن سۇلالىسىنىڭ هاكىمىيىتى زەئىپلىشىپ، كۈچى كۈنسېرى ئاجىزلىشىشقا باشلىدى. مىلادىيە 151 ـ يىلى شىمالىي هۇنلار ئىپۇرغولغا قايتىدىن هۇجۇم قىلغاندا تەستە چېكىندۈرۈلدى. كېيىنكى يىلى غەربىي يۇرت دورغاپى ئۇدۇنلۇقلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى، بۇلارنىڭ هەممىسى خەن سۇلالىسىنىڭ غەربتىكى تەسىر كۈچىنىڭ ئاجىزلاشقانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىدى. مىلادىيە 153 ـ يىلى ئارقا قوش خانىمۇ خەن سۇلالىسى بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىپ، شىمالىي هۇنلارغا ئەل بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇزاق ئۆتمەي يەنىلا خەن

سۇلالىسىگە بويسۇندى [38].

بۇنىڭدىن شۇنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، ھېچبولمىغاندىمۇ مىلادىيە 153 ـ يىلى شىمالىي ھۇنلار جۇڭغارىيەدە يەنىلا سەل قارىغىلى بولمايدىغان كۈچىنى ساقلاپ قالغان. بۇ چاغدا خەن سۇلالىسى ھاكىمىيىتى ئاجىزلىشىپ كەتكەچكە، شىمالىي ھۇنلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جەنۇبىي شىنجاڭغا تەسىر كۈچىنى كېڭەيتكەن. لېكىن ئەمەلىيەتتە، بۇ چاغدا شىمالىي ھۇنلارنىڭ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى كۈچى گۇمران بولۇش گىرداۋىغا كېلىپ قالغانىدى. مىلادىيە 153 ـ يىلى شىمالىي ھۇنلارنىڭ ئارقا قوش ئېلىنىڭ خەن سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرۈشكە ياردەم بېرىش ئىشى، جۇڭگو تارىخىي ئەسەرلىرىدە خاتىرىلەنگەن شىمالىي ھۇنلارنىڭ تارىخىي پائالىيەتلىرىگە دائىر ئەڭ ئاخىرقى خاتىرە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تەخمىنەن شۇنىڭدىن كېيىنكى ئون يىل ئىچىدە شىمالىي ھۇن ئىمپېرىيەسى يوقالغان بولۇشى، قالدۇق قوۋملىرى غەربكە كۆچۈپ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كەڭ رايونلىرىغا چېچىلىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

ئۇنداقتا شىمالىي ھۇن ئىمپېرىيەسى نېمىشقا بۇنداق تۇيۇقسىز يوقىلىپ كېتىدۇ؟ بۇ مەسىلىگە جاۋاب بېرىش ئۈچۈن يەنىلا شەرقنىڭ ۋەزىيىتىگە قاراش كېرەك.

بۇ چاغدا شەرقىي ئاسىيادا جەنۇبىي ھۇنلار ئىنتايىن ئاجىزلىشىپ كەتكەن، ئوغانلارمۇ ئاجىزلىششقا يۈزلەنگەنىدى [39]. لېكىن جەنۇبىي ھۇنلار ۋە ئوغانلارنىڭ شىمالىدىكى سىيانپىلار مىلادىيە 109 ـ يىلىدىن كېيىن خەن سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ، موڭغۇلىيەنىڭ شىمالىنى ساقلاپ، كۈنسېرى كۈچىيىۋاتاتتى. مىلادىيە 115 — 119 ـ يىللاردا ئۇلار خەن سۇلالىسىگە توختىماستىن بېسىپ كىردى، بىراق بۇ چاغدا نۇرغۇنلىغان قەبىلىلەرگە بۆلۈنۈپ تۇرغاچقا، خەن سۇلالىسىگە ئېغىر ئاپەت ئېلىپ كېلەلمىدى [40].

لېكىن، مىلادىيە 121 ـ يىلىغا كەلگەندە سىيانپىلار

چىچەننىڭ رەھبەرلىكىدە ئىتتىپاقلىشىپ كۈچىيىپ خەن سۇلالىسىگە زور كۆلەمدە تاجاۋۇز قىلدى. خەن سۇلالىسى بەختكە يارىشا جەنۇبىي ھۇنلار ۋە ئوغانلارنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ، ئۇلارنىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۈردى [41]. چىچەن مىلادىيە 133 ـ يىلى ئۆلدى، لېكىن مىلادىيە 150 ـ يىلى ئەتراپىدا يەنە بىر ئۇلۇغ يولباشچى تانشىقۇي مەيدانغا كەلدى، ئۇ بارلىق سىيانپىلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، بىرنەچچە قېتىم خەن سۇلالىسىنىڭ شىمالىي چېگراسىغا باستۇرۇپ كىردى ھەم خەن سۇلالىسىگە ئەل بولغان جەنۇبىي ھۇنلار بىلەن ئوغانلارنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى.

تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى، تانشىقۇينىڭ مەركىزىي ئاسىيانىڭ سىياسىي جۇغراپىيەسىنى ئۆزگەرتىشىدۇر. تانشىقۇي باش كۆتۈرگەندە سىيانپىلار موڭغۇلىيەنىڭ شىمالىي قىسمىنى ئىگىلەپ تۇرغانىدى. ئۇ باش كۆتۈرگەندىن كېيىن تېخىمۇ شىمالدا سىبىرىيەنىڭ جەنۇبىدىكى دىڭلىڭلارنى، شەرقتە مانجۇرىيەنىڭ شەرقىدىكى پۇيۇكلەرنى ۋە باشقا توڭگۇس خەلقلىرىنى بويسۇندۇردى. تارىخىي ئەسەرلەردە ئېيتىلىشىچە، تانشىقۇي يەنە «غەربتە ئۇيسۇنلارغا زەربە بېرىپ، ھۇنلارنىڭ بۇرۇنقى يەرلىرىنى پۈتۈنلەي ئىگىلىگەن». بۇ ۋاقىتتا ئۇيسۇنلار جۇڭغارىيەنىڭ غەربىي جەنۇبىدا ئىدى. بۇنىڭدىن شۇ چاغلاردا ئەسلىدە شىمالىي ھۇنلارغا تەۋە بولغان جۇڭغارىيەنىڭ شەرقىي قىسمىنى تانشىقۇينىڭ بويسۇندۇرۇپ بولغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شىمالىي ھۇنلار موڭغۇلىيەنىڭ شىمالىدىنلا ئايرىلىپ قالماستىن، بەلكى يەنە جۇڭغارىيەدىمۇ قايتا پۇت تىرەپ تۇرالمىدى. بۇ دەل شىمالىي ھۇن ئىمپېرىيەسىنىڭ يوقىلىشى ۋە شىمالىي ھۇنلارنىڭ غەربكە كۆچۈشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب [42].

تانشىقۇي مىلادىيە 180 ـ يىلى ئەتراپىدا ئۆلگەندىن كېيىن سىيانپىلارنىڭ كۈچى ئاجىزلىششقا باشلىدى. لېكىن،

تانشىقۇيىنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا جۇڭغارىيەدە قۇرۇلغان شىمالىي ھۇن ئىمپېرىيەسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىشى ۋە شىمالىي ھۇنلارنى ئارقا ـ ئارقىدىن غەربكە كۆچۈشكە مەجبۇر قىلىشىنىڭ تەسىرى ناھايىتى چوڭقۇر بولدى.

## (6) جەنۇبىي ھۇنلارنىڭ قالدۇقلىرى

مىلادىيە 2 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن غەربكە كۆچكەن شىمالىي ھۇنلار توغرىسىدا، بىز كىتابىمىزنىڭ 3 ـ بۆلۈمىدە تەپسىلىي توختىلىمىز. ھازىر ئالدى بىلەن مىلادىيە 1 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ خەن سۇلالىسىگە ئەل بولغان جەنۇبىي ھۇنلارنىڭ ئاخىرقى ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قاراپ باقايلى.

شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا جەنۇبىي ھۇنلار ئىنتايىن ئاجىزلىشىپ كەتتى، ئۇلارنىڭ تەڭرىقۇتى قانقۇي مىلادىيە 188 ـ يىلى قول ئاستىدىكىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى، ئۇنىڭ ئوغلى يۈيۇغۇر تەختكە چىقىپ تەڭرىقۇت بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئەل ئىچى قالايمىقانلىشىپ كەتكەچكە، ئامالسىز خەن سۇلالىسىگە قېچىپ بېرىپ پاناھلىنىشقا مەجبۇر بولدى، شۇنىڭدىن باشلاپ جەنۇبىي ھۇنلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقى «ئاقساقاللار كېڭىشى» نىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى، «كېيىنكى خەننامە»دە خاتىرىلەنگەن «ئاقساقاللارنىڭ دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشى»مۇ شۇنى كۆرسىتىدۇ. مىلادىيە 195 ـ يىلى يۈيۇغۇر ئۆلدى، ئۇنىڭ ئىنىسى خۇچۇچان تەڭرىقۇت بولۇپ، يەنىلا خەن سۇلالىسىنىڭ شىمالىدا تۇرۇپ قېلىپ ئىلگە قايتالمىدى. مىلادىيە 216 ـ يىلى خۇچۇچان ئوردىغا خەن شيەندى بىلەن كۆرۈشكىلى بارغاندا، ساۋ ساۋ تەرىپىدىن تۇتۇپ قېلىندى، شۇڭا جەنۇبىي ھۇن خانلىقىنى مۇشۇ يىلى يىمىرىلگەن دېيىشكە بولىدۇ. جەنۇبىي ھۇنلار شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ

ئوتتۇرا مەزگىللىرىدىن كېيىن توختىماستىن سىيانپىلارنىڭ بېسىمىغا ئۇچراپ كەلگەچكە، تەدرىجىي ھالدا خەن سۇلالىسىنىڭ شىمالىي چېگراسىغا كۆچۈپ كەلگەنىدى، ساۋ ساۋ ئۇلارنىڭ تەڭرىقۇتىنى بىكار قىلغاندىن كېيىن ئۇلارنى بەشكە بۆلۈپ، ئۆز ئاقسۆڭەكلىرىنى ئۆزلىرىگە باشلىق قىلىپ بەلگىلىدى ۋە خەنزۇلاردىن ئەمىرلەشكەر قويۇپ ئۇلارنى نازارەت قىلدى ㊸.

تۆت يىلدىن كېيىن (مىلادىيە 220 ـ يىلى) شەرقىي خەن سۇلالىسى يوقىلىپ، ۋېي، شۇ، ۋۇدىن ئىبارەت ئۈچ پادىشاھلىق جۇڭگودا تىركىشىپ تۇردى. مىلادىيە 256 ـ يىلى ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ ئورنىنى جىن سۇلالىسى ئىلىپ، بىر نەچچە يىلدىن كېيىن پۈتۈن مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈردى. مىلادىيە 300 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە جىن سۇلالىسىنىڭ كۈچى «سەككىز بەگ يېغىلىقى» تۈپەيلىدىن ئىنتايىن ئاجىزلاپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن جۇڭگونىڭ چېگرالىرىدا ئاربلاش ئولتۇراقلاشقان ھۇن، كېش (ھۇنلارنىڭ باشقا بىر ئۇرۇقى)، سىيانپى، دى، چياڭ قاتارلىق مىللەتلەر ئارقا ـ ئارقىدىن باش كۆتۈرۈپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئون ئالتە پادىشاھلىق قۇردى. بۇ ۋەزىيەت تەخمىنەن 130 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت (مىلادىيە 304 ـــ 439 ـ يىللار) داۋام قىلدى.

ئون ئالتە پادىشاھلىق ئىچىدە ئەڭ ئاۋۋال باش كۆتۈرگىنى ھۇنلاردىن كېلىپ چىققان ليۇ يۈەن مىلادىيە 304 ـ يىلى قۇرغان خەن پادىشاھلىقى ئىدى. ليۇ يۈەن جەنۇبىي ھۇنلارنىڭ تەڭرىقۇتى يۈيۈغۇرنىڭ نەۋرىسى بولۇپ، ئۇنىڭ فامىلىسىنىڭ ليۇ ۋە دۆلەت نامىنىڭ خەن دەپ ئاتالغانلىقىغا قارىغاندا، بۇ چاغدا جۇڭگو تەۋەسىدە ياشاۋاتقان جەنۇبىي ھۇنلارنىڭ خەنزۇلىشىش دەرىجىسىنىڭ ناھايىتى يۇقىرىلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ليۇ يۈەنىنىڭ ئوغلى ليۇ سوڭ مىلادىيە 316 ـ يىلى جىن سۇلالىسىنى يوقىتىپ، پۈتكۈل شىمالىي جۇڭگونىڭ غوجىسى بولۇپ قالدى. نەچچە يۈز يىلنىڭ ئالدىدا

هۇنلار ئۇمۇميۈزلۈك گۈللەنگەن چاغدىمۇ باشتىن ـ ئاخىر جۇڭگوغا غوجايىنلىق قىلالمىغانىدى، ئەمدىلىكتە جەنۇبىي هۇنلارنىڭ بۇ ئەۋلادلىرى مەغلۇبىيەتتىن كېيىن ئەكسىچە ئەجدادلىرىنىڭ يېتەلمىگەن مەقسەتلىرىگە يەتتى، بۇمۇ ھەقىقەتەن تارىختىكى بىر مۆجىزىدۇر.

ليۇ سوڭ مىلادىيە 318 ـ يىلى ئۆلگەندىن كېيىن خەن پادىشاھلىقى ئىككىگە پارچىلىنىپ كەتتى، غەربىي قىسمى ليۇ يۈەننىڭ ئەۋلادى ليۇ ياۋغا تەۋە بولۇپ، دۆلەت نامى ئالدىنقى جاۋ دەپ ئاتالدى؛ شەرقىي قىسمى بولسا، كېشلاردىن كېلىپ چىققان شىلېغا تەۋە بولۇپ، دۆلەت نامى كېيىنكى جاۋ دەپ ئاتالدى. مىلادىيە 329 ـ يىلى شىلې ليۇ ياۋنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ زېمىنىنى ئىگىلىۋالدى. مىلادىيە 350 ـ يىلى كېيىنكى جاۋ پادىشاھلىقىمۇ يوقالدى. كېيىن نەچچە ئون يىللىق مالىمانچىلىقتىن كېيىن، جۇڭگونىڭ شىمالىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقى تامامەن سىيانپىلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. مۇشۇ مەزگىلدە جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدا پاناھلىنىپ تۇرۇۋاتقان بىر قىسىم جەنۇبىي ھۇنلار شيا (مىلادىيە 407 — 432 ـ يىللار) ۋە شىمالىي لياڭ (مىلادىيە 401 — 439 ـ يىللار)دىن ئىبارەت ئىككى پادىشاھلىقنى قۇرغان بولسىمۇ، كېيىن ئىككىلىسى سىيانپىلار تەرىپىدىن يوقىتىلدى. شىمالىي لياڭ پادىشاھلىقى يوقىتىلغاندىن كېيىن، ئىككى شاھزادە جەنۇبىي شىنجاڭغا قېچىپ بېرىپ، پىشامشان ۋە قوشنى ئىگىلەپ، مۇستەقىل خانلىق قۇرۇپ خېشى خانى دەپ ئاتالغان بولسىمۇ، مىلادىيە 460 ـ يىلى ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ شىمالىدا يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن ئاۋارلار (جۇرجانلار) تەرىپىدىن يوقىتىلدى، بۇ ۋاقىت ئاتتىلانىڭ ئۆلۈمى ۋە ياۋروپادىكى ھۇن ئىمپېرىيەسىنىڭ ھالاك بولۇشىغا يەتتە يىل قالغان چاغ ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن يىراق شەرقتە ھۇنلار قۇرغان دۆلەت مەڭگۈ مەۋجۇت بولمىدى [44].

## ئىزاھات:

1. ھۆن ئىمپېرىيەسىنىڭ قايتىدىن قۇرۇلۇشى

بۇ چاغدىكى ۋەزىيەت توغرىسىدا «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار»نىڭ 8 ـ، 9 ـ جىلدىغا، تەپسىلىي مەلۇماتلار ئۈچۈن «خەننامە»گە، بولۇپمۇ 99 ـ جىلد «ۋاڭ ماڭنىڭ تەرجىمىھالى»، 94 ـ جىلد «ھۆنلار تەزكىرىسى»، 96 ـ جىلد «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»گە، يەنە «كېيىنكى خەننامە»گە، بولۇپمۇ 1 ـ جىلد «گۇاڭۋۇدى ھەققىدە خاتىرە»، 41 ـ جىلد «ليۇ شۈەن، ليۇ پەنزىنىڭ تەرجىمىھالى»، 42 ـ جىلد «لۇ فاڭنىڭ تەرجىمىھالى»، 47 ـ جىلد «فېڭ يىنىڭ تەرجىمىھالى»، 48 ـ جىلد «ۋۇ خەننىڭ تەرجىمىھالى»، 52 ـ جىلد «دۇ ماۋنىڭ تەرجىمىھالى»، 53 ـ جىلد «دۇ روڭنىڭ تەرجىمىھالى»، 54 ـ جىلد «ما يۈەننىڭ تەرجىمىھالى»، 119 ـ جىلد «جەنۇبىي ھۆنلار تەزكىرىسى»، 118 ـ جىلد «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»، 120 ـ جىلد «ئوغانلار، سىيانپىلار تەزكىرىسى»گە قاراڭ.

① «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار»غا ۋە «خەننامە» نىڭ 99 ـ، 94 ـ جىلدىغا قاراڭ.

② «كېيىنكى خەننامە» نىڭ 120 ـ جىلدىغا قاراڭ.

③ «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار»غا ۋە «خەننامە» نىڭ 96 ـ جىلدىغا قاراڭ.

④ «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار»غا ۋە «خەننامە» نىڭ 99 ـ، 94 ـ، 96 ـ جىلدىغا قاراڭ.

⑤ «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار»غا ۋە «خەننامە» نىڭ 99 ـ، 94 ـ جىلدىغا قاراڭ.

⑥ «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار»غا ۋە «خەننامە» نىڭ 99 ـ، 94 ـ جىلدىغا، «كېيىنكى خەننامە»نىڭ 118 ـ جىلدىغا قاراڭ. چاۋانس ئارخېئولوگىيەلىك پاكىتلار ئارقىلىق ۋاڭ ماڭ ئۆلگەندىن كېيىنكى چوڭ مالىمانچىلىقتا جوڭگو غەربىي يۇرتتىكى ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم قالغان، دەپ قارىغان.

⑦ «خەننامە» نىڭ 94 ـ جىلدىغا «كېيىنكى خەننامە» نىڭ 119 ـ جىلدىغا قاراڭ.

⑧ «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار»غا ۋە «كېيىنكى

خەنـنـامـە» نـىـڭ 1 ـ، 42 ـ، 47 ـ، 48 ـ، 52 ـ، 54 ـ 119 ـ جىلدلىرىغا قاراڭ.

⑨ «كېيىنكى خەننامە» نىڭ 120 ـ جىلدىغا قاراڭ.

⑩ «ئومـۇمىي ئـۆرنـەكلـەردىـن مـۇھىم بـايـانلار»غا ۋە «كـېـيىنـكـى خەننامە» نىڭ 53 ـ، 118 ـ جىلدلىرىغا قاراڭ.

2. ھۇن ئىمپېرىيەسىدىكى ئۆزگىرىش

بۇ چاغدىكى ۋەزىيەت تـوغرىسـىـدا «ئومۇمـىـي ئۆرنەكلـەردىن مۇھىـم بايانلار»نـىڭ 9 ـ جىلـدىغا، تەپسىلـىـي مەلۇماتـلار ئۇچۇن «كـېـيىـنـكـى خەننامــە»گە، بولۇپـمۇ 1 ـ جىلـد «گـۇاڭ ۋۇدى ھەقـقـىـدە خاتـىـرە»، 2 ـ جىلد «مىڭدى ھەققىدە خاتىرە»، 49 ـ جىلد «گېڭ گونىڭ تەرجىـمىھالـى»، 50 ـ جىلد «سەي دەنىـنىڭ تەرجـىـمىـھـالى»، 118 ـ جىلـد «غەربىي يـۇرت تەزكىرىسى»، 119 ـ جىلد «جەنۇبىي ھۇنلار تەزكىرىسى»، 120 ـ جىلـد «ئوغانلار، سىيانپىلار تەزكىرىسى» گە قاراڭ.

⑪ جەنۇبىي ھۇنلارنىڭ خەن سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغانلىقى ھەققىدە «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بـايـانلار»غا ۋە «كېيىنكى خەننامە» نـىڭ 1 ـ، 49 ـ، 119 ـ جىلدلىرىغا قاراڭ.

⑫ «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار»غا ۋە «كېيىنكى خەننامە» نىڭ 119 ـ جىلدىغا قاراڭ.

⑬ «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار»غا ۋە «كېيىنكى خەننامە» نىڭ 50 ـ، 120 ـ جىلدلىرىغا قاراڭ.

⑭ «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار»غا ۋە «كېيىنكى خەننامە» نىڭ 118 ـ جىلدىغا قاراڭ.

⑮ «كېيىنكى خەننامە» 118 ـ جىلد «غەربىي يۇرت تـەزكىرىسـى»دە، قىرغىز، دىڭلىڭ ۋە ئۇيسۇنلار توغرۇلۇق مەلۇمـات يـوق. ئەمـما «ئـۇچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى» نىڭ 30 ـ جىلدىدا ۋېي يىلنامىسىدىن نەقىل ئېلىپ، بۇلار ھەققىدە توختالغان. يەنە «كېيىنكى خەنـنامە» نـىڭ 49 ـ، 77 ـ جىلدلىرىدا ئۇيسۇنلار توغرۇلۇق مەلۇمات خاتىرىلەنگەن.

⑯ ئـائۇرسى ۋە ئارسـاك ھەققـىـدە «كېيىـنكى خەنـنامە» نـىڭ 118 ـ جىلدىغا قاراڭ.

⑰ كۇشان ئىمپېرىيەسىنىڭ باش كـۆتۈرۈشى ھەقـقىدە «كـېـيىنكـى خەننامە» نىڭ 118 ـ جىلدىغا قاراڭ. جۇڭگونىڭ تارىخىي ئەسەرلىرىدە بۇ

ئىمپېرىيەنىڭ قۇرغۇچىسى قۇجۇلا قادفىس ۋە ئوغلى ۋېما قادفىس دېيىلگەن. بۇرۇن بەزى ئالىملار قۇجۇلا دەل قەنىشقانىڭ ئۆزىدۇر دەپ قارىغان. ئەمما ماركۇئارت: قۇجۇلا قادفىس، ۋېما قادفىس ۋە قەنىشقا ئايرىم - ئايرىم ئۈچ كىشىدۇر، دەپ يەكۈن چىقارغان. ھازىر بۇ يەكۈن بىردەك قوبۇل قىلىندى. بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى مەنبەگە قاراڭ:

O. Franke, "Beitrage aus Chinesischen Quellen zur Kenntniss der Turk Volker und Skythen" , sup. to Abhandlungen der koniglichen Preussischen Akadamie der Wissenschaft zu Berlin, 1904,p. 78; P. Pelliot, "Tocharien et Koutcheen" , Journal Asiatique, 1934,pp. 23 ff.; Poussin, L' Inde aux Temps des Mauryas et des Barbares, pp. 309 pp.

⑱ كانگىيەلىكلەر ھەققىدە «كېيىنكى خەننامە» نىڭ 77 - جىلدى ۋە «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» نىڭ 97 - جىلدىغا قاراڭ.

⑲ ئەينى ۋاقىتتىكى جۇڭگونىڭ تارىخى ئەسەرلىرىدە قەنىشقا ھەققىدە بىۋاستە مەلۇمات قالدۇرۇلمىغان. شۇڭا بىز پەقەت ھىندىستان ماتېرىياللىرىغا تايىنىمىز (بۇلارنىڭ بەزىلىرى كېيىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان). ئۇنىڭ تەختكە ئولتۇرغان يىلى توغرىسىدا زور گۇمان بار. مايۇر: قەنىشقا مىلادىيە 1 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ياشىغان، دەپ بىرقەدەر مۇۋاپىق يەكۈن چىقارغان. تەپسىلىي مەلۇماتلارنى مەزكۇر كىتابنىڭ قوشۇمچىسىدىن كۆرۈڭ.

⑳ كۇشان پۇللىرى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Gardner,op. cit.; A Cunningham, "Coins of the Indo-Scythians" , Numismatic Chronicle, 3rd ser., vols. VIII, IX,X, XII (1888-1889-1890-1892); V. Smith,Early History of India, pp. 251 ff.; Grousset,Histore de I' Extreme Orient, pp. 61. ff.; Poussin, L' Indeaux Temps des Mauryas et des Barbares,pp. 303 ff.

قەندىھار ئۇسلۇبىدىكى بۇددىزم سەنئىتى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

A. Foucher,L' Art Greco-bouddhique du Gandhara ; A. Gunwedel, Buddhistische Kunst in Indien.

3. ھۇنلار بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ يەنە تىركىشىشى

بۇ چاغدىكى ۋەزىيەت توغرىسىدا «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار»نىڭ 9 ـ، 10 ـ جىلدىغا، تەپسىلىي مەلۇماتلار ئۈچۈن «كېيىنكى خەننامە» گە، بولۇپمۇ 2 ـ جىلد «خەن مىڭدى ھەققىدە خاتىرە»، 3 ـ جىلد «خەن جاڭدى ھەققىدە خاتىرە»، 49 ـ جىلد «گېڭ بىڭ، گېڭ گوڭنىڭ تەرجىمىھالى»، 50 ـ جىلد «سەي دەنىنىڭ تەرجىمىھالى»، 53 ـ جىلد «دۇ گۇنىڭ تەرجىمىھالى»، 66 ـ جىلد «جىڭ جوڭنىڭ تەرجىمىھالى»، 77 ـ جىلد «بەن چاۋنىڭ تەرجىمىھالى»، 118 ـ جىلد «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»، 119 ـ جىلد «جەنۇبىي ھۇنلار تەزكىرىسى»، 120 ـ جىلد «ئۇغانلار، سىيانپىلار تەزكىرىسى»گە قاراڭ.

㉑ «كېيىنكى خەننامە» نىڭ 119 ـ جىلدىغا قاراڭ.

㉒ خەن مىڭدى ھەققىدە «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار»غا ۋە «كېيىنكى خەننامە» نىڭ 2 ـ جىلدىغا، بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشى ھەققىدە «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار»غا ۋە «خەننامە» نىڭ 118 ـ جىلدىغا ھەمدە تۆۋەندىكى مەنبەگە قاراڭ.

H. Maspero, "Le Songe et I' Embassde de I' Empereur Ming", Bulletin de I' Ecole d' Extreme Orient,1910; O. Franke, "Zur Frage der Einfuhrung des Buddhismus in China", Mitteilungen des Seminars fur orientalische Sprachen,1910.

㉓ «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار»غا ۋە «كېيىنكى خەننامە» نىڭ 2 ـ، 50 ـ، 53 ـ، 118 ـ، 119 ـ جىلدلىرىغا قاراڭ.

㉔ «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار»غا، «كېيىنكى خەننامە» نىڭ 2 ـ، 49 ـ، 118 ـ، جىلدلىرىغا قاراڭ.

㉕ «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار»غا ۋە «كېيىنكى خەننامە» نىڭ 77 ـ جىلدىغا قاراڭ.

㉖ «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار»غا ۋە «كېيىنكى خەننامە» نىڭ 2 ـ، 3 ـ، 49 ـ، 118 ـ جىلدلىرىغا قاراڭ.

㉗ «كېيىنكى خەننامە» نىڭ 119 ـ جىلدىغا، «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار»نىڭ 3 ـ جىلدىغا قاراڭ.

㉘ «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار»غا ۋە «كېيىنكى خەننامە» نىڭ 3 ـ، 77 ـ جىلدىغا قاراڭ.

4. ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ يىڭى ۋەزىيىتى

بۇ چاغدىكى ۋەزىيەت توغرىسىدا «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار» نىڭ 10 ـ جىلدىغا، تەپسىلىي مەلۇماتلار ئۇچۇن «كېيىنكى خەننامە» گە، بولۇپمۇ 4 ـ جىلد «خەن خېدى، خەن شاڭدى ھەققىدە خاتىرە»، 49 ـ جىلد «گېڭ بىڭ، گېڭ كۇينىڭ تەرجىمىھالى»، 53 ـ جىلد «دۇشيەننىڭ تەرجىمىھالى». 55 ـ جىلد «لۇ گوڭنىڭ تەرجىمىھالى»، 71 ـ جىلد «سوڭ يىننىڭ تەرجىمىھالى»، 77 ـ جىلد «بەن چاۋنىڭ تەرجىمىھالى»، 118 ـ جىلد «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»، 119 ـ جىلد «جەنۇبىي ھۇنلار تەزكىرىسى»، 120 ـ جىلد «ئوغانلار، سىيانپىلار تەزكىرىسى»گە قاراڭ.

㉙ «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار»غا ۋە «كېيىنكى خەننامە» نىڭ 4 ـ، 53 ـ، 55 ـ، 71 ـ، 75 ـ جىلدلىرىغا قاراڭ.

㉚ «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار» غا ۋە «كېيىنكى خەننامە» نىڭ 4 ـ، 49 ـ، 53 ـ، 75 ـ، 118 ـ، 119 ـ جىلدلىرىغا قاراڭ.

㉛ سىيانپىلارنىڭ كۆچىيىشى «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار»غا ۋە «كېيىنكى خەننامە» نىڭ 120 ـ جىلدىغا، جەنۇبىي ھۇنلارنىڭ ئىچكى ئىختىلاپلىرى ھەققىدە ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار» غا ۋە «كېيىنكى خەننامە» نىڭ 119 ـ جىلدىغا قاراڭ.

㉜ بەن چاۋ ھەققىدە «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار»غا ۋە «كېيىنكى خەننامە» نىڭ 4 ـ، 77 ـ، 118 ـ جىلدلىرىغا، گەنڭ يىڭ ھەققىدە «كېيىنكى خەننامە»نىڭ 118 ـ جىلدىغا ھەمدە تۆۋەندىكى مەنبەگە قاراڭ:

Weiger, Textes Historiques, p. 721; F. Hirth, China and the Roman Orient; E. Chavannes, "Les pays d' Occident d' apres le Heou Han Chou", in T' oung pao, 1907, pp. 149 ff.

5. ھۇن ئىمپېرىيەسىنىڭ ئاخىرقى ھالاكىتى

بۇ چاغدىكى ۋەزىيەت توغرىسىدا «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار»نىڭ 10 ـ، 12 ـ جىلدلىرىغا، تەپسىلىي مەلۇماتلار ئۇچۇن «كېيىنكى خەننامە» گە، بولۇپمۇ 4 ـ جىلد «خەن شاڭدى ھەققىدە خاتىرە»، 5 ـ جىلد «خەن ئەندى ھەققىدە خاتىرە»، 6 ـ جىلد «خەن

شۇندى، خەن چۇڭدى، خەن جىدى ھەققىدە خاتىرە»، 7 ـ جىلد «خەن خۇەندى ھەققىدە خاتىرە»، 49 ـ جىلد «گېڭ كۇي، گېڭ گوڭنىڭ تەرجىمىھالى»، 77 ـ جىلد «بەنچاۋ، بەن يوڭ، لياڭ چىنىڭ تەرجىمىھالى»، 95 ـ جىلد «جاڭ خۇەننىڭ تەرجىمىھالى»، 117 ـ جىلد «غەربىي چياڭلار تەزكىرىسى»، 118 ـ جىلد «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»، 119 ـ جىلد «جەنۇبىي ھۇنلار تەزكىرىسى»، 120 ـ جىلد «ئوغانلار، سيانپىلار تەزكىرىسى» گە قاراڭ.

㉝ «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار» غا ۋە «كېيىنكى خەننامە» نىڭ 5 ـ، 77 ـ، 118 ـ جىلدلىرىغا قاراڭ.

㉞ «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار»غا ۋە «كېيىنكى خەننامە» نىڭ 5 ـ،117 ـ جىلدىغا قاراڭ.

㉟ «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار» غا ۋە «كېيىنكى خەننامە» نىڭ 5 ـ، 49 ـ، 77 ـ، 119 ـ، 120 ـ جىلدلىرىغا قاراڭ.

㊱ «كېيىنكى خەننامە» نىڭ 77 ـ، 118 ـ جىلدىغا ۋە «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار» غا قاراڭ.

㊲ «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار»غا ۋە «كېيىنكى خەننامە» نىڭ 5 ـ، 6 ـ، 77 ـ، 118 ـ جىلدلىرىدىن كۆرۈڭ.

㊳ بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلارنى «كېيىنكى خەننامە» نىڭ 118 ـ جىلدىدىن كۆرۈڭ.

㊴ بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلارنى «كېيىنكى خەننامە» نىڭ 119 ـ، 120 ـ جىلدىدىن كۆرۈڭ.

㊵ بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلارنى «كېيىنكى خەننامە» نىڭ 120 ـ جىلدىدىن كۆرۈڭ.

㊶ بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلارنى «كېيىنكى خەننامە» نىڭ 120 ـ جىلدىدىن كۆرۈڭ.

㊷ بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلارنى «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار»دىن «كېيىنكى خەننامە» نىڭ 120 ـ جىلدىدىن كۆرۈڭ.

6. جەنۇبىي ھۇنلارنىڭ قالدۇقلىرى

㊸ بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلارنى «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىن مۇھىم بايانلار» دىن، «كېيىنكى خەننامە» نىڭ 119 ـ جىلدىدىن، «جىننامە» نىڭ 97 ـ، 101 ـ جىلدىدىن كۆرۈڭ.

㊹ بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلارنى «جىننامە»دىن، بولۇپمۇ 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ، 6 ـ، 7 ـ، 8 ـ، 9 ـ، 59 ـ، 60 ـ، 61 ـ، 62 ـ، 89 ـ، 97 ـ، 100 ـ، 101 ـ، 102 ـ، 103 ـ، 104 ـ، 105 ـ، 106 ـ، 107 ـ، 109 ـ، 110 ـ، 116 ـ، 129 ـ، 130 ـ جىلدلىرىدىن، ئۇنىڭدىن باشقا «كېيىنكى خەننامە» نىڭ 119 ـ جىلدىدىن، «ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى» نىڭ 30 ـ جىلدىدىن، «ۋېينامە» نىڭ 1 ـ جىلدىدىن كۆرۈڭ.

# 3 ـ بۆلۈم

## غەربكە كۆچكەندىن كېيىنكى شىمالىي ھۇنلار

## 6 ـ باب ياۋروپاغا بېسىپ كىرگەن ھۇنلار
## (1 ـ باسقۇچى)

ياۋروپانىڭ شەرقىي جەنۇبىنىڭ ئەھۋالى ــ سكتىئانلار ۋە سارماتىئانلارنىڭ زېمىنلىرى ــ گوتلار ۋە باشقا گېرمان قەبىلىلىرى ــ ئالانلار ــ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى شىمالىي ھۇنلار ــ ھۇنلارنىڭ ئالانلارنى بويسۇندۇرۇشى ــ ھۇنلارنىڭ شەرقىي گوتلارنى بويسۇندۇرۇشى ــ ھۇنلارنىڭ غەربىي گوتلارنى مەغلۇپ قىلىشى ــ غەربىي گوتلارنىڭ رىم ئىمپېرىيەسى تەۋەسىدە پاناھلىنىشى ــ ئۇلارنىڭ ئاسىيلىق قىلىشى ۋە ئىمپېراتور ۋالېنسنى مەغلۇپ قىلىشى ــ غەربىي گوتلارنىڭ بالقاندا، شەرقىي گوتلارنىڭ پاننونىيەدە ماكانلىشىشى

بىز ئەمدى غەربكە كۆچۈپ ئاخىرىدا بىر مەھەل ياۋروپانىڭ زور بىر قىسىم رايونلىرىنىڭ غوجايىنلىرى بولۇپ قالغان ھۇنلار توغرۇلۇق مۇھاكىمە ئېلىپ بارىمىز. لېكىن، بىز بۇ ھۇنلارنىڭ غەربكە كۆچۈشىنى تەپسىلىي مۇھاكىمە قىلىشتىن ئاۋۋال، ئەينى چاغدىكى غەربتىكى خەلقلەرنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىغا قاراپ بېقىشىمىز كېرەك. بولۇپمۇ بۇرۇندىنلا ياۋروپانىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان سكتىئانلار بىلەن سارماتىئانلار بىزنىڭ ئالدى بىلەن

چۈشەندۈرۈشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

بىز ئالدىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1 ـ ئەسىردە، بۇرۇندىنلا رۇسىيەنىڭ جەنۇبىدا ئولتۇراقلاشقان سىكتىئانلار يىمىرىلىشكە باشلىدى، ئۇلارنى مەركىزىي ئاسىيادىن كەلگەن سارماتىئانلار قوغلاپ چىقارغاچقا، ئۇلار تەدرىجىي ھالدا غەربكە كۆچتى. مىلادىيە 1 ـ ئەسىرگە كەلگەندە سارماتىئانلارنىڭ بېسىمى تېخىمۇ كۈچەيدى، نەتىجىدە سىكتىئانلار پادىشاھلىقى تامامەن پارچىلاندى. ئاز بىر قىسىم سىكتىئانلار يەنىلا قىچىپ يۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىللىقىنى نەچچە ئون يىل ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرىدا يەنىلا قۇدرەتلىك سارماتىئانلار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلدى.

بۇ سارماتىئانلار يەنە دائىم دېگۈدەك شەرقىي جەنۇبقا كېڭەيمىچىلىك قىلدى، ئۇلار كاۋكاز رايونىدىن ھالقىپ، كىچىك ئاسىيا ياكى پېرسىيەنىڭ غەربىي شىمالىدىكى كۆپ قىسىم رايونلارنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى داۋاملىق غەربكە كېڭەيمىچىلىك قىلدى. ئۇلار ئۇزۇن ئۆتمەيلا جەنۇبىي رۇسىيەدىن باشقا يەنە ھازىرقى رۇمىنىيەنى بويسۇندۇردى، بەزىلىرى كارپات تاغلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، دوناي دەرياسىنىڭ شەرقى ۋە شىمالىنى، يەنى ھازىرقى ۋېنگرىيەنىڭ شەرقىدىكى يەرلەرنى ئىگىلىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزىلىرى دوناي دەرياسىدىن ئۆتۈپ، رىم ئىمپېرىيەسى تەۋەسىگە باستۇرۇپ كىردى. رىم قوشۇنىمۇ دائىم دەريانىڭ شىمالىغا ئۆتۈپ، ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن ئۇلارغا ھۇجۇم قىلدى. بىراق سارماتىئانلار ئەزەلدىن رىم ئىمپېرىيەسىگە كەڭ كۆلەمدە پىلانلىق تاجاۋۇز قىلىپ باقمىغان، رىملىقلارمۇ ئەزەلدىن سارماتىئانلارنىڭ زېمىنلىرىنى ئىمپېرىيە دائىرىسىگە قوشۇۋېلىشنى ئويلاپ باقمىغان (پەقەت ئىمپېراتور ماركۇس ئاۋرېلىئۇسنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى بىر قېتىملىقىدىن باشقا) ئىدى.

سارماتئانلار باشتىن ـ ئاخىر ھەقىقىي كۆچمەن چارۋىچىلار بولۇپ، ئۇلار «ئات مەدەنىيىتى» دائىرىسىدە ئىدى. شۇڭا ئۇلار رۇسىيەنىڭ شىمالى ۋە گېرمانىيەنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىن ئىبارەت ئىككى جايغا يۈرۈش قىلمىغان، چۈنكى بۇ جايلارنى قويۇق ئورمانلىق قاپلاپ تۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلار رىملىقلارنىڭ داكىيەدىكى ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلمىغان، داكىيە ھازىرقى تىرانسىلۋانىيەنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، يەر شەكلى مۇرەككەپ ۋە ئورمان بىلەن قاپلانغان بۇ جاي ئەينى چاغدا رىملىقلارنىڭ دوناي دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى بىردىنبىر زېمىنى ئىدى.

سارماتئانلار ئىرق، تىل ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئۆزلىرىدىن بۇرۇنقى سكىتئانلارغا ناھايىتى يېقىن بولسىمۇ، لېكىن ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا چوڭ بىر پەرق بار ئىدى. سكىتئانلار بىرقانچىلىغان تولۇق مۇستەقىل ياكى قىسمەن مۇستەقىل قەبىلىلەرگە بۆلۈنگەن بولۇپ، ئۇلار بىر قۇدرەتلىك سكىتئان ئىمپېرىيەسىنى قۇرۇپ چىققانىدى، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق كۈچى ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ جەنۇبىي رۇسىيە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كەڭ رايونلارغا يەتكەنىدى. ھالبۇكى سارماتئانلار باتۇر جەڭچىلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئەزەلدىن بىرەر ئىمپېرىيە قۇرۇپ باقمىغانىدى. ئۇلار گەرچە ئۇرۇشقا ماھىر بولسىمۇ، لېكىن تەشكىللەشكە ئاجىز ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەر بىر قەبىلە باشتىن ـ ئاخىر مۇستەقىل ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈپ كەلگەن بولۇپ، بىرەرسىمۇ باشقا قەبىلىلەرنى كونترول قىلىپ باقمىغانىدى.

شۇ سەۋەبتىن، بىزنىڭ بايقىشىمىزچە، سارماتئانلار نۇرغۇنلىغان مۇستەقىل توپلارغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ھەر بىر توپنىڭ ئۆزىنىڭ نامى بار ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنىدىن ئۈچى بار: بىرىنچىسى، جازگىسلار (Jazyges) بولۇپ، ھازىرقى ۋېنگىرىيە تەۋەسىدە ئولتۇراقلاشقان؛

ئىككىنچىسى، روخسالانلار (Roxolani) بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەركىزى رۇسىيەنىڭ غەربىي جەنۇبى ئىدى؛ ئۈچىنچىسى ئالانلار (Alani) بولۇپ، ئەڭ مۇھىمى مۇشۇلار ئىدى. تارقاق ئالانلار سارماتئىيانلار دۇنياسىنىڭ ھەر تەرەپلىرىگە چېچىلىپ ئورۇنلاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئاساسىي قىسمى دون دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى كەڭ يايلاقتا، يەنى ياۋروپانىڭ شەرقىي جەنۇبى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي شىمالىنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان بولۇپ، نەچچە ئەسىرگىچە مۇشۇ يەردە ياشىغانىدى ①.

سارماتئىيانلاردا ئىتتىپاقلىقنىڭ كەمچىل بولۇشى دەل ئۇلارنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردە ئاسانلا يوقىلىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبىدۇر. تارىخىي دەۋرلەردىن باشلاپلا، رۇسىيەنىڭ جەنۇبىدىكى يايلاق رايونىغا تاجاۋۇز قىلغان خەلقلەرنىڭ ھەممىسى شەرقتىن كەلگەنىدى، لېكىن بۇ قېتىم ئۇلار شىمالدىن ۋە غەربتىن كەلدى. ئەسلىدە سارماتئىيانلارغا ۋارىسلىق قىلغان ھەر خىل گېرمان قەبىلىلىرى بالتىق دېڭىزى بويىدا ماكانلاشقان بولۇپ، كېيىن تەدرىجىي جەنۇبقا ۋە شەرقىي جەنۇبقا قاراپ ئىلگىرىلەپ، مىلادىيە 200 ـ يىللار ئەتراپىدا ياۋروپادىكى بۇرۇن سارماتئىيانلارغا تەۋە بولغان يەرلەرنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئىگىلىۋالدى. بىرنەچچە يەردە، بولۇپمۇ ۋېنگرىيە تەۋەسىدە سارماتئىيانلارنىڭ كىچىك توپلىرى ساقلىنىپ، نىسپىي مۇستەقىللىقنى بىرنەچچە ئون يىل ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ھەرگىزمۇ گېرمانلار بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرالمايتتى، ئۇزۇن ئۆتمەيلا گېرمانلار دوناي دەرياسىنىڭ شىمالى ۋە شەرقىنىڭ، يەنى پۈتكۈل شەرقىي جەنۇبىي ياۋروپانىڭ غوجايىنى بولۇپ قالدى.

گېرمانلارنىڭ سىرتقا كېڭىيىشى نۇرغۇن جەھەتلەردە بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تارتىدۇ. گېرمانلارنىڭ سىرتقا كېڭىيىش يۆنىلىشىدىن رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ بۇ چاغدا ئىچكى جەھەتتىن ئاجىزلاپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن تېۋتونلارغا كۈچى

يېتىدىغانلىقىنى ۋە چېگراسىنى ئۆزى قوغدىيالايدىغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. رىملىقلار ئەزەلدىن رېيىن دەرياسىنىڭ مۇداپىئە ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن بولۇپ، گېرمانلارنىڭ دەريادىن ئۆتۈپ تاجاۋۇز قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، نەچچە يۈز يىل جەريانىدا چېگرا مۇداپىئەسىنىڭ مۇستەھكەملىكىنى ساقلاپ كەلگەنىدى، نەتىجىدە شىمالدىكى گېرمانلار ئاھالىسىنىڭ كۆپىيىشى بىلەن يېڭى زېمىنغا ئېھتىياجلىق بولغاندا، پەقەت شەرقىي جەنۇب تەرەپكە يۈرۈش قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلار جەنۇبتىكى رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ زېمىنىغا تاجاۋۇز قىلالمىغاچقا، ئامالسىز شەرقتىكى سارماتىئانلارغا قاراشلىق بولغان زېمىنلارنى ئىگىلەشكە مەجبۇر بولدى. ئەگەر كېيىن ھۇنلار مەركىزىي ئاسىيادىن غەربكە تاجاۋۇز قىلىپ، گېرمانلارنى سارماتىئانلاردىن تارتىۋالغان زېمىنلاردىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر قىلمىغان بولسا، ئۇ ھالدا گېرمانلار شەرقىي جەنۇبقا داۋاملىق يۈرۈش قىلىۋەرگەن، غەربىي جەنۇبقا بۇرۇلۇپ باشقا تەرەققىيات يۈرۈشىنى ئىزدەپ يۈرمىگەن بولاتتى. ئەلۋەتتە، بۇنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردىكى دۇنيا تارىخىغا بولغان تەسىرى ئىنتايىن چوڭ بولدى.

ھالبۇكى گېرمانلارنىڭ بۇرۇن سارماتىئانلارغا تەۋە بولغان يەرلەرنى قانداق قىلىپ تارتىۋالغانلىقى توغرىسىدا رىم تارىخشۇناسلىرى بىزگە ئىنتايىن چولتا خاتىرىلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن. بىز پەقەت مىلادىيە 2 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا رىملىقلارنىڭ شەرقىي شىمال تەرەپتە سارماتىئان قەبىلىلىرى بىلەن قوشنا بولغانلىقىنى، لېكىن مىلادىيە 3 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇ سارماتىئانلارنىڭ ئورنىنى ئورۇنلىغان گېرمان قەبىلىلىرى ئالغانلىقىنى ۋە بۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ كېيىنكى تارىخىي تەرەققىياتتا مۇھىم ئورۇن تۇتقانلىقىنىلا بىلەلەيمىز.

بىز بۇ چاغدىكى ۋېنگىرىيە تەۋەسىنىڭ ۋانداللار (Vandals)، سۇئېبۋلار (Suevi)، ئۇلار قەدىمكى كۇئادلارنىڭ بىر تارمىقى

ئىدى)، جىبۇتلارنىڭ، رۇمىنىيە ۋە رۇسىيەنىڭ جەنۇبىنىڭ بولسا گوتلارنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى بايقىدۇق. گوتلار نۇرغۇنلىغان قەبىلىلەرگە بۆلۈنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىمى دېنىستېر دەرياسىنىڭ غەربىدە ئولتۇراقلاشقان غەربىي گوتلار ۋە دېنىستېر دەرياسى بىلەن دون دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدىكى پۇتكۇل جەنۇبىي رۇسىيەنى دېگۇدەك ئىگىلەپ تۇرغان شەرقىي گوتلار ئىدى. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان خەلقلەر ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى گوتلار بولۇپ، ئەينى چاغدىكى خاتىرىلەردىمۇ ئەڭ كۆپ ئۇچرايدۇ.

لېكىن گوتلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىقتىساداشلىرى سارماتىيانلارنى مەغلۇپ قىلغان ۋە ئۇلارنىڭ يەرلىرىنى ئىگىلىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن سارماتىيان خەلقىنىڭ كۆپ قىسمى ئۆلتۈرۈلمىگەن بولۇشى، بەلكى گېرمانلارنىڭ قەبىلىلىرىگە قوشۇلۇپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ چاغدىكى گوتلار تېخى يېرىم ياۋايى ھالەتتە بولۇپ، ئۇلار نۇرغۇن جەھەتتە سارماتىيان مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. گوتلارنىڭ سەنئىتىنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردىكى بارلىق گېرمان خەلقلىرىنىڭ سەنئىتىگە زور تەسىر كۆرسىتەلىشىمۇ ئۇلارنىڭ سارماتىيانلارنىڭ سەنئىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنلىكىدىن بولغانىدى.

سىكتىيان، سارماتىيان مەدەنىيەتلىرىدە كۆچمەن چارۋىچىلىق ياكى يېرىم كۆچمەن چارۋىچىلىقنىڭ نۇرغۇنلىغان ئالاھىدىلىكلىرى بولۇپ، گوتلار بۇلارنىمۇ قوبۇل قىلغان. رىم تارىخىي ئەسەرلىرىگە ئاساسلانغاندا، گوتلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۆزىدىن بۇرۇنقى سارماتىيانلارغا ئوخشاش بىر خىل چوڭ چېدىر ھارۋىلاردا ئولتۇرغان. گوتلار يەنە سارماتىيانلارنىڭ «ئات مەدەنىيىتى» نى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئات ۋە ئات مىنىش تېخنىكىسى ھەققىدىكى بىلىملىرى ئەينى چاغدىكى باشقا گېرمان خەلقلىرىدىن كۆپ ئىدى. لېكىن گوتلار «ئات مەدەنىيىتى»نى تولۇق قوبۇل قىلمىغان. ئۇلارنىڭ قەبىلە

ئاقساقاللىرى ۋە كۆپ ساندىكى مۇھىم سەردارلىرى ئاتلىق جەڭ قىلسىمۇ، لېكىن ئاساسىي قىسمى يەنىلا پىيادە ئۇرۇش قىلاتتى.

گوتلار بىر تەرەپتىن سارماتىيئانلارنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن يۇنانلىقلار ۋە رىملىقلارنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان، بولۇپمۇ ئۇلار رىم ئىمپېرىيەسىگە ئۇزۇن ۋاقىت قوشنا بولغاندىن كېيىن، شۇنداق بولغان. بىزنىڭ بايقىشىمىزچە، گوتلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى رۇسىيەنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا ئولتۇراقلىشىپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا دېڭىزچىلىق ئىشلىرىنى باشلىۋەتكەن ۋە زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۇلار كېمە ياساش ۋە دېڭىزچىلىق بىلىملىرىنى، ئەلۋەتتە قارا دېڭىزنىڭ شىمالىي قىرغاقلىرىدىكى «يۇنان - رىم» مۇستەملىكىلىرىدىن ۋە بېقىندى دۆلەتلەردىن (مەسىلەن، بۇرۇنلا رىم ئىمپېرىيەسىگە قارام بولغان بوسفورۇس خانلىقى) ئۆگىنىۋالغان.

بۇرۇن بىر مەھەل شىمالىي ياۋروپادىكى ياۋايى خەلقلەر ئارىسىغا تارقالغان رونىك يېزىقىنىمۇ گوتلار گىرېك يېزىقىغا ئاساسەن ئۆزگەرتىپ بارلىققا كەلتۈرگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ خىل رونىك يېزىقىنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى ئىنتايىن چەكلىك بولۇپ، پەقەت قىلىچنىڭ دەستىسى ياكى قەبرە تاشلىرىغىلا چۈشۈرۈلگەن. لېكىن مىلادىيە 4 - ئەسىرگە كەلگەندە گوتلار يېزىق تىلى ۋە ئەدەبىيات جەھەتتە خېلى ئىلگىرىلىگەن.

نۇرغۇنلىغان گوتلار رىم ئىمپېرىيەسى چېگراسىدا يۈز نەچچە يىل ياشاش نەتىجىسىدە تەدرىجىي خىرىستىيانلاشقان. ئاخىرىدا ئۇلفىلاس (Ulfilas) ئىسىملىك بىر گېرمان پوپ ئېپىسكوپلۇققا تەيىنلەنگەن ھەم گوتلارغا خىرىستىيان دىنى ئەقىدىلىرىنى تەشۋىق قىلغان. شۇ سەۋەبتىن ئۇ ئاۋۋال ئىشلىتىش ئاسان بولغان يېڭى بىر يېزىقنى كەشىپ قىلىپ، ئاندىن «ئىنجىل» نىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆز تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان. لېكىن

ئۇلفىلاس تىنچلىقپەرۋەر كىشى بولغاچقا، «كونا ئەھد»نىڭ مەلۇم قىسىملىرىنى گوت تىلىغا تەرجىمە قىلىشنى رەت قىلغان، چۈنكى بۇ قىسىملاردا ئۇرۇشنىڭ شەرەپلىك ئىكەنلىكى مەدھىيەلەنگەنلىكتىن، ئۇ بۇلار ئەسلىدىنلا ئۇرۇشقاق بولغان گوتلارغا ماس كەلمەيدۇ، دەپ ھېسابلىغان. ئۇلفىلاس تەرجىمە قىلغان «ئىنجىل» نىڭ كۆپ قىسمى ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن بولۇپ، بۇ بارلىق گېرمان خەلقلىرىنىڭ قەدىمكى تىلى ھەققىدىكى مۇھىم ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇلفىلاسنىڭ يېزىق ئارقىلىق دىن تارقىتىشتەك تۆھپىسى نەتىجىسىدە، ئاخىرىدا گوتلارنىڭ ھەممىسى خىرىستىيان دىنىنى قوبۇل قىلدى. لېكىن بۇ ئىش ئۇلفىلاس ئۆلۈپ خېلى كۆپ يىللاردىن كېيىن ئاندىن ئەمەلگە ئاشتى. ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، گوتلار ۋە ئۇلارغا قوشنا بولغان گېرمان خەلقلىرىنىڭ ئېتىقاد قىلغىنى ئەسلىدىكى خىرىستىيان دىنى بولماستىن، بەلكى ئارىيان مەزھىپى (Arian heresy) دەپ ئاتىلىدىغان بىر مەزھەپ ئىدى. بۇ تۈپەيلى كېيىن گوت خەلقلىرى بىلەن رىم ئىمپېرىيەسى خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇنلىغان تالاش ـ تارتىشلار كېلىپ چىقتى.

گوتلار گەرچە «يۇنان ـ رىم» مەدەنىيىتىنىڭ نۇرغۇنلىغان ئالاھىدىلىكلىرىنى قوبۇل قىلىشنى خالىسىمۇ، لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن ئۇزۇن مەزگىللىچە رىم ئىمپېرىيەسى بىلەن توقۇنۇشتى. ئىمپېراتور سېۋېرۇس ئالېكساندىر دەۋرىدە (Severus Alexander، مىلادىيە 222 — 235 ـ يىللار) گوتلار قارا دېڭىزنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى «يۇنان ـ رىم» لاشقان ئولبىيە (Olbia) ۋە تىراس (Tyras) تىن ئىبارەت ئىككى شەھەرنى ۋەيران قىلىۋەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا، مىلادىيە 240 ـ يىلدىن باشلاپ ئۇلار دوناي دەرياسى ساھىلىدا پەيدا بولۇپ، رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ زېمىنىغا تاجاۋۇز قىلىشقا باشلىدى. مىلادىيە 240 — 270 ـ يىللار ئارىلىقىدا گوتلار بىلەن رىملىقلار

توختىماي دېگۇدەك ئۇرۇشۇپلا تۇردى ھەم رىملىقلار بىرنەچچە قېتىم ئېچىنىشلىق مەغلۇپ بولدى. بىر قېتىملىق زور مەغلۇبىيەت مىلادىيە 251 ـ يىلى يۈز بەرگەن بولۇپ، رىم قوشۇنى پۈتۈنلەي دېگۇدەك يوقىتىلىپ، ئىمپېراتور دېكىئۇس (Decius)مۇ جېنىدىن ئايرىلدى. ئەگەر بۇ چاغدا گوتلار غەلىبە پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ قوغلاپ زەربە بەرگەن بولسا، رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ چوڭ بىر رايوننى بويسۇندۇرۇۋېلىشى مۇمكىن ئىدى، لېكىن گوتلارنىڭ ئۇرۇش قىلىشتىكى مەقسىتى يەر ئىگىلەش ئەمەس، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش بولغاچقا، ئۇلار ھېسابسىز مال ـ دۇنيانى بۇلىۋالغاندىن كېيىن، دوناي دەرياسىنىڭ شىمالىغا چېكىنىپ كەتتى.

گوتلار پايدىغا ئېرىشكەندىن كېيىنكى نەچچە يىل ئىچىدە داۋاملىق كېلىپ بۇلاڭچىلىق قىلدى. ئۇلار بۇ خىل بۇلاڭچىلىقنى بەزىدە قۇرۇقلۇق يولى ئارقىلىق ئېلىپ بارسا، بەزىدە سۇ يولى ئارقىلىق ئېلىپ باردى. گوتلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى دېڭىزچىلىق تېخنىكىسىنى ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىنلا، قارا دېڭىز ۋە ئېگىي دېڭىزى قىرغاقلىرىدىكى چوڭ شەھەرلەرنى بۇلاپ ـ تالىدى. بۇ بۇلاڭچىلىق ئۇرۇشلىرى جەريانىدا، رىمنىڭ زېمىنلىرى ئىگىلىۋېلىنمىغان بولسىمۇ، لېكىن رىم ئىمپېرىيەسى دوناي دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى زېمىنلىرىنى، يەنى داكىيە ياكى تىرانسىلۋانىيەنى تارتقۇزۇپ قويدى. رىملىقلارنىڭ بۇ رايوندىن قاچان ۋاز كەچكەنلىكىنى بىلمىسەكمۇ، لېكىن بۇ رايوندىكى رىم پۇللىرى ۋە تاش پۈتۈكلىرى مۇشۇ دەۋردىن باشلاپ تۇيۇقسىز يوقالغان.

يەنە بىر ۋەقە مىلادىيە 269 ـ يىلى يۈز بەردى. شۇ يىلى گوتلارنىڭ ھەر قايسى قەبىلىلىرى دوناي دەرياسىدىن ئۆتۈپ رىم ئىمپېرىيەسىگە باستۇرۇپ كىردى، ئۇلارنىڭ سانى ھېسابسىز بولۇپ، خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، جەمئىي 320 مىڭدىن كۆپ ئىكەن. بەختكە يارىشا بۇ چاغدىكى رىم ئىمپېراتورى كىلاۋدىئۇس

باتۇر ئەزىمەت بولغاچقا، شەخسەن ئۆزى قوشۇن تارتىپ جەڭگە ئاتلىنىپ، بىرنەچچە قېتىملىق كەسكىن جەڭدىن كېيىن زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى. گوتلارنىڭ ئاساسىي قوشۇنى تەلتۆكۈس تارمار بولۇپ، قېلىپ قالغان ئاز بىر قىسمى تېزلىكتە شىمالغا چېكىنىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

كىلاۋدىئۇسنىڭ غەلىبىسى رىمنى گوتلارنىڭ باستۇرۇپ كىرىشىدەك ئېغىر كىرىزىستىن يۈز يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت خالاس قىلدى. لېكىن، رىملىقلارمۇ غەلىبىدىن پايدىلىنىپ قوغلاپ زەربە بېرىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. گوتلار ئۆزلىرىنىڭ يېرىدە ھېچقانداق تاجاۋۇزغا ئۇچرىمايلا قالماستىن، بەلكى رىملىقلار داكىيەنىمۇ قايتۇرۇۋېلىشنى خالىمىدى. ئاۋرېلىئان كىلاۋدىئۇسنىڭ ئورنىغا چىققاندىن كېيىن، داكىيە ئۆلكىسىدىن ۋاز كەچكەنلىكىنى رەسمىي جاكارلىدى، بۇ يەردىكى رىم ئاھالىسىمۇ بۇيرۇقنى بىنائەن دوناي دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا چېكىندى.

كىلاۋدىئۇس غەلىبە قىلغاندىن كېيىنكى بىر ئەسىر ئىچىدىكى رىم تارىخىي ئەسەرلىرىدە گوتلار ناھايىتى ئاز تىلغا ئېلىنىدۇ. بىرنەچچە رىم ئىمپېراتورى، مەسىلەن، كونىستانتىن قاتارلىقلار گوتلاردىن يېڭى ئەسكەر ئالغان. بۇ گوت ئەسكەرلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ رىملىق غوجايىنلىرىغا ئىنتايىن ساداقەت كۆرسەتكەن. بىراق بۇنداق ئەسكەر ئېلىش ئىشى رىملىقلار بىلەن دوناي دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى ھەرقايسى گېرمان خەلقلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىگە تەسىر كۆرسەتمىگەن. رىملىقلار بىلەن شىمالدىكى بۇ ياۋايى خەلقلەر تىنچ بىللە تۇرغان بىر ئەسىر جەريانىدا، بۇ ياۋايى خەلقلەر ئۆزئارا ئۇرۇش قىلىشقان. بۇ ۋاقىت ئىچىدە گوتلار ۋانداللار بىلەن جىبۇتلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ، شەرقىي جەنۇبى ياۋروپادىكى بارلىق گېرمان خەلقلىرى ئارىسىدا ئۆزلىرىنىڭ زومىگەرلىكىنى تىكلىگەن.

بۇ چاغدا غەربىي گوتلار بىلەن شەرقىي گوتلار ئارىسىدىكى ئەسلىدىنلا بار بولغان پەرقلەر يەنىلا مەۋجۇت ئىدى، لېكىن مىلادىيە 4 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا سىياسىي جەھەتتىكى رەھبەرلىك ھوقۇقى شەرقىي گوتلارنىڭ قولىدا ئىدى. بولۇپمۇ ھېرمانرىك شەرقىي گوتلارغا رەھبەرلىك قىلغاندىن كېيىن، ئابرۇيى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى ۋە قول ئاستىدىكىلىرى تەرىپىدىن «گوتلارنىڭ ئالېكساندېرى» دەپ ئاتالدى. ھېرمانرىك رۇسىيەنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى سىلاۋىيان قەبىلىلىرىنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، شەرقىي گوت پادىشاھلىقى گوت ئىمپېرىيەسىگە ئايلاندى. ھېرمانرىكنىڭ غەربىي گوتلار ۋە ئۇلارنىڭ غەربىدىكى مىللەتلەرگىمۇ خېلى كۈچى يېتەتتى. بۇ چاغدىكى غەربىي گوت قەبىلىلىرى يەنىلا ئۆز ئاقساقاللىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا تۇرۇۋاتقان بولۇپ، ئۇلاردىن ئەڭ مەشھۇرى ئاسانارىك ئىدى. لېكىن، رىم تارىخىي ئەسەرلىرىدە بۇ قەبىلە ئاقساقاللىرىنى ھۆكۈمدار دەپ ئاتىغان بولۇپ، پادىشاھ دەپ ئاتىمىغان، بۇنىڭدىن ئەينى چاغدىكى غەربىي گوت ئاقساقاللىرىنىڭ بىر خىل بىقىسندى ئورۇندا تۇرۇۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

مىلادىيە 366 ـ يىلى ئىمپېراتور ۋالېنس ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىلدە گوتلار بىلەن رىم ئىمپېرىيەسى ئوتتۇرىسىدا چوڭ ئۇرۇش پارتلىدى، لېكىن بۇ قېتىمقىسىنى رىملىقلار قوزغىغانىدى. رىم ئىمپېراتورى بولۇشنى تەمە قىلغان پىروكوپىئۇس ئىسىملىك بىر كىشى سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ مەغلۇپ بولۇپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ۋالېنس گوتلارنىڭ ئۆزىنىڭ سىياسىي رەقىبىگە ياردەم قىلغانلىقىغا غەزەپلىنىپ، ئۇلارغا قوشۇن تارتىپ جازا يۈرۈشى قىلىشنى قارار قىلدى، ئەمەلىيەتتە ۋالېنسنىڭ ھۇجۇم قىلغىنى غەربىي گوتلارنىڭ رىم بىلەن چېگرالىنىدىغان كىچىك بىر پادىشاھلىقى ئىدى. بۇ ئۇرۇش مىلادىيە 367 ـ يىلى باشلىنىپ، 369 ـ يىلى

ئاخىرلاشتى. دەسلەپكى ئىككى يىللىق ئۇرۇشتا ھېچقانداق نەتىجە كۆرۈلمىدى، لېكىن مىلادىيە 369 ـ يىلى رىم قوشۇنى غەربىي گوتلارنىڭ مەركىزىي قىسمىغا ئىچكىرىلەپ كىرگەندىن كېيىن، شەرقىي گوتلار بىلەن تۇتۇشۇپ قالدى، لېكىن بىز ھېرمانرىكنىڭ بۇ جەڭگە قاتناشقانلىقىنى بىلمىدۇق.

ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسىدە دەسلەپتە گوتلار سۈلھى تەلەپ قىلدى، رىملىقلارمۇ سۈلھىنى قوبۇل قىلدى. مىلادىيە 370 ـ يىلىغا كەلگەندە گوتلار بىلەن رىم ئىمپېرىيەسى ئوتتۇرىسىدا يېڭى شەرتنامە تۈزۈلدى. رىملىقلار گوتلارنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلدى، لېكىن ھەر يىلى گوتلارغا دوستلۇق ئۈچۈن تۆلەيدىغان پۇل ۋە ئاشلىقنى تۆلەشنى بىكار قىلدى. بۇ شەرتنامىنىڭ يەنە بىر مۇھىم بەلگىلىمىسى سۈپىتىدە گوتلارنىڭ بەلگىلەنگەن ئىككى ئورۇندىن باشقا جايدا دوناي دەرياسىدىن ئۆتۈشى مەنئى قىلىندى. بەلگىلەنگەن بۇ ئىككى ئورۇندا ئىككى تەرەپ داۋاملىق سودا قىلىشسا بولاتتى.

رىملىقلارنىڭ بۇ قېتىمقى ھەربىي ۋە دىپلوماتىيە جەھەتتىكى غەلىبىسىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدۇ. چۈنكى، بۇ مىلادىيە 370 ـ يىلى، يەنى ھۇنلار زور كۆلەمدە باستۇرۇپ كىرىپ، شەرقىي ياۋروپانىڭ سىياسىي جۇغراپىيەسىنى ئۆزگەرتىشتىن ئالتە يىل بۇرۇن گوتلارنىڭ رىم ئىمپېرىيەسىگە تەھدىت ئېلىپ كېلەلمەيدىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ چاغدا مۇداپىئەدە تۇرغۇچىلار رىملىقلار بولماستىن بەلكى گوتلار ئىدى، ئەگەر گوتلار كېيىن ھۇنلارنىڭ غەربكە ئىلگىرىلىشىنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىمىغان بولسا، بەلكىم رىم ئىمپېرىيەسى بىلەن ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە تىنچ بىللە تۇرۇشى، رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ زېمىنىغا بېسىپ كىرمەسلىكى مۇمكىن ئىدى ②.

بىز گوتلار ۋە ئۇلارنىڭ ياۋروپانىڭ شەرقىي جەنۇبىغا بېسىپ كىرىش ئەھۋالى توغرىسىدا قىسقىچە توختالدۇق، ئەمدى

ئالانلارنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە توختىلىمىز. ئالانلار بۇ چاغدا سارماتىئانلارنىڭ گوتلار ياكى گېرمانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولمىغان بىردىنبىر تارمىقى ئىدى. ئالانلارنىڭ زېمىنى غەربتە دون دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىن (دون دەرياسى ئالانلار بىلەن گوتلارنىڭ پاسىلى ئىدى) شەرققە سوزۇلغان كەڭ رايوننى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، ئۇنىڭ دائىرىسى دون دەرياسى بىلەن ۋولگا دەرياسىنىڭ ئارىلىقى ۋە جەنۇبتىكى كاۋكاز تاغلىرىغىچە بولغان جايلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي شىمالىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، بۇ رايونلارنىڭ ئالانلارغا مەنسۇپ بولغىنىغا بىر نەچچە ئەسىر بولغانىدى.

ئالانلارنىڭ تارىخى ئۇزۇن ھەم قىزىقارلىق بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ تارىخى توغرىسىدا بىزنىڭ بىلىدىغانلىرىمىز بەك ئاز، چۈنكى كىلاسسىك ئاپتورلار پەقەت ئالانلار رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ چېگرالىرىغا تاجاۋۇز قىلغاندىلا ئۇلارنى ئانچە - مۇنچە خاتىرىلەپ قويغان. بىرقەدەر بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا، يەنى گوتلار تېخى كەلمىگەن چاغلاردا ئالانلارمۇ بەزىدە غەربكە ئىچكىرىلەپ كىرىپ باققان، لېكىن كۆپ ھاللاردا ئۇلار جەنۇبقا، يەنى كاۋكاز تەرەپلەرگە كېڭەيگەن بولۇپ، بويسۇندۇرۇش ئىشلىرىنى تاغنىڭ جەنۇبىدا ئېلىپ بارغان. مەسىلەن، مىلادىيە 78 - يىلى ئۇلار پېرسىيەنىڭ شىمالىدىكى مىدىيەگە باستۇرۇپ كىرىپ، پارفىيەگە ھۇجۇم قىلغان. بىر ئەسىردىن كېيىن (مىلادىيە 168 - يىلى)، يەنى رىم ئىمپېراتورى ماركۇس ئاۋرېلىئۇس ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان چاغدا، ئۇلار يەنە بىر نەچچە قېتىم كىچىك ئاسىيانىڭ نۇرغۇن يەرلىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلغان.

گوتلار رۇسىيەنىڭ جەنۇبىغا كىرگەندىن كېيىن، ئالانلار غەربكە يۇرۇپ بۇلاڭ - تالاڭ قىلالمايدىغان بولدى، يەنە كېلىپ بۇ چاغدا قۇدرەتلىك ئەرمىنىيە پادىشاھلىقى باش كۆتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ جەنۇبقا كېڭىيىشىگە توسقۇنلۇق قىلدى، لېكىن ئالانلار ئۆزلىرىنىڭ زېمىنىدا مۇستەقىللىقىنى يەنىلا ساقلاپ

قىلىپ، باشقىلارغا تەھدىت سېلىپ تۇردى. مىلادىيە 290 ـ يىلى ئەرمىنىيە پادىشاھى تىرىداتېس ئۆز قوشۇنىدا ئالان ياللانما ئەسكەرلىرىنى ئىشلەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي (مىلادىيە 317 ـ يىلى) ئەرمىنىيەنىڭ يەنە بىر پادىشاھى كوسروئىس ئالان خانىنىڭ قىزى ساتخانىكنى ئەمرىگە ئالدى.

مىلادىيە 4 ـ ئەسىردە، ئەينى چاغدىكى تارىخشۇناس ئاممىئانۇس مارسېللىنۇس ئالانلارنىڭ تېررىتورىيەسىنى بايان قىلغان چاغدا، ئۇلارنىڭ زېمىنىنىڭ شەرقتە ئاسىيانىڭ ئىچكى قىسمىغىچە سوزۇلغانلىقىنى تىلغا ئالغان. ئاممىئانۇس ئالانلار توغرىسىدا بىرنەچچە قىزىقارلىق ئىشلارنى بايان قىلغان. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئالانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئېگىز ۋە چىرايلىق بولۇپ، چېچى ساغۇچ ئىكەن. يېنىك ساۋۇت كىيگەچكە ھەرىكىتى ناھايىتى چاققانىكەن، ئۇلار تۇرمۇش ئۇسۇلى جەھەتتە كۆپ جەھەتتىن ھۇنلارغا ئوخشىسىمۇ، لېكىن ھۇنلارغا قارىغاندا مەدەنىيەتلىكرەك ئىكەن.

ئاممىئانۇس ئالانلارنىڭ بىرنەچچە خىل تۇرمۇش ئۇسۇلىنى بايان قىلغان بولۇپ، بىز بۇنىڭدىن بۇ كۆچمەن چارۋىچى ئىرانىئانلارنىڭ يەنىلا بۇرۇنقى سكىتىئان ـ سارماتىئانچە مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قالغانلىقىنى بىلەلەيمىز. ئىلگىرىكى سكىتىئانلار ۋە سارماتىئانلارغا ئوخشاش ئالانلارمۇ گۆش ۋە سۈت يېمەكلىكلەرنى ئاساسىي ئوزۇق قىلغان بولۇپ، ئۇلارمۇ چوڭ چېدىرلىق ھارۋىلاردا ئولتۇراتتى ۋە «ئات مەدەنىيىتى» گە مەنسۇپ بولغانلىقىدىن ئاتلىق يۈرەتتى. ئۇلار ئۇرۇشنى مەدھىيەلەيتتى ۋە دۈشمەنىنىڭ باش تېرىسى بىلەن ئات جابدۇقلىرىنى زىننەتلەيتتى. دىنىي مەدەنىيەت جەھەتتە، مىلادىيە 4 ـ ئەسىردىكى ئالانلار يەنىلا بۇرۇنقى سكىتىئانلار ۋە سارماتىئانلارغا ئوخشايتتى. مەسىلەن، ئۇلارمۇ دەرەخ شېخى بىلەن پال سالاتتى ھەم بىر تال قىلىچنى يەرگە سانچىپ قويۇپ، ئۇنىڭغا ئۇرۇش ئىلاھى سۈپىتىدە تېۋىناتتى ③.

بىز يۇقىرىدا شەرقىي ياۋروپا، غەربىي ئاسىيانىڭ جۇغراپىيەلىك ئەھۋالى ۋە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىنى مۇلاھىزە قىلدۇق، ئەمدى ھۇنلارنىڭ غەربكە تاجاۋۇز قىلىپ ئالانلار ۋە گوتلارنىڭ زېمىنىغا باستۇرۇپ كىرگەنلىكى ھەققىدىكى ئەھۋاللارنى مۇلاھىزە قىلىمىز. ئەسلىدە ھۇن ئىمپېرىيەسى مىلادىيە 1 ـ ئەسىردە شىمالىي ھۇنلار ۋە جەنۇبىي ھۇنلاردىن ئىبارەت ئىككى بۆلەككە پارچىلىنىپ كەتكەن بولۇپ، كېيىن جەنۇبىي ھۇنلارنىڭ ئەۋلادلىرى جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمىغا باستۇرۇپ كىرگەن بولسا، شىمالىي ھۇنلار غەربكە كۆچۈپ ئەڭ ئاخىرىدا ياۋروپاغا بېسىپ كىردى.

ھۇن ئىمپېرىيەسى جەنۇب، شىمال ئىككى قىسىمغا پارچىلىنىپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا شىمالىي ھۇنلار غەربكە كۆچۈشكە باشلىدى. بۇ خىل يۈزلىنىش مىلادىيە 89 — 91 ـ يىللىرى شىمالىي ھۇنلار خەن سۇلالىسى بىلەن بولغان ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن تېخىمۇ كۈچەيدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئەسلىدە مانجۇرىيەنىڭ غەربىدە ماكانلاشقان سىيانپىلار ھۇنلارنىڭ موڭغۇلىيەنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى زېمىنىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئىگىلىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن ھۇنلار ئامالسىز ئۆز دۆلىتىنى جۇڭغارىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىي شىمالى قىسمىدا قايتىدىن قۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. مىلادىيە 91 — 170 ـ يىللار ئارىلىقىدا، شىمالىي ھۇنلار بۇ رايوندا داۋاملىق تۇرۇپ قالدى ۋە خەن سۇلالىسى بىلەن ئۇستۇنلۇك تالاشتى، لېكىن سىيانپىلارنىڭ باتۇر رەھبىرى تانشىقۇي باش كۆتۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، شىمالىي ھۇنلارنىڭ شەرق بىلەن بولغان ئالاقىسى پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ قالدى، تانشىقۇي موڭغۇلىيەنىلا ئىگىلىۋېلىپ قالماستىن، يەنە غەربكە يۈرۈش قىلىپ شىمالىي ھۇنلارنىڭ جۇڭغارىيەدىكى ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تارتىۋالدى.

نەتىجىدە، بۇرۇن ھۇنلارغا تەۋە بولغان خەلقلەرنىڭ ھەممىسى سىيانپىلارغا ئەل بولۇپ، سىيانپى ئىمپېرىيەسىگە قوشۇلۇپ

كەتتى. بۇ چاغدا بۇ خەلقلەر يەنىلا بۇرۇنقى يەرلىرىدە تۇرىۋەرگەن بولسىمۇ، نەچچە ئەسىردىن كېيىن سىيانپى ئىمپېرىيەسى گۇمران بولغان چاغدا، ئۇلار قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقتى، بىراق بۇ چاغدا ئۇلار باشقىچە نام بىلەن ئاتالدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇنلىغان قاڭقىل قەبىلىلىرى كېيىنكى دەۋردىكى ئاشىنا تۈركلىرى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ بىۋاسىتە ئەجدادى ئىدى.

جۇڭغارىيەنىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىدا جۇڭگولۇقلار ياپبانلار دەپ ئاتىغان يەنە بىر قىسىم خەلق بار ئىدى. جۇڭگو تارىخىي ئەسەرلىرىگە ئاساسلانغاندا، ياپبانلار بۇرۇنقى شىمالىي هۇنلارنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، شىمالىي هۇنلار يىمىرىلگەندىن كېيىنمۇ ئۇلار يەنىلا جۇڭغارىيەدە تۇرۇپ قېلىپ، مىلادىيە 6 ـ ئەسىرگە كەلگەندە يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن تۈرك ئىمپېرىيەسى تەرىپىدىن قوشۇۋېلىنغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇلارنىڭ سانى تەخمىنەن 200 مىڭ ئەتراپىدا ئىكەن. ئۇلار تارىلىقتا ئىنتايىن ئەهمىيەت بېرىدىغان بولۇپ، تاماقتىن ئاۋۋال چوقۇم قولىنى يۇيىدىكەن ④.

ۋاهالەنكى، ياپبانلار ئەينى چاغدا جۇڭغارىيەدە تۇرۇپ قالغان بولسىمۇ، هۇنلارنىڭ ئاساسىي قىسمى غەربكە كۆچۈپ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىي شىمالىغا كەتكەنىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەنلەر هۇنلارنىڭ ئەڭ باتۇر ۋە ئەڭ كۈچلۈكلىرى بولۇپ، ئۇلار غەربكە كۆچۈپ كېتىشكە رازى بولغانكى، خەنزۇلار ياكى سىيانپىلارنىڭ هۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ياشاشنى خالىمىغان ⑤. شۇنىڭدىن كېيىنكى 200 يىل ئىچىدە، يەنى مىلادىيە 170 ـ يىلىدىن 370 ـ يىلىغىچە، بۇ شىمالىي هۇنلارنىڭ ئەهۋالى توغرىسىدا بىز ئاساسەن هېچنېمىنى بىلمەيمىز. بۇ ئارىلىقتا جۇڭگو ئىچكى نىزا ئىچىدە قالغانلىقى، يەنە سىيانپىلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىق تەهدىتىگە دۇچ كەلگەنلىكى ئۈچۈن يىراق ئوتتۇرا ئاسىيادىكى هۇنلار بىلەن بولغان بارلىق ئالاقىسىنى ئۈزۈپ قويغان. هۇنلارمۇ جۇڭگوغا قايتا تاجاۋۇز

قىلالمايدىغان بولۇپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، غەربتە ئالانلار ۋە گوتلار ھۇنلار بىلەن رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ ئارىلىقىنى توسۇپ تۇرغاچقا، مەيلى يۇنان ياكى لاتىن ئاپتورلىرى بولسۇن، ھۇنلارنىڭ پائالىيىتى توغرۇلۇق ھېچنېمە يازالمىغان. ئۇلار پەقەت ئەرمىنىيە پادىشاھى تىرىداتېسنىڭ (تەخمىنەن مىلادىيە 290 ـ يىلى) قوشۇنىدا ئالان ياللانما ئەسكەرلىرى بولۇپلا قالماستىن، يەنە بىر بۆلۈك ھۇن ئەسكەرلىرىنىڭمۇ بارلىقىنى تىلغا ئالغان ⑥. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە يېرىم ئەسىردىن كېيىن (تەخمىنەن مىلادىيە 356 ـ يىلى) پېرسىيەنىڭ شىمالىي چېگراسىنىڭ Chonitesلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغانلىقى مەلۇم. بۇ Chonitesلار بەلكىم ئاشۇ ھۇنلار بولۇشى مۇمكىن ⑦.

ھۇنلارنىڭ پائالىيىتى تارىخىي خاتىرىلەردە كۆرۈلمىگەن بۇ 200 يىل جەريانىدا، ئۇلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا زور ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئوتتۇرا ئاسىيا تەۋەسىدە تۇرغاندا، ئۇلار شۈبھىسىز شۇ يەردىكى نۇرغۇنلىغان يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن نىكاھلانغان. بىز تۇرلۇك دەلىللەرگە ئاساسەن، ئۇلارنىڭ تەدرىجىي ھالدا غەربكە كۆچۈۋاتقان چېغىدا يەنە ئالانلار بىلەن مەلۇم دەرىجىدە ئارىلاشقانلىقىغا ئىشىنىمىز. ئۇلار بىرنەچچە ئەسىردىن بېرى سىبىرىيەنىڭ جەنۇبى ۋە غەربىي جەنۇبىدا ماكانلاشقان فىن ياكى فىن ـ ئوگۇر قەبىلىلىرى بىلەن ئېنىقمۇ بەك ئارىلاشقان بولۇشى مۇمكىن.

بىز يەنە شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، مۇشۇ 200 يىل جەريانىدا بۇرۇنقى ھۇن ئىمپېرىيەسىنىڭ مۇستەھكەم سىياسىي تەشكىلىدىمۇ نۇرغۇن بوشىشىش بولغان، چۈنكى كېيىن ھۇنلار تارىخىي خاتىرىلەردە يەنە كۆرۈلگەندە، بىز ئۇلارنىڭ ئىلگىرى موڭغۇلىيەدە تۇرغان چاغدىكىدەك مەمۇرىي تۈزۈلمىسىنى قايتا كۆرەلمەيمىز. نۇرغۇنلىغان ئالىملار، مەسىلەن، ھېرد قاتارلىقلار ئۇلارنىڭ بۇ چاغدا ھېچبولمىغاندىمۇ «تەڭرىقۇت» ى بار بولۇپ، بۇ ئورۇنغا يەنىلا بۇرۇنقى تەڭرىقۇت جەمەتىدىكىلەر ۋارىسلىق

قىلغان، دەپ قارايدۇ. لېكىن، بۇ خىل قاراشنىڭ ئاساسى كۈچلۈك ئەمەس، چۈنكى كىلاسسىك ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، كېيىن ھۇنلار رىم دۇنياسى بىلەن ئالاقە قىلغاندا، ئۇلار بىرەر خاننىڭ باشقۇرۇشىدا بولماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ ئاقسۆڭەكلىرى ئىنتايىن بوش بولغان بىر ھاكىمىيەت تەشكىللىگەن. بىراق بۇ «ئاقسۆڭەك»لەر ياكى قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ كۆپىنچىسى بۇرۇنقى تەڭرىقۇت جەمەتىدىكىلەرنىڭ ئەۋلادلىرى بولۇشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرگەن بىرەر ئالىي ھۆكۈمدارنىڭ بولمىغانلىقىغا كەلسەك، بەلكىم بۇرۇنقى تەڭرىقۇت جەمەتىدىن بىرەر كىشىمۇ بارلىق قەبىلىلەرنىڭ ساداقەت بىلدۈرۈشىگە ئېرىشەلمىگەن بولۇشى مۇمكىن ⑧.

بۇ ھۇنلار ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇزۇن مەزگىل يەككە ـ يېگانە تۇرغان چاغدا، ئۇلارنىڭ قان سىستېمىسى ۋە سىياسىي تۈزۈلمىسىدە نۇرغۇنلىغان ئۆزگىرىشلەر بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قەدىمكى ھۇن ئىمپېرىيەسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ناھايىتى ئېنىق بىلەتتى، شۇڭا ئۇلار باشتىن ـ ئاخىر ئۆزىنى ھۇن دەپ ئاتىغان. ئۇلار يەنە نۇرغۇنلىغان قەدىمكى ئەنئەنىلىرىنىمۇ ساقلاپ قالغان بولۇشى مۇمكىن.

مىلادىيە 4 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، ھۇنلار دۇنيا سەھنىسىدە قايتىباشتىن نامايان بولدى، چۈنكى بۇ چاغدا ئۇلار ئىنتايىن مۇھىم ئىشتىن بىرنى قىلدى، بۇ ئىشنىڭ مۇھىملىقىدىن رىم ۋە جۇڭگونىڭ تارىخچىلىرى ئۇنى خاتىرىلىمەي تۇرالمىدى. بۇ چوڭ ئىش ــ ئالان پادىشاھلىقىنىڭ تولۇق يوقىتىلىشى ئىدى. بۇ گەرچە ناھايىتى چوڭ ئىش بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئېنىق يىل دەۋرى بىزگە ئايان ئەمەس. ھۇنلارنىڭ تولۇق غەلىبىگە ئېرىشىشى بەلكىم ئۇلارنىڭ ئۇزۇن مۇددەت جەڭ قىلغانلىقىدىن بولسا كېرەك، ئۇرۇشنىڭ باشلانغان ۋاقتى ئېھتىمال مىلادىيە 350 ـ يىلى بولۇشى مۇمكىن، لېكىن

ئالانلارنىڭ ھۇنلار تەرىپىدىن تولۇق يوقىتىلىشى مىلادىيە 374 ـ يىلى تاماملانغان، بۇ چاغدا ھۇنلار دون دەرياسى ساھىلىدا تۇنجى قېتىم پەيدا بولۇپ، ياۋروپاغا تاجاۋۇز قىلىشنى باشلىغان ⑨.

ئالان پادىشاھلىقى يوقىتىلغاندىن كېيىن، نۇرغۇنلىغان ئالانلار ھۇنلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتتى ۋە ئۇلارنىڭ بويسۇندۇرۇش ئىشلىرىغا ياردەملەشتى. لېكىن، بىر قىسىم ئالانلار ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن باشقا تەرەپلەرگە قېچىپ كەتتى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى جەنۇبقا قېچىپ كاۋكاز تاغلىرىغا باردى (بۇلارنىڭ بىۋاسىتە ئەۋلادى بولغان ئوسسېتلار ھازىرمۇ مەۋجۇت)، بەزىلىرى غەربكە قېچىپ، شەرقىي گوتلارنىڭ چېگراسىدىن بۆسۈپ ئۆتتى.

ئۇزۇن ئۆتمەي ھۇنلارمۇ ئاخىرىدا ئېيتىلغان بىر تۈركۈم ئالانلارغا ئەگىشىپ غەربكە ئىلگىرىلىدى. ئۇلار دون دەرياسىدىن ئۆتۈپ، مىلادىيە 374 ـ يىلى شەرقىي گوتلارنىڭ زېمىنىغا كىردى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ چاغدا ھۇنلارنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشىغا رەھبەرلىك قىلغان ھۆكۈمدارى ياكى ئاقساقىلى بالامىر (Balember) ئىكەن.

ھۇنلارنىڭ پەيدا بولۇشى شەرقىي گوتلارغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتتى. گوتلارنىڭ مەشھۇر تارىخچىسى جوردانىس ھۇنلارغا بولغان تەسىراتىنى ناھايىتى جانلىق سۈرەتلەپ بەرگەن. ئۇ: «ئۇلارنىڭ (ھۇنلارنىڭ) تۇرقى ناھايىتى قورقۇنچلۇق بولۇپ، قارشى تەرەپنى ئىنتايىن قورقۇنچقا سالىدۇ، ئۇلار دۈشمەنلىرىنى قورقۇنچ ئىچىدە قاچۇرىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قىياپىتى ناھايىتى قورقۇنچلۇق، ئۇلارنىڭ بېشى باشقا ئوخشىمايدۇ، ئۇلارنىڭ كۆزىمۇ يىڭنىنىڭ كۆزىدەك بولۇپ، زادىلا كۆزگە ئوخشىمايدۇ. ئۇلارنىڭ باتۇرلۇقى ياۋايىلارچە قىياپىتىدە ئىپادىلىنىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بوۋاقلارغا قىلغان مۇئامىلىسىدىنلا ناھايىتى ۋەھشىيلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئۇلار بوۋاق تۇغۇلغان چاغدا، خەنجەر بىلەن ئىككى مەڭزىنى تىلىدۇ، شۇڭا بوۋاق

ئېمىشتىن ئاۋۋاللا خەنجەر ئازابىغا چىداشنى ئۆگىنىۋالىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئۇلار قىرىغۇچە يۈزىدە تۈكى يوق يۈرۈيدۇ. ياشلىرىمۇ يۈزى تىغ يارىسى بىلەن توشۇپ كېتىپ موي ـ تۈكسىز قالغاچقا، كىشىگە گۈزەللىك تۇيغۇسى بېرەلمەيدۇ. ئۇلار بويى پاكار، ھەرىكىتى چاققان، ئوقيا ئېتىشقا ماھىر بولغاچقا، ھەمىشە مەغرۇر يۈرۈيدۇ، دېگەن.

جوردانىسنىڭ بايانىدىن ھۇنلار ياۋروپاغا تاجاۋۇز قىلغان چاغدا ئۇلاردا «يۈزىنى تىلىش» تەك ئادەتنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى بىلىشى مۇمكىن. ئەمما، ئۇلار موڭغۇلىيەدە تۇرۇۋاتقان چېغىدا بۇ ئادەتنى بىلمەيتتى. بۇ ئادەتنىڭ قاچان، قانداق تارقىلىپ كىرگەنلىكىنى ئېنىقلاش خېلى قىزىقارلىق ئىش.

بەزىلەر جوردانىسنىڭ بايانىغا ئاساسلىنىپ، ھۇنلارنىڭ تاشقى قىياپىتىنىڭ يۇتۇنلەي موڭغۇل ئىرقىغا مەنسۇپلۇقىنى تەشەببۇس قىلىشىدۇ، لېكىن بۇ خاتا. ئۇلارنىڭ تۈكسىز بولۇشى ئىرقىي ئالاھىدىلىكىدىن بولغان ئەمەس (بىز ھۇنلارنىڭ جۇڭگودىكى چاغدا تۈكلۈك ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك)، بۇنى پەقەت يۇقىرىدا بايان قىلىنغان «يۈزىنى تىلىش» تەك ئادەت كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇ قاراشنى جوردانىس ئېيتقان ھۇنلارنىڭ يۈتىنىڭ تۈكلۈك كېلىدىغانلىقى ۋە كىلاسسىك ئاپتورلارنىڭ بۇنى ياقلىغانلىقىغا ئاساسەن دەلىللەشكە بولىدۇ.

ھۇنلار بۇرۇن يىراق شەرقتە تۇرغاچقا ھەم دائىم جۇڭگولۇقلار ۋە باشقا موڭغۇل ئىرقىدىكى خەلقلەر بىلەن نىكاھلانغاچقا، ئۇلارنىڭ قېنىغا بەلكىم موڭغۇل ئىرقىدىكىلەرنىڭ قېنى كۆپرەك ئارىلىشىپ كەتكەن بولۇشى، شۇنىڭ بىلەن گوتلار ۋە رىملىقلار ئۇلارنىڭ تۇرقىدىن ھەيران قالغان بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئۇلار ھەرگىزمۇ ساپ قانلىق موڭغۇل ئىرقىدىكىلەر ئەمەس. ھۇنلار يەنىلا موڭغۇلىيەدە تۇرۇۋاتقان چاغدا ھىندى ـ ياۋروپا ئىرقىدىكى ئالانلار ۋە ھەر خىل فىن ـ ئوگۇر خەلقلىرى بىلەن نىكاھلانغاچقا، ئۇلاردىكى

موڭغۇل ئىرقى ئامىللىرى كۆپەيمەستىن، بەلكى ئازايغان. بۇ قاراشنى ۋېنگىرىيە ۋە ياۋروپانىڭ باشقا جايلىرىدىكى قەدىمكى هۇن قەبرىلىرىدىن قېزىۋېلىنغان ئىسكىلىتلار ئارقىلىق ئىسپاتلاشقا بولىدۇ. بۇ ئىسكىلىتلارغا ئاساسەن هۆكۈم قىلغاندا، مىلادىيە 4 ـ، 5 ـ ئەسىرلەردە ياۋروپاغا تاجاۋۇز قىلغان هۇنلارنىڭ ئىرقى جەهەتتە ئىنتايىن شالغۇتلاشقانلىقىنى، ئۇلاردىكى موڭغۇل ئىرقى ئامىللىرىنىڭ پەقەت بىرنەچچە مۇهىم ئامىلنىڭ بىرسى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

ئاممىئانۇس مارسېللىنۇس بايان قىلغان هۇنلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە قارىغاندا، ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى كۆچمەن چارۋىچىلىق مەدەنىيىتىنى تامامەن ساقلاپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئۇ مۇنداق يازغان: «هۇنلارنىڭ بىرەرسىمۇ دېهقانچىلىق قىلمايدىغان بولۇپ، ئۇلار سوقا ـ ساپانلارنى زادىلا تۇتۇپ قويمايتتى، چۈنكى ئۇلارنىڭ مۇقىم ئۆيى يوق ئىدى. ئۇلار هەم مۇقىم ئولتۇراقلاشمايتتى، هەم قانۇن ـ تۈزۈم تۈزمەيتتى، دائىم چوڭ هارۋىلاردا ئولتۇراتتى، بۇ چوڭ هارۋىلار ئۇلارنىڭ ئۆيى ئىدى ..... ئۇلار ئۆگزىسى بار ئۆيلەردە ئولتۇرمايتتى ۋە بۇنداق ئۆيلەرنى قەبرە دەپ قارايتتى. ئۇلاردا هەتتا ئاددىي كەپىلەرنىمۇ تاپقىلى بولمايتتى. ئۇلارنىڭ كىيىدىغىنى كاناپ رەخت ياكى سۇغۇر تېرىسىدىن تىكىلگەن كىيىم بولۇپ، ئۆيدە بولسۇن ياكى تالاغا چىقسۇن، شۇنىلا كىيەتتى. كىيىمنى بىر كىيىۋالسا، يىرتىلىپ جەپپىرلىشىپ كەتمىگۈچە ئالماشتۇرمايتتى. ئۇلارنىڭ بېشىدا يۇمىلاق قالپاق بولۇپ، تۈكلۈك پاچاقلىرىغا ئۆچكە تېرىسىنى يۆگىۋالاتتى (بۇ يەردە شۇبهىسىزكى ئىشتاننى كۆزدە تۇتقان)، ئۇلارنىڭ ئاياغلىرىنىڭ قوپاللىقىغا گەپ توغرا كەلمەيدىغان بولۇپ، مېڭىشقا ناهايىتى قولايسىز ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار پىيادە جەڭگە ماهىر ئەمەس ئىدى، لېكىن يەنە بىر جەهەتتىن ئۇلار ئاتتىن زادىلا ئايرىلالمايتتى، ئۇلارنىڭ ئېتى كۆرۈنۈشتە سەتىرەك بولسىمۇ، لېكىن ناهايىتى چىدامىلىق ئىدى،

ئۇلارنىڭ ئات مىنگەندىكى قىياپىتى ئاياللارغىلا ئوخشايتتى. ئۇلار ھەممە ئىشلىرىنى ئات ئۈستىدە قىلاتتى. ئۇلار ئاتتا تۇرۇپ سودىلىشاتتى، تاماق يەيتتى ھەم ئۇخلاپ كېتىشۋېرەتتى، ئۇلار بىرەر ئىشنى مەسلىھەتلەشمەكچى بولسىمۇ ئات ئۈستىدىلا مەسلىھەتلىشەتتى».

مىلادىيە 374 ـ يىلى ھۇنلار گوتلارنىڭ يېرىگە تۇنجى قېتىم باستۇرۇپ كىرگەندە، شەرقىي گوت پادىشاھلىقىغا يەنىلا ھېرمانرىك ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتاتتى، ئۇ شەرقىي گوتلارنىڭ ياۋروپانىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى زېمىگەرلىك ئورنىنى تىكلىگەن قەھرىمان ئىدى. لېكىن بۇ چاغدا ئۇ قېرىپ قالغان بولۇپ، شەرقتىن تۇيۇقسىز بېسىپ كەلگەن بۇ يېڭى ئاپەتكە تاقابىل تۇرغۇدەك مادارى قالمىغانىدى. ئۇنىڭ قوشۇنى دەسلىپىدە ھۇنلار بىلەن ئۇچراشقان ۋە مەغلۇپ بولغان چاغدىلا، ئۇ ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدىن ئۈمىد ئۈزدى ھەم ئۆز قولى بىلەن قۇرغان ئىمپېرىيەنىڭ غۇلىشىنى كۆرۈشنى خالىماي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى[10].

ھېرمانرىك ئۆلگەندىن كېيىن، شەرقىي گوتلار ۋىتىخمىرنى ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمدارى قىلىپ سايلىدى. ئۇ ھۇنلار ۋە ھۇنلارغا يېڭىدىن بويسۇنغان ئالانلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى بىلەن بىرنەچچە ئاي جاپالىق ئۇرۇش قىلدى. بۇ چاغدىكى ھۇن سىياسىي تەشكىلىنىڭ بوشلۇقىنى تۆۋەندىكى پاكىتلاردىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. ئەسلىدە ۋىتىخمىر زور پارا بېرىش بەدىلىگە ھۇنلارنىڭ بىرنەچچە ئۇششاق توپىنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ھۇنلارنىڭ ئاساسىي قىسمى بىلەن جەڭ قىلغانىدى. نەتىجىدە بۇ خىل ياردەم ھېچنېمىگە دال بولالماي، شۇ يىلى ۋىتىخمىر مەغلۇپ بولۇپ ئۆلتۈرۈلدى.

يۇقىرىقى جىددىي ئۆزگىرىشتىن كېيىن ھېرمانرىكنىڭ ئوغلى ھۇنىمۇند باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم شەرقىي گوتلار ھۇنلارغا تەسلىم بولدى ۋە شۇنىڭدىن كېيىنكى نۇرغۇن يىللار

جەريانىدا بۈيۈك ھۇن ئىتتىپاقىدىكى يېرىم ئاپتونومىيەلىك گۇرۇھ بولۇپ قالدى. قالغان شەرقىي گوتلار بولسا تىز پۈكۈشنى خالىماي، غەربتىكى غەربىي گوتلارنىڭ يېنىغا قېچىشقا تەييارلاندى. ئۇلار ۋىدېرىكنى نام جەھەتتىكى ھۆكۈمدار قىلىپ تىكلىدى، لېكىن ۋىدېرىك تېخى كىچىك بولغاچقا، ئۇلارغا ئەمەلىيەتتە ئالاتخائۇس ۋە سافراكس يېتەكچىلىك قىلدى ⑪.

قورقۇپ كەتكەن بۇ قاچقۇنلارنىڭ تۇيۇقسىز يېتىپ كېلىشى، ئاساناريك باشچىلىقىدىكى غەربىي گوتلارغا بىر سىگنال بەردى، يەنى ئۇلارمۇ قىياندەك باستۇرۇپ كەلگەن ھۇنلارنىڭ تاجاۋۇزىغا دۇچ كېلىشۋاتاتتى. ئاساناريك ئالدىن تەييارلىق كۆرۈشنى قارار قىلدى. ئۇ غەربىي گوت پادىشاھلىقىنىڭ شەرقىي چېتىگە، يەنى دېنىستېر دەرياسىغا مۇداپىئە سېپى قۇرۇپ، ھۇنلارنىڭ دەريادىن ئۆتۈشنى توسۇماقچى بولدى. لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ھۇنلار بۇ ئىشنى بىلىپ قېلىپ، ئۇلارغا ئۇدۇلدىن ھۇجۇم قىلماي، بەلكى مۇداپىئە سېپىدىن يىراق بولغان يۇقىرى ئېقىنىدىن ئۆتۈپ، ئاندىن غەربىي گوت قوشۇنىنىڭ ئارقا تەرىپىگە ھۇجۇم قىلدى.

ئاساناريك ھۇنلارنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندىن كېيىن قاتتىق چۆچۈپ، قالغان ئادەملىرىنى باشلاپ ترانسىلۋانىيەدىكى ئورمانلىققا قېچىپ كەتتى. ھۇنلار ئارقىدىن قوغلاپ باققان بولسىمۇ، ئولجا ئالغان غەنىيمەتلىرى كۆپىيىپ كېتىپ ھەرىكىتى ئاستىلاپ قالغاچقا، ئاخىر قوغلاشتىن ۋاز كەچتى. شۇنىڭ بىلەن غەربىي گوتلار ۋە ئۇلارنىڭ قوشۇنلىرى بىر مەھەل دېمىنى ئېلىۋېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى، ۋاھالەنكى كۆپىنچە غەربىي گوتلار ھۇنلارنىڭ تەھدىتىدىن قۇتۇلۇپ، مەڭگۈ بىخەتەر تۇرۇشنىڭ بىردىنبىر يولى دوناي دەرياسى ئارقىلىق ھۇنلاردىن ئايرىلىپ تۇرۇش، يەنى رىم ئىمپېرىيەسى تېررىتورىيەسىدە پاناھلىنىش دەپ ھېسابلاشتى. رىم ئىمپېرىيەسى ئۇزۇندىن بۇيان گوتلارنىڭ بېسىپ كىرىشىنى توسۇپ قالغان بولغاچقا، گوتلار كۆڭلىدە رىم ئىمپېرىيەسى

ھۇنلارنىمۇ توسۇۋالىدۇ دەپ قارايتتى. بۇ يەردىكى مەسىلە رىم ھاكىمىيىتىنىڭ زور تۈركۈمدىكى گوت قاچقۇنلىرىنىڭ ئىمپېرىيە تېررىتورىيەسىگە كىرىشىگە رۇخسەت قىلىش ياكى قىلماسلىقىدا ئىدى.

ئاساناريك ئۆز غۇرۇرىنى دەپسەندە قىلىپ رىملىقلاردىن پاناھ تىلەشنى خالىمايتتى، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئازغىنە كىشىلەرمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ترانسىلۋانىيەدىكى تاغلىقتا تۇرۇۋېرىشنى خالايتتى، لېكىن كۆپ سانلىق غەربىي گوتلار، بولۇپمۇ خرىستىيان دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقتىن ئۆزلىرىنى «يۇنان ـ رىم» دۇنياسى بىلەن مەنىۋى باغلىنىشىمىز بار دەپ قارايدىغانلار فرىتىگېرىن ئىسىملىك قەبىلە ئاقساقىلىنىڭ باشچىلىقىدا دوناي دەرياسى ساھىلىغا توپلىشىپ، رىم ھاكىمىيىتىدىن ئىمپېرىيە تېررىتورىيەسىگە كىرىشكە رۇخسەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئۇرۇشقا يارايدىغان ياش قاۋۇللىرىنىڭ سانى 200 مىڭدىن كۆپ بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن ياشانغانلار، ئاياللار ۋە بالىلار بار ئىكەن.

ئۇلارنىڭ ئىلتىماسى دەرھال ئىمپېراتور ۋالېنسقا يەتكۈزۈلدى، بۇ چاغدا ئۇ يەنىلا ئىمپېرىيەنىڭ شەرقىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان بولۇپ، ئۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن كېڭىشىش ئارقىلىق گوتلارنىڭ رىم ئىمپېرىيەسىگە كىرىپ ئورۇنلىشىشىغا رۇخسەت قىلدى، ئۇزۇن ئۆتمەي بارلىق غەربىي گوتلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك دوناي دەرياسىدىن ئۆتتى.

يېڭىدىن كۆچۈپ كەلگەن بۇ خەلقلەر ئەگەر ئىنسانپەرۋەر مۇئامىلىگە ئېرىشكەن بولسا، بەلكىم رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ كۈچىنى ئاشۇرغان بولار ئىدى. چۈنكى، بۇ چاغدا رىم ئىمپېرىيەسىدە نوپۇس ئازىيىپ كەتكەن بولۇپ، قوشۇننى يېڭى ئەسكەرلەر ئارقىلىق تولۇقلاش زۆرۈر ئىدى ھەم چېگرانىڭ ئەتراپىدىكى يەرلەر يېڭى ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئېچىشىغا موھتاج ئىدى. لېكىن، گوت كۆچمەنلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش

ھوقۇقى يەرلىك ئىككى سەركەردىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى، بۇ ئىككىسى قابىلىيەتسىز ھەم ئىپلاس كىشىلەر بولغاچقا، ئۆزىنىڭ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ تالان ـ تاراج قىلىشنى كۈچەيتتى. كۆچمەنلەر ئوزۇق ـ تۈلۈككە ئېرىشەلمىگەنلىكىدىن ئوزۇق ـ تۈلۈك سورىغاندا، ئۇلارغا سېتىپ بېرىلگەن ئاشلىقنىڭ باھاسى ناھايىتى يۇقىرى بولدى. نۇرغۇنلىغان گوتلار يېتەرلىك ئاشلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆزى ياكى بالىلىرىنى سېتىشقا مەجبۇر بولدى. يەنە كېلىپ شۇ يەردە تۇرۇشلۇق رىم قوشۇنىمۇ ئۆز سەركەردىلىرىگە ئەگىشىپ ئىپلاسلىق قىلىشىپ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ گوت ئەزىمەتلىرىنىڭ غورۇرىنى يەرگە ئۇرۇپ، ئۇلارنىڭ خوتۇن ـ قىزلىرىنى پاھىشە، ئوغۇللىرىنى بەچچە بولۇشقا مەجبۇر قىلدى.

بۇ خىل نومۇسسىزلارچە مۇئامىلە ئەلۋەتتە گوت خەلقىنىڭ كۈچلۈك ئۆچمەنلىكىنى قوزغايتتى. شۇڭا ئۇزۇن ئۆتمەيلا توپىلاڭ پارتلىدى. كېيىن ھۇنلار تەرىپىدىن مەغلۇپ بولغانلىقتىن، رۇسىيەنىڭ جەنۇبىدىن قېچىپ كەلگەن شەرقىي گوتلارمۇ ئالاتخائۇس ۋە سافراكىسنىڭ باشچىلىقىدا بۇ يەردە پەيدا بولدى. ئۇلار توسقۇنلۇققا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا دوناي دەرياسىدىن ئۆتۈپ تىراسى ۋە ماكېدونىيەنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشقا قاتناشتى. يەنە ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ھۇنلار ۋە ئالانلارمۇ ياۋروپاغا باستۇرۇپ كىرىپ بۇ ئىشلارغا قاتناشتى. بىراق رىم ئىمپېرىيەسىگە باستۇرۇپ كىرگەن بۇ ھۇنلار ۋە ئالانلارنىڭ سانى ئاز بولۇپ، بۇ چاغدا ھۇنلارنىڭ ئاساسىي قىسمى تېخى ئارقىدا ئىدى.

مىلادىيە 378 ـ يىلى ئىمپېراتور ۋالېنس شەخسەن ئۆزى زور قوشۇننى باشلاپ گوتلار بىلەن جەڭ قىلىشقا ئاتلاندى، بۇ چاغدا گوتلارنىڭ ئاساسىي كۈچى ئادرىئانوپولنىڭ يېقىن ئەتراپىغا توپلاشقانىدى. ۋالېنس بۇ شەھەرگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن جىيەنى، ئىمپېرىيەنىڭ غەربىنىڭ ھۆكۈمرانى گىراتىئان

باشچىلىقىدىكى ياردەمچى قوشۇننى ساقلىماسلىقنى قارار قىلدى ۋە دەرھال ئاساسىي ھۇجۇمنى باشلىدى. ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسىدە رىملىقلار قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ، ۋالېنسمۇ ئۆلتۈرۈلدى، ئۇنىڭ قوشۇنىنىڭ ئۈچتىن ئىككىسى چىقىم بولدى، بۇلار سەر خىل ئەسكەرلەر ئىدى [12]. بۇ ئۇرۇش رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ ئاساسىنى تەۋرىتىپ قويدى، رىمنىڭ ھالاكىتى مۇشۇ چاغدىن باشلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن رىم ئىمپېرىيەسى يەنە نۇرغۇن ئەسىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ قايتا غەرب دۇنياسىنىڭ ئىگىسى بولالماي قالدى.

مۇشۇنىڭدىن بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرى يەنە بىر رىم ئىمپېراتورى دېسىئوسمۇ گوتلار بىلەن بولغان جەڭدە ئۆلتۈرۈلگەنىدى. لېكىن دېسىئوس ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن گوتلار دوناي دەرياسىنىڭ شىمالىغا قايتىپ كەتكەنىدى. ئەمدىلىكتە بولسا، ۋالېنس ئۆلگەندىن كېيىنمۇ گوتلار ھۇنلارنىڭ تەھدىتىدىن قورقۇپ، يەنىلا رىم ئىمپېرىيەسى تېررىتورىيەسىدە تۇرىۋەردى، رىم ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇلارنى قوغلاپ چىقىرىشقا كۈچى يەتمىدى.

گوتلار گەرچە ۋالېنس بىلەن قىلغان ئۇرۇشتا غەلىبە قازانغان بولسىمۇ، لېكىن بىر مەھەل ئىلگىرىلىيەلمىدى. ئۇلار دالا ئۇرۇشىدا رىم قوشۇنىنى يەڭگىنى بىلەن، تەشكىللىنىشىنىڭ ياخشى بولماسلىقى ۋە شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش قوراللىرىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى تۈپەيلىدىن، باشتىن - ئاخىر شەھەرلەرگە بۆسۈپ كىرەلمىدى، شۇنىڭدىن كېيىنكى نەچچە ئاي ئىچىدە ئۇرۇش ۋەزىيىتى قاتمال ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋالېنسنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغان ئىمپېراتور تېئودوسىئۇسمۇ بۇرۇنقى ئىمپېراتورلارغا قارىغاندا ئىقتىدارلىق بولغاچقا، رىم قوشۇنىنىڭ ساپاسىنى تېزلىكتە ئاشۇردى. گوتلار رىملىقلارنىڭ ئاجىزلىقتىن كۈچىيىشكە يۈزلەنگەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن، خېلىلا قورقتى.

بىراق تېئودوسىئۇسمۇ گوتلارنى ئىمپېرىيەدىن قوغلاپ چىقىرالمىدى، رىملىقلار بىلەن گوتلار ئۇزۇن مەزگىل قانلىق ئۇرۇشلارنى قىلغاندىن كېيىن، ئاقىۋەت ئىككى تەرەپ سۇلھىلەشتى (تەخمىنەن مىلادىيە 382 ـ يىلى). سۇلھى شەرتىگە ئاساسەن، ئالاتخائۇس ۋە سافراكىس باشچىلىقىدىكى شەرقىي گوتلار ۋە ئۇلار بىلەن بىللە بالقانغا بېسىپ كىرگەن ئالانلار ھەم ھۇنلار پاننونىيە ۋە ئۇستونكى موسىئادىن ئىبارەت ئىككى رايونغا ئىگە بولدى. غەربىي گوتلار بولسا تۆۋەنكى موسىئا ئۆلكىسىدە تۇرىدىغان بولدى. بارلىق گوتلار رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ «ئىتتىپاقداش»ى دەپ قارالدى. ئۇلار ئۆز قانۇنىنى تۇزۇش ۋە ئاقساقاللىرىنى سايلاش ھوقۇقىنى ساقلاپ قالدى. ئۇلارغا ئايرىپ بېرىلگەن بارلىق يەرلەرنىڭ بېجى كەچۈرۈم قىلىندى. رىملىقلار ھەر يىلى ئۇلارغا بەلگىلىك پۇل (ئولپان) بېرىدىغان بولدى. گوتلار بولسا رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ زېمىنىنى قوغداشقا قەسەمىيات قىلىدىغان ھەم رىم قوشۇنىغا ئەسكەر بېرىدىغان بولدى، لېكىن بۇ ئەسكەرلەرگە ئۆزلىرىنىڭ باشلىقى قوماندانلىق قىلىدىغان بولدى.

رىم ئىمپېرىيەسى زېمىنىدە ئىككى گوت دۆلىتى قۇرۇشتەك بۇنداق ئىشنىڭ نەتىجىسى كۆڭۈلدىكىدەك بولۇشى ناتايىن ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىرنەچچە يىل ئىچىدىكى شەرقىي گوتلارنىڭ ئەھۋالىدىن بىلىدىغانلىرىمىز ناھايىتى ئاز بولسىمۇ، لېكىن غەربىي گوتلار دائىم مالىمان كۆتۈرۈپ تۇردى، شۇنداقتىمۇ ئىمپېراتور تېئودوسىئۇس رىم ئىمپېرىيەسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان چاغدا بۇ غەربىي گوتلار ھەر ھالدا تىنچ تۇردى ھەم تېئودوسىئۇسنىڭ غەربتىكى بىرنەچچە ئاسىي ۋەزىرگە جازا يۈرۈشى قىلىشىغا ياردەم بەردى.

تېئودوسىئۇس ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ گالۋاڭ ئوغلى ئاركادىئۇس تەختكە چىقتى، ئۇزۇن ئۆتمەيلا غەربىي گوتلار توپىلاڭ كۆتۈردى. بۇ چاغدا غەربىي گوتلارنىڭ يولباشچىسى

فىرىتگېرىن ئاللىقاچان ئۆلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا قابىلىيەتلىك ئالارىك ۋارىسلىق قىلغانىدى. ئالارىكنىڭ قارا نىيىتى كۈچلۈك بولۇپ، ئۇ غەربىي گوتلارنى باشلاپ ئوچۇق - ئاشكارا ئاسىيلىق قىلدى. ئۇ ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەر بۇ قېتىم يۇنانغا باستۇرۇپ كىرىپ، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئافىنا ۋە سپارتىنى قاتارلىق مەشھۇر شەھەرلەرنى ئىشغال قىلىۋالدى، رىم قوشۇنىنىمۇ چېكىندۈردى. ئەڭ ئاخىرىدا (مىلادىيە 398 - يىلى) رىم ئىمپېرىيەسى غەربىي گوتلارنى توسۇش ۋە يوقىتىشنىڭ تەسلىكىگە كۆزى يېتىپ، ئالارىكنى پايدىغا قىزىقتۇرۇپ، ئۇنى نام جەھەتتىن بولسىمۇ رىمغا قارايدىغان قىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا بىرتەرەپتىن زور مىقداردا پارا بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭغا «ئىللىرىيەنىڭ باش قوماندانى» دېگەن نامنى بەردى ⑬.

## ئىزاھات:

بۇ ھەقتىكى ماتېرىياللار توغرىسىدا جۇڭگونىڭ تارىخىي ئەسەرلىرىدىن ئاساسلىقى «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»غا، بولۇپمۇ 97 -، 98 - جىلدلىرىغا قاراڭ. غەربنىڭ كىلاسسىك ئەسەرلىرىدىن تۆۋەندىكىلەرگە قاراڭ:

Ammianus Marcellinus,Rerum Gestarum; Jordanis, “Getica (De Origine Actibus Getarum)” , Monumenta Germaniae Historia , ser . A . A .,Vol . vol Va; Eunapius , “Fragmenta” Fragmenta Historicorum Graecorum; Craudian, Carmina .

① سارماتىئانلار ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Zeuss, Deutschen und Nachbarstamme,pp . 279ff . and 691ff .; Rostovstzeff, Sarmatians and Parthians; Kretschmer, “Sarmatae” and “Sarmatae” , Pauly Wissowa Realencyclopaedie des Classischen Altertums .

② تېۋتونلار (گوتلار)نىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۇلارنىڭ شەرقىي جەنۇبى ياۋروپاغا بېسىپ كىرىشى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Zeuss,op . cit . pp . 401 ff .; M . Bang, "The Expansion of the Teutons" , Cambridge Medievel History,1, 183ff .; T . Hodgkin, The Visigothec Invasion .

③ ئالانلار ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Zeuss, op . cit .,pp . 700 ff .; Taubler, "Zur Geschichte der Alanen" , Klio, IX, 14 ff .; R . Bleichsteiner, "Das Volk der Alanen" ,Berichte des Forschungs Institut fur 0sten und Orient, II(1918), 4 ff .

④ سىيانپىلار ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى «كېيىنكى خەننامە» نىڭ 120 ـ جىلدىدىن، قاڭقىللار ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» نىڭ 98 ـ جىلدىدىن، ئېفتالىتلار ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» نىڭ 97 ـ جىلدىدىن كۆرۈڭ.

⑤ ھۇنلارنىڭ ئاساسلىق قىسمىنىڭ كانگىيەگە ياكى ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچۈپ كىرىشى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» نىڭ 97 ـ جىلدىدىن كۆرۈڭ، يەنە تۆۋەندىكى مەنبەگە قاراڭ:

F . Hirth, "Uber Volga Hunnen und Hiung–nu" Sitzungsberichte der Munchner Akademeic der Wissenschaft (Pjil–Hist Classe), 11(1889),289 ff .

⑥ بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Faustus of Byzance (in V . LangIois, Collection des Historiens Armeniens,1,215); Moses of Chorene,ibid ., Ⅱ ,125 .

⑦ «Chionites» لار ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Ammianus Marcellinus,op . cit ., 16,9,4 .

ئۇلارنىڭ ئېھتىمال ھۇنلارنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Marquart, "Eranshahr", Abhandlungen des koniglichen Gesellschaft der Wissenschaft zu Gottingen, Ⅲ (1903), 50 ff.

⑧ كېيىنكى ھۇن ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئىلگىرىكى ھۇن تەڭرىقۇتىنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكى ھەققىدىكى قاراشلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Hirth, "Die Ahnentafel Attilas", Bulletin de I' Academie Imperiale des Sciences de St. petersbourg, 1900, pp. 220 ff.; L,Ligeti, "Die Ahnentafel Attilas und die Hunnischen Tan-hu Namen", Asia Majur, Ⅱ (1925), 290 ff.

ھۇنلارنىڭ ياۋروپاغا بېسىپ كىرگەندە ئالىي ھۆكۈمرانىنىڭ يوقلۇقى ھەققىدىكى قاراشلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Ammianus Marcellinus, op. cit.

⑨ ھۇنلارنىڭ ئالانلارنى بويسۇندۇرۇشى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» نىڭ 97 ـ جىلدىدىن كۆرۈڭ، يەنە تۆۋەندىكى مەنبەگە قاراڭ:

Ammianus Marcellinus, op. cit; jordanis, op. cit., ses, 126.

⑩ ھۇنلارنىڭ شەرقىي گوتلارغا ھۇجۇم قىلىشى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Ammianus Marcellinus, op. cit., 31, 2-3; jordanis, op. cit., ses, 129-130.

⑪ ھۇنلار تەرىپىدىن مەغلۇپ بولغاندىن كېيىنكى شەرقىي گوتلار ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Ammianus Marcellinus, op. cit., 31,3,1-3; Jordanis, op. cit., ses, 246-251; J. Maquart, Osteuropaische und Ostasiatische Streifzuge, PP. 367. ff.

⑫ ھۇنلار تەرىپىدىن مەغلۇپ بولغان غەربىي گوتلار ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Ammianus Marcellinus,op . cit .,31,3,4–8 .

غەربىي گوتلارنىڭ رىم ئىمپېرىيەسىگە بېسىپ كىرگەندىن كېيىنكى پاراكەندىچىلىكلىرى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Ammianus Marcellinus,op . cit .,31,4–16; Jordanis, op . cit . 25–26; Eunapius, "Fragmenta" , Frfgmenta Historicorum Graecorum,pp . 30–33 .

⑬ ۋالېنس ئۆلگەندىن كېيىنكى گوتلار ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Jordanis,op . cit ., 27–29 .

ئالارىكنىڭ يۇنانغا كىرىشى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Zosimus,Historiae,5,5–7;Claudian, Carmina, esp . «De Bello Gothico», Iines 535 to 541 and "Eutropium" , Ⅱ,261; M . Mantius, "the Teutonic Migrations" , Cambridge Medieval Hisyory . 1 . 250 ff .; Hodgkin, The Visigothic Invasions, pp . 281 ff, and 650 ff .

# 7 ـ باب ياۋروپاغا بېسىپ كىرگەن هۇنلار
# (2 ـ باسقۇچى)

رۇسىيەنىڭ جەنۇبىدىكى هۇنلار — ئۇلارنىڭ ۋېنگرىيە تۈزلەڭلىكىگە كىرىشى — هۇنلارنىڭ گېرمان قەبىلىلىرىگە چۈشۈرگەن بېسىمى ۋە بۇنىڭ نەتىجىسى — سۇئېۋلار، ۋانداللار ۋە ئالانلار — غەربىي گوتلارنىڭ ئىتالىيە ۋە فرانسىيەگە بېسىپ كىرىشى — بۇرگۇندلار ۋە فرانكلارنىڭ فرانسىيەگە يۆتكىلىشى — هۇن پادىشاھلىقىنىڭ ۋېنگرىيەدە باش كۆتۈرۈشى — ئوكتار ۋە رۇگا — بېلدا ۋە ئاتتىلانىڭ تەختكە چىقىشى — هۇنلارنىڭ ياۋروپانىڭ شىمالىغا يۈرۈش قىلىشى — ئاتتىلانىڭ بىردىنبىر هۆكۈمران بولۇپ قېلىشى — ئاتتىلانىڭ ئوردىسى — ئاتتىلا ۋە شەرقىي رىم ئىمپېرىيەسى — ئاتتىلانىڭ فرانسىيەگە بېسىپ كىرىشى — ئاتتىلانىڭ ئىتالىيەگە بېسىپ كىرىشى — ئاتتىلانىڭ ئۆلۈمى ۋە هۇن پادىشاھلىقىنىڭ پارچىلىنىشى — بىرقەدەر كېيىنكى مەزگىللەردىكى هۇنلار ۋە بۇلغارلار — ئاۋارلارنىڭ بېسىپ كېلىشى

ئالدىدىكى بابلاردىن هۇنلارنىڭ بىرىنچى باسقۇچتا ياۋروپاغا بېسىپ كىرىشى نەتىجىسىدە، بارلىق غەربىي گوتلار ۋە بىر قىسىم شەرقىي گوتلار، ئالانلارنىڭ رىم ئىمپېرىيەسى تەۋەسىگە كىرىپ پاناھلىنىشقا مەجبۇر بولغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. جۇغراپىيەلىك شارائىت تۈپەيلىدىن، ئەينى چاغدا بۇ ياۋايى قوۋملارنىڭ هۇجۇمىغا ئۇچرىغىنى غەربىي رىم ئىمپېرىيەسى ئەمەس، شەرقىي رىم ئىمپېرىيەسى ئىدى.

هۇنلار مىلادىيە 375 — 400 ـ يىللار ئارىلىقىدىكى بۇ

قالايمىقانچىلىقلارنىڭ پەيدا قىلغۇچىسى بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ ياۋروپادىكى زېمىنىنى بويسۇندۇرۇش ئىشلىرىغا ئۆزلىرى بىۋاستە قاتناشمىدى. گوتلار بىلەن رىملىقلار ئۇرۇش قىلىشىۋاتقان چاغدا ئاز ساندىكى هۇنلار دوناي دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا كىرگەنىدى. بىرنەچچە يىللاردىن كېيىن، گوتلار پاننونىيەگە كۆچۈپ بارغاندا، بۇ هۇنلارمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ غەربكە كۆچۈپ بۇ رايونغا كىرگەن بولۇشى مۇمكىن. لېكىن غەربكە كۆچكەن بۇ هۇنلار ئاجىز هەم ئانچە مۇهىم بولمىغان بىر توپ بولۇپ، ئۇلار بىلەن هۇن تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئاساسىي كۈچى ئوتتۇرىسىدا پەقەت بىر خىل ۋاستىلىك باغلىنىشلا بار ئىدى ①.

بۇ چاغدا، رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ ياۋروپادىكى چېگراسى هۇنلارنىڭ هۇجۇمىغا ئۇچرىمايلا قالماستىن، رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ سىرتىدىكى هازىرقى ۋېنگرىيەنىڭ شەرقى ۋە ترانسىلۋانىيەمۇ هۇنلارنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىمىغانىدى، لېكىن بۇ ئىككى جاي سەل كېيىنكى هۇن تارىخىدا مۇهىم ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ چاغدا هۇن تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئاساسىي كۈچى رۇسىيەنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا بولۇپ، بۇ يەرلەر بۇرۇن ئالانلار ۋە شەرقىي گوتلارنىڭ بولسىمۇ، ئەمدىلىكتە هۇنلار تەرىپىدىن ئىگىلەنگەنىدى. هۇنلار بۇ جاينى تايانچ بازا قىلىپ، بەزىدە رىم ئىمپېرىيەسىگە كىرىپ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىسىمۇ، ئۇلار كىرگەن يەرلەر رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ ئاسىيادىكى زېمىنلىرى بولۇپ، ياۋروپادىكى زېمىنلىرى ئەمەس ئىدى. كېيىن توپ ـ توپ هۇنلار بۇرۇن ئالانلار جەنۇبقا يۇرۇش قىلغان يولنى بويلاپ، جەنۇبتىكى كاۋكاز تېغىدىن هالقىپ ئۆتۈپ يېقىن شەرقتىكى هەرقايسى جايلارغا تاجاۋۇز قىلىشتى. مەسىلەن، مىلادىيە 384 ـ يىلى بىر توپ هۇنلار مېسوپوتامىيەگە بېسىپ كىرىپ، ئېدىسسا شەهىرىگە هۇجۇم قوزغىدى. نەتىجىدە رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ سەركەردىسى رىكىمېر تەرىپىدىن چېكىندۇرۇلدى. لېكىن، بىرنەچچە يىللاردىن

كېيىن يەنە بىر توپ هۇنلار يېتىپ كېلىپ، ئەرمىنىيە، مېسوپوتامىيە، ھەتتا سۇرىيەنىڭ نۇرغۇن جايلىرىنى ۋەيران قىلىۋەتتى. بۇ چاغدا هۇنلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ئوبيېكتى يالغۇز رىم ئىمپېرىيەسى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغانىدى. مىلادىيە 396 - يىلى يەنە بىر توپ هۇنلار تىگرىس دەرياسى ساھىلىدىكى كېتىسفون شەھىرىنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى، بۇ شەھەر پېرسىيە ساسانىلار ئىمپېرىيەسىنىڭ پايتەختى بولۇپ، شەھەردىكى ئاھالىلەر بۇنىڭدىن قاتتىق قورقۇپ كەتتى، ئاقىۋەت بۇ هۇنلار ساسانىلار پادىشاھى بەھرام IV نىڭ باتۇرانە قايتۇرما ھۇجۇمى بىلەن چېكىندۈرۈلدى ②.

بىراق، بۇ بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشلىرى خاراكتېر جەھەتتە تاسادىپىيلىققا ئىگە بولۇپ، هۇنلارنىڭ ئاساسىي قىسمى يەنىلا رۇسىيەنىڭ جەنۇبىدىكى يايلاقلاردا ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي كۆچمەنچى كۆچەيتمۇۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ بۇ چاغدىكى ئىچكى ئەھۋاللىرىدىن بىز ھېچنېمە بىلمىسەكمۇ، لېكىن ۋاستىلىك پاكىتلاردىن قارىغاندا، بۇ 25 يىل جەريانىدا (مىلادىيە 375 - يىلى شەرقىي گوت پادىشاھلىقى ئاغدۇرۇپ تاشلانغاندىن تارتىپ 5 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا هۇنلار ياۋروپادا قايتا پەيدا بولغۇچە) هۇنلارنىڭ نوپۇسىنىڭ زور دەرىجىدە كۆپەيگەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

مىلادىيە 4 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئېھتىمال نۇرغۇنلىغان هۇنلار ئارقا - ئارقىدىن رۇسىيەنىڭ جەنۇبىغا كۆچۈپ كەلگەن بولۇشى، شەرقىي گوت پادىشاھلىقىنى يوقاتقان ھېلىقى هۇنلار بولسا مۇشۇ هۇنلارنىڭ ئاۋانگارتى بولۇشى مۇمكىن. هۇنلارنىڭ بۇ رايونغا توختىماستىن كۆچۈپ كەلگەنلىكىنى باشقا مىللەتلەرنىڭ رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ تېررىتورىيەسىگە كىرىشكە ۋە تېخىمۇ غەربكە كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولغانلىقى ئىسپاتلايدۇ. مەسىلەن، مىلادىيە 381 - يىلىغا كەلگەندە، ئەسلىدە تىرانسىلۋانىيەدە تۇرۇۋاتقان غەربىي گوتلارنىڭ قىرى پادىشاھى ئاسانارىكمۇ ئارقا تەرەپتىكى يېڭى بېسىم تۈپەيلىدىن،

ئامالسىز ئۆزى تۇرۇۋاتقان تاغلىق رايوندىن ئايرىلىپ كونىستانتىنوپولغا بېرىپ ئىمپېراتور تىئودوسىئۇستىن پاناھلىق تىلەشكە مەجبۇر بولغان.

بىرنەچچە يىلدىن كېيىن (مىلادىيە 386 ـ يىلى) يەنە بىر توپ شەرقىي گوتلار دوناي دەرياسى ساھىلىدا پەيدا بولۇپ، رىم تېررىتورىيەسىگە كىرىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ شەرقىي گوتلار بۇرۇن ئالاتخائوس ۋە سافراكس باشچىلىقىدا پاننونىيەگە كىرىپ ئولتۇراقلاشقان شەرقىي گوتلار بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولۇپ، ئۇلار رۇسىيەنىڭ جەنۇبىدىن كەلگەن يېڭى كۆچمەنلەر ئىدى. بۇ قېتىم رىملىقلار شەرقىي گوتلارنىڭ كىرىشىنى توسۇپ قالدى، دوناي دەرياسىدىن ئۆتۈپ بولغان بىر قىسىم شەرقىي گوتلار بولسا قىرغىن قىلىندى ④. رىملىقلارنىڭ بۇ قېتىمقى غەلىبىسى بىزگە نىسبەتەن ئانچە مۇھىم بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ ئىش ئەسلىدە رۇسىيەنىڭ جەنۇبىدا ئولتۇراقلىشىپ كېلىۋاتقان شەرقىي گوتلارنىڭمۇ تەدرىجىي ھالدا غەربكە كۆچۈۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

يەنە ھۇنىمۇند باشچىلىقىدا ھۇنلارغا تەسلىم بولغان شەرقىي گوتلارمۇ (ھۇنىمۇند بۇرۇن ھۇنلارنىڭ بەلگىلىشى بىلەن ئۆزىنىڭ باشچىلىقىدىكى بۇ بىر توپ شەرقىي گوتلارنىڭ قورچاق رەھبىرى بولغان) بۇ چاغدا تەدرىجىي غەربكە كۆچۈپ ۋېنگرىيە تۈزلەڭلىكىگە كىردى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ھۇنىمۇندنىڭ ئۆزى سۇئېۋلار بىلەن ئۇرۇش قىلغان بولسا، ئوغلى جىبۇتلار بىلەن ئۇرۇش قىلغان، ئەمما سۇئېۋلار بىلەن جىبۇتلار رۇسىيەنىڭ جەنۇبىدا ئەمەس، بەلكى ۋېنگرىيەدىكى دوناي دەرياسىنىڭ يېنىدا ئىدى ⑤.

يەنە ئاز ساندىكى شەرقىي گوتلار يەنىلا رۇسىيەنىڭ جەنۇبىدا قېلىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار يايلاق رايونىدىكى ماكانىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولۇپ، قىرىم تاغلىق رايونىغا كۆچۈپ كەتتى. بۇلار كېيىنچە ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىللىقىنى

ساقلاپ نۇرغۇن ئەسىرلەرگىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. 13 ـ ئەسىردە شەرققە سەپەر قىلغان رۇبروك يەنىلا «گېرمان تىلى» دا سۆزلىشىدىغان بۇ گوتلارنىڭ قىرىم يېرىم ئارىلىدا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بىزگە بىلدۈرىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ بىر تۈركۈم گوتلار 16 ـ ئەسىرگىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇردى.

شەرقىي گوتلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى كارپات تاغ تىزمىسىنىڭ غەربىگە قوغلىنىۋېتىلگەن چاغدا، كۆپ قىسىم ئالانلارنىڭمۇ ئوخشاش بېسىمغا دۇچ كەلگەنلىكىنى بايقىيالايمىز. يەنى، بۇ چاغدا زور بىر تۈركۈم ئالانلار شىمالىي پاننونىيە ياكى ئۇنىڭ يېقىن ئەتراپىغا كۆچۈپ كېلىپ، سۇئېۋلار ۋە ۋانداللار بىلەن قوشنا بولدى. مىلادىيە 401 ـ يىلى، بىز ئىرانىئانلاردىن بولغان ئالانلار بىلەن گېرمان مىللەتلىرىدىن بولغان سۇئېۋلار ۋە ۋاندالار ئوتتۇرىسىدا گەرچە تىل ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە پەرق مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئۈچ مىللەتنىڭ تىنچ، ئىناق بىللە تۇرۇۋاتقانلىقىنى بايقىيالايمىز ⑥. يۇقىرىقى بارلىق كۆچمەنلەر ھەرىكىتى جىبۇتلارغا مۇقەررەر يوسۇندا بېسىم ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار يەنىلا ۋېنگىرىيەنىڭ شەرقىدىكى تۈزلەڭلىك ۋە تىرانسىلۋانىيەنىڭ غەربىدىكى تاغلىق ئارىسىدىكى ئورنىنى ساقلاپ قالدى.

گوتلار ۋە ئالانلارنىڭ قوغلاپ چىقىرىلىشى بىلەن ھۇنلار رۇسىيەنىڭ جەنۇبىدىكى يايلاقنىڭ غوجايىنىغا ئايلىنىپ، بۇ رايوننىڭ بىردىنبىر ئاھالىسى بولۇپ قالدى. بۇ پاكىت ناھايىتى زور تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە. تارىخ يازما خاتىرىلەنگەندىن باشلاپ بىز رۇسىيەنىڭ جەنۇبىدىكى يايلاقلارنى دەسلەپتە سكىتىئانلارنىڭ قولىدىن سارماتىئانلارنىڭ تارتىۋالغانلىقىنى، ئارقىدىن سارماتىئانلارنىڭ قولىدىن گوتلارنىڭ تارتىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ كەلگەنىدۇق، بۇ ئۈچ مىللەتنىڭ ھەممىسى ئاق تەنلىك ئىرققا مەنسۇپ بولۇپ، ھەممىسىلا ھىندى ـ ياۋروپا تىلىدا سۆزلىشەتتى. گوتلار بىلەن ئالانلار بۇ يەردىن

قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن موڭغۇل ئىرقىي ئامىللىرى بولغان ھەم تۇرانىئان تىلى ياكى ئۇرال ـ ئالتاي تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر تۇنجى قېتىم بۇ يەردە پەيدا بولدى. 4 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن كېيىن، بۇ تۇرانىئانلار ناھايىتى ئۇزاق مەزگىللەرگىچە رۇسىيەدىكى يايلاق رايونىنىڭ غوجايىنلىرىغا ئايلىنىپ قالدى. ھۇن پادىشاھلىقى گەرچە ئۇزاققا بارمايلا يوقالغان بولسىمۇ، لېكىن ھۇنلاردىن كېيىن بۇ يەرنى ئىگىلىگەنلەر يەنىلا ئۇلار بىلەن ئوخشاش ئىرقتىكى تۇرانىئانلار بولدى. مىلادىيە 17 ـ ئەسىرگە كەلگەندىلا بۇ يەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقى ئاندىن ھىندى ـ ياۋروپا مىللەتلىرىنىڭ قولىغا ئۆتتى.

مىلادىيە 400 ـ يىلىغا كەلگۈچە، ھۇنلارنىڭ ئاساسىي قىسمى يەنىلا بۇرۇنقى شەرقىي گوت پادىشاھلىقىنىڭ زېمىنىدا، يەنى كارپات تاغ تىزمىسىنىڭ شەرقىدە تۇردى. لېكىن شۇ يىلى كۈزدە بىز ھۇنلارنىڭ رىملىقلار بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەت قىلغانلىقىنى تۇنجى قېتىم بايقايمىز. شۇ يىلدىن باشلاپ ھۇنلار رىم تارىخىي ئەسەرلىرىدە كۆپلەپ كۆرۈلۈشكە باشلىغان. بۇ پاكىت ئارقىلىق بىز مۇشۇ يىلدىن باشلاپ ھۇنلارنىڭ 2 ـ قېتىم زور تۈركۈمدە غەربكە كۆچۈشكە باشلىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. كېيىن ئۇلار پۈتكۈل دوناي دەرياسى ۋادىسىنىڭ غوجايىنلىرىغا ئايلىنىپ قالدى. يەنە كېلىپ مۇشۇ چاغدا بىز ھۇنلارنىڭ يېڭى بىر رەھبىرىنىڭ ئىسمىنىڭ يىلدىز ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ھۇنلارنىڭ تۇنجى قېتىم ياۋروپاغا بېسىپ كىرگەن چاغدىكى رەھبىرىنىڭ ئىسمى بالامىر بولۇپ، يىلدىز بىلەن بالامىرنىڭ بىر ئائىلىگە ياكى بىر جەمەتكە مەنسۇپ ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكى بىزگە مەلۇم ئەمەس.

يىلدىز بىلەن رىملىقلارنىڭ دەسلەپكى ئالاقىسى پۈتۈنلەي دېگۈدەك دوستانە تۈس ئالغان. مىلادىيە 400 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا

شەرقىي رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ گانىيە ئاتلىق بىر سەركەردىسى ئاسىيلىق قىلىپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن قېچىپ، دوناي دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىن ئۆتۈپ، ھازىرقى رۇمىنىيەگە كىرىپ پاناھلانماقچى بولغان، لېكىن بۇ رايوننى يىلدىز باشچىلىقىدىكى ھۇنلار ئىگىلەپ بولغان بولۇپ، يىلدىز گانىيەنى قولغا ئېلىپ ئۆلتۈرۈپ، كاللىسىنى كونستانتىنوپولدىكى رىم ئىمپېراتورىغا ئەۋەتىپ بەرگەن، ئەمما يىلدىز بىر تەرەپتىن رىملىقلار بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتنى ساقلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن نۇرغۇنلىغان گېرمان خەلقلىرىگە تەھدىت سالغان.

بىز بۇ چاغدا يېڭى بىر تۈركۈم گوتلارنىڭ (بەلكىم نۇرغۇنلىغان مۇستەقىل شەرقىي گوت قەبىلىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن) دوناي دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدا پەيدا بولغانلىقىنى بايقايمىز. ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ گوتلار دوناي دەرياسىدىن ئۆتۈپ رىمنىڭ پاننونىيە ئۆلكىسىگە تاجاۋۇز قىلدى. ئۇلارنىڭ رەھبىرىنىڭ ئىسمى راداگائىس ئىدى. بىز راداگائىسنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى تارىخىنى بىلمىسەكمۇ، لېكىن تۇرلۇك پاكىتلارغا ئاساسەن، ئۇ ۋە قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئەسلىدە ھازىرقى ۋېنگىرىيەنىڭ شەرقىدىكى مەلۇم جايدا (يەنى ئېستېر دەرياسىنىڭ شەرقى) تۇرۇشلۇق ئىكەنلىكىنى، بۇ چاغدا يىلدىز باشچىلىقىدىكى ھۇنلارنىڭ ھۇجۇمى ئارقىسىدا يۇرتىنى تاشلاپ غەربكە كۆچۈشكە مەجبۇر بولغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

راداگائىس باشچىلىقىدىكى گوتلار دوناي دەرياسىدىن ئۆتۈپ پاننونىيەدە ئولتۇراقلاشقان بولسىمۇ، لېكىن تىنچ تۇرمۇشقا ئېرىشەلمىدى. ھۇنلارنىڭ يېڭى ھۇجۇمى تۈپەيلىدىن ئۇلار يەنىمۇ غەربكە قېچىشقا مەجبۇر بولۇپ، مىلادىيە 404 ـ يىلى ئالپىس تېغىنىڭ شەرقىي ئۇچىدىن ئۆتۈپ ئىتالىيەگە كىردى. شۇنىڭ بىلەن غەربىي رىم ئىمپېرىيەسى بىلەن بۇ بېسىپ كىرگۈچىلەر ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈز بەردى، كېيىنكى يىلى (مىلادىيە 405 ـ يىلى) راداگائىس ۋە قول ئاستىدىكىلەر فايسۇلىدا (ھازىرقى

فىلورېنسىيەنىڭ ئەتراپىدا) غەربىي رىم ئىمپېرىيەسى قوشۇنى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، پۇتۇنلەي دېگۈدەك ھالاك بولدى. ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، ھۇنلارنىڭ رەھبىرى يىلدىزمۇ بۇ چاغدا راداگائىس باشچىلىقىدىكى گوتلارنىڭ كەينىدىن ئىتالىيەگە كىرگەن ھەم رىملىقلار بىلەن ھەمكارلاشقان بولۇپ، گوتلارنىڭ قاتتىق مەغلۇپ بولۇشىدا ئۇنىڭمۇ تۆھپىسى بار ئىدى ⑦.

راداگائىس ۋە ئۇنىڭ قوۋمىنىڭ غەربكە يۈرۈشى پۈتۈنلەي مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار رىمنىڭ غەربتىكى تېررىتورىيەسىگە ۋاسىتىلىك ھالدا ئېغىر زەربە بەردى. راداگائىس باشچىلىقىدىكى گوتلارنىڭ پاننونىيەگە باستۇرۇپ كىرىشى، ئەسلىدىن بۇ يەردە ماكانلىشىپ كېلىۋاتقان نۇرغۇنلىغان خەلقلەردە زور تەۋرىنىش پەيدا قىلدى. بۇ يەردە ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ۋاندىللار تۇرۇۋاتقانىدى. ئۆتكەن 20 يىل جەريانىدا يەنە ۋېنگىرىيەنىڭ شەرقىي شىمالىدىن كەلگەن زور تۈركۈمدىكى سۇئېۋلار ھەم ھۇنلار تەرىپىدىن قوغلىۋېتىلگەن، رۇسىيەنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن كەلگەن زور تۈركۈمدىكى ئالانلارمۇ بۇ يەرگە كېلىپ ۋاندىللار بىلەن ئارىلاش ئولتۇراقلاشقانىدى.

پاننونىيە راداگائىس باشچىلىقىدىكى گوتلارنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغاچقا ھەم ئارقىدىن ھۇنلار قوغلاپ كەلگەچكە، بۇ رايوندىكى ئۈچ توپ خەلق ناھايىتى قورقۇپ كەتتى، شۇڭا مىلادىيە 401 ـ يىلى زور تۈركۈمدىكى ۋاندىللار، سۇئېۋلار ۋە ئالانلار غەربكە يۆتكىلىشكە باشلىدى. ئۇلار ئەڭ دەسلەپتە رېئاتىيە ۋە نورىكۇم (تەخمىنەن ھازىرقى شىۋېتسارىيە تەۋەسىدە) دىن ئىبارەت ئىككى ئۆلكىگە كېلىپ ئولتۇراقلاشتى. كېيىن داۋاملىق بېسىمغا ئۇچرىغاچقا، يەنە غەربكە كۆچۈپ، مىلادىيە 406 ـ يىلى رېيىن دەرياسىدىن ئۆتۈپ گاللىيەگە كىردى.

بۇ ئۈچ مىللەت رېيىن دەرياسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن

فىرانكلار بىلەن قاتتىق جەڭ قىلدى. ئىپتىشلارغا قارىغاندا، بۇ ئۇرۇشتا ۋاندالىلارنىڭ 20 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمى، ھەتتا ئۇلارنىڭ پادىشاھىمۇ ئۆلتۈرۈلگەن. بەختكە يارىشا ئالانلار ۋاقتىدا يېتىپ كەلگەچكە، ۋاندالىلار پۈتۈنلەي ھالاك بولۇشتىن ساقلىنىپ قالغان، نەتىجىدە زور تۈركۈمدىكى ۋاندالىلار، سۇئېۋلار ۋە ئالانلار ئاخىرىدا يەنىلا فىرانكلارنى تارمار قىلىپ، گاللىيە تەۋەسىدىكى ئورغۇنلىغان جايلارنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغان.

شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۈچ يىل جەريانىدا، ئۇلار گاللىيەدىكى ھەرقايسى شەھەرلەرنى خالىغانچە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغان بولسىمۇ، ئاخىرىدا بۇ رايوندىكى رىم قوشۇنىنىڭ كۆپىيىشى بىلەن، بۇ بەدەۋى قوۋملار جەنۇبقا يۈرۈش قىلدى. مىلادىيە 409 ـ يىلى بۇ ئۈچ مىللەت پىرىنىس تاغلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ ئىسپانىيەگە كىردى. ئىسپانىيەنىڭ مۇداپىئە كۈچى گاللىيەنىڭكىدىنمۇ ئاجىز بولغاچقا، ئۇلار بۇ يەردىكى شەھەرلەرنى خالىغانچە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپلا قالماي، يەنە زېمىن بۆلۈشۈۋالدى ۋە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا مۇستەقىل پادىشاھلىقلارنى قۇرۇۋالدى. ئىسپانىيە يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىي شىمالىدا سۇئېۋلار پادىشاھلىقى، ھازىرقى پورتۇگالىيە تەۋەسىدە ئالانلار پادىشاھلىقى قۇرۇلدى، يېرىم ئارالنىڭ باشقا مۇتلەق كۆپ قىسىم زېمىنى ۋاندالىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. بىرنەچچە يىللاردىن كېيىن (مىلادىيە 428 ـ يىلى) يەنە بىر تۈركۈم ۋاندالىلار رىمنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك سەركەردىسىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا جەبىلتارىق بوغۇزىدىن ئۆتۈپ شىمالىي ئافرىقىنىڭ غوجايىنى بولۇپ قالدى ۋە كۈچى شەرقتىكى كونا كارفاگېن شەھىرىگىچە يېتىپ باردى [8].

ۋاندالىلار، سۇئېۋلار ۋە ئالانلار گاللىيەدە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ، ئىسپانىيەگە كىرىشكە تەييارلىق قىلىۋاتقان چاغدا، غەربىي رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ مەركىزىي قىسمى بولغان ئىتالىيەمۇ ئالارىك باشچىلىقىدىكى غەربىي گوتلارنىڭ تاجاۋۇزىغا

ئۆچرىدى. بىرنەچچە يىل بۇرۇن (مىلادىيە 402 — 404 ـ يىللار) ئالارىك ئىتالىيەگە پاراكەندىچىلىك سالغان بولسىمۇ، لېكىن چوڭ نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەنىدى، مىلادىيە 408 ـ يىلىغا كەلگەندە ئۇ بىۋاسىتە ھالدا مۇقەددەس رىم شەھىرىگە يۈرۈش قىلدى.

بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، راداگائىسنىڭ ئادەملىرىنىڭ ئىتالىيەگە كىرىشى ۋە سۇئىبۇلار، ۋاندالار، ئالانلارنىڭ گاللىيە ۋە ئىسپانىيەگە تاجاۋۇز قىلىشى ھۇنلارنىڭ شەرقتىن ئۇلارغا بېسىم پەيدا قىلغانلىقىنىڭ بىۋاسىتە نەتىجىسى ئىدى. ئالارىكنىڭ يېڭى ھۇجۇم قوزغىشىغا كەلسەك، بۇنىڭ ھۇنلارنىڭ بېسىمى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋىتى يوقتەك قىلىسىمۇ، لېكىن بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، ئالارىكنىڭ شەرقىي رىم ئىمپېرىيەسىدىن ئايرىلىشى ھۇنلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. چۈنكى، بۇ چاغدا ھۇنلارنىڭ چوڭ قوشۇنى ئالارىكنىڭ ئارقىسىدىلا ئىدى ھەم دوناي دەرياسىدىن ئۆتۈپ تىراسىيە ۋە ماكېدونىيەگە كىرىپ بولغانىدى. ئەگەر ئالارىك يەنە شەرققە قاراپ كېڭەيسە، ھۇنلار بىلەن بىللە بۇلاڭ ـ تالاڭغا قاتنىشىشى مۇمكىن ئىدى، لېكىن ھۇنلارنىڭ جەڭگىۋارلىقى غەربىي گوتلاردىن ناھايىتى ئۈستۈن بولۇپ، ئۇلار تەييار لوقمىغا باشقىلارنى شېرىك قىلىشنى خالىمايتتى. ئەگەر ئالارىك غەربكە يۈرۈش قىلسا، ھۇنلارنىڭ تەھدىتىدىن قۇتۇلۇپلا قالماي، بەلكى يەنە بارلىق غەنىيمەتلەرگە ئۆزى يالغۇز ئىگە بولاتتى.

ئالارىك غەربكە يۈرۈش قىلىشتا، ئاۋۋال غەربىي رىم ئىمپېراتورى ھونورىئۇستىن قوشۇنىنى تەمىنلەش ئۈچۈن زور خىراجەت بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ھونورىئۇس بىر ئىقتىدارسىز ھەم جاھىل ئادەم بولۇپ، ئۇ بىر تەرەپتىن ئالارىكنىڭ تەلىپىنى رەت قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىتالىيەدە ئاكتىپ مۇداپىئە كۆرمىدى ھەم ئۆزىنىڭ شەخسىي بىخەتەرلىكىنى كۆزلەپ راۋېننا شەھىرىگە بېرىپ يېتىۋېلىپ، رىم شەھىرى بىلەن كارى

بولمىدى.

ئالارىك تەلىپى رەت قىلىنغاندىن كېيىن غەربكە يۈرۈش قىلىپ، مىلادىيە 408 ـ يىلى ئالپىس تېغىنىڭ شەرقىدىن ئۆتۈپ، ئىتالىيە تۈزلەڭلىكىگە بېسىپ كىردى. ئۇ ھونورىئۇس پاناھلىنىۋاتقان راۋېننا شەھىرىگە ھۇجۇم قىلماي بىۋاستە رىمغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇ جەنۇبقا قوشۇن تارتقان چاغدا، يول ئۈستىدىكى ھېچقانداق شەھەردە كۈچلۈك قارشىلىققا ئۇچرىمىدى. مىلادىيە 408 ـ، 409 ـ ۋە 410 ـ يىللىرى ئالارىك ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ رىم شەھىرىگە ئۈچ قېتىم ھۇجۇم قىلىپ، ھەر قېتىمدا زور نەپكە ئېرىشتى.

ئۇ بىرىنچى قېتىملىق ھۇجۇمدا رىم شەھىرىنى قورشىۋالغاندىن كېيىن، شەھەردىكى خەلق ئاچارچىلىقتا قېلىپ تىز پۈكتى، ئۇلار زور مىقداردا تۆلەم پۇل، يەنى بەش مىڭ قاداق ئالتۇن تۆلىمەكچى بولغاندىن كېيىن ئالارىك قوشۇنىنى چېكىندۈرۈشكە قوشۇلدى. تۆلەم پۇل تۆلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئالارىك ۋەدىسىدە تۇرۇپ قوشۇنىنى ئاستا ـ ئاستا شىمالغا چېكىندۈرۈپ كەتتى ۋە ئىمپېراتور ھونورىئۇس بىلەن سۆھبەتلىشىپ، يېڭىدىن بىر مەڭگۈلۈك شەرتنامە تۈزۈشكە تەييارلىق قىلدى. ئۇ بارلىق دۈشمەنلىك ھەرىكەتلىرىنى توختىتىپ، رىم ئىمپېرىيەسى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش، بۇنىڭ بەدىلىگە رىم ئىمپېرىيەسى ھەر يىلى ئۇنىڭغا بەلگىلىك مىقداردا ئالتۇن بېرىش ۋە نورىكۇم، ئېستىرىيە، ۋېنىتسىيە، دالماتىيە قاتارلىق ئۆلكىلەرنى گوت قوشۇنى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىنىڭ ئولتۇراقلىشىشى ئۈچۈن بۆلۈپ بېرىش، بۇ بىرنەچچە ئۆلكە بۆلۈپ بېرىلگەندىن كېيىن ئاتاقتا يەنىلا رىم ئىمپېرىيەسىگە تەۋە بولۇش، لېكىن ئەمەلىيەتتە گوتلار كونترول قىلىدىغان ئاپتونومىيەلىك پادىشاھلىق بولۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

لېكىن راۋېننادا پاناھلىنىۋاتقان ھونورىئۇس سۆھبەتلىشىشنى

رەت قىلغاچقا، كېيىنكى يىلى (مىلادىيە 409 ـ يىلى) ئالارىك رىم شەھىرىگە ئىككىنچى قېتىم ھۇجۇم قوزغىدى. رىم شەھىرى يەنە قورشاۋدا قالدى، رىمدىكى سېنات كېڭىشى بۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئىمپېراتور ھۇنورىئۇسنى بىكار قىلىپ ئاتتالۇسنى ئىمپېراتورلۇققا بەلگىلىگەنلىكىنى جاكارلىدى. ئاتتالۇس رىملىق بولۇپ، ئالارىك بىلەن دوستانە مۇناسىۋىتى بار ئىدى. ھەممەيلەن ئۇنىڭ رىملىقلار بىلەن گوتلار ئارىسىدا ھەركىم رازى بولغۇدەك سۈلھى تۈزۈشنى ئارزۇ قىلىشتى.

ئالارىك دەسلەپتە بۇنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. رىم شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارنىڭلا ھىمايە قىلىشىغا ئېرىشكەن بۇ يېڭى ئىمپېراتور ئاتتالۇس گوتلارنىڭ رەھبەرلىرىگە يۇقىرى ھەربىي ئەمەللەرنى بەرگەندىن كېيىن ئالارىك ئۆزىنىڭ قوشۇنىنى رىمنىڭ يېقىن ئەتراپىغا چېكىندۈردى. شۇنىڭدىن كېيىنكى نەچچە ئاي جەريانىدا ئاتتالۇس بىلەن گوتلار ناھايىتى تىنچ ئۆتتى. لېكىن ئاخىرىدا ئالارىك يەنىلا ئاتتالۇستىن رازى بولماي، تەختكە چىققىنىغا ئون ئاي بولغان بۇ قورچاق پادىشاھنى بىكار قىلىۋەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئالارىك راۋېننا شەھىرىدە پاناھلىنىۋاتقان قانۇنلۇق ئىمپېراتور ھۇنورىئۇس بىلەن سۆھبەتلەشمەكچى بولغان بولسىمۇ، ھۇنورىئۇس تەرىپىدىن يەنە رەت قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن مىلادىيە 410 ـ يىلى ئالارىك رىم شەھىرىگە ئۈچىنچى قېتىم ھۇجۇم قوزغىدى. بۇ قېتىم ئۇ تۆلەم ئېلىشنى، قورچاق ئىمپېراتور تىكلەشنى رەت قىلىپ، قوشۇنىنى باشلاپ شەھەرگە باستۇرۇپ كىرىپ خالىغانچە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى.

بۇ قېتىم گوتلارنىڭ رىم شەھىرىگە كەلتۈرگەن زىيىنى ئاز بولۇپ، كۆيدۈرۈۋېتىلگەن ئاممىۋى ئىمارەتتىن بىرسىلا بار ئىدى، يەنە كېلىپ گوتلارمۇ خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلغاچقا، چېركاۋلارغا بۇزغۇنچىلىق قىلمىدى ھەم چېركاۋلارنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىگىمۇ چېقىلمىدى، بىراق

ھۆكۈمەت ۋە شەخسلەرنىڭ بايلىقلىرىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك بۇلاپ كەتتى، بۇنىڭ بىلەن رىم شەھىرىنىڭ شۆھرىتى قاتتىق زەربىگە ئۇچرىدى. ئۇزۇن ئەسىرلەردىن بېرى رىم شەھىرى تاجاۋۇز قىلغىلى بولمايدىغان شەھەر دەپ قارالغان بولسىمۇ، مانا ئەمدىلىكتە بەدەۋى قوۋملار تەرىپىدىن خانىۋەيران قىلىنىۋېتىلدى.

بۇ يەردە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر نۇقتا شۇكى، رىم شەھىرىگە بېسىپ كىرگەن بۇ ياۋايىلار ئەسلىدە ھۇنلاردىن مەغلۇپ بولغانلار ئىدى، ئۇلار ھۇنلارنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاچقا، تىرانسىلۋانىيەدىكى زېمىنىدىن كېتىشكە مەجبۇر بولغانىدى. شۇڭا 300 يىل بۇرۇن جۇڭگولۇقلارنىڭ ھۇنلارنى غەربكە قوغلىۋېتىشتەك بۇ ھەرىكىتى، بۇ ۋاقىتتا پۈتكۈل غەربنىڭ تارىخىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن ئاساسلىق ئامىل بولۇپ قالدى.

ئالارىك ۋە قول ئاستىدىكىلەر رىمنى ئىشغال قىلىپ بىرنەچچە كۈن بۇلاڭ - تالاڭ قىلغاندىن كېيىن داۋاملىق جەنۇبقا يۈرۈش قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئىتالىيەنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارمۇ خانىۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى، ئارقىدىنلا ئالارىك نۇرغۇن كېمىلەرنى توپلاپ دېڭىزدىن ئۆتۈپ شىمالىي ئافرىقىنى بويسۇندۇرماقچى بولدى. ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ئىتالىيەدىن ئايرىلىپ شىمالىي ئافرىقىغا بارماقچى بولغانلىقىنىڭ سەۋەبى بىزگە ئايان ئەمەس. بىراق بىز شۇنى بىلىمىزكى، بۇ چاغدا ئىتالىيەنىڭ يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئەھۋالى ئىنتايىن خاراب بولۇپ، رىم ۋە باشقا شەھەرلەر ئاشلىقتا ئافرىقىدىن توشۇپ كېلىنىدىغان بۇغدايغا تايىناتتى ھەم بۇ چاغدىكى ئافرىقىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ۋالىي يەنىلا ھۇنورىئۇسقا سادىق ئىدى. ئالارىكنىڭ شەخسەن ئۆزى ئافرىقىغا يۈرۈش قىلىشىدىكى مەقسىتى بەلكىم «ئىمپېرىيەنىڭ ئاشلىق ئامبىرى»نى ئىگىلەش بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى ئافرىقا راۋېنىنادىكى ھۇنورىئۇسقا بىر كۈن سادىق بولسا، ھۇنورىئۇسمۇ بىر كۈن ئۇزاق سەلتەنەت

سۇرەلمەيتتى، شۇڭا ئالارىكنىڭ ئافرىقىغا بارماقچى بولۇشتىكى مەقسىتى شۈبھىسىزكى ئۆزىنىڭ ئىتالىيەدىكى ھوقۇقىنى مۇستەھكەملەش ئىدى، بىز تۇرلۇك پاكىتلارغا ئاساسەن ئۇنىڭ ئاخىرىدا يەنىلا رىم شەھىرىگە قايتىپ كەلگەنلىكىگە ئىشىنىشكە ھەقلىقمىز.

ئالارىكنىڭ بارلىق پىلانلىرى ئىشقا ئاشمىدى. ئۇنىڭ توپلىغان كېمىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى بۇزۇلۇپ كېتىپ، ئۆزىمۇ ئۇزۇن ئۆتمەي كېزىك بولۇپ ئۆلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا قېرىندىشى ئاتخائۇلف ۋارىسلىق قىلدى، ئاتخائۇلف ناھايىتى قابىلىيەتلىك بولسىمۇ، لېكىن ئالارىكتەك قارا نىيەت ئەمەس ئىدى، شۇڭا ئۇ ئافرىقىغا يۈرۈش قىلىش پىلانىدىن ۋاز كەچتى، يەنە كېلىپ ئۇ گوتلارنىڭ ئىتالىيەدىكى ئورنىنىڭ مۇستەھكەم ئەمەسلىكىنى ھېس قىلغانىدى. ئۇ گوتلار بىلەن رىملىقلار ئوتتۇرىسىدا مەڭگۈلۈك تىنچلىق ئورنىتىشنى ئۈمىد قىلغان بولسىمۇ، لېكىن گوتلار ئىتالىيەنى ئىشغال قىلىپ تۇرغان ئەھۋال ئاستىدا، بۇ خىل تىنچلىقنى ئورناتقىلى بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى.

ئەگەر ئاتخائۇلف شەرقىي شىمال تەرەپكە قايتسا، ھۇنلار بىلەن يەنە تۇتۇشۇپ قېلىشى مۇقەررەر ئىدى، شۇڭا ئۇ قول ئاستىدىكىلەرنى باشلاپ غەربىي شىمال تەرەپكە يۈرۈش قىلىپ گاللىيەنىڭ جەنۇبىدىكى كەڭ زېمىننى ئىگىلىدى (مىلادىيە 412 ــ يىلى). ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ ھونورىئۇسنىڭ سىڭلىسى پىلاسىدىيەگە ئۆيلەندى. ئۇ ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتتە ئىگىلىۋالغان رايونلىرىدا مۇستەقىل ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزسىمۇ، ئاتاقتا رىم ئىمپېرىيەسىگە قارام ئىدى ۋە رىم ئىمپېرىيەسىمۇ ئۇلارغا ۋالىي ئەۋەتەتتى. ئۇلار رىمنىڭ ۋەكىلى نامىدا پىرىنىس تاغلىرىدىن ئۆتۈپ ئىسپانىيە يېرىم ئارىلىدا ۋانداللار بىلەن ئۇرۇش قىلدى. بۇ ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسىدە ئىسپانىيەنىڭ شىمالىدىكى كۆپ قىسىم يەرلەر ۋانداللارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ئايرىلىپ، غەربىي گوت پادىشاھلىقىنىڭ

قولىغا ئۆتتى. شۇنىڭدىن كېيىنكى نەچچە ئەسىر جەريانىدا غەربىي گوت پادىشاھلىقىنىڭ زېمىنى ھازىرقى فىرانسىيەنىڭ غەربىي جەنۇبى ۋە ئىسپانىيەنىڭ شەرقىي شىمالىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

غەربىي گوتلار رىم ئىمپېرىيەسىدىن گاللىيەنىڭ جەنۇبىدىكى كەڭ رايوننى تارتىۋالغان چاغدا، ئۇلارنىڭ يىراق تۇغقانلىرى بولغان بۇرگۇندىلار ۋە فىرانكلارمۇ ئاستا ـ ئاستا كۆچۈشكە باشلاپ، رېيىن دەرياسىدىن ئۆتۈپ، گاللىيەنىڭ شىمالىغا كىرىشكە باشلىدى. بۇ كۆچۈشنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالى توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىمىز ناھايىتى ئاز بولسىمۇ، لېكىن بۇرگۇندىلارنىڭ كۆچۈشىنىڭ مىلادىيە 413 ـ يىلى باشلىنىپ، مىلادىيە 443 ـ يىلى توختىغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ھازىرمۇ بۇرگۇندىيە دەپ ئاتىلىپ كېلىنىۋاتقان بۇ رايوننى ئىگىلىگەنلىكى بىزگە ئايان. ئەمدى فىرانكلارنىڭ كۆچۈشىگە كەلسەك، ئۇلار كۆچۈشنى 420 ـ يىلى باشلىغان بولسىمۇ، كېيىن ناھايىتى تېز داۋاملاشتۇردى. بۇرگۇندىلار بىلەن فىرانكلارنىڭ كۆچۈشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى شۈبھىسىزكى رىملىقلارنىڭ گاللىيەنىڭ شىمالىدىكى ھۆكۈمرانلىق كۈچىنىڭ ئاجىزلىشىپ كېتىشى بولسىمۇ، لېكىن شۇ بىزگە ئايانكى، بۇرگۇندىلار كۆچۈشتىن بۇرۇن ھۇنلار بىلەن نەچچە قېتىم قانلىق ئۇرۇش قىلغان، شۇڭا ئۇلارنىڭ غەربكە كۆچۈشنى قارار قىلىشى چوقۇم ھۇنلارنىڭ بېسىم ئېلىپ كەلگەنلىكىنىڭ تەسىرىدىن بولغان بولۇپ، فىرانكلارنىڭ ئەھۋالىمۇ بۇلارنىڭكىگە ئوخشاش بولۇشى مۇمكىن[10].

ھۇنلارنىڭ ياۋروپاغا بېسىپ كىرىشىنىڭ 2 ـ باسقۇچى مىلادىيە 400 ـ يىللار ئەتراپىدا باشلىنىپ، مىلادىيە 415 ـ يىللار ئەتراپىدا ئاخىرلاشتى، شۇنىڭدىن كېيىنكى ياۋروپا تارىخىدا زور ئۆزگىرىش يۈز بەردى.

ھۇنلارنىڭ 1 ـ باسقۇچلۇق غەربكە يۈرۈشىنىڭ نەتىجىسىدە نۇرغۇنلىغان گېرمان قەبىلىلىرىنىڭ رۇسىيەنىڭ جەنۇبىدىن

قوغلاپ چىقىرىلغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ توپ ـ توپ ھالدا بالقانغا كىرگەنلىكى، بۇنىڭ شەرقىي رىم ئىمپېرىيەسىگە بىر زور زەربە بولغانلىقى، لېكىن غەربىي رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ بۇنىڭ تەسىرىگە ئانچە بەك ئۇچرىمىغانلىقى بىزگە مەلۇم. ئەمەلىيەتتە ھۇنلارنىڭ 2 ـ باسقۇچلۇق غەربكە كۆچۈشى بىلەن تېخىمۇ كۆپ بەدەۋىلەر غەربىي رىم ئىمپېرىيەسىگە باستۇرۇپ كىردى، نەتىجىدە ئىتالىيە غەربىي گوتلارنىڭ تۆت يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت دەپسەندە قىلىشىغا ئۇچرىدى ھەم ئافرىقا، ئىسپانىيە، گاللىيە قاتارلىق جايلارنىمۇ بەدەۋى قوۋملار ئىگىلىۋالدى.

بۇ بەدەۋى قوۋملارنىڭ رىم ئىمپېرىيەسىگە كىرىشىنى تامامەن ياكى ئاساسەن دېگۈدەك ھۇنلارنىڭ بېسىم پەيدا قىلىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسىمۇ، بىز ھۇنلار بىلەن غەربىي رىم ئىمپېرىيەسى ئوتتۇرىسىدا بىۋاستە ئالاقىنىڭ بولغانلىقىنى ئانچە بەك بايقىمىدۇق. لېكىن، بىز ھۇنلارنىڭ بۇ چاغدا تۇنجى قېتىم پاننونىيەگە بىۋاستە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشكەنلىكىگە ئىشىنىمىز. پاننونىيەنى ئەسلىي زور تۈركۈمدىكى كۆچمەن خەلقلەر (مەسىلەن، ئالاتخائۇس ۋە سافراكس باشچىلىقىدىكى شەرقىي گوتلار) ئىگىلىگەن بولۇپ، ھۇنلارنىڭ بۇ ئۆلكىنى بويسۇندۇرۇشى، بۇ يەردە تۇرۇشلۇق بەدەۋى قوۋملارغا نىسبەتەن ئۇلارنىڭ غوجايىنىنىڭ رىملىقلاردىن ھۇنلارغا ئالمىشىشىلا بولدى خالاس. ھۇنلار پاننونىيەنى ئىگىلەۋاتقان چاغدا، بارلىق شەرقىي گوت خەلقلىرى يېڭىباشتىن ئىتتىپاقلاشقان بولسىمۇ، يەنىلا ھۇنلارنىڭ كونتروللۇقىغا چۈشۈپ قالدى ⑪.

ھۇنلار بۇ چاغدا پاننونىيەنى ئىگىلىگەندىن باشقا، غەربىي رىم ئىمپېرىيەسىگە بىۋاستە ھۇجۇم قىلمىدى. ھۇنلارنىڭ دوناي دەرياسىدىن ئۆتىدىغان ئىشلىرى ئاندا ـ ساندا كۆرۈلۈپ تۇرغان بولسىمۇ، بۇنىڭدا شەرقىي رىم ئىمپېرىيەسى نىشان قىلىنغان بولۇپ، خاراكتېرىمۇ ئانچە ئېغىر ئەمەس ئىدى. بىر قېتىم

ھۇنلار مۇشۇ سەۋەبلىك قاتتىق زەربىگە ئۇچرىدى.

بۇ مىلادىيە 408 ـ يىلىدىكى ئىش بولۇپ، ھۇنلارغا يىلدىز باشچىلىق قىلىشقا باشلىغانىدى. بۇ چاغدا ئۇ ناھايىتى مۇھىم شەخس بولۇپ قالغان بولۇپ، ياۋروپادىكى بارلىق ھۇن قەبىلىلىرىنىڭ ئورتاق رەھبىرى ئىدى ھەم زېمىنىمۇ ناھايىتى كېڭەيگەنىدى. رىم تارىخىي ئەسەرلىرىدە ئۇ «دوناي دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى بارلىق بەدەۋىلەرنىڭ يولباشچىسى» دېيىلگەن. يىلدىز ناھايىتى تەكەببۇر بولۇپ، رىمنىڭ تىراسىيە ئۆلكىسىنىڭ باشلىقى ئۇنىڭدىن تۆۋەنچىلىك بىلەن تىنچلىق تەلەپ قىلغاندا، ئۇ مەنسىتمىگەن ھالدا قۇياشنى كۆرسىتىپ: «ئەگەر خالىسام قۇياش نۇرى يورۇتقانلىكى يەرنىڭ ھەممىسىنى بويسۇندۇرىمەن» دېگەن.

بۇ قېتىم يىلدىز شەرقىي رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ چېگرا رايونلىرىنى قاتتىق بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى، ئەمما ئۆزىمۇ كېلىشمەسلىككە يولۇقتى. ئۇ زور مىقداردىكى غەنىيمەتلەرنى ئېلىپ قايتىۋاتقان چاغدا، رىم قوشۇنىنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، قول ئاستىدىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۇنى تاشلاپ كەتكەچكە، رىم قوشۇنى زور غەلىبىگە ئېرىشتى. ھۇنلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقچى قوشۇنلىرىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، يىلدىزمۇ ئۆلگىلى تاس قالدى ⑫.

شۇنىڭدىن كېيىن يىلدىزنىڭ ئىش ئىزلىرى بىزگە قايتا ئۇچرىمايدۇ، بەلكىم ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ ئۆلگەن بولسا كېرەك. يىلدىزنىڭ ئۆلۈشى بىلەن ھۇنلارنىڭ 2 ـ باسقۇچلۇق يۈرۈشى ئاخىرلاشتى دېيىشكە بولىدۇ. يىلدىز ئۆلگەندىن كېيىنكى بىرنەچچە يىل ئىچىدىكى ھۇنلارنىڭ پائالىيىتى ھەققىدە بىز ھېچنېمىنى بىلمەيمىز، چۈنكى ئەينى چاغدىكى ياۋروپا يازما خاتىرە ئارقىلىق دەلىللىگىلى بولمايدىغان بىر دەۋردە تۇرۇۋاتاتتى.

يەنە بىرقانچە يىللار ئۆتكەندىن كېيىنلا ئاندىن يېڭى بىر تارىخ سەھىپىسى ئېچىلدى، بۇ چاغدا ياۋروپادا تۇرۇۋاتقان

ھۇنلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقى يەنە بىر يېڭى ھۆكۈمدارنىڭ قولىغا ئۆتتى. بۇ يېڭى ھۆكۈمدار ئادەتتە ئاتتىلا دەپ ئاتىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئىككى ھۆكۈمدار ئۆتكەن بولۇپ، ئۇلار ئاتتىلانىڭ ئەجدادى ئىدى. بىزنىڭ بىلىشىمىزچە، بۇ يېڭى ھۆكۈمدار بىلەن بۇرۇن ھۇنلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان يىلدىز ياكى بالامىر ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق مۇناسىۋەت يوق. بۇ پاكىت نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنى (مەسىلەن دىروئىن) بۇ چاغدا يەنە يېڭى بىر تۈركۈم ھۇنلارنىڭ ياۋروپاغا بېسىپ كەلگەنلىكىگە ھەم بۇ يېڭى ھۆكۈمدارنىڭ ئۇلارنىڭ رەھبىرى ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈردى ⑬. بۇ چاغدا ھەقىقەتەنمۇ بىر تۈركۈم ھۇن قەبىلىلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىن رۇسىيەنىڭ جەنۇبىغا كېلىپ، ئاندىن رۇسىيەنىڭ جەنۇبىدىن ۋېنگرىيە تۈزلەڭلىكىگە كىرگەن، لېكىن بىز بۇنىڭلىق بىلەن بۇ يېڭى ھۆكۈمدارنىمۇ يېڭىدىن كەلگەن كۆچمەنلەر توپىغا مەنسۇپ قىلىۋەتسەك بولمايدۇ. بۇ يېڭى ھۆكۈمدار بەلكىم ياۋروپادا تۇرۇۋاتقىلى نەچچە ئون يىل بولغان بولسىمۇ، دەسلەپتە كۈچى ئاجىز بولغاچقا قەد كۆتۈرەلمىگەن، ئاخىرىدا يىلدىزنىڭ مەغلۇپ بولۇپ ئۆلۈشى بىلەن باش كۆتۈرۈشكە باشلىغان بولۇشى مۇمكىن.

بۇ يېڭى پادىشاھلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئىككى ھۆكۈمدارى ئوكتار ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى رۇگا ئىدى. ئوكتار ناھايىتى مۇجمەل شەخس بولۇپ، ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرى ۋە ئۇ تەختتە ئولتۇرغان چاغلاردىكى ۋەقەلەر ھەققىدە بىلىدىغانلىرىمىز ناھايىتى ئاز، لېكىن ئۇ كېيىن بىر مەھەل دەۋر سۈرگەن بۇ يېڭى پادىشاھلىقنىڭ ھەقىقىي قۇرغۇچىسى بولۇشى مۇمكىن. رىم تارىخىي ئەسەرلىرىدىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا، ھۇنلارنىڭ بىر رەھبىرى رېيىن دەرياسى ساھىلىدىكى بۇرگۇندىلارغا ھۇجۇم قىلغاندا، دەسلەپتە غەلىبىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، كېيىن مەغلۇپ بولۇپ ئۆلتۈرۈلگەن.

ھۇنلارنىڭ بۇ رەھبىرى ئوكتار بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ ھەرىكىتىمۇ ھۇنلارنىڭ بىرىنچى قېتىم ھازىرقى گېرمانىيەنىڭ ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسمىدىكى خەلقلەرنى بويسۇندۇرۇشى بولۇپ ھېسابلىناتتى.

تۇرانىئانلارنىڭ ئادىتى بويىچە ئوكتارنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغىنى ئۇنىڭ ئوغلى بولماستىن، بەلكى ئىنىسى رۇگا بولغان. رۇگا تەختكە ئولتۇرغان دەسلەپكى يىللارغا ئائىت خاتىرىلەرمۇ يوقنىڭ ئورنىدا، لېكىن مىلادىيە 422 ـ يىلى ۋە 426 ـ يىلى ھۇنلارنىڭ يەنە شەرقىي رىم ئىمپېرىيەسىگە تاجاۋۇز قىلغانلىقى ۋە تىراسىيە ھەم ماكېدونىيەنى خانىۋەيران قىلغانلىقى بىزگە مەلۇم. بۇ ئىككى قېتىملىق تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىغا رەھبەرلىك قىلغۇچى رۇگا بولۇشى مۇمكىن. شەرقىي رىملىقلار ئىككىلا قېتىمدا ھۇنلارنى دوناي دەرياسىنىڭ شىمالىغا قوغلىۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئىمپېرىيەنىڭ ئامانلىقىغا نىسبەتەن ھۇنلار يەنىلا چوڭ تەھدىت ئىدى، ئۇزۇن ئۆتمەي شەرقىي رىم ئىمپېراتورى تېئودوسىئۇس II ھۇنلارغا ھەر يىلى 350 قاداق ئالتۇن تاپشۇرۇش بەدىلىگە ئاندىن، ئۇلارنىڭ رىم ئىمپېرىيەسى چېگراسىغا تاجاۋۇز قىلماسلىق كاپالىتىگە ئېرىشتى ⑭.

رۇگا ئالتۇنلارنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، لېكىن مىلادىيە 432 ـ يىلى كونستانتىنوپول ئوردىسىغا يەنە يېڭى تەلەپلەرنى قويدى. ئەسلىدە نۇرغۇنلىغان ھۇن خەلقى ئۆز ھۆكۈمدارىنىڭ قاتتىق ھۆكۈمرانلىقىغا چىدىماي شەرقىي رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ تېررىتورىيەسىگە قېچىپ كەلگەنىدى. رۇگا بۇ قاچقۇنلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى، بۇنىڭدىن باشقا رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ چېگراسىغا تۇتاش دوناي دەرياسىنىڭ ساھىلىدىكى نۇرغۇنلىغان ئۇششاق قەبىلىلەر بۇرۇن رىملىقلار بىلەن ئۆزلىرى ئالاقە قىلاتتى، تېئودوسىئۇسمۇ ئۇلار بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ھەر خىل كېلىشىملەرنى ئىمزالاپ، ئىمپېرىيەنىڭ چېگرالىرىنى قوغدايتتى، لېكىن رۇگا دوناي

دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى بارلىق ئۇششاق قەبىلىلەرنىڭ ھۇنلارغا قارام ئىكەنلىكىنى جاكارلاپ، رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ بۇرۇن بۇ ئۇششاق قەبىلىلەر بىلەن تۈزگەن بارلىق كېلىشىملىرىنى بىكار قىلىشىنى، بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق كېلىشىمنى پەقەت ھۇنلار بىلەنلا تۈزۈشىنى تەلەپ قىلدى. بۇنىڭدىن بۇ مەزگىلدىكى ھۇن پادىشاھلىقىنىڭ بىرلىككە كەلگەن ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تىكلەپ بولغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ، بۇ ناھايىتى مۇھىم.

تىئودوسىئۇس II بىر قورقۇنچاق بولۇپ، ئۇ دىنغا بەك بېرىلىپ كەتكەچكە، ئىمپېرىيەنىڭ شۆھرىتىنى قوغداشنى ئويلاپمۇ قويمىدى. شۇڭا ئۇ ھۇنلارنىڭ يولسىز تەلىپىگە قارىتا ئۇرۇش قوزغاشقا جۈرئەت قىلالماي، ھۇن ئوردىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، بىرقەدەر مۆتىدىلراق ئۇسۇل بىلەن ئىشنى ھەل قىلىشنى ئۈمىد قىلدى. رىم ئەلچىلىرى مىلادىيە 434 ـ يىلى ھۇن پادىشاھلىقىنىڭ زېمىنىغا كەلگەندە رۇگا ئالەمدىن ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىككى جىيەنى ـــ بېلىدا (Bleda) بىلەن ئاتتىلا (Attila) ۋارىسلىق قىلىپ، ھۇن خەلقىنى بىللە باشقۇرۇۋاتقانىدى.

رىم ئەلچىلىرى بىلەن ھۇنلارنىڭ بۇ ئىككى يېڭى پادىشاھى كۆرۈشكەن چاغدىكى ئەھۋاللار توغرىسىدا بىزدە ئاددىي بولسىمۇ خاتىرە بار. ئۇلارنىڭ كۆرۈشكەن ئورنى ھۇنلارنىڭ پايتەختى بولماستىن، ھازىرقى يۇگوسلاۋىيە تەۋەسىدىكى مارگۇس ئىدى. ھۇنلارنىڭ بۇ ئىككى پادىشاھى ۋە ئۇلارنىڭ مۇلازىملىرى ئات ئۈستىدە تۇرۇپلا رىم ئەلچىلىرى بىلەن سۆھبەتلەشكەن، رىم ئەلچىلىرىمۇ پېتىنى بۇزماسلىق ئۈچۈن ئۇلارغا ئوخشاش ئات ئۈستىدە تۇرۇپ سۆھبەتلىشىشكە مەجبۇر بولغان. لېكىن بۇ رىم ئەلچىلىرى ئانچە دانا بولمىغاچقا، قاچقۇنلارنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش مەسىلىسى ۋە كېلىشىم تۈزۈش مەسىلىسىدە يول قويۇپلا قالماي، يەنە ئاتتىلا ئۇلارغا ھۇنلاردا ئىككى پادىشاھ بولغاچقا، ھەر يىلى تۆلەيدىغان ئولپاننى ئىككى ھەسسىلەشنى، يەنى 350 قاداق

ئالتۇننى 700 قاداقىقا كۆپەيتىشنى ئېيتقان ھەم رىملىقلار بۇ تەلەپلەرنى دەرھال قوبۇل قىلمىسا ئۇرۇش قوزغايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان. رىم ئەلچىلىرى تېئودوسىئۇس II نىڭ ئۇرۇش قوزغاشنى خالىمايدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ھۇنلارنىڭ شەرتىنى نائىلاج قوبۇل قىلغان.

رىملىقلار بۇ ئەھدىگە رىئايە قىلىش ئۈچۈن، دەرھال كونستانتىنوپولغا قېچىپ كەلگەن ئىككى ياش ھۇن ئاقسۆڭەكنى ھۇنلارغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن، ھۇن پادىشاھى ئۇلارنى دەرھال قەتلى قىلغان بولسىمۇ، رىملىقلار بۇنىڭغا بىرەر ئىپادە بىلدۈرۈشكە جۈرئەت قىلالمىغان.

بۇ ئەھدە تۈزۈلگەندىن كېيىنكى بىرنەچچە يىل ئىچىدىكى ھۇنلارنىڭ پائالىيىتى رىم تارىخىي ئەسەرلىرىدە كۆزگە چېلىقمايدۇ، بۇ ۋاقىتتا ھۇنلار ئېھتىمال شىمالىي ياۋروپا ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى بەدەۋى قوۋملارنى بويسۇندۇرۇش بىلەن ئالدىراش بولغان بولسا كېرەك.

بىلىدا ۋە ئاتتىلا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان چاغدىكى ھۇن پادىشاھلىقىنىڭ زېمىنىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى، ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنىڭ قەيەرگىچە يېتىپ بارغانلىقى ھەققىدە تارىخىي ماتېرىياللار كەمچىل بولغاچقا، بۇنىڭغا ئېنىق بىرنېمە دېيەلمەيمىز، لېكىن شۇنىسى بىزگە ئايانكى، ئەينى چاغدا ھۇنلار بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان رايونلار بىلەن ئۇلارنىڭ ھامىيلىقى ئاستىدىكى مىللەتلەر تۇرۇۋاتقان رايونلار ئارىسىدا زور پەرق بار ئىدى.

ئەينى چاغدا ھۇن پادىشاھلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزى دوناي دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدا بولۇپ، بۇ يەر 19 ـ ئەسىردىكى ئاۋسترىيە ـ ۋېنگرىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ زېمىنى بىلەن تەڭ كېلەتتى. لېكىن بۇ يەردىكى ئاھالىلەر ئىچىدە ھۇنلار ئاز سانلىق مىللەت ھېسابلىناتتى. بىرنەچچە گېرمان خەلقى، مەسىلەن، دوناي دەرياسىنىڭ غەربىدىكى پاننونىيە تەۋەسىدىكى

شەرقىي گوتلار، دوناي دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى جېبۇتلار يەنىلا شۇ يەردىكى ئاھالىلەرنىڭ ئاساسىي قىسمىنى تەشكىل قىلاتتى ھەم ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پادىشاھلىرىنى ساقلاپ قالغانىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شۇ چاغدىكى جېبۇتلارنىڭ پادىشاھى ئاردارىك ۋە شەرقىي گوتلارنىڭ پادىشاھى ۋالامىر (بۇ چاغدا بارلىق شەرقىي گوت خەلقى قايتىدىن بىرلىككە كەلگەن بولۇپ، بىر پادىشاھقا ئىتائەت قىلاتتى) ھۇن ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشكەن بولۇپ، دائىم دېگۈدەك دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشقا قاتناشتۇرۇلغان. بۇ گېرمان خەلقلىرى گەرچە زور دەرىجىدىكى ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى ساقلاپ قالغان، باج تۆلىمەيدىغان ھەم مەجبۇرىي ھالدا ھۇن قوشۇنىدا ۋەزىپە ئۆتىمەيدىغان بولسىمۇ، لېكىن ئاتاقتا يەنىلا ھۇنلارغا قارام ئىدى. ئۇلارنىڭ جېنى ۋە بايلىقى ھۇنلارنىڭ قولىدا ئىدى.

ھۇنلار بۇ چاغدا دوناي دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدىن باشقا، يەنە ھازىرقى گېرمانىيە تەۋەسىدىكى نۇرغۇنلىغان قەبىلىلەرنىمۇ كونترول قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان. ھەتتا رېيىن دەرياسى ساھىلى ياكى ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى گېرمان خەلقلىرى، مەسىلەن، ئاللىمانلار، بۇرگۇندىلار ۋە ساھىل فىرانكلىرىمۇ ھۇنلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولغان. تۇرىنگىنلار ۋە ساكسونلارمۇ ھۇن قوشۇنىدا ۋەزىپە ئۆتەشكە مەجبۇر بولغان. كىلاسسىك ئاپتورلارنىڭ بايانىغا قارىغاندا، ھۇنلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق كۈچى بۇ چاغدا شىمالىي دېڭىز ۋە بالتىق دېڭىزىغىچە يەتكەن بولسا كېرەك. بىرنەچچە نوپۇزلۇق ئالىمنىڭ پىكرىگە ئاساسلانغاندا، ھۇن ئىمپېرىيەسىنىڭ بۇ تەرەپكە كېڭىيىشى بىلەن ئانگىلولار، ساكسونلار ۋە جۇتېسلارنىڭ (Jutes) ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىن ئايرىلىپ بىرىتانىيە تاقىم ئارىلىغا كېتىشى ئوتتۇرىسىدا بىۋاسىتە مۇناسىۋەت بولۇشى مۇمكىن⑯.

بىلىدا ۋە ئاتتىلانىڭ شەرققە كېڭەيمىچىلىك قىلىشىمۇ

ئوخشاشلا مۇھىمدۇر. بىزنىڭ بىلىشىمىزچە، رۇسىيەنىڭ جەنۇبىدىكى يايلاق رايونىدا تۇرۇۋاتقان ھۇنلارنىڭ سانى ۋېنگىرىيەدە تۇرۇۋاتقان ھۇنلارنىڭكىدىن كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئاتتىلانىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلغان. مىلادىيە 435 ـ يىلى سوراسگىلار (Sorasgi) مۇ جەنۇبىي رۇسىيە تەۋەسىدىكى باشقا ھۇنلارغا ئوخشاش ئىتائەت قىلغان. بىرنەچچە يىللاردىن كېيىن (مىلادىيە 447 ـ يىلى) تېخىمۇ شەرقتە تۇرىدىغان قۇدرەتلىك ھۇن قەبىلىسى ـــ ئاكاتسىرلار (Akatsiri) بۇرۇن ئاتتىلا بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتنى ساقلاپ باراۋەر ئورۇندا تۇرغان بولسىمۇ، بۇ چاغدا ئاتتىلا چوڭ ئوغلى ئىلەكنى (Ellak) ئەۋەتىپ ئۇلارغا بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق قىلغان. ھەتتا رۇسىيە يايلىقىنىڭ شىمالىدىكى ئورمانلىق رايوندا تۇرىدىغان سىلاۋىيان ۋە فىنلارمۇ ئېھتىمال مۇشۇ چاغدا ھۇنلار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان بولۇشى، سىلاۋىيانلار دەل مۇشۇ چاغدا «ھۇنلارنىڭ قولى» سۈپىتىدە تۇنجى قېتىم ياۋروپانىڭ غەربىگە كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

بىلىدا ۋە ئاتتىلانىڭ ھوقۇقى دون دەرياسىنىڭ شەرقىگىچە يەتكەن بولۇپ، بۇرۇنقى ئالان پادىشاھلىقىنىڭ كۆپ قىسمى بىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئاتتىلا بىر قېتىم مۇشۇ جاينى تايانچ بازا قىلىپ، پېرسىيەگە زور كۆلەمدە ھۇجۇم قىلىشنى پىلانلىغان. بۇ رايون سوغداق (Sugdak) دەپ ئاتىلاتتى. ئېھتىمال بۇ چاغدا سوغدىلار يەنىلا ئۆزىنىڭ پادىشاھىنى ساقلاپ قالغان بولۇشى ھەم ئۇلارنىڭ ئاتتىلا ئوردىسىغا بېقىنىش دەرىجىسىمۇ ئانچە يۇقىرى بولماسلىقى مۇمكىن. يەنە بىر مۇھىم پاكىت شۇكى، سوغدىلارنىڭ مۇشۇ كىچىك پادىشاھلىقى ئەينى چاغدا ياۋروپادىكى ھۇنلار بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىچى ئىدى ⑰.

ھۇن پادىشاھلىرىنىڭ بىرى بولغان بىلىدا مىلادىيە 445 ـ يىلى ۋاپات بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئاتتىلا ھۇنلارنىڭ بىردىنبىر

ھۆكۇمرانى بولۇپ قالدى. بەزى تارىخشۇناسلار بىلىدانى ئاتتىلا ئادەم ئەۋەتىپ ئۆلتۈرگۈزىۋەتكەن دەپ قارىسىمۇ، بۇنىڭغا ھېچقانداق پاكىت يوق. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىلىدا بىرقەدەر چۈشىنىكسىز شەخستۇر. ئاتتىلانىڭ بىردىنبىر ھۆكۇمران بولۇشى ھۇنلارنىڭ كۈچىنى بىرلىككە كەلتۈردى ۋە كۈچەيتتى [18].

شۇنىڭدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ھۇنلار رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن ئەڭ زور تەھدىت بولۇپ قالدى. بۇ چاغدا شەرقىي رىم ئىمپېرىيەسى بىلەن غەربىي رىم ئىمپېرىيەسى ھۇن ئوردىسىغا ئۇزۇكسىز ئەلچى ئەۋەتىپ، دىپلوماتىك ئۇسۇل ئارقىلىق ئۇلارنىڭ تاجاۋۇزىنى توسۇماقچى بولدى، گەرچە بۇ ئەلچىلەرنىڭ بارلىق پائالىيىتى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر كىشىنىڭ مەلۇماتى بەختكە يارىشا بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، بىزگە ئەينى چاغدىكى ھۇن ئوردىسىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئۇچۇر بېرىدۇ [19].

ئاتتىلانىڭ قىياپىتىگە ئائىت ئۇچۇرغا قارىغاندا، ئۇنىڭدا مۇڭغۇل ئىرقىي ئامىلى خېلى كۆپ بولسا كېرەك. ئۇ توغرىدا مۇنداق دېيىلگەن: «ئۇنىڭ بويى ئوتتۇراھال، گەۋدىسى كەڭ، بېشى چوڭ، كۆزى كىچىك ھەم سۇرلۇك، بۇرنى تۈز، چىرايى بۇغداي ئۆڭ ئىدى»، «ئۇنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشى ناھايىتى مەغرۇر بولۇپ، كۆزلىرى چاقناپ تۇراتتى، ھەرىكەت قىلغان چاغلاردا سۇر ـ ھەيۋىسى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئۇرۇشقا ئىنتايىن ئامراق بولۇپ، ھەرىكەتتە بەك ئىختىيارىي ئىدى، يىغىنلاردا تەمكىن ۋە سۇرلۇك ئولتۇراتتى، ئۆزىدىن ياردەم ۋە پاناھلىق تىلىگەنلەرگە ناھايىتى مېھرىبانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى» [20].

ئۇ تۇرمۇشتا ناھايىتى ئاددىي ـ ساددا بولۇپ، زىياپەتلەردە ئېسىل نازۇ نېمەتلەر كۆپ ھازىرلانسىمۇ، ئۇ پەقەت ئەڭ ئاددىي تائاملار بىلەن غىزالىناتتى. ئۇنىڭ ۋەزىرلىرىنىڭ ھەممىسى

ئالتۇن ـ كۈمۈش قاچىلارنى ئىشلەتسىمۇ، ئۇ ياغاچ قاچا ئىشلىتەتتى. لېكىن يەنە بىر جەھەتتىن ئۇ ئىنتايىن ھاكاۋۇر ئىدى، مەسىلەن، ئۇ رىم تەرىپىدىن ئەۋەتىلىدىغان ئەلچىلەرنىڭ چوقۇم ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار بولۇشىدا چىڭ تۇراتتى.

ئاتتىلا شارابقا ئامراق بولۇپ، دائىم شاراب ئىچەتتى. ئۇنىڭ خوتۇن ـ توقاللىرى كۆپ بولغاچقا، پەرزەنتلىرىمۇ ناھايىتى جىق ئىدى، لېكىن خوتۇنلىرىنىڭ ئىچىدە پەقەت بىرسىلا خانىش بولۇپ، ئورنىمۇ يۇقىرى ئىدى ھەم دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىغىمۇ تەسىر كۆرسىتەتتى. ئاتتىلا ئوغۇللىرى ئىچىدە ئەرنەك (Ernak) ئىسىملىك ئوغلىنى ئەڭ ياخشى كۆرەتتى.

بۇ چاغدىكى ھۇنلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدە ئۇلار ياۋروپاغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىنكى نەچچە ئون يىل ئىچىدە نۇرغۇن جەھەتلەردە كۆرۈنەرلىك زور ئۆزگىرىش بولغانىدى. ئۇلار ئەمدى نوقۇل كۆچمەن چارۋىچى ئەمەس ئىدى. تۆۋەندىكى پاكىتلار ئارقىلىق بۇنى ئىسپاتلاشقا بولىدۇ: بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ بىر مۇقىم پايتەختى بولغان بولۇپ، ئۇنىڭدا نۇرغۇنلىغان مۇستەھكەم ئىمارەتلەر سېلىنغان. ھۇنلارنىڭ بۇ پايتەختىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكى تېخى ئېنىق بولمىسىمۇ، لېكىن ئادەتتە ھازىرقى ۋېنگرىيە تەۋەسىدە، يەنە كېلىپ ئېيتىپ دەرياسى بىلەن دوناي دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدا دەپ قارىلىدۇ.

ئاتتىلانىڭ ئوردىسى شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئېگىزلىككە سېلىنغان بولۇپ، پۈتۈن شەھەرنىڭ مەنزىرىسىنى كۆرگىلى بولاتتى. ئۇنىڭ سىرتى ياغاچ رېشاتكىلىق قاشا بىلەن قورشالغان بولۇپ، ئىچىدە نۇرغۇنلىغان قەسىرلەر بار ئىدى. مەركىزى قەسىرنىڭ ئۈستىدە مۇنار ياكى قوختا بار ئىدى. بارلىق قەسىرلەرنىڭ ھەممىسى ياغاچنى ئوتتۇرىسىدىن ئىككىگە تىلىپ، يۇمىلاق تەرىپىنى سىرتقا، تۈز تەرىپىنى ئىچىگە قىلىپ قېقىش ئارقىلىق ياسىلاتتى. پۈتۈن شەھەردە تاش ئىمارەتتىن پەقەت بىرىلا بولۇپ، ئۇ مۇنچا ئىدى، بۇنى ھۇن قوشۇنى

تەرىپىدىن ئەسىر ئېلىنغان «يۇنان - رىم» ئۇستىلىرى بىر ھۇن ئاقسۆڭەكنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن ياساپ چىققانىدى.

قەسىرلەرنىڭ ئىچىدە نۇرغۇنلىغان ئۆي جاھازلىرى بار ئىدى. ئۇلار ئادىتى بويىچە ياغاچ سۇپىدا ئولتۇراتتى، لېكىن ئاتتىلا بولسا ھەشەمەتلىك بېزەلگەن تەختتە ئولتۇرۇشنى ياخشى كۆرەتتى، يەرگە كۆپىنچە ھاللاردا كىگىز - پالاس سېلىپ قوييۇلاتتى. كېچىلىرى بولسا قومۇش مەشئەل ياندۇرۇپ قوييۇلاتتى.

ئۇلار سەپەرگە چىققاندا، يەنىلا بۇرۇنقىدەك چېدىر ۋە چوڭ ھارۋىلارنى ئىشلىتەتتى. لېكىن بۇ چاغدا تۇرۇۋاتقان يەرلىرىدە دەريا كۆپ بولغاچقا، دائىم چوڭ ھارۋىلىرىغا يېنىك شاللارنى بېسىۋېلىپ دەريادىن ئۆتۈشتە ئىشلىتەتتى، چوڭ دەريالارغا يولۇققاندا چاپما قېيىق ئىشلىتەتتى.

ئۇلارنىڭ كىيىمى (بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ كىيىمى) كۆندە تىكىلگەندىن باشقا، يەنە كاناپ رەختتىنمۇ تىكىلەتتى. ئۇلار گۆش ۋە قىمىزنى يەنىلا كۆپلەپ ئىستېمال قىلغان بولسىمۇ، لېكىن تېرىق، قوناق ۋە باشقا زىرائەتلەرنى، ھەتتا قارىمۇچ (ھىندىستاننىڭ مەھسۇلاتى) ۋە خورما (ئەرەبىستاننىڭ مەھسۇلاتى) قاتارلىقلارنى ئىستېمال قىلىشنى بىلگەن. بۇلار ئېھتىمال رىملىقلارنىڭ سوۋغا تەقدىم قىلىشىدىن ياكى ئولپان تاپشۇرۇشىدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يەرلىك قىمىزىدىن سىرت، يەنە باشقا يەرلەرنىڭ ھەر خىل شارابلىرىنىمۇ ئىچەتتى.

ئۇلار مېھمانغا ھۆرمەت بىلدۈرگەندە لىق بىر ئاپقۇر شاراب تۇتاتتى، مېھمان بۇ شارابنى ئىچىپ تۈگەتكەندىن كېيىن ساھىبخانا ئۇنى قوچاقلاپ سۆيۈپ قوياتتى. سۆيۈشۈش يىراق شەرقلىقلەرنىڭ ئادىتىدە كۆرۈلمەيدۇ، شۇڭا مېھمانلارنى قارشى ئېلىشنىڭ بۇ خىل ئۇسۇلىنى ئۇلار ياۋروپاغا كىرگەندىن كېيىن ئۆگەنگەن بولۇشى مۇمكىن.

هۇنلارنىڭ ئىجتىمائىي تەشكىلى توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىمىز بەك ئاز. هۇنلار ئۆزلىرىنىڭ ئاياللىرىنى بەك يوشۇرۇپ كەتمەيتتى، مەسىلەن، ئاتتىلا پايتەختتە يوق چاغلاردا رىم ئەلچىلىرى ئاتتىلانىڭ خانىشى ۋە بىلىدانىڭ تۇل ئايالى بىلەن بىرنەچچە قېتىم تاماقتا بىللە بولغان. هۇنلار موڭغۇلىيەدە تۇرۇۋاتقان چاغدىمۇ ئاياللىرى زور ئەركىنلىككە ئىگە ئىدى، ئۇلار ياۋروپاغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن بۇ خىل ئەهۋالدا ئۆزگىرىش بولغان ـ بولمىغانلىقىغا بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ.

هۇنلار ئوردىدىكى زىياپەتلەردە دائىم قەسىدىلەرنى ئوقۇپ بۇرۇنقى چوڭ جەڭلەرنى مەدھىيەلەيتتى. لېكىن بۇ قەسىدىلەردىن بىرەرسىمۇ هازىرغىچە ساقلانمىغان بولغاچقا، ئۇنىڭدا يېقىنقى مەزگىللەردىكى ئۇرۇش غەلىبىسى ياكى بۇرۇنقى شەرقىي ئاسىيادىكى چاغلاردىكى پارلاق غەلىبىلەر كۈيلىنىدىغانلىقىنى بىلىشكە ئامالىمىز يوق.

هۇنلار يەنە مەركىزىي ئاسىيادىكى كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەرگىلا خاس بولغان بىر خىل ئادەتنى ساقلاپ كەلگەن بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ بىر هۆكۈمران ئۆلگەندە، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈپ، يۈزىنى تىلىپ ماتەم تۇتۇشى ئىدى. هۇنلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى ۋە دىنىي مۇراسىملىرى توغرىسىدا كىلاسسىك ئاپتورلار هېچنېمە يازمىغان بولسىمۇ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئاتتىلا خۇراپاتلىققا ناهايىتى ئىشىنىدىكەن. ئاڭلىشىچە، بىر قېتىم بىر دېهقان تاسادىپىي هالدا «سكىتئانلارنىڭ پادىشاهلىرى مۇقەددەس ماس ئىلاهىنىڭ شەمشىرى دەپ قارايدىغان» بىر شەمشەرنى (ئەمەلىيەتتە بۇ ئىلگىرىكى سكىتئانلار ۋە سارماتئانلارنىڭ دىنىي مۇراسىمىدا ئىشلىتىلىدىغان بىر بۇيۇم) تېپىۋالغان ۋە ئۇنى ئاتتىلاغا تەقدىم قىلغان، ئاتتىلا بۇ سوۋغىدىن قاتتىق خۇش بولۇپ، ئۆزىنى پۈتۈن دۇنيانى بويسۇندۇرغۇچى دەپ قاراپ، «ماس ئىلاهىنىڭ ياردىمى

بولسىلا ھەرقانداق جەڭدە يېڭىلمەيمەن» دېگەن. بىراق، مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى مۇھىم ئادەملىرى خىرىستىيان دىنىنى قوبۇل قىلىشنى ئويلاپ باقمىغان ㉑.

ئاتتىلا دەۋرىدە ھۇنلارنىڭ ماددىي مەدەنىيىتىدە يېرىم ئەسىر بۇرۇنقىغا قارىغاندا زور ئۆزگىرىش يۈز بەردى، بۇ خىل ئۆزگىرىش يۈز بېرىشنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى شۇكى، بىر تەرەپتىن ئۇلار ئۇزۇن مەزگىل رىم ئىمپېرىيەسىگە قوشنا رايوندا ياشىغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئاتتىلا ھۇن بولمىغان كىشىلەرنى يېنىغا تارتىشنى ياخشى كۆرەتتى. بۇ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا بېقىندى گېرمان خەلقلىرىنىڭ ھۆكۈمدارلىرى ۋە يۇناندا ياكى رىمدا تۇغۇلغان ئەربابلار بار ئىدى. ئاتتىلانىڭ خۇسۇسىي كاتىپىنىڭ ئىسمى كونىستانتىئۇس بولۇپ، ئىتالىيەدە تۇغۇلغان كىشى ئىدى، يەنە ئەينى چاغدا ھۇن ئوردىسىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان ئورېستېس ئىسىملىك بىر كىشىمۇ بار بولۇپ، ئۇ دائىم بۇيرۇقنا بىنائەن چەت ئەللەرگە ئەلچىلىككە باراتتى، ئۇ رىم پۇقراسى بولۇپ، رىمدىكى ئابرۇيلۇق جەمەتتىن ئۆيلەنگەنىدى. تېخىمۇ قىزىقارلىقى ۋە مۇھىمى شۇكى، ئۇ رومۇلۇس ئاۋگۇستۇسنىڭ ئاتىسى بولۇپ، رومۇلۇس ئاۋگۇستۇس بولسا غەربىي رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىمپېراتورى ئىدى ㉒.

ھۇن ئوردىسىغا كەلگەن رىملىقلار ۋە يۇنانلىقلار يالغۇز يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغان. رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ نۇرغۇنلىغان پۇقرالىرى ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشكەندىن كېيىن ھۇن پادىشاھلىقىغا ئېلىپ كېلىنىپ ھۈنەرۋەن ۋە ئىشچى تەرىقىسىدە ئىشلىتىلگەن. بىر قېتىم ئەسىرگە چۈشكەن بىر مەرتىۋىلىك يۇنانلىقنى ھۇنلار قولۇقتىن ئازاد قىلىۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا ھۇن ئوردىسىدا تۇرۇپ قالغان. ئاتتىلا نۇرغۇنلىغان يۇنانلىق ۋە رىملىقلارنى

ياقتۇرسىمۇ، ئەمما ئۇ رىم ئىمپېرىيەسىگە نىسبەتەن ئەڭ خەتەرلىك ئادەم ئىدى، ۋاھالەنكى، ھەممىدىن بۇرۇن ئاتتىلانىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغىنى غەربىي رىم ئىمپېرىيەسى بولماستىن، بەلكى شەرقىي رىم ئىمپېرىيەسى بولدى.

مىلادىيە 441 ـ يىلى ھۇنلار ماكېدونىيە ۋە تىراسىيەگە باستۇرۇپ كىرىپ، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ، نۇرغۇنلىغان خەلقنى ئۆلتۈردى. مىلادىيە 447 ـ يىلىغا كەلگەندە، يەنى ئاتتىلا ھۇنلارنىڭ بىردىنبىر ھۆكۈمرانى بولۇپ، ئىككى يىلدىن كېيىن ئۇ شەرقىي رىم ئىمپېرىيەسىگە قارىتا ئەڭ قورقۇنچلۇق ئۇرۇش قوزغىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ ئۇرۇشتا ئاتتىلانىڭ قوشۇنى تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنغان شەھەر ـ قەلئەلەرنىڭ سانى يەتمىشتىن ئېشىپ كەتكەن. بىر تارماق ھۇن قوشۇنى يۇناننىڭ شىمالىدىكى زېرموپىلغا يېتىپ بارغان بولسا، يەنە بىر تارماق ھۇن قوشۇنى داردانىل بوغۇزىدىن ئۆتۈپ گاللىپولىنىڭ ئەتراپىغىچە كەلگەن. گەرچە بۇ ئۇرۇشتا كونىستانتىنوپول كۈچلۈك ھۇجۇمغا ئۇچرىمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئىمپېراتور تىئودوسىئۇس II ھۇنلارنى شەرقىي رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ زېمىنىدىن چېكىندۇرۇش ئۈچۈن بىر ھاقارەتلىك شەرتنامە تۈزۈشكە مەجبۇر بولدى (مىلادىيە 448 ـ يىلى). شەرتنامىگە ئاساسەن، شەرقىي رىملىقلار ھەر يىلى ئاتتىلاغا 2100 قاداق ئالتۇن ئولپان تۆلىگەندىن باشقا، يەنە نېسى قالغان 6000 قاداق ئالتۇننى ئالدىن تۆلەيدىغان بولدى.

بۇ شەرتنامە ئىمزالانغاندىن كېيىنكى بىرنەچچە ئاي ئىچىدە ئاتتىلا كونىستانتىنوپولغا ئارقا ـ ئارقىدىن ئەلچى ئەۋەتىپ، شەرقىي رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ قاچقۇن ھۇنلارنى تولۇق تاپشۇرۇپ بەرمىگەنلىكىگە نارازىلىق بىلدۈردى، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئۆزىنىڭ بىرنەچچە يېقىن ۋەزىرىنى ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ باي بولۇۋېلىشى ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىپ بەردى، چۈنكى ئەينى چاغدا شەرقىي رىم ئوردىسى قايتا ئۇرۇش قوزغىلىپ قېلىشتىن

ساقلىنىش ئۈچۈن ھۇن ئەلچىلىرىگە ئامالسىز زور مىقداردا پارا بېرەتتى.

يۇقىرىقى ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسىدە شەرقىي رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ مالىيە ئەھۋالى خەتەرلىك ھالغا چۈشۈپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن باج كۆپەيتىلىپ، نۇرغۇنلىغان باي جەمەتلەرنىڭ خۇسۇسىي بايلىقى ھۆكۈمەت ئىختىيارىغا ئېلىندى. شۇنداق بولسىمۇ شەرقىي رىم ئىمپېراتورى ھۇنلارغا بولغان مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىشتا ئېغىر قىيىنچىلىق تارتتى. ئۇ ئۇرۇش قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغاچقا، باشقىچە يول ئىزدىدى. ھەتتا قاتىل ئەۋەتىپ ئاتتىلانى ئۆلتۈرۈۋېتىشنىمۇ ئويلىدى، لېكىن بۇ سۇيىقەست سېزىلىپ قالغاچقا، شەرقىي رىم ھۆكۈمىتى ھۇنلارنىڭ غەزىپىنى بېسىش ئۈچۈن بىر تەرەپتىن بۇ ئىشنى ئىنكار قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئاتتىلا ۋە ئۇنىڭ ۋەزىرلىرىگە يېڭى سوۋغىلارنى ئەۋەتتى.

شەرقىي رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ تەقدىرى قىل ئۈستىدە قالغان پەيتتە ئىمپېراتور تېئودوسىئوس II ئۆلۈپ (مىلادىيە 450 ـ يىلى)، ئورنىغا مارسىئان چىقتى. مارسىئاننىڭ ھاياتى ۋە پەزىلىتى توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىمىز ئىنتايىن ئاز بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىنتايىن ئىقتىدارلىق ئادەم بولۇشى مۇمكىن. ئۇ خەزىنىدىكى پۇلنى پارا ئېلىۋېرىپ ئاچ كۆزلىشىپ كەتكەن ھۇن ئەلچىلىرىگە بەرمەستىن، بەلكى ئۆزىنىڭ قوشۇنىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەپ، دۆلەت مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەشكە ئىشلەتتى. مۇداپىئە تەدبىرلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ بولۇنغاندىن كېيىن ئۇ قاتتىق دىپلوماتىيە ۋاستىسى ئارقىلىق ھۇنلارغا تاقابىل تۇردى [23].

ئاتتىلا ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرۈشكە ماھىر بولۇپ، ئۇ ئەمدى يەنە شەرقىي رىم ئىمپېرىيەسىنى قاقتى ـ سوقتى قىلىۋەرسە ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان جاپالىق ئۇرۇش پارتلايدىغانلىقىنى، يەنە كېلىپ شەرقىي رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ يېتەرلىك دەرىجىدە شىلىنىۋېلىنغانلىقىنى، ناۋادا ئۇنى يەڭگەن تەقدىردىمۇ

پايدىسىدىن زىيىنى كۆپ بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ دىققىتىنى رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ شەرقىدىن غەربكە يۆتكىدى.

ئاتتىلا تەختكە چىققاندىن باشلاپ (مىلادىيە 434 ـ يىلى) تاكى مىلادىيە 450 ـ يىلىغىچە ھۇنلار بىلەن غەربىي رىم ئىمپېرىيەسى دوستانە مۇناسىۋەتنى ساقلىغانىدى. ھۇنلار گەرچە شەرقىي رىم ئىمپېرىيەسى بىلەن ئۇرۇش قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ غەربىي رىم ئىمپېرىيەسىدە ئانچە چوڭ تەسىر قوزغىمىغانىدى. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب، شۇ چاغدىكى غەربىي رىم ئىمپېراتورى ۋالېنتىنىئان III نىڭ ئامراق ۋەزىرى ئائىتۇس (ئۇ غەربىي رىم ئىمپېرىيەسىدىكى تەسىر كۈچى ئەڭ زور سىياسىي ۋە ھەربىي رەھبەر ئىدى) ھۇن ئوردىسى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتنى ساقلىغانىدى. ئائىتۇس ياش ۋاقىتلىرىدا ھۇنلارنىڭ قېشىدا تۇرغاقلىقتا تۇرغان بولۇپ، ھۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن دائىم ئالاقە قىلىپ تۇرغانىدى، ئۇ بەلكىم ئاتتىلا بىلەنمۇ بۇرۇنلا تونۇشقان بولۇشى مۇمكىن. ئاتتىلانىڭ ئاتىسى رۇگا تەختتە ئولتۇرۇۋاتقان چاغدىلا ئائىتۇس ئىككى قېتىم (مىلادىيە 425 ـ ۋە 433 ـ يىللىرى) ھۇنلارنىڭ ياردەمچى قوشۇنى ئارقىلىق ئىتالىيەنىڭ ئىچكى قىسمىدا يۈز بەرگەن توپىلاڭلارنى تىنچىتقانىدى.

ئاتتىلا تەختكە چىققان دەسلەپكى مەزگىللەردە، ئائىتۇس بىلەن ھۇن ئوردىسىنىڭ دوستانە مۇناسىۋىتى ئاجىزلىماستىن، بارغانسېرى كۈچەيدى. ئائىتۇس ئۈچ قېتىم (مىلادىيە 436 ــ 439 ـ يىللار) ھۇنلارنىڭ ياللانما قوشۇنىغا تايىنىپ غەربىي گوتلار، بۇرگۇندىلار ۋە گاللىيە تەۋەسىدىكى باشقا بەدەۋى قوۋملارنى جازالىدى. بىز تۇرلۇك پاكىتلارغا ئاساسەن، ئۇنىڭ بۇ ياللانما قوشۇننى توپلاشتا ئاتتىلانىڭ بىۋاسىتە ياردىمىگە ئېرىشكەنلىكىگە ئىشىنىشكە ھەقلىقمىز، چۈنكى ئاتتىلا بىلەن ئائىتۇس دائىم بىر ـ بىرىگە خەت يېزىشىپ ۋە ئۆزئارا سوۋغا تەقدىم قىلىشىپ تۇراتتى. بىزنىڭ دىققەت قىلىشىمىزغا

ئەرزىيدىغان يەنە بىر قىزىقارلىق ئىش شۇكى، نۇرغۇنلىغان ھۇنلار لاتىن تىلىدا سۆزلەشنى بىلىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا گىرېك تىلىدا سۆزلىيەلەيدىغانلاردىن بىرەرسىمۇ يوق ئىدى ㉔.

ۋاھالەنكى، مىلادىيە 448 ـــ 449 ـ يىللىرى ئائېتۇس بىلەن ئاتتىلانىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ پەيدا بولدى، مىلادىيە 450 ـ يىلىغا كەلگەندە ئاتتىلا غەربىي رىم ئىمپېرىيەسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۆزگەنلىكىنى ئوچۇق جاكارلىدى. ئەلۋەتتە، ئۇرۇش قوزغاش ئۈچۈن بىرەر باھانە تېپىش ئاسان ئىدى. ئەسلىدە، نۇرغۇن يىللاردىن بۇيان ھۇنلار بىلەن غەربىي رىملىقلار ئوتتۇرىسىدا سىرمىئۇمغا تەئەللۇق بولغان چېركاۋ ئالتۇن بۇيۇملىرىنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى توغرىسىدا تالاش ـ تارتىش بار ئىدى، بۇ كونا ئىش ئۇرۇش قوزغاشنىڭ پىلتىسى بولۇپ قالدى، بۇنىڭدىن باشقا ئاتتىلا يەنە رىم ئىمپېراتورى ۋالېنتىنئاننىڭ سىڭلىسى ھونورىيا (Honoria) بىلەن بولغان «توي» مەسىلىسىنى كۆتۈرۈپ چىقتى.

ھونورىيا كىچىكىدىنلا شوخ، ھېسسىياتچان قىز بولۇپ، 16 ياش ۋاقتىدا ئوردىدىكى تۆۋەن دەرىجىلىك بىر ئەمەلدار بىلەن قىلغان ناشايان ئىشلىرى سېزىلىپ قالغاچقا، نازارەت ئاستىغا ئېلىنغانىدى. ئۇ ئىنتايىن رومانتىك بولۇپ، ئاتتىلانىڭ شۇنچە كۆپ گۈزەل خوتۇنلىرىنىڭ بارلىقىغا قارىماي، ئامال قىلىپ ئۇنىڭغا خەت يېزىپ ۋە ئۈزۈك ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ مۇھەببىتىنى ئىپادىلىدى، ئاتتىلا دەسلەپتە بۇنىڭغا ئانچە ئېرەنشىمىگەن بولسىمۇ، مىلادىيە 450 ـ يىلىغا كەلگەندە، بۇ ئىشتىن پايدىلىنىپ غەربىي رىم ئوردىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ھونورىيانى ئۆزىگە بېرىشنى ھەم غەربىي رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ يېرىمىنى قىز مېلى سۈپىتىدە سوۋغا قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭ تەلىپى ئەلۋەتتە رەت قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن ھۇنلار ئۇرۇش قوزغاش قارارىغا كەلدى ㉕.

ھۇنلار خېلى ئويلانغاندىن كېيىن ئىتالىيەنى ۋاقتىنچە قويۇپ تۇرۇپ، گاللىيەنى ھۇجۇم نىشانى قىلىپ تاللىۋالدى. بۇ چاغدا گاللىيە بىرقانچە يېرىم مۇستەقىل بەدەۋىلەر پادىشاھلىقىغا بۆلۈنۈپ كەتكەن بولۇپ، يەنە بىرنەچچە ئۆلكە رىم ئىمپېرىيەسىگە بىۋاستە قارايتتى. ئاتتىلا كۆڭلىدە رىملىقلارغا ھۇجۇم قىلغاندا بۇ بەدەۋى قوۋملارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلاتتى.

ئاتتىلا شەخسەن ئۆزى زور قوشۇننى (رىم تارىخى ئەسەرلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئۇلارنىڭ سانى 500 مىڭدىن كۆپ بولۇپ، ھۇنلار ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق ئىدى) باشلاپ رېيىن دەرياسىدىن ئۆتۈپ، گاللىيەگە كىردى. دەسلەپتە ئۇ ئانچە قارشىلىققا ئۇچرىمىدى، نۇرغۇنلىغان شەھەرلەر (مېتىز مۇشۇنىڭ ئىچىدە) ئارقا ـ ئارقىدىن قولدىن كېتىپ بۇلاڭ ـ تالاڭغا ئۇچرىدى. پارىژ بەختكە يارىشا بۇلاڭ ـ تالاڭدىن ئامان قالدى. چۈنكى، ئۇ ئەينى چاغدا ئانچە مۇھىم بولمىغاچقا، ھۇنلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىمىدى. كېيىن گاللىيەدىكى ئەڭ مۇھىم شەھەر ئورلېئان مۇھاسىرىگە ئېلىنىپ، ھەربىي جەھەتتە ئىنتايىن مۇھىم بولغان بۇ شەھەر بىر مەھەل ھۇنلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتەيلا دەپ قالدى.

لېكىن دەل مۇشۇ چاغدا، رىمنىڭ سەركەردىسى ئائىتۇس قوشۇن باشلاپ مۇھاسىرىدە قالغان بۇ شەھەرگە ياردەمگە كەلدى ھەم نۇرغۇنلىغان بەدەۋىلەر پادىشاھلىقلىرىنىڭ، مەسىلەن، غەربىي گوتلار، بۇرگۇندىلار، بىر قىسىم ئالانلار ۋە ئارمورىكا، بىرىتانىيە تەۋەسىدىكى سېرىزلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتى. بىرلەشمە قوشۇن يېتىپ كېلەي دېگەندە ئاتتىلا ئورلېئاننى مۇھاسىرە قىلىشتىن ۋاز كېچىپ، غەربىي شىمال تەرەپكە كەتتى، لېكىن ئائىتۇس قوشۇننى باشلاپ قوغلاپ ماڭدى، ئۇزۇن ئۆتمەي ئىككى تەرەپ تىرويېس ۋە مېتىز ئارىلىقىدىكى كاتالونىيە دالىسىدا قاتتىق ئۇرۇش قىلدى، بۇ ئۇرۇش ئۇزۇنغا

سوزۇلۇپ كەتتى ۋە چىقىم ئىنتايىن ئېغىر بولدى، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بىر كۈن ئىچىدىلا ئۆلگەن ئادەم 150 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن.

بۇ ئۇرۇشتا ئىككىلا تەرەپ ھەل قىلغۇچ نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. بىرلەشمە قوشۇندىكى غەربىي گوتلار ئۆز پادىشاھى تىئودورىك جەڭدە ئۆلگەندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ كونتروللۇقىدىكى رايونغا چېكىنىپ كەتتى، ئاتتىلامۇ ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇشنى خالىماي، ئاساسىي قوشۇنىنى باشلاپ رېيىن دەرياسىدىن ئۆتۈپ ۋېنگىرىيەگە قايتىپ كەتتى ㉖.

ھۇنلارنىڭ گاللىيەدىن چېكىنىپ ۋېنگىرىيەگە قايتىشىنى رىملىقلار ئۇچۇن بىر شانلىق غەلىبە دېيىشكە بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن ھۇنلارنىڭ تەھدىتى تەلتۆكۈس تۈگىمىدى، مىلادىيە 452 ـ يىلىغا كەلگەندە ئاتتىلا يەنە بىر قېتىم ئۇرۇش قوزغىدى. بۇ قېتىم ئۇ گاللىيەنى قويۇپ تۇرۇپ ئىتالىيەنى ئۆزىنىڭ ھۇجۇم نىشانى قىلدى. ئۇ ئالدىنقى قېتىملىق ئۇرۇشتا غەلىبە قازىنالماسلىقىم ئاساسلىقى گاللىيە تەۋەسىدىكى بەدەۋى قوۋملارنىڭ رىملىقلارغا ياردەم بەرگەنلىكىدىن بولدى، گاللىيە ئۇ بەدەۋى قوۋملارنىڭ ماكانى بولغاچقا، ئۇلار مۇقەررەر رىملىقلارغا ياردەم بېرىپ بىزگە قارشى تۇرىدۇ، ئەمدى ئىتالىيەگە ھۇجۇم قىلسام، رىملىقلار ئۇ بەدەۋى قوۋملارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلمەيدۇ، دەپ ھېسابلىدى.

ئاتتىلانىڭ پەرىزى توغرا ئىدى. بۇ قېتىم جەڭگاھ ئالپىس تاغ تىزمىسىنىڭ جەنۇبى بىلەنلا چەكلەنگەچكە، ئائىتۇس پەقەت رىم قوشۇنى بىلەنلا ھۇنلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇر بولدى، بۇ چاغدا رىم قوشۇنى بەك ساپاسىز بولغاچقا، ئۇرۇشنىڭ دەسلىپىدىلا مەغلۇپ بولدى. ھۇنلار ئالپىس تېغىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئالدى بىلەن ئاكۇيلىياغا ھۇجۇم قىلدى، بۇ شەھەر نۇرغۇن ئەسىرلەردىن بېرى ئىتالىيەنىڭ شەرقىي شىمالىي قىسمىنىڭ مەركىزى بولۇپ كېلىۋاتاتتى، شەھەرنىڭ مۇداپىئەسى

كۆچلۈك بولسىمۇ ئاخىر قولدىن كەتتى ۋە مۇھىم ئىمارەتلەرنىڭ ھەممىسى كۆيدۈرۈپ تاشلىنىپ، نۇرغۇنلىغان ئاھالە قىرغىن قىلىندى. ئېيتىلىشىچە، ئەينى چاغدا بىر تۈركۈم كىشىلەر ئادرىئاتىك دېڭىزى بويىغا قېچىپ بېرىپ، ۋېنىتسىيە شەھىرىنى بىنا قىلغانىكەن، كېيىن بۇ شەھەر ئاكۇيلىيانىڭ ئورنىغا مەزكۇر رايوننىڭ مەركىزى بولۇپ قالدى.

ھۇن قوشۇنى ئاكۇيلىيانى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغاندىن كېيىن ئىتالىيەنىڭ شىمالىدىكى ھەممە يەرنى تالان ـ تاراج قىلدى. پادۇيا، ۋېرونا ۋە مىلان قاتارلىق شەھەرلەر ئارقا ـ ئارقىدىن ھۇنلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ بۇلاڭ ـ تالاڭغا ئۇچرىدى. ھۇنلار شۇندىلا نىشانىنى رىمغا قاراتتى، لېكىن دەل مۇشۇ چاغدا ھۇن قوشۇنىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئاچارچىلىق يۈز بېرىپ ۋە كېسەل تارقىلىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىلگىرى ئائىتۇسنىڭ كۈچى ئاجىز بولغان بولسا، ئەمدىلىكتە شەرقىي رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ ياردەمچى قوشۇنى يېتىپ كېلىپ ھۇنلارغا ئارقا ـ ئارقىدىن زەربە بەردى.

بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا ھۇنلار ئەپلىشىش پوزىتسىيەسىنى تۇتۇپ، رىمنىڭ ئەلچىلەر ئۆمىكىنى كۈتۈۋالدى، بۇ ئۆمەكنىڭ باشلىقى پاپا لېئو I ئىدى. بۇ قېتىمقى دىپلوماتىك سۆھبەتنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالىنى بىز بىلمىسەكمۇ، لېكىن ئۇنىڭ نەتىجىسىدە ھۇنلار ۋېنگىرىيەگە قايتىپ كېتىدىغان، رىم قوشۇنى ئۇلارغا ھۇجۇم قىلمايدىغان، ھۇنلار ئېرىشكەن بارلىق ئولجىلارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كېتىدىغان بولدى. چېكىنىدىغان چاغدا ئائىتىلا يەنە ھەيۋە قىلىپ، ئەگەر «بولغۇسى ئايالىم ھونورىيانى ئەۋەتىپ بەرمىسەڭلار، يەنىمۇ قاتتىق ئۆچ ئالىمەن» دەپ تەھدىت سالدى ㉗.

شۇنىڭ بىلەن ئائىتىلا ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى دوناي دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى پايتەختىگە چېكىنىپ كەتتى. كېيىنكى يىلى ئۇ ھونورىيانى ئۇنتۇپ قالغان بولسا كېرەك، يەنە بىر گۈزەل قىزغا ئۆيلەندى. گوت تارىخچىسى جوردانىسنىڭ مەلۇماتىغا

ئاساسلانغاندا: «ئاتتىلا توي كېچىسى ئېغىر كەيپچىلىكتە ئىشقىۋازلىقىدا بىرىلىپ، قان قۇسۇپ ئۆلگەن ... ئەتىسى خىزمەتكارلار ئۆيگە كىرگەندە ئاتتىلانىڭ بەدىنىدە ھېچقانداق يارا ئىزى يوق ھالدا قانغا مىلىنىپ ياتقانلىقىنى، يېڭى كېلىنىنىڭ بولسا بىر بۇلۇڭدا مىشىلداپ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈشكەن».

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئاتتىلانىڭ تاۋۇتى ئۈچ قات بولۇپ، بىر قېتى تۆمۈردىن، يەنە بىر قېتى كۈمۈشتىن، ئۈچىنچى قېتى بولسا ئالتۇندىن ياسالغانىكەن. ئۇنى دەپنە قىلغان يەر ئىنتايىن مەخپىي تۇتۇلغان بولۇپ، مەخپىيەتلىكنىڭ ئاشكارىلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن قەبرە ياساشقا قاتناشقان بارلىق ئادەم ئۆلتۈرۈلگەن ㉘.

ئاتتىلا توغرىسىدىكى ھېكايىلەر كېيىنكى دەۋردىكى ياۋروپالىقلارنى ئالاھىدە جەلپ قىلغان. مۇھىم تارىخچىلار ئۇنىڭغا ئائىت ۋەقەلەرنى خاتىرىلىگەندىن باشقا، ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرى توغرىسىدىكى نۇرغۇنلىغان ھېكايىلەر لاتىن ۋە گېرمان خەلقلىرىنىڭ رىۋايەتلىرىگە كىرگۈزۈلگەن. كېيىنكى مەزگىللەرگە (مىلادىيە 9 ـ ئەسىر) كەلگەندە، يەنى ماجارلار ۋېنگىرىيەنى بويسۇندۇرۇش ھارپىسىدا، ئاتتىلا توغرىسىدا يەنە بىر يۈرۈش رىۋايەتلەر توقۇلغان، بۇ، فولكلورشۇناسلار ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن قەدىمكى زامان تارىخىنى ھەقىقىي تەتقىق قىلىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ئانچە مۇھىم ئەمەس ㉙.

ئاتتىلا ھەقىقەتەنمۇ ئۇلۇغ بىر شەخس، لېكىن ئۇنىڭ مەڭگۈلۈك تۆھپىلىرى ئىنتايىن ئاز. ھۇنلارنىڭ ياۋروپاغا تاجاۋۇز قىلىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان مۇھىم نەتىجە ياكى مەڭگۈلۈك نەتىجە، گوتلار ۋە باشقا گېرمان خەلقلىرىنىڭ ئىلاجىسىزلىقتىن غەربكە يۈرۈش قىلىپ رىم ئىمپېرىيەسىگە تاجاۋۇز قىلىشى بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىش ئاتتىلادىن بۇرۇن ئورۇنلىنىپ بولغانىدى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ چوڭ

كۆچۈشىدىمۇ ئاتتىلانىڭ تۆھپىسى چوڭ ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ تۆھپىسى بىر قۇدرەتلىك ھۇن ئىمپېرىيەسىنى بەرپا قىلغانلىقى ئىدى. لېكىن، بۇ ئىمپېرىيەمۇ ناھايىتى تېزلا يىمىرىلدى، ئاتتىلا ئۆلۈپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ھۇنلار ياۋروپانىڭ غەربىدىن مەڭگۈلۈك قوغلىۋېتىلدى.

ياۋروپا تېررىتورىيەسىدىكى ھۇنلارنىڭ گۇمران بولۇشىنى ئاتتىلا ئۆلۈپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا يۈز بەرگەن ئىچكى توقۇنۇش كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئەسلىدە ئاتتىلانىڭ نۇرغۇن ئوغلى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزى مۇستەقىل پادىشاھلىق قۇرۇشنى ئويلايتتى. بۇ تۇيۇقسىز جېبۇتلار ۋە شەرقىي گوتلار ئالدى بىلەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىسيان كۆتۈرۈپ، ھۇنلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى چىقتى. مىلادىيە 454 - يىلى ئىككى تەرەپ ۋېنگىرىيە تەۋەسىدىكى نېدال دەرياسى ساھىلىدا كەسكىن ئۇرۇش قىلدى، نەتىجىدە ھۇنلاردىن نەچچە مىڭ ئادەم، ھەتتا ئاتتىلانىڭ چوڭ ئوغلى ئىلەكمۇ ئۆلتۈرۈلدى.

بۇ ئۇرۇش نەتىجىسىدە ھۇنلارنىڭ ھەيۋىسى يەرگە ئۇرۇلدى. ئاز ھەم تارقاق ھۇنلارغا يەنىلا ئۇلارنىڭ باشلىقلىرى رەھبەرلىك قىلدى ۋە ۋېنگىرىيەدە داۋاملىق تۇرۇپ قالدى، لېكىن ھۇنلارنىڭ ئاساسلىق قىسمى كارپات تاغلىرىنىڭ شەرقىگە چېكىنىپ، يەتمىش نەچچە يىلدىن بۇيان جەنۇبىي روسىيە يايلاقلىرىدا ئولتۇراقلىشىپ كېلىۋاتقان قېرىنداشلىرىنىڭ يېنىغا بېرىپ پاناھلاندى.

ئاتتىلا پادىشاھلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزى بولغان ۋېنگىرىيە بولسا، ھۇنلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى چىققان ۋە غەلىبە قىلغان گېرمان خەلقلىرىنىڭ قولىغا ئۆتتى. جېبۇتلار دوناي دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى كەڭ زېمىنلارنى ئىگىلىدى، شەرقىي گوتلار ۋاقتىنچە دەريانىڭ غەربىدىكى پاننونىيەنى ئىگىلىدى. بىرنەچچە يىللاردىن كېيىن ئاتتىلانىڭ ئەۋلادلىرى يەنە غەربكە يۈرۈش قىلىپ بىر قىسىم زېمىنلىرىنى قايتۇرۇۋېلىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن جېبۇتلارنىڭ قاتتىق

قارشىلىقىغا دۇچ كەلگەچكە، پەقەت جىبۇتلار زېمىنىنىڭ جەنۇبى، يەنى دوناي دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى بىر قىسىم يەرلەرنىلا ئىگىلىيەلىدى.

ئاتتىلانىڭ ئامراق ئوغلى ئەرنەك بۇ چاغدا ئاز بىرقىسىم هۇنلارغا باشچىلىق قىلىپ، دوناي دەرياسى ئېغىزىنىڭ جەنۇبىدىكى يەرلەرنى، يەنى هازىرقى دوبرۇگانى ئىگىلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىككى شاهزادە ئېمىندۇر بىلەن ئۇلزىندۇر شەرقىي رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ سەل غەربىدىكى داكىيە رىپېنسىس ئۆلكىسىنى ئىگىلىدى. باشقا بىرقانچە تارماق هۇنلارمۇ شەرقىي رىم ئىمپېرىيەسى تەۋەسىدىكى هەرقايسى جايلاردا تۇرىۋەردى. لېكىن ئۇلار شەرقىي رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ئانچە چوڭ تەهدىت پەيدا قىلالمايتتى. كونىستانتىنوپول ئوردىسىمۇ بۇ هۇنلارنى قوغلاپ چىقارمىدى، بەلكىم بۇ هۇنلار رىملىقلار بىلەن ئۆزلىرىنىڭ «ئىتتىپاقداش» ياكى «ئاپتونومىيەلىك ئىتتىپاقداش» سۈپىتىدە ئىلگىرىكى نەچچە ئون يىل جەريانىدا ئۇرۇش ئاپتى تۈپەيلىدىن ئاهالىسى ئازلاپ كەتكەن رايونلارغا ئورۇنلىشىشى توغرىسىدا چۈشىنىش هاسىل قىلغان بولسا كېرەك ⑳.

مىلادىيە 461 ـ يىلى ئاتتىلانىڭ يەنە بىر ئوغلى دېڭگىزىك غەربكە تېخىمۇ يىرەكلىك هالدا يۈرۈش قىلىپ، هۇنلارنىڭ زومىگەرلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇندى. ئۇ دوناي دەرياسىنى بويلاپ يۈرۈپ، جىبۇتلاردىن چەتلەپ ئۆتۈپ، بىۋاسىتە هالدا پاننونىيەدىكى شەرقىي گوتلارغا هۇجۇم قىلدى. گوتلار بۇ هۇجۇمغا تاقابىل تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن هۇنلار ئۇلارنىڭ يېقىن ئەتراپىدا خېلى ئۇزاق يىللارغىچە تۇرۇپ قالدى. مىلادىيە 468 ـ يىلىغا كەلگەندە ئۇلار دوناي دەرياسىدىن ئۆتۈپ شەرقىي رىم ئىمپېرىيەسىگە تاجاۋۇز قىلدى. ۋاهالەنكى، ئۇرۇشتا شەرقىي رىم ئىمپېرىيەسى غەلىبە قىلدى. هۇنلار چېكىنىپلا قالماي، يەنە دېڭگىزىك ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى نۇرغۇنلىغان كىشى

جىنىدىن ئايرىلدى، يەنە كېلىپ بۇ ئاتتىلا ھۇنلىرى ھەققىدىكى ئەڭ ئاخىرقى خاتىرە بولۇپ قالدى [31].

بىز تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسەن يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بىرنەچچە قېتىملىق يۈرۈشنىڭ، يەنى ئاتتىلانىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ قايتا غەربكە يۈرۈش قىلىپ ۋېنگرىيە ۋە بالقاندا پۇت تىرەپ تۇرۇشقا ئۇرۇنۇشتەك تىرىشچانلىقىنىڭ پۈتۈنلەيلا ئىستىخىيەلىك بولمىغانلىقىغا، شۇنداقلا ئاتتىلا دەۋرىدىكى شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈنلا بولمىغانلىقىغا ئىشىنىشكە ھەقلىقمىز. ئۇلارنىڭ قايتىمۋاشتىن غەربكە يۈرۈش قىلىشىغا تۈرتكە بولغان ھەقىقىي سەۋەب بولسا، شەرقتىن كەلگەن يېڭى بىر بېسىم بولۇپ، بۇ بېسىمنى ئەينى چاغدىكى مەركىزىي ئاسىيادا يۈز بەرگەن يېڭى قالايمىقانچىلىق كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى.

ئەسلىدە مۇشۇ ۋاقىتتىن سەل بۇرۇن يەنە بىر تۇرانىئان خەلقى موڭغۇلىيەدە باش كۆتۈرگەن بولۇپ، بۇ خەلقنى ياۋروپالىقلار ئاۋار دەپ ئاتىغان بولسا، جۇڭگولۇقلار جۇرجان دەپ ئاتىغان. ئۇلار بىر خىل موڭغۇل تىلىدا سۆزلىشىدىغان بولۇپ، تارىخىي خاتىرىلەردە ئورۇنغا ئېرىشكەن تۇنجى موڭغۇل قوۋمى ئىدى. ئۇلار ئىنتايىن تېز قۇدرەت تاپقاندىن كېيىن، پۈتكۈل موڭغۇلىيەنى كونترول قىلىپلا قالماستىن، يەنە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىي شىمالىدىكى كەڭ رايوننىمۇ ئىگىلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئەسلىدىن مەركىزىي ئاسىيادا ياشايدىغان خەلقلەر ئىچىدە زور بىر تەۋرىنىش بولدى. بىرقانچىلىغان قوۋملار جۇرجانلارنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن غەربكە كۆچۈشنى قارار قىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم بىر تارماق سابىرلار (Sabirs) بولۇپ، كېيىن سىبىرىيە دېگەن ناممۇ ئۇلارنىڭ نامىدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

ئەينى چاغدا نۇرغۇنلىغان سابىرلار ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالى ۋە سىبىرىيەنىڭ جەنۇبىدا قېلىپ قالغان بولسىمۇ،

لېكىن كۆپ ساندىكى سابىرىلار غەربكە يۈرۈش قىلىپ، ۋولگا دەرياسىدىن ئۆتۈپ، كاۋكاز تاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى كۇبان رايونىدا ئولتۇراقلاشقان ھەم بۇ رايوندا كۆپ ئەسىرلەر تۇرۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. سابىرىلارنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالى توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىمىز ئىنتايىن ئاز بولسىمۇ، لېكىن كىلاسسىك ئاپتورلارنىڭ ئۇلارنى «ھۇن» خەلقلىرى دەپ ئاتىغانلىقىدىن، سابىرىلارنىڭ ئاساسەن تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغانلىقى، ئەمما فىن ـ ئۇگۇرلار بىلەن خېلىلا شالغۇتلاشقانلىقىنى پەرەز قىلالايمىز ㉜.

سابىرىلارنىڭ بېسىمى تۈپەيلىدىن باشقا خەلقلەرمۇ كۆچۈشكە مەجبۇر بولدى. بۇرۇندىن دون دەرياسى ۋە ۋولگا دەرياسىنىڭ شەرقىدە (ئالانلارنىڭ كونا زېمىنى) تۇرۇۋاتقان ھۇن خەلقى تەدرىجىي ھالدا غەربكە كۆچتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي شىمالىدىن كەلگەن بىر تۈپى دون دەرياسى ۋە ۋولگا دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدا تۇرۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن يەنە بىر تۈپى تېخىمۇ غەربكە ئىلگىرىلەپ، دون دەرياسىدىن ئۆتۈپ جەنۇبىي رۇسىيە يايلاقلىرىغا كىرىپ، بۇ يەردە ئۇزۇندىن بۇيان ئولتۇراقلىشىپ كېلىۋاتقان ھۇن قەبىلىلىرىنى قوغلاپ چىقاردى ياكى ئۆزىگە قوشۇۋالدى ㉝.

بۇ يېڭى كۆچمەنلەر ئىرق ياكى تىل جەھەتتىن بولسۇن، تەخمىنەن بىر ئەسىر بۇرۇن ياۋروپاغا بېسىپ كىرگەن ھۇنلار بىلەن يېقىن ئىدى. شۇڭا بەزى كىلاسسىك ئاپتورلار بۇلارنىمۇ ھۇن دېگەن نام بىلەن ئاتاشقان. لېكىن ئېنىقراق ئېيتقاندا، ئۇلار ھۇنلارنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئايرىم نامى بار ئىدى، بۇلارنى بۇلغار ھۇنلىرى ياكى بۇلغارلار دەپ ئاتاش كېرەك. بۇلغارىيە دېگەن نام ۋولگارىيە دېگەن نامدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن بولۇپ، بۇنىڭغا ئۇلارنىڭ ئۇزۇن ۋاقىت ۋولگا دەرياسىنى مەركەز قىلىپ ئولتۇراقلاشقانلىقى سەۋەب بولغان. سەل كېيىنكى دەۋرلەردە بۇ بۇلغارلار مۇھىم دۆلەتتىن ئىككىنى

قۇردى، ئۇنىڭ بىرسى ۋولگا دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى بۈيۈك بۇلغارىيە، يەنە بىرسى بالقاندىكى قارا بۇلغارىيە بولۇپ، ئومۇمىي جەھەتتىن ھازىرقى بۇلغارىيە شۇ دېيىشكە بولىدۇ.

ئۇلار ياۋروپاغا كىرگەن دەسلەپكى بىر ئەسىردە (ئۇلارنىڭ ياۋروپاغا كىرگەن ۋاقتى مىلادىيە 461 — 465 ـ يىللار) رۇسىيەنىڭ جەنۇبىدىكى تۈزلەڭلىكتە سەرگەردان بولۇپ يۈردى. بۇ چاغدا دون دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى بۇلغارلار بىلەن غەربىدىكى بۇلغارلار ئوتتۇرىسىدا زور پەرق بار ئىدى، ئالدىنقىسى ئۇتىغۇرلار (Utrigurs) بولۇپ، كېيىن ۋولگا دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا بۈيۈك بۇلغارىيەنى قۇرغان خەلقلەر؛ كېيىنكىسى بولسا قۇتىغۇرلار (Kutrigurs) بولۇپ، كېيىن بالقاندا قارا بۇلغارىيەنى قۇرغان خەلقلەر ئىدى. ئۇلار ياۋروپاغا ماكانلاشقاندىن كېيىنكى دەسلەپكى نەچچە ئون يىلدا، قۇتىغۇرلار ھەققىدە كۆپرەك مەلۇمات ئالغان. بۇ بەلكىم قۇتىغۇرلارنىڭ ۋېنگرىيە تەۋەسىدىكى گېرمان خەلقلىرى ۋە شەرقىي رىم ئىمپېرىيەسى تەۋەسىدىكى يۇنان ـ رىملىقلار بىلەن قىلغان بىۋاسىتە ئالاقىسىنىڭ كۆپلۈكىدىن بولغان بولسا كېرەك.

بۇ قۇتىغۇرلارمۇ سەل بۇرۇنقى ھۇنلاردەك (يىلدىز ۋە ئاتتىلا دەۋرىدىكى ھۇنلار) ۋېنگرىيەگە كىرىشكە ئۇرۇندى، لېكىن بۇ رايوندىكى گوتلار ۋە باشقا گېرمان خەلقلىرى بۇ ئاسىيا خەلقىنىڭ تاجاۋۇزىنى توسۇپ قالدى. شەرقىي گوتلارنىڭ ئۇلۇغ پادىشاھى تېئودورىك تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن بۇلغارلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ رەھبىرىنى ئۆلتۈردى. مىلادىيە 6 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، تېئودورىكنىڭ نەۋرىسى ئاتخالارىك رىم سېنات كېڭىشىگە خەت يېزىپ، قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ھۇن بۇلغارلىرى ئۈستىدىن يەنە غەلىبە قىلغانلىقىنى مەلۇم قىلدى ㉞.

لېكىن بۇ چاغدىكى شەرقىي رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ بۇلغار ھۇنلىرىنىڭ تاجاۋۇزىنى توسۇش يولىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى

ئازراق بولدى. بۇلغارلار دوناي دەرياسىدىن بىرقانچە قېتىم ئۆتۈپ تىراسىيە ۋە ماكېدونىيەنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قېتىملىقى مىلادىيە 493 ـ يىلى، يەنە بىر قېتىملىقى 499 ـ يىلى، يەنە بىر قېتىملىقى بولسا 535 ـ يىلى يۈز بەردى. ئەڭ ئېغىر بولغان بىر قېتىملىقى 558 ـــ 559 ـ يىللىرى يۈز بەردى. بۇ قېتىم بۇلغار قوشۇنى ياكى قۇتىغۇر قوشۇنىغا باشچىلىق قىلغۇچىنىڭ ئىسمى زابىرگان بولۇپ، ئۇلار بالقاننىڭ نۇرغۇنلىغان يەرلىرىنى خانىۋەيران قىلىۋېتىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە كونىستانتىنوپولغا كىرىشكە ئۇرۇنۇپ، شەھەردىكى ئاھالىنى ساراسىمىگە سېلىۋەتتى. گەرچە بۇ چاغدىكى ئىمپېراتور جۇستىنىئان ئىقتىدارلىق بولسىمۇ، لېكىن بۇلغارلارنى چېكىندۈرۈشكە كۈچى يەتمەي، ئامالسىز ئاللىقاچان ئىشتىن بوشانغان پېشقەدەم سەركەردە بېلىسارۇسنى تەكلىپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

بېلىسارۇس داڭلىق ئىستراتېگىيەچى بولۇپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا پەنت ئىشلىتىپ بۇلغارلارنى يەڭدى ۋە ئۇلارنى دوناي دەرياسىنىڭ شىمالىغا چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى. لېكىن، بۇلغارلارنىڭ كۈچى تولۇق تارمار قىلىنمىغان بولغاچقا، ئۇلار ھەر ۋاقىت شەرقىي رىم ئىمپېرىيەسىگە باستۇرۇپ كىرىشى مۇمكىن ئىدى. جۇستىنىئان خەۋپنى يوقىتالمىغاچقا، بۇ چاغدا دون دەرياسىنىڭ شەرقىدە تۇرۇۋاتقان بۇلغارلار، يەنى ئۇتىغۇرلارنىڭ قېشىغا سۆھبەتلىشىشكە ئەلچى ئەۋەتتى.

شەرقىي رىملىقلار ئەپچىل دىپلوماتىك ئۇسۇل ۋە زور مىقداردىكى پارا ئارقىلىق ئۇتىغۇرلارنى ئۆز قېرىنداشلىرى بولغان قۇتىغۇرلارغا ئۇرۇش ئېلان قىلدۇردى. بۇ ئۇرۇش ئىنتايىن كەسكىن بولدى، نەتىجىدە ھەر ئىككى تەرەپ ھەل قىلغۇچ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرەلمىدى، چىقىم بەك ئېغىر بولغاچقا، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ جەڭگىۋارلىقى زور دەرىجىدە ئاجىزلىشىپ كەتتى[35].

بۇ چاغدا (مىلادىيە 559 ـ يىلى) يەنە يېڭى بىر تاجاۋۇزچىلىق دولقۇنى شەرقتىن، يەنى ئوتتۇرا ئاسىيادىن يېتىپ كەلدى. ئەسلىدە بۇ ۋاقىتتا موڭغۇلىيە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردا يەنە يېڭى بىر تۇرانىئان ئىمپېرىيەسى باش كۆتۈرگەن بولۇپ، ئۇ دەل تۈرك ئىمپېرىيەسى ئىدى. بۇ تۈركلەر بىرىنچى قەدەمدە ئۆزىدىن بۇرۇنقى جۇرجان ئىمپېرىيەسىنى تولۇق يوقىتىپ، ئارقىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جۇرجانلارغا قارام بولغان نۇرغۇنلىغان قەبىلىلەرنى بويسۇندۇردى.

بۇ چاغدا يەنىلا نۇرغۇنلىغان خەلقلەر تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلىشقا قارشى چىقتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر توپ خەلق، يەنى ۋارھۇنلار (ۋارھۇنلار ئېھتىمال ۋارلار ۋە ھۇنلار بولۇشى مۇمكىن) تۈركلەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن غەربكە كۆچۈشنى قارار قىلدى ۋە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ۋولگا دەرياسىدىن ئۆتۈپ جەنۇبىي روسىيە يايلىقىغا بېسىپ كىردى. بۇ ۋارھۇنلار ئىلگىرى جۇرجان ئىمپېرىيەسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغاچقا، جۇرجانلار، يەنى ئاۋارلار دەپ ئاتالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئاۋارلار ياكى «ساختا ئاۋارلار» دېگەن نام بىلەن ياۋروپا تارىخىي ئەسەرلىرىدە تىلغا ئېلىندى.

ئاۋارلار ۋولگا دەرياسىدىن ئۆتتى ۋە ئۇزىدىن بۇرۇن كەلگەنلەر قۇرغان ھەر قايسى پادىشاھلىقلارنى يوقاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ بۇرۇن يوقىتىلغىنى كاۋكاز تېغىنىڭ شىمالىدىكى كۇبان رايونىدىكى سابىرلار بولۇپ، ئۇزۇن ئۆتمەي بۇلغارلاردىن بولغان ئۇتىغۇرلار ۋە قۇتىغۇرلارمۇ يوقىتىلدى. قەدىمكى كىلاسسىك ئاپتورلارنىڭ بايانلىرىغا ئاساسلانغاندا، بۇ ئىككى بۇلغار ئېلى پۈتۈنلەي يوقىتىلغان. بۇنىڭدا مۇبالىغە قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى ئۇتىغۇرلار ۋە قۇتىغۇرلار بۇ چاغدا مۇستەقىللىقىدىن مەھرۇم قالغان بولسىمۇ، لېكىن كۆپ ساندىكى بۇلغار خەلقى يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ، ئۇلار بىرقانچە ئۇششاق توپقا بۆلۈنۈپ كەتكەن ھەم ئۆز ھۆكۈمدارلىرى

بار ئىدى، بىراق بۇ ھۆكۈمدارلار ئاۋارلارنىڭ ھامىيلىق ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولغانىدى[36].

سەل كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە، يەنى ئاۋارلارنىڭ زومىگەرلىكى يىمىرىلىشكە باشلىغاندا، بىرقانچە توپ بۇلغار خەلقى قايتىدىن مۇستەقىللىققا ئېرىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى ھوقۇقلىرىنى قولغا كەلتۈرۈۋالدى. لېكىن، بۇ بۇلغارلارنىڭ تارىخى بۇ كىتابىمىزدا بايان قىلىنىدىغان دەۋردىن ھالقىپ كېتىدۇ. بىز بۇ يەردە ئاۋارلارنىڭ كەلگەن ۋاقتىنى ھۇنلارنىڭ ياۋروپا تەۋەسىدىكى پائالىيىتىنىڭ ئاخىرلاشقان ۋاقتى قىلدۇق.

## ئىزاھات:

بۇ ھەقتىكى مۇھىم تارىخىي ماتېرىياللارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Jordanis "Getica(De Actibus Getarum)" , Monumenta Germaniae Historica , ser . A . A ., Vol . Va; Priscus, «Fragmenta», Fragmenta Historicorum Graecorum 4,69 ff .; Sindonius Appoliaris, «Epistulae et Carmina», Monumenta Germaniae Historica,ser . A . A ., vol VIII .

بۇنىڭدىن باشقا يەنە «ياۋايىلار» ھەققىدىكى مۇھىم مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Zosimus, Historiae;Orosius,Historiae adversum Paganos; Socrates Scholasticus, Historia Ecclesiastica; Soz omen,Historia Ecclesiastica; Theodoret, Historia Ecclesiastica; Gregorius Turonensis, "Historia Francorum" ,Monumenta Geamaniae Historica,ser,S . E . M . vol . I; Isidorus Hispalensis, "Historia Gothorum, Vandalorum, Sueborum" , Chronica Minora,2,241 f .; Prosoper tiro, "Epitoma Chronicon" , Chronica Minora,1,340 ff .; Isidorus Hispalensis, "Chronica" , Chronica Minora,2,391 ff .; Marcellinus Comes, "Chronicon" , Chronica Minora,2,37ff; Hydatius, "Chronica" , Chronica Minora,2,1ff .; "Chronica Gallica" , Chronica Minora,1 . 615ff ., Chronicon paschale;Eunapius, "Fragmenta" , Fragmenta Historicorum Graecorum, IV,7 ff .

ئاتىلانىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنكى ھۇنلار ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Cassiodorus, "Variae", Monumenta Germaniae Historica, ser. A. A., vol. XII; Ennodius, "Opera", Monumenta Germaniae Historica, ser. A. A., vol. VII; Agathias, Historiae; Theophylactus Simocatta, Historiae; Procopius. De Bello Gotthico; Joannes Antiochenus, "Fragmenta", Fragmenta Historicorum Graecorum, 4, 535ff.; Menander Protector, "Fragmenta", Fragmenta Historicorum Graecorum,4,200ff.

① ھۇنلارنىڭ مىلادىيە 400 - يىلىدىن ئىلگىرى پاننونىيەنى بويسۇندۇرمىغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Marquart, Osteuropaische und Ostasiatischa Streifzuge, pp. 369 ff.

② ھۇنلارنىڭ يېقىن شەرققە ھۇجۇم قىلىپ كىرگەنلىكى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

E. Druin, «Huns», in Grande Encyclopedie.

③ ئاساناريكنىڭ روم ئىمپېرىيەسىگە ھۇجۇم قىلىپ كىرگەنلىكى ھەققىدىكى مەلۇماتنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Ammianus Marcellinus, Rerum Gestarum,27,5,10; Jordanis, "Getica (De Origine Actibus Getarum)", Monumenta Germaniae Historica ,ser. A. A., vol. Va., secs. 142–145.

④ مىلادىيە 386 - يىلىدىكى شەرقىي گوتلارنىڭ بېسىپ كىرىشى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Zosimus, Historiae,4,35; Claudian, Carmian, sp. "In Rufinum I"; Zeuss,Die Deutschen und die Nachbarstamme, p. 421.

⑤ كېيىنكى مەزگىللەردىكى شەرقىي گوتلارنىڭ ئاساسىي قىسمىنىڭ تەقدىرى ۋە ئۇلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Jordanis,op. cit., chap. 48; Marquart,op. cit., pp. 368 ff.

⑥ ئالانلارنىڭ ئىپستىپر دەرياسى ۋە دوناي دەرياسى ۋادىسىدا ئولتۇراقلاشقانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Claudian, "Rufinum I", 310 ff. in Carmina.

⑦ يىلدىز ۋە ئۇنىڭ گانىيەنى تىرىك تۇتۇشى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Zosimus, Historiae, 5,22; Orosius. op. cit.,7,37,12.

راداگائىس ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Zeuss,op. cit.,p. 417; Marquart,op. cit.,p. 372.

⑧ ۋانداللار، سۇئىۋلار ۋە ئالانلارنىڭ گاللىيەگە بېسىپ كىرىشى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Zosimus, Historiae,6,3; Orosius,op. cit.,7,38.

ئۇلارنىڭ كېيىنكى تارىخى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Isodorus Hispalensis, "Historia Gothorum, Vandalorum, Sueborum", Chronica Minora; T. Hodgkin, The Visgothe Invasion,pt. 2.

⑨ ئالارىك ۋە غەربىي گوتلارنىڭ ئىتالىيەگە باستۇرۇپ كىرىشى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Jordanis,op. cit.,chaps. 29–31; Zosimus, op. cit.,bks. 5 and 6; Orosius,op. cit.,bk. 7; E. Gibbon, Decline and Fall of the Roman Empire, chap. 21; Hodgkin,The Visigothic Invasion,chaps. XV–XVII.

⑩ بۇ ۋاقىتتىكى فىرانكلار ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Zeuss,op. cit.,p. 332.

بۇرگۇندلار ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

ibid., p. 468; Ihm، "Burgondiones", Pauly Wissowa Realencyclopae die des Classischen Altertums.

⑪ ھۇنلارنىڭ پاننونىيەنى ئىگىلىۋېلىشى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Marquart,op. cit., p. 372.

⑫ مىلادىيە 408 - يىلى يىلدىزنىڭ شەرقىي رىم ئىمپېرىيەسىگە هۇجۇم قىلىشى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:
Sozomen, Historia Ecclesiastica,9,5.

⑬ بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى مەنبەگە قاراڭ:

Drouin, «Huns», Grande Encyclopedie.

⑭ مىلادىيە 422 - يىلىدىكى هۇنلارنىڭ بېسىپ كىرىشى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:
Marcellinus Comes, "Chronicon", Chronica Minora,2, 75.

ئۇلارنىڭ مىلادىيە 426 - يىلىدىكى بېسىپ كىرىشى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:
Socrates Scholarticus, Historia Ecclesiastica,7,43; Theodort,Historia Ecclesiastica,5,36.

⑮ مىلادىيە 433 — 434 - يىللاردىكى هۇنلار بىلەن شەرقىي رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ سۆھبىتى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:
Priscus, "Fragmenta", Fragmenta Historicorum Graecorum,4,71–72.

⑯ هۇنلار بىلەن شەرقىي گوتلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Jordanis,op. cit., secs. 252–253.

هۇنلار بىلەن جەبۇتلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

ibid.,secs. 199–200.

هۇنلارنىڭ تۇرىنگىنلار، بۇرگۇندىلار ۋە ساھىل فىرانكلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:
Sidonius Appolinaris, "Carmina" Ⅶ, lines 320 ff.; in "Epistulate et Carmina", Monumenta Germaniac Historia, ser. A. A., vol. VIII.

هۇنلارنىڭ كۆچىنىڭ شىمالىي دېڭىزغا قەدەر يېتىپ بارغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:
Paiscus, "Fragmenta", Fragmenta Historicorum Graecorum, 4,90.

هۇنلارنىڭ بېسىپ كىرىشىنىڭ ئانگىلو ـ ساكسونلارنىڭ كۆچۈشى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Hodgkin, The Hunnish and Vandal Invasions,pp. 42 ff.

هۇنلارنىڭ گېرمانىيەنى كونترول قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدىكى قاراشلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

H. Seeck, "Attila", Pauly Wissowa Realencyclopaediedes Classischen Atlertums,col. 2242.

⑰ ئاتتىلانىڭ سوراسگىلارنى بويسۇندۇرغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Priscus, "Fragmenta", Fragmenta Historicorum Graecorum, 4,72.

ئاكاتسىرلار ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

ibid., p. 82

ئاتتىلانىڭ پېرسىيەگە ھۇجۇم قىلماقچى بولغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

ibid., p. 90

سوغدىلار بىلەن ئاتتىلا ئوردىسىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Kiessling, "Hunni", Pauly Wissowa Realencyclopaedie des Classischen Altertums,col. 2602.

⑱ بىلدانىڭ ئۆلۈمى ۋە ئۆلگەن ۋاقتى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Jordanis,op. cit.,ses. 181; Marcellinus Comes, "Chronicon",Chronica Minora,2,81;Prosper Tiro, "Epitoma Chronicon", Chronica Minora,1,480.

⑲ پىرىسكۇسنىڭ دوكلاتى ھازىرغىچە ساقلىنىۋاتىدۇ.

⑳ ئاتتىلانىڭ قىياپىتى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Jordanis,op. cit.,ses. 182; C. C. Mierow, The Gothic History of Jordanes,p. 102.

㉑ ئاتتىلانىڭ ئوردىسى ۋە ئەينى ۋاقىتتىكى هۇنلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى

ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Priscus, "Fragmenta", Fragmenta. Historicorum Graecorum,4,79–85.

دەپنە ئادىتى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

jordanis, op. cit., sec. 255.

ماس ئىلاھىنىڭ شەمشىرى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

ibid., sec. 183.

㉒ كونستانتىنتۇس ۋە ئاۋگۇستۇس ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Priscus, "Fragmenta", Fragmenta Historicorum Graecorum,4,76; Hodgkin, The Hunnish and Vandal Invasions, p. 495.

㉓ مىلادىيە 441 — 442 - يىللاردا ھۇنلارنىڭ شەرقىي رىم ئىمپېرىيەسىگە بېسىپ كىرىشى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Priscus, "Fragmenta", Fragmenta Historicorum Graecorum,4,72; Prosper Tiro, "Epitoma Chronicon", Chronica Minora,1,479.

مىلادىيە 447 - يىلىدىكى ئۇرۇش ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Marcellinus Comes, "Chronicon", Chronica Minora,2, 80; Chronocon Paschale, p. 583; "Chronica Gallia", Chronica Minora ,1,662.

ھاقارەتلىك شەرتنامە ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Priscus, "Fragmenta", Fragmenta Historicorum Graecorum,4,74.

ھۇنلارنىڭ خادىملىرى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

ibid., p.75.

ئاتتىلانى قەستلەش ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن

كۆرۈڭ:

ibid.,p.78, p.14.

مارسىئانىنىڭ قاتتىق قول سىياسىتى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

ibid., p.98.

㉔ ئائىتوسنىڭ ھۇنلاردا تۇرغاقلىقتا تۇرۇشى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Gregorius Turonensis, "Historica Francorum" ,2,8 in Monumanta Germaniae Historia,ser,S.E.M., voli.

مىلادىيە 425 — 433 - يىللاردا ھۇنلارنىڭ ئائىتوسقا ياردەم بەرگەنلىكى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Socrates Scholasticus , Historia Eccelesastica,7,23; Prosper Tiro, "Epitoma Chronocon" , Chronica Minora , 1,470; "Chronica Gallia" , Chronica Minora, 1,660.

مىلادىيە 436 - يىلى ھۇنلارنىڭ بورگوندلارنى جازالاشقا ياردەم بەرگەنلىكى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

ibid.,p.660; Prosper Tiro, "Epitoma Chronica" , Chronica Minora,1,475.

مىلادىيە 437 — 439 - يىللىرى ھۇنلارنىڭ غەربىي گوتلارنى جازالاشقا ياردەم بەرگەنلىكى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Sidonius Applinaris ,op.cit., "Carmina" , VII,345 ff.

ئاتتىلا بىلەن ئائىتوسنىڭ خەت ئالاقىسىنى، ھۇنلارنىڭ گىرېك تىلىنى بىلمەي لاتىن تىلىنى بىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Priscus, "Fragmenta" , Fragmenta Historicorum Graecorum,p.86.

㉕ سىرمىئۇمنىڭ قىممەتلىك بۇيۇملىرىنى تالىشىش ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

ibid.,p.84.

مەلىكە ھونورىيانىڭ ئىشى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

ibid.,p.98; Jordanis,op.cit,sec.223.

㉖ ئاتتىلانىڭ رىملىقلار بىلەن غەربىي گوتلارنىڭ ئۆزئارا ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرۇشىدىن پايدىلانماقچى بولغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

ibid.,p.84.

ھۇنلارنىڭ قوشۇنى ۋە تەشكىلى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

ibid.,sec.182;Sidonius Appolinaris,op.cit., «Carmina»,7, 319ff.

ئاتتىلانىڭ ھەرقايسى شەھەرلەرنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئالغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Prosper Tiro, "Epitoma Chronicon", Chronica Minora, 1,481.

مېتىز، ئورلېئان ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Gregorius Turonensis, op.cit., 2,6; Jordanis, op.cit., sec.194; Gregorius Turonensis, op.cit., 2,7.

كاتالونىيە دالىسىدىكى ئۇرۇش ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Jordanis,op.cit., Chaps.39–41; Gregorius Turonesis, op.cit.,2,7.

㉗ مىلادىيە 452 ـ يىلى ئاتتىلانىڭ ئىتالىيەدە جەڭ قىلغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Jordanis,op.,chap.42; Hydatius, "Chronica", Chronica Minora, 2,26; Prosper Tiro, "Epitoma Chronicon", Chronica Minora,1,482.

ئاتتىلانىڭ ھونورىيانى يەنە تەلەپ قىلغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Jordanis.op.cit., sec.223

㉘ ئاتتىلانىڭ توي كېچىسى ئۆلگەنلىكى ۋە ئۆلگەن ۋاقتى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

ibid.,sec. 254; Mierow. The Gothic History of Jordanis, p. 123; Prosper Tiro, "Epitorma Chronocon", Chronica Minora,1,482.

㉙ كېيىنكى مەزگىللەردىكى ئاتتىلا ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

A. Thierry,Histoire d' Attria et ses Suscessecus.

㉚ ئاتتىلانىڭ ئوغۇللىرى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش ۋە ھۇن ئىمپېرىيەسىنىڭ يىمىرىلىشى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Jordanis, op. cit., secs. 259–263; ibid., sec. 266.

㉛ دېڭگىزىكنىڭ شەرقىي گوتلارنى يەنە بويسۇندۇرماقچى بولغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

ibid., sec. 72.

ئۇنىڭ شەرقىي رىم ئىمپېرىيەسىگە بېسىپ كىرىپ مەغلۇپ بولغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Marcellinus Comes, "Chronicon", Chronica Minora, II, 90; Chronicon Paschale ,p. 589;Priscus ,«Frgmenta», Fragmenta Historicorn Graecorum ,4,fragments 36 and 38.

㉜ جورجانلار ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» نىڭ 98 ـ جىلدىدىن، ئاۋارلار ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Chavanes,Docmoments sur les Tou-kiue Occidentaux, p. 230.

ئۇلارنىڭ ئېھتىمال موڭغۇل تىلىدا سۆزلەشكەنلىكى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Pelliot ,Haute Asie ,p. 12.

ئۇلارنىڭ سابىرلارغا بېسىم قىلغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Priscus, "Fragmenta", Fragmenta Historicorum Graecorum,4,104.

سابىرلارنىڭ كاۋكاز تېغىنىڭ شىمالىدا ئولتۇراقلاشقانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Procopius,De Bello Gotthico, 4,11.

㉝ سابىرىلارنىڭ باشقا ھۇنلارغا بىرسىم قىلغانلىقى، ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Priscus, "Fragmenta", Fragmenta Historicorum Graecorum,4,104; 4,107.

قۇتىغۇرلار ھەمدە ئۇتىغۇرلار ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Procopius,De Bello Gotthico, 4,5.

مۇشۇ ۋاقىتتىكى ئومۇمىي ۋەزىيەت ھەققىدە تۆۋەندىكى مەنبەگە قاراڭ:

Kiessling, "Hunni", Pauly Wissowa Realencyclopaedia des Classischen Altertumes, col. 2603.

㉞ بۇلغارلار (قۇتىغۇرلار)نىڭ تېئودورىك تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Historica Miscella,16,17; Ennodius,«Opera», Monumenta Germanniae Historica,ser.A.A., Vol,Ⅶ, 203 ff.

ئاتىلارىكنىڭ غەلىبە مەلۇماتى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Cassiodors,«Variae», Monumenta Germaniae Historica, ser. A. A., vol. XII,8,10.

㉟ بۇلغارلارنىڭ ئەڭ دەسلەپ رىم تارىخىي ئەسەرلىرىدە خاتىرىلەنگەنلىكى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Jordanis Antochenus. "Fragmenta" ,Fragmenta Historicorum Graecorum,4,619.

مىلادىيە 499 ـ، 502 ـ، 530 ـ ۋە 535 ـ يىللىرىدىكى بۇلغارلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Marcellinus Comes, "Chronicon" ,Chronoca Minora ,2, 95–104.

ئۇلارنىڭ مىلادىيە 558 ـــ 559 ـ يىللىرىدىكى چوڭ تاجاۋۇزچىلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Agathias,Historiae,5,11–25; Mennander Protector, "Fragmenta" , Fragmenta Historicorum Graecorum,3,202–203; Procopius,De Bello Gotthico,4,18–19.

㊱ تۈركلەرنىڭ باش كۆتۈرۈشى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» نىڭ 99 ـ جىلدىدىن، دەسلەپكى كىلاسسىك ئاپتورلارنىڭ تۈركلەر ھەققىدىكى بايانلىرىنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Menander Protector, "Fragmenta" ,Fragmenta Historicorum Graecorum,3,10(205) and 18(225).

ئاۋار (ساختا ئاۋار)لار ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ:

Theophlactus Simocatta, Historiate,7,7–8; Menander Protector, "Fragmenta" ?Fragmenta Historicorum Graecorum,Ⅳ,4,5,10, and 43.

# 8 ـ باب پېرسىيە ۋە ھىندىستانغا بېسىپ كىرگەن ھۇنلار

مىلادىيە 150 — 400 ـ يىللار ئارىلىقىدىكى مەركىزىي ئاسىيا — پېرسىيەدىكى ساسانىلار ئىمپېرىيەسى — ھىندىستاندىكى گۇپتا ئىمپېرىيەسى — «Chionites» لار — ئېفتالىتلار ياكى ئاق ھۇنلارنىڭ باش كۆتۈرۈشى — ئېفتالىتلارنىڭ تىلى ۋە مەدەنىيىتى — ئېفتالىتلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى — ئۇلارنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇشى — ئېفتالىتلار بىلەن ساسانىلار ئىمپېرىيەسى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش — ئېفتالىتلارنىڭ ھىندىستاننى بويسۇندۇرۇشى — تۇركلەرنىڭ باش كۆتۈرۈشى ۋە ئېفتالىتلارنىڭ يوقىلىشى

بىز جۇڭگو تەۋەسى ۋە ھىندىستان تەۋەسىدىكى ھۇنلارنىڭ تارىخىي پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ تۈگەتتۇق، لېكىن كىتابىمىز ئاخىرلىشىشتىن ئىلگىرى ئېفتالىتلار، يەنى ئاق ھۇنلار توغرىسىدا قىسقىچە سۆزلەپ ئۆتۈشنى لايىق كۆردۇق. ئېفتالىتلار ياكى ئاق ھۇنلار، ھۇنلار بىلەن خېلى باغلىنىشلىق بىر مىللەت بولۇپ، ئۇلار جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كۆپ قىسىم يەرلىرىنى بويسۇندۇرغان ھەم پېرسىيە بىلەن ھىندىستانغا تاجاۋۇز قىلغان. ئېفتالىتلار تارىخىي ئەسىرلەردە ئەڭ دەسلەپ مىلادىيە 400 ـ يىللار ئەتراپىدا كۆرۈلىدىغان بولۇپ، بىز ئالدى بىلەن مىلادىيە 150 ـ يىلدىن 400 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان رايونلارنىڭ ئىچكى ئەھۋالىنىڭ قانداقلىقى بىلەن تونۇشۇپ چىقايلى [1].

بۇ چاغدا مەيلى جەنۇبىي شىنجاڭ تەۋەسى بولسۇن ياكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبى (كانگىيەگە تەۋە) بولسۇن ۋە ياكى ياۋچىلار، يەنى كۇشانلار تەۋەسى (باكتىرىيە، ئافغانىستان ۋە ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىي قىسمى) بولسۇن، ئوخشاشلا بىر خىل زەئىپ ھالەتتە تۇرۇۋاتاتتى. بۇ جايلار بۇ چاغدا ھېچقانداق تاشقى تاجاۋۇزغا ئۇچرىمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئىچكى قىسمىدىكى ئىتتىپاقسىزلىق تۈپەيلىدىن، نۇرغۇنلىغان ئۇششاق پادىشاھلىقلارغا بۆلۈنۈپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۇھىمراق ئورۇن تۇتىدىغىنىدىن بىرەرسىمۇ يوق ئىدى.

جەنۇبىي شىنجاڭ جۇڭگوغا يېقىن بولغاچقا، جۇڭگونىڭ تارىخىي ئەسەرلىرىدە بىرقەدەر كۆپ تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن پەقەت پارچە ـ پۇرات ماتېرىياللارلا خاتىرىلەنگەن. جۇڭگونىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا بولغان ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى مىلادىيە 150 ـ يىلىدىن باشلاپ ئاجىزلىشىپ، مىلادىيە 175 ـ يىلى ئەتراپىدا ئاخىرلاشتى. بۇ چاغدا جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمىمۇ تىنچسىز بولغاچقا، تارىم دەرياسى ۋادىسىدىكى ئۇششاق ئەللەرگە بولغان ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ساقلاپ قالالمىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى ئەسىر جەريانىدا، جۇڭگو ھۆكۈمرانلىرى گەرچە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ شىمالىغا ئىككى ـ ئۈچ قېتىم قوشۇن ئەۋەتىپ، ئۇ يەردىكى يەرلىك ھۆكۈمدارلارنى بويسۇندۇرغان ھەم بىر ـ ئىككى يەردە قوشۇن تۇرغۇزۇپ بوز يەر ئاچقۇزغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ تايانچ بازىلار بىرنەچچە ئون يىللا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىدى.

ئەگەر بۇ چاغدا جۇڭگودا كۈچلۈك، مۇستەھكەم ھاكىمىيەت بولغان بولسا، شۈبھىسىزكى غەربىي يۇرت تەۋەسىدىكى ھۆكۈمرانلىقنى ئىزچىل ساقلاپ قالالىغان بولاتتى، لېكىن ھەر قېتىم ئىچكى تىنچسىزلىق تۈپەيلىدىن سىرتقا كېڭەيمىچىلىك قىلىپ ئېرىشكەن زېمىنلىرىدىن ئايرىلىپ قالدى. ھەتتا جەنۇبىي شىنجاڭنى بويسۇندۇرۇشقا قوشۇن ئەۋەتكەن جۇڭگو

ھۆكـۈمرانىنـىـڭ ئۆزىمـۇ باشقىـلار تەرىپىـدىن ئاغدۇرۇلـدى ۋە غەربتىن قوشۇن چېكىندۇرۇشكە مەجبۇر بولدى، شۇنىـڭ بىلـەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇششاق ئەللەر تەبىئىي ھالدا يېڭىباشتىن مۇستەقىللىققا ئېرىشتۇالدى ②.

جۇڭگونىڭ تارىخىي ئەسەرلىرىدىكى خاتىرىلەرگـە قارىغانـدا، بۇ چـاغدا جەنۇبىـي شىنـجاڭنىـڭ غەربىدىـكى ئوتتـۇرا ئاسىيـادا پەرغانە ۋە كانگىيە (سوغدىيانا)دىن ئىبارەت ئىككى دۆلەت يەنىـلا مەۋجۇت ئىـدى. مىلادىيـە 300 ـ يىللار ئـەتراپىدا پـەرغانە خانـى جۇڭگـوغا ئەلـچى ئەۋەتتـى، بـۇنىڭدىـن بۇ دۆلەتـنىـڭ يـەنىـلا مۇستەقىللىقىنـى ساقلاپ قالـغانلىـقىنى كـۆرۈۋېلىشـقا بولـىدۇ. كانگىيەنىڭ ئەھۋالى بىرقـەدەر مۇرەككەپ بـولۇپ، ئېيـتىشلارغـا قارىغانـدا، مىلادىيـە 270 ـ يىللار ئـەتراپىدا كـانگىـيـە خانىـمۇ جۇڭگوغا ئەلچى ئەۋەتكەن. بۇنـىڭدىن قارىـغاندا، بۇ يـەرگە يەنىـلا بىر خان ھۆكۈمرانلىق قىلغان بولسا كېرەك. ئەمـما ئۇنىڭ قـول ئاستىـدا نۇرغۇنلىغان يېرىـم مۇستەقىـل قەبىـلە ئاقسـاقاللىـرى ياكى فېئودال ئاقسۆڭەكلەر بولۇشى مۇمكىن.

كېيىـن كانگىيە نۇرغۇنلىغان ئۇششاق خـانلىقـلارغا بۆلۈنـۈپ كـەتـتى، ئۇلارنىـڭ ھەممىـسىنىـڭ ئۆز ئالـدىغا ھۆكـۈمـدارى بولسىمۇ، لېكىن بۇ ھۆكۈمدارلار ئوتتـۇرىسىدا زىـچ مۇناسـىۋەت بـار ئىدى، ئۇلارنىـڭ مىلـلەت نامى بـىر بولـۇپ، جـۇڭگولـۇقـلار ئۇلارنى جـاۋۇپلار دەپ ئاتىـغان. بۇلار بولـسا ئۆزلـىرىنى ياۋچـى ئاقسـۆڭەكلىـرىنىـڭ ئـەۋلادى دەپ قارىشـاتـتى. بۇ ئـىككىـسى ئوتتۇرىسىدا زادى قانداق باغلىنىشنىڭ بارلىقىنى پەرەز قىلىـش تـەس، شـۇنداقلا مـىلادىيە 300 ـ يـىللاردىن كـېيـىن ياۋچـى ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ كانـگىيەنـى بويسۇنـدۇرغان ئىشـىنىڭ بـار ـ يوقلۇقىنـىمۇ بـىلىشكـە ئامالـىمىز يوق. بـىز پەقەت نـاھايىتـى بـۇرۇنقى چاغـلاردىـلا بۇ ئـىـكـكى خەلـقىنىڭ ھـۆكـۈمرانلـىرى ئوتتۇرىسىدا يېقىن مۇناسىۋەتنىڭ بارلىقىنى بىلىمىز. ئېھتىمال ياۋچىلارنىـڭ جاۋۇپلار بىـلەن بولـغان ئەنئەنىۋى مـۇنـاسىۋىـتى

ۋاستىلىك، بۇرۇنقى بىرلىككە كەلگەن كانگىيە خانلىقىنىڭ خان جەمەتى بىلەن بولغان ئەنئەنىۋى مۇناسىۋىتى بىۋاسىتە بولۇشى مۇمكىن، بىراق بىرلىككە كەلگەن بۇ كانگىيە خانلىقى بۇ چاغقا كەلگەندە ئۆز ئاھالىلىرى تەرىپىدىن بۆلۇشۋېلىنغان ③.

بۇ دەۋردىكى ياۋچىلار، يەنى كۇشانلارنىڭ ئەھۋالىمۇ ئوخشاشلا مۇجمەل. كۇشان خانى ۋاسۇدېۋا ئۆلگەندىن باشلاپ (ئېيتىشلارغا قارىغاندا مىلادىيە 220 ـ يىلى ئۆلگەنىكەن)، بىزگە كۇشان خانلىقىغا دائىر ھېچقانداق مەلۇمات ئۇچرىمايدۇ، لېكىن 220 — 265 ـ يىللاردىكى ئەھۋاللارنى خاتىرىلىگەن جۇڭگو تارىخچىلىرىنىڭ بايانىغا ئاساسلانغاندا، كۇشانلار بۇ ۋاقىتتا يەنىلا باكتېرىيە، ئافغانىستان ۋە ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالى قىسمىنى ساقلاپ قالغان.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ كەڭ كۇشان ئىمپېرىيەسى بىرقانچە ئۇششاق خانلىقلارغا بۆلۈنۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرى يەنىلا كۇشانلار بولغان. بۇ ئۇششاق خانلىقلار ھىندىستان تېررىتورىيەسىدە بولۇپ، ھازىرقى پەنجاپ ئۆلكىسىنىڭ كۆپ قىسمىنى ۋە بۇ ئۆلكىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى قەندىھارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. يەنە بىر توپ كۇشانلار كابۇل ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى نۇرغۇن جايلارنى (ھازىرقى ئافغانىستان تەۋەسىدە) ئىگىلىگەن. بۇنىڭدىن باشقا، كۇشانلارنىڭ يەنە بىر مۇھىم توپى يەنىلا باكتېرىيەدە تۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىل خانلىقىنى قۇرۇپ چىققان ④.

ئەمدى بىز بۇ چاغدا ئىران ئېگىزلىكىنىڭ كۆپ قىسمىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ساسانىلار ئىمپېرىيەسى بىلەن ھىندىستاننىڭ كەڭ يەرلىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان گۇپتا ئىمپېرىيەسىگە قاراپ باقايلى. بۇ ئىككىلا ئىمپېرىيە يەرلىك خەلقلەرنىڭ يات مىللەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرىشىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان بىر خىل «مىللەتچىلىك» روھىنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

ساسانىلار پادىشاھلىقى تەخمىنەن مىلادىيە 226 ـ يىللاردا ئىران ئېگىزلىكىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىدىكى پېرسىيە ئۆلكىسىدە قۇرۇلغان. بۇ ئۆلكە دەل كەيخىسراۋ ۋە دارا قۇرغان ئەھمانىلار ئىمپېرىيەسى باش كۆتۈرگەن يەر بولۇپ، كېيىن سىرتتىن كەلگەن بەدەۋى مىللەت پارفىئانلار ئىران ئېگىزلىكىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردىمۇ قەدىمكى «مىللىي» ئەنئەنە مۇشۇ رايوندا ئەڭ كۆپ ساقلىنىپ قالغان. ساسانىلار پادىشاھلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى ئەردەشىر ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە پارفىئان پادىشاھلىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھۆكۈمرانىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئەسلىدە پارفىئانلارغا قارام بولغان يەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىگىلىگەن. بۇ يەردە ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، ساسانىلار پادىشاھلىقىنىڭ تېررىتورىيەسىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى بىر قىسىم جايلارمۇ بولغاچقا، پېرسىيەلىكلەر كېيىن سىياسىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە مەركىزىي ئاسىيادىكى خەلقلەر بىلەن بىۋاسىتە ئالاقە قىلغان. بەزى ئالىملار ساسانىلار پادىشاھلىقى باكتىرىيە تەۋەسىدىكى كۇشان خانلىقىنىمۇ كونترول قىلغان دەپ قارايدۇ. بۇ پەرەز گەرچە بەك گۇمانلىق بولسىمۇ، لېكىن بىزنىڭ بۇنىڭغا قارىتا ئېنىق جاۋاب تېپىشقا ئامالىمىز يوق، چۈنكى ساسانىلار پادىشاھلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى دەسلەپكى ئىككى ئەسىر جەريانىدا ئۇنىڭ شىمال ۋە شەرقتىكى قوشنا دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئالاقىسى ھەققىدە ھېچقانداق خاتىرە ساقلانمىغان.

ساسانىلار پادىشاھلىقى باش كۆتۈرگەندىن باشلاپ ئەھمانىلار ئىمپېرىيەسى يوقالغاندىن كېيىن بارلىققا كەلگەن بارلىق شەيئىلەرنى ئاكتىپلىق بىلەن يوقاتتى. ئەسلىدە پارفىئانلارمۇ ئىران تىللىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار مەركىزىي ئاسىيادىن ئىران ئېگىزلىكىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن يات خەلق بولغانلىقى ئۈچۈن، يەرلىك خەلق ئۇلارغا دۈشمەنلىك نەزەردە قارايتتى ھەم ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى ئويلايتتى.

پارفىئانلار يۇنان مەدەنىيىتىگە ھېسداشلىق قىلغاچقا، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ بىر قانچە ئامىللىرى ئىران ئېگىزلىكىگە كىرگەن ۋە شۇ يەردە يىلتىز تارتقانىدى، ئىران ئېگىزلىكىمۇ مەركىزىي ئاسىياغا قاتناشنىڭ ئېغىزى بولۇپ قالغانىدى. لېكىن، ساسانىلار پادىشاھلىقى دەۋرىدىن باشلاپ يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ بارلىق ئىزنالىرى پاك - پاكىز يوقىتىۋېتىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خەلقلەرنىڭ ئۇچرىشالايدىغىنى پەقەت ساپ ئىران مەدەنىيىتىلا بولۇپ قالدى.

پەقەت دىنىي جەھەتتىلا ئازراق مۇستەسنالىق ساقلاندى. ساسانىلار پادىشاھلىقى ھەقىقىي زوروئاستېر دىنىغا پارفىيەلىكلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ بەكرەك ئېتىقاد قىلدى. پارفىئانلار بىر تەرەپتىن زوروئاستېر دىنىغا ئېتىقاد قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن خېلى كەڭچىل دىنىي سىياسەت يۈرگۈزۈپ، زوروئاستېر دىنىدىن باشقا دىنلارنىڭمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويغانىدى. ساسانىلار پادىشاھلىقى زوروئاستېر دىنىغا ھەددىدىن زىيادە ئېتىقاد قىلغاچقا، بەزىدە ئۆز تەۋەسىدىكى خىرىستىيانلارغا شەپقەتسىز مۇئامىلە قىلدى، ئېھتىمال پېرسىيە تەۋەسىدىكى بۇددىستلارمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مۇئامىلىگە ئۇچرىغان بولۇشى مۇمكىن.

لېكىن بەزى چاغلاردا ئۇلار دىنىي جەھەتتە خېلى كەڭچىللىك قىلدى، بولۇپمۇ بۇ سىياسىي مۇناسىۋەتكە چېتىلىدىغان چاغلاردا شۇنداق بولدى. مەسىلەن، نېستۇرىئان دىنى ئەسلىدە يۇناندىكى خىرىستىيان دىنىنىڭ بىر مەزھىپى بولۇپ، كېيىن شەرقىي رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ تەقىپ قىلىشى تۈپەيلىدىن، نۇرغۇنلىغان نېستۇرىئان دىنى مۇرىتلىرى ساسانىلار پادىشاھلىقىغا قېچىپ كەلگەندە، مەلۇم چەكلىمىدىكى دىنىي ئەركىنلىككە ئېرىشتى، نەتىجىدە نېستۇرىئان دىنى پېرسىيە ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقىلىپ كىردى.

بۇ خىل ئەھۋال مانى دىنىدىمۇ كۆرۈلدى. مانى دىنى زوروئاستېر دىنى، بۇددا دىنى ۋە خرىستىيان دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىنى بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا شەكىللەنگەن، مېسوپوتامىيەدە پەيدا بولغان دىن بولۇپ، رىم ئىمپېرىيەسىدىكى نۇرغۇنلىغان كىشىلەرمۇ بىر مەھەل مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغان، سان ئاۋگۇستىنمۇ كىچىك چاغلىرىدا ئىخلاسمەن مانى دىنى مۇرتى بولغانىدى. كېيىن خرىستىيان دىنىنىڭ قارشىلىقى تۈپەيلىدىن مانى دىنى غەربتە پۈتۈنلەي چەكلەندى. پېرسىيەدىمۇ مانى دىنى مۇرىتلىرى زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى، بۇ دىنىنىڭ ئىجادچىسى مانى ساسانىلار پادىشاھى تەرىپىدىن ئۆلۈمگە بۇيرۇلدى ھەم مانى دىنى مۇرىتلىرى ساسانىلار تەۋەسىدە ھەر خىل زۇلۇمغا ئۇچرىدى، لېكىن چەكلىمە غەربتىكىدەك ئۇزۇل - كېسىل بولمىدى، نەتىجىدە مانى دىنى ئېتىقادى ئىران ئېگىزلىكىدە نەچچە ئەسىرگىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇردى ھەم شىمالدىكى مەركىزىي ئاسىياغا تارقىلىپ كىرىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر قىسىم خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىدى ⑤.

گۇپتا ئىمپېرىيەسى تەخمىنەن مىلادىيە 320 - يىللاردا ھىندىستاندا باش كۆتۈرگەن، ئۇ نۇرغۇن جەھەتلەردىن پېرسىيەدىكى ساسانىلار ئىمپېرىيەسى بىلەن ئوخشايدۇ. خۇددى ساسانىلار پادىشاھلىقى قەدىمكى ئەھمانىلار ئىمپېرىيەسى باش كۆتۈرگەن پېرسىيە ئۆلكىسىدە باش كۆتۈرگەندەك، گۇپتا پادىشاھلىقىمۇ قەدىمكى ھىندىستان ئىمپېرىيەلىرى ئىچىدىكى ئەڭ گۈللەنگەن مائۇريا پادىشاھلىقى باش كۆتۈرگەن ماگادخا (گانگ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمى)دا باش كۆتۈرگەن. يەنە كېلىپ ساسانىلار پادىشاھلىقى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان پارفىئانلار ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن يېرىم بەدەۋى خەلقلەر بولغان بولسا، گۇپتا پادىشاھلىقى ئاغدۇرۇپ تاشلىماقچى بولغان ساكلار ۋە كۇشانلارمۇ ھىندىستاننىڭ شىمالىنى ئۇزاققىچە ئىگىلىگەن

ئوتتۇرا ئاسىيالىق خەلقلەر بولغان. بىراق گۇپتا پادىشاھلىقىنىڭ بەدەۋىلەر بىلەن بولغان ئۇرۇشلىرى ۋە غەلىبىسىنى ساسانىلار پادىشاھلىقىنىڭكىگە سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ، چۈنكى ساسانىلار پادىشاھلىقى پارفىئانىلارنى تولۇق يوقاتتى، ئەمما گۇپتا پادىشاھلىقىنىڭ كۈچى پەقەت دۈشمەنلىرىنى ئاجىزلىتىشقىلا يەتتى.

بۇ چاغدا گۇپتا پادىشاھلىقى گانگ دەرياسى ۋادىسىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان يات خەلقلەرنى قوغلىۋېتىپ، بۇ يەرلەردە ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تىكلىدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە «غەربتىكى ئۆلكىلەر»نىمۇ تىنچىتتى. غەربتىكى بۇ ئۆلكىلەر ئەسلىدە ساكلارنىڭ بولۇپ، ئۇلار ئۇزاقتىن بۇيان ھىندىستاننىڭ غەربىدىكى كەڭ رايوننى ئىگىلەپ، ئاپتونومىيەلىك ياكى يېرىم ئاپتونومىيەلىك ھوقۇققا ئېرىشىپ، ۋالىينىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان، ئەمما نەچچە ئەسىرلەردىن بېرى يەنە شىمالدىكى كۇشان خانلىقىنىڭ ھامىيلىق ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىپ كەلگەنىدى.

گۇپتا پادىشاھلىقى بىرنەچچە قېتىملىق ئۇرۇش ئارقىلىق «غەربتىكى ئۆلكىلەر»نى بويسۇندۇرۇپ، ساكلارنىڭ بۇيەردىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىزنالىرىنى پاك ـ پاكىز يوقىتىپ، كۇشانلارنىڭ قولىدىن بۇ يەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تارتىۋالدى. ھەتتا مەلۇم مەزگىلدە كۇشانلارنىڭ بىرنەچچە خانلىقى گۇپتا پادىشاھلىقىغا ئولپان تاپشۇردى، لېكىن بۇ خىل ئولپان تاپشۇرۇش بۇ كۇشان خانلىقلىرىنىڭ پۈتۈنلەي ئەل بولغانلىقى ئەمەس. بىزگە ئايانكى، كۇشانلارنىڭ نۇرغۇنلىغان ئۇششاق خانلىقلىرى بۇ چاغدا يەنىلا ھىندى دەرياسى ۋادىسىدىكى كەڭ رايونلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتاتتى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇلار ئافغانىستان، باكتىرىيە ۋە كەشمىر قاتارلىق جايلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىن باشقا، يەنە ھىندىستاندىمۇ بەزى زېمىنلىرىنى ساقلاپ قالغانىدى، شۇ سەۋەبتىن گۇپتا پادىشاھلىقىنىڭ مەركىزىي ئاسىيا بىلەن بولغان بىۋاستە

قاتناش ئالاقىسى پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ قالغاچقا، ئوتتۇرا ئاسىياغا پېرسىيەدىكى ساسانىلار ئىمپېرىيەسىدەك تەسىر كۆرسىتەلمىدى.

خۇددى ساسانىلار پادىشاھلىقىنىڭ باش كۆتۈرۈشى بىلەن پېرسىيە تەۋەسىدىكى يۇنان دەۋرىدىن بۇرۇنقى بارلىق ئەنئەنىۋى دىن، ئەدەبىيات، سەنئەت روھى قايتا تىرىلگەندەك، گۇپتا پادىشاھلىقىنىڭ باش كۆتۈرۈشى بىلەن بۇرۇنقى كۇشان خانلىقى ھىمايە قىلغان يۇنانلاشقان مەدەنىيەت ئاغدۇرۇپ تاشلىنىپ، بىر خىل ساپ يەرلىك ھىندى مەدەنىيىتى باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى. ھۈنەر ـ سەنئەت جەھەتتە يۇنان ئۇسلۇبى تەلتۆكۈس يوقىتىۋېتىلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن سەنئەت ۋە ئەدەبىياتتا ساپ ھالدىكى ھىندى روھى جانلىنىپ، بۇرۇنقى يۇنان ئەنئەنىسى زور دەرىجىدە چېكىنىپ كەتتى.

دىندا بۇنداق يۈزلىنىش تېخىمۇ روشەن ئىپادىلەندى. نۇرغۇن يىللاردىن بۇيان ھىندىستاننىڭ كۆپ قىسىم يەرلىرىدە بۇددا دىنى ئاساسلىق دىنغا ئايلانغان (لېكىن بىردىنبىر دىن ئەمەس ئىدى) بولۇپ، ئۇ گەرچە ھىندىستاندا پەيدا بولغان بولسىمۇ، لېكىن خاراكتېر جەھەتتىن ئۇنىۋېرساللىقى ئىگە، دۆلەت ھالقىغان دىن ئىدى. ئەمما گۇپتا پادىشاھلىقى دەۋرىگە كەلگەندە، ئەسلىدىن بار بولغان، ئىنتايىن قاتتىق تەبىقە ئايرىمچىلىقى بولغان ۋە دىنىي قائىدىلىرى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولغان ئەنئەنىۋى ھىندى دىنى ھاكىمىيەتنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى بىلەن روشەن ھالدا تىرىلىشكە باشلىدى. بۇ دىن دىنىي قائىدىلىرى مۇرەككەپ بولغانلىقتىن، تەبىئىي ھالدا ئوتتۇرا ئاسىيا ياكى يىراق شەرقتىكى خەلقلەر ئارىسىغا تارقىلىپ كىرەلمىدى، نەتىجىدە گۇپتا پادىشاھلىقى گۈللەنگەندىن كېيىنمۇ ھىندىستان ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە يىراق شەرقتىكى خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىدا يېتەكچى رول ئوينىيالمىدى.

بىراق گۇپتا پادىشاھلىقى يات شەيئىلەرنى قارىغۇيۇق چەتكە

قېقىپمۇ كەتمىدى. گەرچە ئۇلار بۇددا دىنىنى ياقتۇرمىسىمۇ، لېكىن بۇ دىنىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويدى، نۇرغۇنلىغان بۇددا ئىبادەتخانىلىرى ۋە ساڭراملىرى يەنىلا بۇرۇنقى شۆھرىتىنى ساقلاپ قالدى. بۇ مەزگىلدە نۇرغۇنلىغان جۇڭگولۇق بۇددىستلار ھىندىستانغا بۇددا دىنىنى ئۆگىنىشكە كەلدى ھەم سانسكرىت يېزىقىدىكى نۇرغۇن دەستۇرلارنى ئېلىپ كېتىپ خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلدى. شۇڭلاشقا، ھىندىستان بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت ئالاقىسى تامامەن دېگۈدەك ئۈزۈلۈپ قالمىدى. بىراق دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر نۇقتا شۇكى، بۇ نوم ئالغۇچىلارنىڭ ئىنتىلىدىغىنى بىرقەدەر بۇرۇنقى دەۋرلەردىكى مەنىۋى مىراسلار، يەنى گۇپتا پادىشاھلىقىدىن بۇرۇنقى دەۋرلەردە مەيدانغا كەلگەن بۇددا دىنى تەلىماتلىرى ۋە نوملىرى ئىدى. گۇپتا پادىشاھلىقى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن ھىندى دىنى ئەدەبىياتى، پەلسەپىسى ۋە سەنئىتىنىڭ بۇ نوم ئالغۇچىلار ۋە مەركىزىي ئاسىيا، يىراق شەرق خەلقلىرىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ئانچە زور بولمىدى ⑥.

بىز مىلادىيە 150 ـ يىلىدىن 400 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا يۈز بەرگەن سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر توغرىسىدا قىسقىچە توختالدۇق. ئەمدى، ھۇنلارنىڭ بۇ رايونغا چۇشۇرگەن بېسىمىغا قاراپ باقايلى. ھۇنلارنىڭ بېسىمى بۇ رايوندا پەيدا بولۇشقا باشلىغان ۋاقىت مىلادىيە 400 ـ يىللاردىن بۇرۇن ئىدى، چۈنكى بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، مىلادىيە 150 ـــ 400 ـ يىللار ئارىلىقىدا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىي قىسمى نۇرغۇنلىغان ھۇنلار تەرىپىدىن ئىگىلىنىپ بولغان بولۇپ، بۇ دەل ھۇنلارنىڭ ياۋروپاغا تاجاۋۇز قىلىشىنىڭ باشلانمىسى ئىدى.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىي قىسمىنى ئىگىلىۋالغان بۇ ھۇنلارنىڭ بەزىلىرى يەنە جەنۇبقا يۈرۈش قىلغاچقا، پېرسىيەدىكى ساسانىلار ئىمپېرىيەسىنىڭ شىمالىي چېگراسى بۇزغۇنچىلىققا

ئۆچرىدى. بۇرۇن دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، تەخمىنەن مىلادىيە 356 ـ يىلى پېرسىيە «Chionites»لارنىڭ پاركەندىچىلىكىگە ئۇچرىدى. بىز تۇرلۇك پاكىستلارغا ئاساسەن بۇ «Chionites» لارنىڭ ئەمەلىيەتتە هۇنلارنىڭ بىر تارمىقى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمىز ⑦. شۇنىڭدىن ييرىم ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن هۇنلارنىڭ بۇ بېسىمى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىغا ۋە پېرسىيە، هىندىستان قاتارلىق جايلارغا ئېغىر تەھدىت ئېلىپ كەلدى. لېكىن بۇ چاغدا «Chionites» لارنىڭ نامى يوقاپ، ئۇنىڭ ئورنىنى يېڭى بىر خەلق، يەنى ئېفتالىت دەپ ئاتىلىدىغانلار ئالدى⑧.

ئېفتالىتلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئىرقىي ئالاھىدىلىكى ئىنتايىن مۇجمەل ھەم بۇنى بىلىش تەس، لېكىن ئەينى چاغدىكى يۇنان ۋە رىم تارىخچىلىرى ئۇلارنى هۇن دەپ ئاتىغان، يەنە كېلىپ هىندىستاندىكى «قورقۇنچلۇق هۇنلار»غا مۇناسىۋەتلىك بىرنەچچە رىۋايەتمۇ ئېفتالىتلار تاجاۋۇز قىلغان مەزگىلدە پەيدا بولغان. بۇنىڭدىن ئېفتالىتلار دۇنيا سەھنىسىگە چىقىشقا باشلىغان چاغدا، ئۇلار بىلەن هۇنلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا زىچ مۇناسىۋەتنىڭ بارلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ ⑨.

لېكىن بىز يەنە نۇرغۇن تەرەپلەردىن ئېفتالىتلارنىڭ ناھايىتى ئالاھىدە بىر خەلق ئىكەنلىكىنى بىلىۋالايمىز، ئۇلار بىلەن باشقا هۇن خەلقلىرى ئارىسىدا روشەن پەرقلەر بولغان. مەسىلەن، ۋىزانتىيەلىك ئاپتورلار بىر نۇقتىغا ئىنتايىن دىققەت قىلغان بولۇپ، ئۇلار ياۋروپاغا بېسىپ كىرگەنلەرنى هۇن، ئېفتالىتلارنى بولسا ئاق هۇن دەپ ئاتىغان. ئەينى چاغدىكى ئاپتور پروكوپىئۇس «ئېفتالىتلار هۇنلار بىلەن بىر ئىرقتىن هەم نامىمۇ ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بىز بىلىدىغان هۇنلار بىلەن خېلى زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ، بارلىق هۇن خەلقلىرىنىڭ ئارىسىدا پەقەت ئۇلارنىڭلا تېرىسى ئاق هەم تۇرقىمۇ نورمال» دېگەن ⑩.

ئېفتالىتلار بىلەن باشقا هۇنلارنىڭ پەرقى جۇڭگونىڭ تارىخي

ئەسەرلىرىدىمۇ ئېنىق ئايرىلغان. جۇڭگولۇقلار كېيىنكىسىنى هۇن، ئالدىنقىسىنى ئېفتالىت دەپ ئاتىغان. يەنە شۇ جۇڭگو تارىخىي ئەسەرلىرىدىن ئېفتالىت خەلقىنىڭ ئەسلىي ۋار دېيىلىدىغانلىقىنى، ئېفتالىت دېگەن نامنىڭ ئۇلارنىڭ خانى ئېفتالتونىڭ نامىدىن كەلگەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز ⑪.

ئېفتالىتلارنىڭ ھەقىقىي كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا جۇڭگونىڭ تارىخىي ئەسەرلىرىدە ئوچۇق ھالدا بىرنېمە دېيىلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن ئېفتالىتلارنىڭ تىلىنىڭ موڭغۇلىيەنىڭ ئوتتۇرا ۋە شەرقىي قىسمىدا ئولتۇراقلاشقان جۇرجانلارنىڭ تىلى بىلەن خېلى زور دەرىجىدە پەرقلىنىدىغانلىقىنى (ئېھتىمال جۇرجانلار موڭغۇل تىلى تۈركۈمىگە تەۋە بولسا كېرەك)، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىي شىمالى قىسمى ۋە موڭغۇلىيەنىڭ غەربىي شىمالى قىسمىدىكى قاڭقىللارنىڭ تىلى بىلەنمۇ ئانچە ئوخشىمايدىغانلىقىنى بىلىۋېلىش مۇمكىن. قاڭقىللار ھۇنلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغانلىقى بىزگە ئايان. بىز يەنە تۈرلۈك پاكىتلارغا كۆرە قاڭقىللار بىلەن ھۇنلارنىڭ بىر قەدەر قەدىمىيرەك بولغان تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغانلىقىغا ئىشىنىشكە ھەقلىقمىز. جۇڭگو تارىخىي ئەسەرلىرىدە ئېفتالىتلارنىڭ تىلىنىڭ قاڭقىللارنىڭ تىلىغا ئوخشىمايدىغانلىقى قەيت قىلىنغان، شۇڭلاشقا ئېفتالىتلارنىڭ تىلىنى تۈركىي تىل ئەمەس دېيەلەيمىز. ئېنىقراق ئېيتقاندا، ئېفتالىتلار بىلەن ئەينى چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىي قىسمىنى ئىگىلىگەن ۋە ياۋروپاغا تاجاۋۇز قىلىشقا باشلىغان كۆپ ساندىكى ھۇنلارنىڭ تىلى ئوخشاش ئەمەس ئىدى ⑫.

جۇڭگونىڭ تارىخىي ئەسەرلىرىدە بىردە ئېفتالىتلار بىلەن ياۋچىلار بىر مىللەت دېيىلسە، بىردە ئېفتالىتلار قوشلارنىڭ، يەنى تۇرپاندىكى ئاھالىلەرنىڭ بىر تارمىقى دېيىلگەن. كېيىنكى

مەلۇمات بويىچە، مىلادىيە 126 ـ يىلى خەن سۇلالىسى سەركەردىسى بەن يوڭ شىمالىي هۇنلارغا جازا يۈرۈشى قىلغاندا، بىر تۈركۈم قوش خەلقى ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ ئۇرۇش قىلغان بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار جۇڭغارىيەدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئېفتالىتلارمىش [13]. بۇ يەردە ئالاھىدە مۇھىم بولغان بىر نۇقتا شۇكى، ياۋچىلار ۋە قوشلارنىڭ ئىشلىتىدىغىنى ھىندى ـ ياۋروپا تىلى ئىكەنلىكى بىزگە ئايان. بىز شۇنىڭغا ئالاھىدە ئىشىنىمىزكى، ئېفتالىتلار بىلەن توخرى تىلىدا سۆزلىشىدىغان تۈرپانلىقلار ئارىسىدا ئالاھىدە بىر خىل مۇناسىۋەت بولۇشى مۇمكىن، يەنە كېلىپ نۇرغۇنلىغان تۈرپانلىقلار كۆك كۆز، سارغۇچ چاچلىق بولۇپ، بۇ پاكىت «يۇنان ـ رىم» ئاپتورلىرىنىڭ بايانىدىكى «ئاق هۇنلارنىڭ تۈرقى ‹نورمال› بولۇپ، باشقا هۇنلار بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ» دېگەن بايانغا ئىنتايىن ماس كېلىدۇ.

يۇقىرىدىكى بايانلاردىن ئېفتالىتلار بىلەن باشقا هۇن خەلقلىرى ئارىسىدا خېلى زور پەرقنىڭ بارلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. شۇڭا بىز ئېفتالىتلارنى هۇن گورۇھىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈش ياكى كىرگۈزمەسلىك مەسىلىسىدە شۈبھىلەنمەي تۇرالمايمىز، بىراق بىز تىلغا ئالغان «هۇن» دېگەن نام ناھايىتى كەڭ دائىرىلىك بولغاچقا، ئېفتالىتلارنىمۇ شۇنىڭ ئىچىگە قوشۇۋەتتۇق، يەنە كېلىپ هۇنلارنىڭ ئەۋلادلىرى بىلەن ئېفتالىتلار جۇڭغارىيە رايونىدا بىرنەچچە ئەسىر بىللە ياشاش جەريانىدا، چوقۇم كەڭ تۈردە ئىتتىپاقلاشقان بولۇشى مۇمكىن. بۇ سەۋەبتىن ئېفتالىتلاردا زور مىقداردىكى هۇن قېنىنىڭ بولۇشىدىن شۈبھىلىنىشكە بولمايدۇ، ئېفتالىتلارنىڭ تىلىدىمۇ چوقۇم هۇنچە ئىبارىلەر بولۇشى مۇمكىن. بەلكىم كېيىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندە ئېفتالىتلار ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقىي كېلىپ چىقىشىنى ئۇنتۇپ، ئۆزلىرىنى هۇنلارنىڭ بىر تارمىقى دەپ قىلىپ، ئۆزىنى هۇن دەپ ئاتىغان بولۇشى (خۇددى كېيىنكى

دەۋرلەردىكى تۈركلەردىن بولغان بابۇر ھىندىستانغا تاجاۋۇز قىلغاندىن كېيىن ئۆزىنى موغۇل، يەنى موڭغۇل دەپ قارىغانغا ئوخشاش) ھەم ئۇلارنىڭ تۆت ئەتراپىدىكى خەلقلەرمۇ ئۇلارنى ھۇن دېگەن نام بىلەن ئاتىغان بولۇشى مۇمكىن.

ئېفتالىتلارنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيىتىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر نۇقتا بار. ئۇ بولسىمۇ بىر ئايال كۆپ ئەرلىك بولۇش تۈزۈمىدۇر. خۇددى باشقا يەرلەردىكى بىر ئايال كۆپ ئەرلىك بولۇش تۈزۈمىدىكىگە ئوخشاش، بۇنداق ئاياللارنىڭ ئەرلىرى كۆپ ھاللاردا ئاكا ــ ئۇكىلار ئىدى، ئېنىقراق ئېيتقاندا، ئەگەر چوڭ ئوغۇل بىر قىز بىلەن توي قىلسا، ئۇنىڭ ئىنىلىرىمۇ تەبىئىي ھالدىلا ئەرلىك ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىۋېرەتتى. ئېفتالىتلارنىڭ ئاياللىرىنىڭ ئالاھىدە زىبۇ ــ زىننەتلىرى بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ ئېرىنىڭ كۆپلۈكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ ⑭.

ئېفتالىتلاردا يولغا قويۇلغان بىر ئايال كۆپ ئەرلىك بولۇش تۈزۈمى باشقا ھۇنلار پەقەتلا بىلمەيدىغان بىر خىل ئادەت بولۇپ، بۇ نۇقتا ھەقىقەتەن قىزىقارلىق. مەركىزىي ئاسىيادا ئولتۇراقلاشقان ھىندى ــ ياۋروپا خەلقلىرىنىڭمۇ (ئېفتالىتلار بىلەن ئالاھىدە مۇناسىۋەتى بولغان ياۋچىلار ۋە تۈرپانلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بىر ئايال كۆپ ئەرلىك بولۇش تۈزۈمىدىن خەۋىرى يوق ئىدى. بىزگە پەقەت يېقىنقى زامانلاردىكى تىبەتلەردىلا مۇشۇنداق بىر ئايال كۆپ ئەرلىك بولۇش تۈزۈمىنىڭ يۈرگۈزۈلگەنلىكى مەلۇم، بۇ نۇقتىدا ئېفتالىتلار بىلەن تىبەتلەر ئارىسىدا مەلۇم دەرىجىدىكى مەدەنىيەت سىڭىشىش مۇناسىۋىتى مەۋجۇت بولغان. بىراق، بىزنىڭ ئېفتالىتلارنىڭ تىبەتلەرگە تەۋە ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىشىمىزغا يېتەرلىك ئاساسىمىز يوق، يەنە كېلىپ شىزاڭنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنغان بىرقەدەر بۇرۇنقى جۇڭگو تارىخىي ئەسەرلىرىدە بىر ئايال كۆپ ئەرلىك بولۇش تۈزۈمى تىلغا ئېلىنمىغان، شۇڭا بىر ئايال كۆپ

ئەرلىك بولۇش تۈزۈمىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا زادى قايسى چاغلاردا قانداق خەلقلەر ئارىسىدا تارقالغانلىقىنى بىلىشكە ئامالىمىز يوق.

ئېفتالىتلار پىرسىيە ۋە ھىندىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشتىن ئاۋۋال، مەيلى يۇنان ياكى پىرسىيە ۋە ياكى ھىندىستاننىڭ خاتىرىلىرىدە بولسۇن، ئۇلار توغرىسىدا ھېچقانداق ئەھۋال تىلغا ئېلىنمىغان. بۇ چاغدا جۇڭگومۇ ئىچكى مالىمانچىلىقتا پېتىپ قالغاچقا، ئېفتالىتلارغا ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمىگەن، لېكىن جۇڭگونىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرى بىزگە ئېفتالىتلارنىڭ مىلادىيە 126 ـ يىلى جۇڭگوغا ياردەم بەرگەندىن كېيىن، جۇڭغارىيەدە ئولتۇراقلىشىپ بىرنەچچە ئەسىر ياشىغان بولسىمۇ، جۇڭگو بىلەن بىۋاسىتە قاتناش ئالاقىسى قىلمىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

كېيىن جۇرجانلار باش كۆتۈرۈپ موڭغۇلىيە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر چوڭ ئىمپېرىيە قۇرغاندا، ئېفتالىتلارمۇ ئۇلارغا قارام بولدى. جۇرجانلار مىلادىيە 4 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىرىمىدا باش كۆتۈرۈشكە باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن جۇرجان ئىمپېرىيەسى مىلادىيە 402 ـ يىلىغا كەلگەندە ئاندىن قۇرۇلدى، ئۇنىڭ رەھبىرى ئۆزىنى قاغان دەپ ئاتاپ، ئاكتىپلىق بىلەن ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملىدى ۋە زېمىنىنى كېڭەيتتى.

ئېفتالىتلارنىڭ كۆچۈشى بەلكىم مۇشۇ چاغلاردىن ياكى سەل كېيىنرەك چاغلاردىن باشلانغان بولسا كېرەك. ئېفتالىتلار جۇرجانلارغا قارىتا ھېچقانداق ئالاھىدە ئۆچمەنلىك ساقلىمىغان. ئېفتالىتلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرى جۇرجان خان جەمەتى بىلەن تويلىشىپ تۇرغان. ئېفتالىتلار بىلەن جۇرجانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئېھتىمال ئاتتىلا دەۋرىدىكى شەرقىي گوتلار بىلەن ھۇنلارنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئىنتايىن ئوخشىشى مۇمكىن، يەنى ئۇلار بىر تەرەپتىن بېقىندى ئورۇندا تۇرغان بولسا، يەنە بىر

تەرەپتىن ياردەمچى قوشۇن ئورنىدا تۇرغان بولۇشى مۇمكىن. ئېفتالىتلار غەربىي جەنۇبقا ئىلگىرىلەشكە باشلىغان چاغدا، ئۇلار جۇرجانلارنىڭ ئاۋانگارت قوشۇنى دەپ قارالغان بولۇپ، زادىلا ئايرىم بىر خەلق دەپ قارالمىغان. ئېفتالىتلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرىمۇ ئۆزلىرىنى قاغان دەپ ئاتىغان. قاغان دېگەن بۇ نام جۇرجانلاردا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۆزلىرىنى ئىلگىرىكى ھۇنلارنىڭ ھۆكۈمرانى بولغان تەڭرىقۇتتىن پەرقلەندۇرۇش ئۈچۈن شۇنداق ئاتىغان. دەرۋەقە ئېفتالىتلار سىياسىي تەشكىل جەھەتتىمۇ پۈتۈنلەي دېگۈدەك جۇرجانلارنى ئۆرنەك قىلغان. بىراق جۇرجانلار بىلەن ئېفتالىتلار قانداقلىكى بولمىسۇن، بىر - بىرىگە زادى ئوخشىمايدىغان خەلقلەر بولۇپ، ھەر ئىككىسىنىڭ ئۆزىگە خاس تىلى ۋە مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى بار ئىدى، يەنە كېلىپ ئېفتالىت خەلقىنىڭ غەربىي جەنۇبقا كۆچۈشىدىكى ھەقىقىي سەۋەبىمۇ جۇرجانلارغا بەك يېقىنلىشىپ كېتىشتىن ۋە ئۇلارنىڭ كونتروللۇقىغا چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئىدى ⑮.

ئېفتالىتلارنىڭ غەربىي جەنۇبقا كۆچۈشتە زادى قايسى لىنىيە بىلەن ماڭغانلىقى جۇڭگونىڭ تارىخىي ئەسەرلىرىدە تىلغا ئېلىنمىغان. ئۇلار بەلكىم جەنۇبىي شىنجاڭ ئارقىلىق ماڭغان بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى بۇ يەردىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم يەرلەرنىڭ ئېفتالىتلارغا قارام ئىكەنلىكى بىزگە مەلۇم. بۇ چاغدا ئېفتالىتلارغا قارام بولغان جەنۇبىي شىنجاڭدىكى شەھەر دۆلەتلىرى ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئاگنى، كۇسەن، سۇلې ۋە ئۇدۇن ئىكەن. پەقەت شەرقتىكى پىشامشان ۋە ئىدىقۇتلا (قوش) جۇرجانلارغا بىۋاسىتە تەۋە ئىكەن.

ئېفتالىتلار جەنۇبىي شىنجاڭنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن داۋاملىق ئىلگىرىلەپ غەربتىكى سوغدىيانانى بويسۇندۇرۇشقا ئۇرۇندى، نەتىجىدە كانگىيەنىڭ نۇرغۇنلىغان ئاقساقاللىرى ئېفتالىتلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ

بىلەن ئېفتالىتلار تېخىمۇ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ، باكتېرىيەدىكى ياۋچى خانلىقىغا تاجاۋۇز قىلدى ۋە ئۇنى بويسۇندۇردى. ئېفتالىتلار بۇ رايوندا ئىنتايىن قاتتىق ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى ئېلىپ باردى. ئۇلار ئىلگىرى جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە سوغدىيانانى بويسۇندۇرغاندا بۇ يەرلەردە تۇرۇپ قېلىش ئويىدا بولمىغانىدى، بۇ ئىككى رايوندىكى يەرلىك ھۆكۈمدارلارمۇ يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ ئورنىنى ساقلاپ قېلىپ، پەقەت ئېفتالىتلارنىڭ ھامىيلىق ھوقۇقىنىلا ئېتىراپ قىلىپ، ئۇلارغا ئېغىر ئولپان تاپشۇرغانىدى. ئەمما باكتېرىيەدىكى ئەھۋال بۇنىڭغا ئوخشىمىدى. ئېفتالىتلار بۇ رايونغا كەلگەندىن كېيىن ئۇزۇن مۇددەت ئولتۇراقلىشىشنى قارار قىلدى، شۇڭا بۇ يەردىكى ياۋچى خانلىقىنى يوقاتتى. ياۋچىلارنىڭ ھۆكۈمران سىنىپى كۈچىنىڭ بارچە قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئاقىۋەت مەغلۇپ بولدى ۋە غەربكە قېچىپ كەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي ئېفتالىتلار داۋاملىق قوغلاپ زەربە بەرگەنلىكتىن، ياۋچى خانى كىدارا (Kidara) ۋە ئوردىسىدىكىلەر يەنە قېچىشقا مەجبۇر بولدى، بۇ قېتىم ئۇلار جەنۇبقا قېچىپ، ھىندىقۇش تېغىدىن ئۆتۈپ ئىران ئېگىزلىكىگە كەتتى، لېكىن ئۇلار قۇدرەتلىك ساسانىلار ئىمپېرىيەسىدىن قورققاچقا، بۇ يەردە ئۇزۇن تۇرۇشقا پېتىنالماي، يۆنىلىشىنى شەرققە بۇراپ، ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى قەندىھارغا يېتىپ كەلدى، بۇ يەردە بۇرۇنلا يەنە بىر تارماق ياۋچىلار ئولتۇراقلىشىپ كەلگەنىدى ⑯.

باكتېرىيەدىن قېچىپ چىققان ياۋچىلار پەقەت ئوردا ئەمەلدارلىرى ۋە ھەربىي ئاقسۆڭەكلەر ئىدى. باشقا كۆپ قىسىم ياۋچىلار ۋە باكتېرىيەدىكى يەرلىك ئاھالىلەر بولسا يەنىلا شۇ يەردە قېلىپ، يېڭىدىن تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ئېفتالىتلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلدى. بىراق، ياۋچىلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خانى كىدارا قېچىپ كېتىۋاتقان چاغدا خېلى كۆپ ساندىكى قوشۇننى بىللە ئېلىپ كەتكەچكە، ئۇزاق ئۆتمەيلا

ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىدا يېڭىدىن بىر خانلىق قۇردى، ئەلۋەتتە بۇ يەردە بۇرۇندىن ياشاپ كەلگەن ياۋچىلارنىڭ بىر قىسىم ھۆكۈمدارلىرى كىدارا تەرىپىدىن يوقىتىلدى. بىرنەچچە يىلدىن كېيىن كىدارانىڭ ئوغلى تېخىمۇ شەرقىي جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ، يېڭىدىن بىر قىسىم يەرگە ئىگە بولۇپ، پۇرۇشاپۇرا (ھازىرقى پىشاۋۇر) شەھىرىنى پايتەخت قىلدى [17].

كىدارا ۋە ئۇنىڭ خانلىقى يوقىتىلغاندىن كېيىن ئېفتالىتلار ناھايىتى ئاسانلا پۈتكۈل باكتىرىيەگە ئىگە بولدى. ئۇلار پايتەختىنى ئېيتىشلارغا قارىغاندا غەربىي جەنۇب تەرەپتىكى بادخاگىسقا قۇرغانىكەن، بۇ «شامالىلىق يەر» دېگەن مەنىدىكى نام بولۇپ، ئورنى ھازىرقى ھېرات شەھىرىنىڭ سەل شىمالىدا ئىكەن [18]. ئېفتالىتلارنىڭ باكتىرىيەدىكى ئىشغالىيىتىنىڭ مىلادىيە 425 ـ يىللاردا ئاخىرلاشقانلىقى ھەر ھالدا ئىشەنچلىك. جۇڭگونىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىدا يېزىلىشىچە، ئېفتالىتلارنىڭ سانى تەخمىنەن ئون تۈمەن بولۇپ، بۇنىڭ زادى ئومۇمىي ئاھالىنى كۆرسىتىدىغانلىقى ياكى پەقەت ئۇرۇش قىلىدىغان ئەسكەرلەرنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئېنىقلاشقا مۇمكىن بولمىدى.

ئېفتالىتلار جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىغا تاجاۋۇز قىلىشقا باشلىغان چاغدا، ئۇلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى يەنىلا كۆچمەن چارۋىچىلىق خاراكتېرىدە بولۇپ، ئۇلار تىرىكچىلىكتە بۇلاڭ ـ تالاڭغا تايانغاندىن سىرت، يەنە زور تۈركۈمدىكى چارۋا مېلىغا تايىناتتى. ئۇلار كىگىز چېدىرلاردا ئولتۇرىدىغان بولۇپ، چېدىرنىڭ ئىشىكى شەرققە قارىتىپ ئېچىلاتتى. ئۇلارنىڭ يېزىقىمۇ يوق ئىدى. ئۇلار بىر خىل ئىپتىدائىي دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولۇپ، كۆككە ۋە ئوتقا چوقۇناتتى، ئۇلار ئوتنى مۇقەددەس دەپ بىلەتتى، بۇ نۇقتىدا ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نۇرغۇنلىغان خەلقلەر بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئېھتىمال ئىران ئېگىزلىكىدىن كەلگەن دىنىنىڭ

تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇشى مۇمكىن. ئىراق، ئىران ئېگىزلىكىدىن كەلگەن بۇ دىنىنىڭ تەسىرى زوروئاستىر دىنىنىڭ قائىدىلىرى ئەمەس ئىدى، چۈنكى ئېفتالىتلار جەسەتنى يەرگە دەپنە قىلىدىغان بولۇپ، كۆيدۈرمەيتتى. نۇرغۇنلىغان ئىپتىدائىي خەلقلەرگە ئوخشاش ئېفتالىتلارنىڭمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە قانۇن ـ تۈزۈملىرى بار ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇلارنىڭ قانۇنى ئىنتايىن قاتتىق بولۇپ، ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق قىلغانلار ئومۇمەن دېگۈدەك ئۆلۈمگە بۇيرۇلىدىكەن ⑲.

ئېفتالىتلارنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ، سوغدىيانا ۋە باكتېرىيە قاتارلىق جايلارنى ئىگىلىشى ھەققىدىكى ئەھۋاللارنى بىلىشتە جۇڭگونىڭ تارىخىي ئەسەرلىرى بىردىنبىر ماتېرىيال مەنبەسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ ⑳. لېكىن، ئېفتالىتلار ئۇزاق ئۆتمەيلا تېخىمۇ غەربىي جەنۇب تەرەپكە يۈرۈش قىلىپ، ساسانىلار ئىمپېرىيەسىگە تاجاۋۇز قىلدى، ئۇلارنىڭ بۇ ئىشى دۇنيا تارىخىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، غەربتىكى كۆپلىگەن تارىخچىلارمۇ بۇنىڭغا دىققەت قىلىپ، بەزى خاتىرىلەرنى قالدۇرۇشقان. ئېفتالىتلار ئەڭ دەسلەپ پېرسىيە چېگراسىدا پەيدا بولغاندا، ساسانىلار پادىشاھلىقىدا بەھرام V تەختتە ئولتۇرىۋاتاتتى (مىلادىيە 420 — 438 ـ يىللار). بەھرام ئوۋخۇمار كىشى بولۇپ، قۇلان ئوۋلاشقا بەك خۇشتار ئىدى، شۇڭا ئۇ «بەھرام گور» دەپ ئاتالغانىدى. پارسلارنىڭ ئۇلۇغ شائىرى ئۆمەر ھەييامنىڭ رۇبائىيلىرىدىمۇ بەھرام تىلغا ئېلىنغانىدى.

شەرقنىڭ رىۋايەتلىرىگە ئاساسلانغاندا، بەھرام تېپىك تەۋەككۇلچى پادىشاھ بولۇپ، ئۇ ئوۋخۇمار بولۇپلا قالماستىن، يەنە دائىم يۇقىراچە كىيىنىپ سەيلىگە چىقىدىكەن، لېكىن ئۇنىڭ بۇنداق كۆڭۈللۈك تۇرمۇشى ئۇنىڭ سەلتەنىتىنىڭ 7 ـ يىلى (مىلادىيە 427 ـ يىلى) ئېفتالىتلارنىڭ تۇيۇقسىز تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى بىلەن بۇزۇۋېتىلدى. ياۋايى ئېفتالىتلار مەرۋنى

ئىگىلىگەندىن كېيىن ئىران ئېگىزلىكىگە يىغىلىپ تېخىمۇ غەربكە ئىلگىرىلەپ رايغىچە، يەنى ھازىرقى تېھراننىڭ يېقىن ئەتراپىغىچە يېتىپ باردى.

دەسلەپتە بەھرامنىڭ بۇ تاجاۋۇزچىلارغا قارشى تۇرغۇدەك كۈچى يوق ئىدى، شۇڭا بىر مەھەل بەھرامنىڭمۇ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقى مەلۇم بولمىدى، شۇنىڭ بىلەن پىتنە ـ پاسات پەيدا بولۇپ، بەھرام غەربىي شىمالدىكى مەلۇم جايغا قېچىپ كېتىپتۇدەك دېگەندەك گەپلەر تارقالدى. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا، ھەر قايسى ۋەزىرلەر دىپلوماتىك ۋاسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئېفتالىتلارنىڭ تاجاۋۇزىنى توسماقچى بولدى. ئۇلار ئەگەر ئېفتالىتلار قوشۇننى چېكىندۈرۈپ كەتسىلا، پېرسىيەنىڭ غايەت زور مىقداردا ئالتۇن تاپشۇرىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ تەكلىپنى ئېفتالىتلار قوبۇل قىلىپ قوشۇننى باكتىرىيەگە چېكىندۈردى، لېكىن ئويلىمىغان يەردىن ئۇلار قايتىش سەپىرىدە بەھرامنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، ئەسلىدە بەھرام قوشۇننى مۇۋاپىق جايغا بۆكتۈرمىگە قويۇپ، پايدىلىق پۇرسەت يېتىپ كەلگەن ھامان تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغانىدى.

ئېفتالىتلار تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا ئۇچرىغاچقا، قاتتىق مەغلۇپ بولدى، ئۇلارنىڭ پادىشاھىمۇ جەڭدە ئۆلۈپ، خانىشىمۇ ئەسىرگە چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن پېرسىيەلىكلەر بەرگەن بىھېساب ئالتۇن ۋە ئېفتالىتلار ئۆزى بۇلاپ ـ تالىغان نۇرغۇن مال ـ مۈلۈك پۈتۈنلەي بەھرامنىڭ قولىغا چۈشتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئېفتالىتلار پادىشاھىنىڭ تاجىمۇ (ئۈستىگە ئىنتايىن كۆپ جاۋاھىرات قوندۇرۇلغان) بەھرامنىڭ قولىغا چۈشكەنىكەن. قېلىپ قالغان ئېفتالىت جەڭچىلىرى بەدەر قېچىشىپ تېزلا پېرسىيەدىن كېتىشتى. شۇنىڭ بىلەن بەھرام چوڭ بىر تۆۋرۈك تىكلەپ، پېرسىيەلىكلەر بىلەن ئېفتالىتلارنىڭ چېگراسى قىلدى ھەم ئېفتالىتلار بۇنىڭدىن كېيىن بۇ پاسىلدىن ئۆتسە ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ئېفتالىتلار مىلادىيە 427 ـ

يىلى بەھرامنىڭ قاتتىق زەربىسىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، بىرنەچچە يىلغىچە ساسانىلار ئىمپېرىيەسىگە تاجاۋۇز قىلىشقا پېتىنالمىدى، بەھرامۇ تاكى مىلادىيە 438 ـ يىلى ئۆلۈپ كەتكۈچە شىمالدىكى چېگراسىنىڭ بىخەتەرلىكىدىن غەم يېمىدى ㉑.

بەھرام ئۆلگەندىن كېيىن ئوغلى يەزدىگىرد تەختكە چىقتى. ئۇ 19 يىل (مىلادىيە 438 ـــ 457 ـ يىللار) تەختتە ئولتۇردى. بۇ مەزگىلدە پېرسىيەلىكلەر بىلەن ئېفتالىتلار بىرنەچچە قېتىم ئۇرۇش قىلىشتى، ئەمما بۇ ئۇرۇشلارنىڭ كۆپىنى ئاۋۋال پېرسىيەلىكلەر قوزغىغان بولۇپ، ئەسلىي يەزدىگىرد ھەربىي جەھەتتىن شان ـ شەرەپ قازىنىش ئۈچۈن ئېفتالىتلار پادىشاھلىقىغا ھۇجۇم قىلغانىدى. بۇ ئۇرۇشلاردا يەزدىگىرد بىر ـ ئىككى قېتىم غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئېفتالىتلارنىڭ زېمىنىگە ئىچكىرىلەپ كىردى، لېكىن بۇ غەلىبىلەر مەڭگۈلۈك نەتىجە پەيدا قىلالمىدى. مىلادىيە 454 ـ يىلى يەزدىگىرد ئېفتالىتلارغا يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قىلغاندا بۆكتۈرمىگە ئۇچراپ قاتتىق مەغلۇپ بولدى، شۇنىڭ بىلەن يەزدىگىردنىڭ بۇرۇنقى ئۇستۇنلۇكلىرى تۇتۇندەك توزۇپ كەتتى ㉒.

يەزدىگىرد مىلادىيە 457 ـ يىلى ئۆلدى، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ساسانىلار ئوردىسىدا نىزا يۈز بەردى، شۇنىڭ بىلەن ئېفتالىتلار بىلەن ساسانىلارنىڭ مۇناسىۋىتى يېڭى بىر باسقۇچقا كىردى. يەزدىگىردنىڭ ھورمۇز ۋە فىرۇز ئىسىملىك ئىككى ئوغلى بولۇپ، فىرۇز چوڭ ئوغۇل بولغاچقا، تەختكە ئەلۋەتتە ئۇ ۋارىسلىق قىلىشى كېرەك ئىدى، لېكىن ھورمۇز ئاتىسىنىڭ ئامراق بالىسى بولغاچقا، ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن ئۇ پادىشاھ بولدى، فىرۇز بولسا شەرقتىكى سىكىستان رايونىنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلەندى، بۇ ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ سۈرگۈن بولغانلىقى ئىدى.

فىرۇز ئەلۋەتتە بۇنىڭغا رازى بولمايتتى، شۇڭا ئۇ سىكىستانغا بېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا شەرقىي شىمالغا قېچىپ

ئىفتالىت پادىشاھىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ قوشۇن تەشكىللەپ، پېرسىيەنىڭ پادىشاھلىق تەختىنى تارتىۋېلىشىغا ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئىفتالىت پادىشاھى گەرچە فىرۇزنى سەممىمىي كۈتۈۋالغان بولسىمۇ، لېكىن ھەربىي ياردەم بېرىشنى ۋاقتىنچە رەت قىلدى. ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن ھورمۇزنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى ساسانىلار ئىمپېرىيەسىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى جىددىيلىشىپ كەتكەچكە، ئىفتالىت پادىشاھى بۇرۇنقى پوزىتسىيەسىنى ئۆزگەرتتى. ئۇ فىرۇزنىڭ نۆۋەتتىكى ھالەتتىن نارازى بولغان پېرسىيەلىكلەردىن قوشۇن تەشكىللىشىگە يول قويۇپلا قالماستىن، يەنە بىر تۈركۈم ئىفتالىت جەڭچىلىرىنى ئۇنىڭ قوماندانلىقىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى.

فىرۇز ھەربىي ھوقۇقنى ئېرىشكەندىن كېيىن مىلادىيە 459 ـ يىلى ئىنىسىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇنىڭ پادىشاھلىق ئورنىنى بىكار قىلدى ھەم ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆزى ساسانىلار ئىمپېرىيەسىنىڭ قانۇنلۇق ھۆكۈمرانى بولۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. ئومۇمىي قائىدە بويىچە ئېيتقاندا، ئىفتالىتلار فىرۇزنىڭ پادىشاھ بولۇشىغا ياردەم بەرگەنىكەن، بۇ ئىش ئارقىلىق ناتوغرا مەنپەئەتكە ئېرىشىشى مۇمكىن ئىدى، لېكىن ئەھۋال ئەمەلىيەتتە بۇنداق بولمىدى. فىرۇز ئۆزىگە ياردەملىشىپ ئۇرۇشقا قاتناشقان ئىفتالىت جەڭچىلىرىگە مول ئىنئام بەردى، ئىنئام ئالغاندىن كېيىن بۇ ئىفتالىت جەڭچىلىرى دۆلىتىگە چېكىنىپ كەتتى، پېرسىيەلىكلەر بىلەن ئىفتالىتلارنىڭ ئارىسىدا بىر مەھەل تىنچ، ئىناق مۇناسىۋەت شەكىللەندى [23].

لېكىن بەش يىلدىن كېيىن فىرۇز بىلەن ئىفتالىت پادىشاھى ئوتتۇرىسىدا سۈركىلىش كېلىپ چىقتى. بۇ سۈركىلىش ئۇرۇشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، شۇنىڭدىن باشلاپ ساسانىلار بىلەن ئىفتالىتلار ئوتتۇرىسىدا دائىم دېگۈدەك قوراللىق توقۇنۇش يۈز

بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئارىلىقتا يەنە قىسقا مەزگىل تىنچلىق بارلىققا كېلىپ، ھەر ئىككى تەرەپ ئۇرۇشتا تارتقان زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋالدى. بىر قېتىم ئىككى تەرەپ سۆھبەتلىشىپ سۈلھى تۈزگەندە، فىرۇز بىر قىزىنى ئېفتالىت پادىشاھىغا ياتلىق قىلماقچى بولدى. ئەگەر بۇ كېلىشىم ئەينەن ئىجرا قىلىنغان بولسا، ئېھتىمال ھەر ئىككى ئەل ئۇزاق مۇددەتلىك تىنچلىققا ئېرىششى مۇمكىن ئىدى، لېكىن كېيىن فىرۇز ئۆزىنىڭ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، بىر كېنىزەكنى يالغاندىن مەلىكە دەپ ياتلىق قىلدى. بۇ توي ئىنتايىن ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭ بىر ئالدامچىلىق ئىكەنلىكى ئۇزۇن ئۆتمەيلا پاش بولۇپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن ئېفتالىت پادىشاھى بۇ بىچارە كېنىزەكنى كەچۈرۈم قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئالدانغانلىقىدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن، 300 نەپەر پېرسىيەلىك ئەمەلدارنى ئۆز ئوردىسىغا ئالداپ ئېلىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، ئاز بىر قىسمىنى يەتكۈچە خورلىغاندىن كېيىن پېرسىيەگە قايتۇرۇۋەتتى ㉔.

نەتىجىدە، يەنە بىر قېتىم ئۇرۇش پارتلىدى. فىرۇز ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن قوشۇن باشلاپ ئېفتالىتلارغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇ دەسلەپ ئېفتالىتلارنىڭ تەۋەسىگە كىرگەندە ھېچقانداق قىيىنچىلىققا ئۇچرىمىدى. ئەسلىي ئېفتالىتلارنىڭ چوڭ قوشۇنى كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ ئەنئەنىۋى تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، يالغاندىن قېچىپ كەتكەن بولۇۋالغانىدى. فىرۇز يېڭىشلىك بىلەن ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆزىنىڭ دۈشمەنىنىڭ تۇزىقىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى بايقىدى. شۇڭا ئۇ ئامالسىز دۈشمەننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولدى، شۇنداقتىمۇ ئېفتالىت پادىشاھى كەڭ قورساقلىق قىلىپ فىرۇزغا ئەلچى ئەۋەتىپ، فىرۇز ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ پېرسىيەگە قايتىپ كېتىشىنى ئۇقتۇردى، لېكىن فىرۇزنىڭ ئالدى بىلەن

مەڭگۈ ئېفتالىتلارغا تاجاۋۇز قىلماسلىقى ۋە ئېفتالىت پادىشاھىغا سادىق بولۇشى ھەققىدە قەسەم ئىچىشنى شەرت قىلدى [25].

فىرۇز ئامالسىز بۇ شەرتلەرنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولغان بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلىدە باشقىچە چارە ئويلاپ قويغانىدى. ئۇ ئېفتالىت پادىشاھىغا ساداقەت بىلدۈرىدىغان ۋاقىتنى قەستەن كۈن چىقىدىغان ۋاقىتقا توغرىلىدى ھەم ئۆزىنىڭ تۇرىدىغان ئورنىنى قۇياشقا ئۇدۇللىۋالدى. شۇڭا ئۇ قەسەم بەرگەندە قارىماققا ئېفتالىت پادىشاھىغا ساداقەت بىلدۈرگەندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە قۇياشقا چوقۇندى. ئېفتالىتلار بۇنى سېزەلمىدى. فىرۇز مەڭگۈ ئېفتالىتلارنىڭ زېمىنىغا تاجاۋۇز قىلماسلىققا قەسەم قىلىپ بولغاندىن كېيىن، قول ئاستىدىكى سەركەردە، لەشكەرلىرىنى باشلاپ بىخەتەر ھالدا دۆلىتىگە قايتتى. بۇ ئىش تەخمىنەن مىلادىيە 475 ـ يىلى يۈز بەرگەنىدى.

شۇنىڭدىن كېيىنكى بىرنەچچە يىلدا فىرۇز پۈتۈن كۈچى بىلەن دۆلەت ئىچىدىكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلدى ھەم ئەرمىنىيەدە يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق توپىلاڭنى تىنچىتتى، لېكىن مىلادىيە 484 ـ يىلى ئۇ يەنە قوشۇن باشلاپ ئېفتالىتلارغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇنىڭ ۋەزىرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنى قوللىمىدى، بىرنەچچە ۋەزىر فىرۇزغا ئۇنىڭ بۇرۇن مەڭگۈ ئېفتالىتلارغا تاجاۋۇز قىلماسلىققا قەسەم ئىچكەنلىكىنى ئەسكەرتكەندە، فىرۇز ئۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمىدى، چۈنكى ئۇ بۇرۇن تارتقان خورلۇقىنى ئۇنتۇپ قالمىغانىدى، شۇڭا يېڭى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ نومۇسىنى ئاقلىماقچى بولغانىدى.

ئۇ يەنە بىر ھىيلە ئويلاپ چىقىپ، ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى قەسىمىدىن يېنىۋالماقچى بولدى. ئەسلىي ئۇ ئېفتالىت پادىشاھىغا قەسەم بەرگەندە، ساسانىلار بىلەن ئېفتالىتلارنىڭ چېگراسىنىڭ بەلگىسى بولغان تۇۋرۇكتىن قەتئىي

ئۆتمەيدىغانلىقى ھەققىدە قەسەم ئىچكەندى. ئۇ قەسەمدە تۇرغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن، بۇ تۇۋرۇكىنى قومۇرۇۋېلىپ، ھارۋىغا بېسىپ، ئەللىك پىلغا سۆرىتىپ قوشۇننىڭ ئالدىدا ئېلىپ ماڭدى. شۇنداق بولغاندا ئۇ ئېفتالىتلارنىڭ تەۋەسىدىكى قايسىلا جايغا بارمىسۇن، بۇ تۇۋرۇكتىن ئۆتمىگەن ھەم قەسىمىنى بۇزمىغان بولاتتى.

ئېفتالىت پادىشاھى پېرسىيە قوشۇنىنىڭ باستۇرۇپ كەلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆردى. ئۇ شەخسەن ئۆزى قوشۇن باشلاپ چېگراغا بېرىپ ئورۇنلاشتى ھەم بارگاھىنىڭ ئالدىغا ناھايىتى چوڭقۇر خەندەك قازغۇزۇپ، خەندەكنى سۇ بىلەن توشقۇزۇپ، ئۈستىنى پاخال ۋە توپا بىلەن بىلىنمىگۈدەك قىلىپ يېپىپ قويدى. ئاندىن بىرلا چىغىر يول قالدۇرۇپ قويدى.

پېرسىيە قوشۇنى يېقىنلاشقاندىن كېيىن، ئېفتالىتلار كىچىك بىر توپ چەۋەندازنى ئۇرۇشقا چىقاردى. ئۇلار تېزلىكتە چېكىنىپ پېرسىيە قوشۇنىنى ئالداپ ئەكەلدى. ئاخىرىدا بۇ تاكتىكا تولۇق ئۈنۈم بەردى. يەنى، ئېفتالىت چەۋەندازلىرى ھېلىقى چىغىر يول بىلەن پىششىق تونۇش بولغاچقا، بىخەتەر ھالدا قايتىپ كېلىۋالدى، لېكىن پېرسىيە قوشۇنى قارىغۇلارچە ئىلگىرىلەۋەرگەچكە، خەندەككە چۈشۈپ كېتىپ سېپى قالايمىقانلىشىپ كەتتى، ئېفتالىتلار بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھۇجۇمغا ئۆتۈپ زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى. فىرۇز ۋە پادىشاھ جەمەتىدىكى نۇرغۇنلىغان كىشىلەر جەڭدە ئۆلدى، پېرسىيە قوشۇنى پۈتۈنلەي ھالاك بولدى. فىرۇزنىڭ قىزى ۋە قوشۇن بىلەن بىللە كەلگەن زوروئاستېر دىنىنىڭ باش روھانىيسىمۇ ئەسىرگە چۈشتى، ئېفتالىتلار سانسىزلىغان ئولجىلارغا ئىگە بولدى ㉖.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى يىل ئىچىدە، پېرسىيەلىكلەر ئېفتالىتلارغا زور مىقداردا ئولپان

تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولغان. ئەينى چاغدا ھېلىمۇ ياخشى پېرسىيەنىڭ سۇفراي ئىسىملىك داڭلىق بىر سەركەردىسى بولغاچقا، ئۇ قالدۇق ئەسكەرلەرنى يىغىپ يېڭىدىن قوشۇن تەشكىللەپ، ئېفتالىتلارنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرغان، بۇنىڭ بىلەن پېرسىيەلىكلەر گۇمران بولۇش خەۋپىدىن قۇتۇلۇپ قېلىپ مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالغان، لېكىن ئۇلار ئېفتالىتلار پادىشاھلىقىنى يوقىتىش ھەققىدىكى بارلىق خىياللىرىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولغان ㉗.

شۇنىڭدىن كېيىنكى نەچچە ئون يىل ئىچىدىكى ساسانىلار بىلەن ئېفتالىتلارنىڭ مۇناسىۋىتى بىزنى ئانچە قىزىقتۇرمايدۇ. بۇ مەزگىلدە تەختتە ئولتۇرغان ساسانىلار پادىشاھى قۇباد (مىلادىيە 488 — 531 ـ يىللار) بولۇپ، ئۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە پېرسىيەدە نۇرغۇن داۋالغۇشلار كۆرۈلدى، ئۇنىڭ ئېفتالىتلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ ئالاھىدە بولدى. ئەسلىدە قۇبادمۇ بەختسىز ئاتىسى فىرۇزغا ئوخشاش تەختكە ۋارىسلىق ھوقۇقى بىكار قىلىنغان شاھزادە بولۇپ، ئۇمۇ ئېفتالىتلارنىڭ يېنىغا قېچىپ بېرىپ، بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغدىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ياردەم تەلەپ قىلدى. قۇبادنىڭ ئېفتالىتلارنىڭ يېنىغا قېچىپ بارغان ۋاقتى ئاتىسى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىنكى 2 ـ ياكى 3 ـ يىلى بولۇپ، بۇ نۇقتا ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. چۈنكى، ئەينى چاغدا ئاتالمىش دۆلەت ئۆچمەنلىكى ياكى ئىرق ئىدىيەسى تېخى ئانچە تەرەققىي قىلمىغانىدى.

مىلادىيە 484 — 488 ـ يىللاردا ساسانىلار پادىشاھلىقىغا قۇبادنىڭ ئىنىسى بالاش ھۆكۈمرانلىق قىلدى. بۇ ۋاقىتتا سىياسىي ۋەزىيەت ناھايىتى تۇراقسىز بولدى. بالاش ئۆلگەندىن كېيىن قۇباد ئېفتالىتلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەچكە، دەرھال دۆلىتىگە قايتىپ پادىشاھلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى. قۇباد گەرچە ئىنتايىن ئىقتىدارلىق ھۆكۈمران بولسىمۇ، لېكىن

نۇرغۇنلىغان خەلق يەنىلا ئۇنىڭدىن رازى بولمىدى، بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب، ئۇ باشقا دىنلارنىمۇ قوللىغانىدى. مىلادىيە 497 ـ يىلىغا كەلگەندە ئۇ تەختتىن چۈشۈرۈلۈپ زىندانغا تاشلاندى. كېيىن ئۇ ئاچا ـ سىڭىللىرىنىڭ ياردىمى بىلەن زىنداندىن قېچىپ چىقىپ يەنە ئېفتالىتلارنىڭ يېنىغا پاناھلىق تىلەپ باردى. ئېفتالىتلار يەنىلا ئۇنى قوللىدى. ئۈچ يىلدىن كېيىن قۇباد ئېفتالىت قوشۇنىنىڭ ياردىمى بىلەن دۆلىتىگە قايتىپ پادىشاھلىق تەختىنى قولىغا ئالدى. شۇنىڭدىن تارتىپ تاكى 531 ـ يىلى ئۆلگۈچە ئۇنىڭ ئورنىدا قايتا تەۋرىنىش بولمىدى ㉘.

ئېفتالىتلار قۇبادقا يۇقىرىدا ئېيتىلغىنىدەك ئىككى قېتىم چوڭ ياردەم قىلغان بولسىمۇ، قۇبادنىڭ ئېفتالىتلارغا قانداق جاۋاب قايتۇرغانلىقى خۇسۇسىدا بىلىدىغانلىرىمىز بەك ئاز، لېكىن بۇنىڭ بەدىلى مۇقەررەركى ناھايىتى ئېغىر بولغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قۇبادنىڭ پادىشاھلىق تەختىنى قولىغا ئېلىشقا ياردەم بەرگەن ئېفتالىت ئەسكەرلىرى «يېتەرلىك نەپكە ئېرىشكەن»دىن كېيىنلا ئاندىن دۆلىتىگە قايتىپ كەتكەن. قۇباد ئېفتالىت پادىشاھىغىمۇ دائىم دېگۈدەك ئولپان تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولغان، بىر قېتىم ئولپان يېتەرلىك بولمىغانلىقى ئۈچۈن قۇباد شەرقىي رىم ئىمپېراتورى ئاناستاسىئۇستىن قەرز ئېلىشقا مەجبۇر بولغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قۇباد ئېفتالىت پادىشاھىنىڭ يېنىدا پاناھلىنىپ تۇرۇۋاتقان چاغدا مەيلى قانداق ئەھۋال بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئېفتالىتلارنىڭ زېمىنىغا تاجاۋۇز قىلماسلىققا قەسەم قىلغانىكەن. ئېھتىمال قۇباد يەنە مەجبۇري ھالدا ئېفتالىت پادىشاھىنىڭ ھامىيلىق ھوقۇقىنى ۋە زومىگەرلىك ھوقۇقىنىمۇ ئېتىراپ قىلغان بولۇشى مۇمكىن، بىراق بۇ نۇقتا توغرىسىدا ئەينى چاغدىكى شەرق ئاپتورلىرى ئېنىقراق بىر خاتىرە قالدۇرمىغان ㉙.

ئېفتالىتلار شۇنچە كۆپ نەپكە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن

ئۇلار قۇبادقا تېخىمۇ يولسىز تەلەپلەرنى قويدى. شۇڭا مىلادىيە 503 ـ يىلى، يەنى قۇباد پادىشاھلىق تەختىنى قولىغا ئېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا دادىسىغا ئوخشاش ئېفتالىتلاردىن يۈز ئۆرىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئون يىل جەريانىدا (مىلادىيە 503 ـــ 513 ـ يىللار) ئىككى تەرەپ ئۇرۇشۇپ تۇردى. لېكىن، بۇ ئۇرۇشلار توغرىسىدا قالدۇرۇلغان خاتىرىلەر ئىنتايىن ئاز بولۇپ، ئەھۋالدىن قارىغاندا پارسلار بىلەن ئېفتالىتلارنىڭ ھېچقايسىسى ھەل قىلغۇچ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرەلمىگەن بولسا كېرەك. شۇڭا كېيىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندە ھەر ئىككىلا تەرەپ سۈلھىلىشىشنى خالىدى. بۇ قېتىم ئورنىتىلغان تىنچلىق 25 يىلغا يېقىن ساقلانغان بولسىمۇ، ئارىلىقتا چېگرادا بەزى كىچىك كۆلەملىك توقۇنۇشلار بولۇپ تۇردى ㉚.

ئېفتالىتلارنىڭ پېرسىيەگە قايتا شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىماسلىقىدىكى ھەقىقىي سەۋەب، ئېھتىمال شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ دىققىتىنى ھىندىستانغا مەركەزلەشتۈرگەنلىكى بولسا كېرەك. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇلار بار كۈچىنى ھىندىستاننى ئىگىلەشكە قاراتتى. ئېفتالىتلارنىڭ ھىندىستاننى ئىگىلىشىنى مۇھاكىمە قىلغاندا بىز يەنە بىر مەسىلىگە يولۇقىمىز، يەنى ئۇ بولسىمۇ ھىندىستاندىكى تارىخىي ھۆججەتلەرنىڭ ئىنتايىن ئاز بولۇشى، ھەتتا يوقنىڭ ئورنىدا بولۇشىدۇر. بىزنىڭ ھەتتا ئېفتالىتلارنىڭ قاچاندىن باشلاپ ھىندىستانغا تاجاۋۇز قىلىشقا باشلىغانلىقىنى بىلىشكىمۇ ئامالىمىز يوق. شۇنداقتىمۇ جۇڭگونىڭ تارىخىي ئەسەرلىرىگە ئاساسەن، ئۇلارنىڭ بۇ رايونغا تاجاۋۇز قىلىشقا باشلىغان ھەم ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى قەندىھارنى ئىگىلىگەن ۋاقتىنىڭ تەخمىنەن مىلادىيە 465 ـ يىلى ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلالايمىز. بىراق، بۇ قېتىمقى بويسۇندۇرۇشتا ئالدى بىلەن قۇربان بەرگىنى يەنىلا كۇشانلار بولدى، بۇ چاغدا ئۇلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقىنى كىدارا ياكى ئۇنىڭ ۋارىسلىرى

بولۇشى مۇمكىن. كىدارا ئەسلىي ئېفتالىتلار ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىي قىسمىغا تاجاۋۇز قىلغان چاغدا باكتىرىيەدىن قوغلاپ چىقىرىلغانىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئېفتالىتلار ئالايتەن بىر ۋالىي (تېكىن) ئەۋەتىپ ھىندىستاندىكى زېمىننى باشقۇرغانىكەن ㉛.

بۇ ۋالىي ياكى تېكىن ئەينى چاغدىكى ھىندىستاننىڭ تاش ئابىدىلىرىدە تورامان دەپ ئاتالغان بولۇپ، دەسلەپتە نام جەھەتتىن بولسىمۇ ئېفتالىتلار پادىشاھىغا قارىغان. ئېفتالىتلار پادىشاھى بولسا يەنىلا باكتىرىيەدە تۇرىۋەرگەن. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ ۋالىي ھىندىستاندا ئۇزۇكسىز زېمىن كېڭەيتىش نەتىجىسىدە دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ھۆكۈمرانلارنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ، شۆھرىتى ئوتتۇرا ئاسىيادا تۇرۇۋاتقان ھەم نام جەھەتتىن غوجايىن بولغان يىرىم ياۋايى ئېفتالىت پادىشاھىنىڭكىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەن ㉜.

تورامان زېمىن كېڭەيتىش نەتىجىسىدە شۇ مەزگىلدە يەنىلا ھىندى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان نۇرغۇنلىغان ئۇششاق خانلىقلار (ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇنلىرى كۇشانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى) بىلەن توقۇنۇشۇپ قالدى. ئۇنىڭ بۇ ئۇششاق خانلىقلارنى بويسۇندۇرۇشىغا ھېچقانچە كۈچ كەتمەيتتى. لېكىن، ئەينى چاغدا ھىندىستاننىڭ شىمالى ۋە ئوتتۇرا قىسمىنىڭ غوجىسى بولغان گۇپتا ئىمپېرىيەسى ئۇنىڭغا نىسبەتەن كۈچلۈك دۈشمەن ھېسابلىناتتى. بۇ چاغدىكى گۇپتا ئىمپېرىيەسىنىڭ ھۆكۈمدارىنىڭ ئىسمى سىكاندا گۇپتا بولۇپ، ئۇ گۇپتا ئىمپېرىيەسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر مۇھىم ھۆكۈمدارىدۇر.

بىزنىڭ بىلىشىمىزچە، ئېفتالىتلار بىلەن گۇپتا ئىمپېرىيەسى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش مىلادىيە 470 - يىلىدىن سەل بۇرۇن يۈز بەرگەن. ئۇرۇشنىڭ دەسلىپىدە گۇپتا پادىشاھى خېلى زور غەلىبىلەرگە ئېرىشىپ، بىر تاشقا ئۆزىنىڭ «ئاق

ھۇنلار»نى مەغلۇپ قىلغانلىقىنى ئويدۇردى، لېكىن ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇنىڭ ئالدىراپ كۆرەشلەپ كەتكەنلىكى ئىسپاتلاندى. ئېفتالىتلارنىڭ ئاساسىي قوشۇنى كەلمەي تۇرۇپلا گۇپتا پادىشاھى ئارقا ـ ئارقىدىن مەغلۇپ بولدى، ئاقىۋەتتە گۇپتا ئىمپېرىيەسى پۈتۈنلەي يىمىرىلدى. ئەمەلىيەتتە گۇپتا ئىمپېرىيەسىنى سىكاندا گۇپتا ئۆلگەندىن (مىلادىيە 480 ـ يىلى) كېيىن يوقالدى دېيىشكە بولىدۇ. گۇپتا پادىشاھىنىڭ جەمەتىدىكىلەر بولسا يەنە بىر نەچچە ئەسىر مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. ئەمما يېرى كىچىك، كۈچى ئاجىز بولغاچقا، پەقەت گانگ دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى كىچىك بىر پادىشاھلىقنىڭ ھۆكۈمرانىلا بولۇپ قالدى ㉝.

گۇپتا ئىمپېرىيەسى يوقالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا تەۋە زېمىنلار دەرھاللا ئېفتالىتلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتمىدى. سىكاندا گۇپتا ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كەڭ زېمىنلىرى نۇرغۇنلىغان ئۇششاق خانلىقلارغا بۆلۈنۈپ كېتىپ، تورامان ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ بويسۇندۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. بۇ ئىش تەخمىنەن مىلادىيە 500 ـ يىلى تاماملاندى. شۇنىڭ بىلەن بۇ چاغدىكى ئېفتالىتلار ھۆكۈمرانى پۈتكۈل شىمالىي ھىندىستان ۋە ئوتتۇرا ھىندىستاننىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانى بولۇپ قالدى. ئۇزۇن ئۆتمەي (مىلادىيە 502 ـ يىلى) تورامان ئۆلدى، ئورنىغا ئوغلى مىھراكۇلا چىقىپ ئېفتالىتلارنىڭ ھىندىستاندىكى ھۆكۈمرانلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى ھەم ساكالا، يەنى ھازىرقى پەنجاپ ئۆلكىسىدىكى سىئالكوت دېگەن جاينى يېڭى پايتەخت قىلىپ بېكىتتى ㉞.

ئومۇمەن قەدىمكى زاماندىكى تارىخچىلارنىڭ ھەممىسى مىھراكۇلانى ئىنتايىن زالىم پادىشاھ دەپ قارىغان. ئەينى چاغدا ۋىزانتىيەلىك كوسماس ئىندىكوپلېستۇس دېگەن كىشى ھىندىستانغا بارغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ چاغدىكى ئېفتالىتلار پادىشاھى گوللاس (بۇ شۈبھىسىزكى مىھراكۇلا)

«پۈتۈن ھىندىستاننىڭ ھۆكۈمرانى سۈپىتىدە ھىندىستان خەلقىنى قاتتىق قاقتى ـ سوقتى قىلغان، ئۇنىڭ 2000 جەڭ پىلى ۋە زور كۆلەمدىكى ئاتلىق قوشۇنى بولۇپ، بۇلار ئۇنىڭ ئۆزى خالىغىنىچە ئىش قىلىشىغا ھەمدەم بولغان». جۇڭگولۇق راھىب سۈڭ يۈنمۇ مۇشۇ ۋاقىتتا غەربكە سەپەر قىلغان بولۇپ، ئۇ: «بۇ پادىشاھ ئىنتايىن زالىم، ئىنتايىن قانخور ئىكەن»، پۇقرالار ئۇنىڭدىن قاقشىشىپ يۈرىدىكەن»، «بۇددا دىنىغا ئىشەنمەيدىكەن» دېگەن ㉟.

مىھىراكۇلانىڭ زالىملىقى ئاخىر يەرلىك خەلقنىڭ قارشىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ھىندىستاننىڭ شەرقى ۋە ئوتتۇرا قىسمىدىكى خەلقلەر بىرلا ۋاقىتتا قوزغىلاڭ كۆتۈردى، ئۇلارنىڭ رەھبىرى گۇپتا پادىشاھىنىڭ جەمەتىگە مەنسۇپ بولماستىن (بىراق گۇپتا پادىشاھىنىڭ جەمەتىدىكىلەرمۇ بۇ قوزغىلاڭغا قاتناشقان بولۇشى مۇمكىن)، بەلكى بۇرۇن ھېچقانداق نامى چىقمىغان ياسودخارمان دېگەن كىشى ئىدى. بۇ ئىنقىلابىي ھەرىكەت تەخمىنەن مىلادىيە 532 ـ يىلى يۈز بەرگەنىدى.

